1997 - يىلىدىن 2012 - يىلىغىچە بولغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى
قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىر تۇتاش تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھانىنىڭ
يېزىقچىلىق تەلىپى ئاساسىدا تەييارلانغان

# نەمۇنە سوئال
# ئۆلگىلىك ئەسەر



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

1997 - يىلدىن 2012 - يىلغىچە بولغان ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى
قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىر تۇتاش تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھانىنىڭ
يېزىقچىلىق تەلىپى ئاساسىدا تەييارلانغان

# نەمۇنە سوئال
# ئۈلگىلىك ئەسەر




باش تۈزگۈچى: بۇلبۇل ئەكرەم
تۈزگۈچىلەر: ئەركىن ئابلەت، پەرھات يۈسۈپ، مۇرات ئېزىز، رەيھانگۈل مەمتىمىن، ھەببەم ھەسەن، مەلىكەم ئېزىز، ئېلى مىجىت، گۆھەر ئابدۇللا، مەريەمگۈل ئابدۇغۇپۇر، يالقۇن قارى

主编：布力布力·艾克热木
编稿：艾尔肯·阿不来提，帕尔哈提·玉素辅，木拉提·艾则孜，热议汗古丽·买买提伊敏，艾比我木·艾山，麦丽凯木·艾则孜，艾力·米吉提，古海尔·阿布都拉，麦丽亚木古丽·阿布都古铺尔，亚力坤·卡力



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据
模拟示范作文。高考：维吾尔文/布力布力·艾克热木编写·—乌鲁木齐：
新疆科学技术出版社，2011.4
ISBN 978—7—5466—0917—1
Ⅰ.①模…Ⅱ.①布…Ⅲ.①作文课—高中—升学参考资料—维吾尔语文
（中国少数民族语言）Ⅳ.①G634—343
中国版本图书馆 CIP 数据核字（2011）第 066569 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابدۇشۇكۇر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلنۇر ئابدۇرۇسۇل
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل كوررېكتورى: ئالىيە مۇھەممەت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت
بەت ياسىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەت

1997 - يىلدىن 2012 - يىلغىچە بولغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى
قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھانىنىڭ
يېزىقچىلىق تەلىپى ئاساسىدا تەييارلانغان

## نەمۇنە سوئال ئۈلگىلىك ئەسەر

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى گۇاڭدا باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787mm×1092mm 1/16 باسما تاۋىقى: 20
2013 - يىلى 3 - ئاي 2 - نەشرى
2013 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978—7—5466—0917—1
باھاسى: 60.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

بۇ كىتاب 1997 - يىلىدىن 2012 - يىلىغىچە بولغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل-ئەدەبىيات» ئىمتىھانىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپىنى چىقىش قىلغان ئاساستا تۈزۈلگەن بولۇپ، كىتابتا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش ئىمتىھانى «تىل-ئەدەبىيات» سوئالىنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقى قىسمى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىلدى ھەمدە ئىمتىھان سوئالىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تېمىسىنى بېكىتىش ۋە يېزىلىشىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر بىلەن ئۇلارنى باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرى ئەمەلىي ئۈلگىلەر ئاساسىدا تونۇشتۇرۇلدى.

نۆۋەتتە ئوقۇغۇچىلار نەزەرىيەۋى يېتەكچىلىكتىن كۆرە ئەمەلىي ئۈلگىلەرگە تېخىمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىق. شۇڭلاشقا بۇ خىل رېئاللىق كۆزدە تۇتۇلۇپ، كىتابقا 1997 - يىلىدىن2012 - يىلىغىچە بولغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل-ئەدەبىيات» ئىمتىھانىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ئاساسىدا تەييارلانغان 96 پارچە نەمۇنە ئەسەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە 56 پارچە، بايان خاراكتېرلىك ماقالە بەش پارچە، نەسر 16 پارچە، ھېكايە 11 پارچە. چۆچەك تۆت پارچە، مەسەل ئۈچ پارچە، ئەدەبىي خاتىرە بىر پارچە.

كىتابتىكى ھەربىر پارچە ئەسەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلب دۇنياسى، غايە، ئىنتىلىشلىرى، دۇنيا قاراشلىرى ھەم يېزىقچىلىق ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ساغلام، مەركىزىي ئىدىيەسى يېڭى ھەم چوڭقۇر، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، دەلىل-ئاساسلىرى يېتەرلىك، تىلى تاۋلانغان ھەم جانلىق. شۇنداق بولغاچقا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۈلگە قىلىشىغا، ئىمتىھان ماقالە-ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە تەلەپلىرىنى ئەمەلىي ئىگىلەش، شۇنداقلا يېزىش ماھارىتىنى تەقلىدىي ئاساستا ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

كىتابقا يەنە ئوقۇغۇچىلارنى پىكىر يۈرگۈزۈشكە، يېزىپ مەشىق قىلىشقا يېتەكلەيدىغان پەلسەپىۋى پارچىلار، ئىمتىھان ئەسەرلىرىنىڭ قايىل قىلىشچانلىقىنى ئاشۇرۇش، مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان ھېكمەتلەر، ماقال-تەمسىللەردىن تاللانمىلار كىرگۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ «تىل-ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ ۋەزنى، سالمىقىنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈشىگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، 2011 - ۋە 2012 - يىللىق ئىمتىھان سوئالى بىلەن ئۆلچەملىك جاۋابىمۇ كىرگۈزۈلدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تەقلىد قىلىپ يېزىش — يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى. يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىشتە باشقىلارنىڭ قانداق پىكىر يۈرگۈزگەنلىكى، مەزمۇننى قانداق بەلگىلىگەنلىكى، قۇرۇلمىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقى، تېمىغا ئاساسەن

يېزىقچىلىق نۇقتىسىنى قانداق بېكىتكەنلىكى، ماتېرىيالنى قانداق تاللىغانلىقى، مەركىزىي ئىدىيەنى قانداق گەۋدىلەندۈرگەنلىكى، قانداق باشلاپ، قانداق ئاخىرلاشتۇرغانلىقى، بۆلەك، ئابزاسلارنى قانداق ماسلاشتۇرغانلىقى، كۆرۈنۈشلەرنى، مەنزىرىلەرنى، روھىي ھالەت، ھەرىكەت ۋە تاشقى قىياپەتلەرنى قانداق تەسۋىرلىگەنلىكى، قانداق ئىسپاتلاش ئېلىپ بارغانلىقى، سۆزلەرنى قانداق ئىشلەتكەنلىكى قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا بۇ توپلام ساۋاقداشلارغا ئىمتىھان ئەسەرلىرىنى يېزىشنى تەقلىدىي ئۆگىنىش جەھەتتە ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ.

2012 - يىلى 12 - ئاي

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش ئىمتىهانى
«تىل ـ ئەدەبىيات» سوئاللىرىنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقى قىسمى توغرىسىدا چۈشەنچە...... 1
1997 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر... 26
1998 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر.... 34
1999 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر.... 45
2000 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر.... 57
2001 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر.... 83
2002 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر.... 96
2003 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر.... 110
2004 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر.... 122
2005 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر.... 136
2006 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر.... 149
2007 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر.... 158
2008 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر.... 168
2009 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر.... 181
2010 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئاللىرىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر.... 188

2011 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۆلگىلىك ئەسەرلەر.... 195
2012 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
«تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۆلگىلىك ئەسەرلەر.... 205
پىكىر يۈرگۈزۈڭ، يېزىپ بېقىڭ........................ 227
ھېكمەتلىك سۆزلەر............................... 246
ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن تاللانما.................... 257
2011 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
ئىمتىھان سوئالى ــ «تىل ئەدەبىيات»............................ 276
2011 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
ئىمتىھان سوئالى ــ «تىل ئەدەبىيات»نىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى................ 290
2012 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش
ئىمتىھان سوئالى ــ «تىل ئەدەبىيات»............................ 294
2012 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك
بىرتۇتاش ئىمتىھان سوئالى ــ «تىل ئەدەبىيات»نىڭ پايدىلىنىش جاۋابلىرى........ 309

# ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش ئىمتىھانى «تىل - ئەدەبىيات» سوئالىنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقى قىسمى توغرىسىدا چۈشەنچە

ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش ئىمتىھانى «تىل - ئەدەبىيات» سوئالىنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقى قىسمى 90 - يىللاردىن تا ھازىرغىچە بېرىلگەن ماتېرىيال ئاساسىدا ماقالە - ئەسەر يېزىش تەلىپىنى ساقلاپ كەلدى. گەرچە ھەر يىللىق ئىمتىھانلاردا بەلگىلىك ھەجىمدىكى ماتېرىيال بېرىلىپ، شۇ ئاساستا ئەسەر يېزىش تەلەپ قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما كونكرېت يېزىقچىلىق تەلىپىدە بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەرمۇ بولۇپ تۇردى. مەسىلەن، 97 - ، 99 - يىللىق ئىمتىھانلاردا ماتېرىيال بىلەن بىرگە يازىدىغان ئەسەر ژانىرىمۇ بەلگىلەپ بېرىلگەن بولسا، 1999 - يىلىدىن 2005 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىمتىھان سوئاللىرىدا ئەسەر ژانىرى بەلگىلەپ بېرىلمىدى، ئەمما، يازىدىغان ئەسەرنىڭ تېما دائىرىسى كۆرسىتىپ بېرىلدى. يەنى «پۇرسەت ۋە تىرىشچانلىق»، «سەمىمىيلىك»، «ۋىجداننىڭ تاللىشى»... دېگەندەك تېما دائىرىلىرىمۇ كۆرسىتىپ بېرىلدى. بىراق، بۇ خىل تەلەپلەرمۇ مۇقىمسىز بولدى، مەسىلەن، 2000 - يىلى ماقالە ژانىرى بەلگىلەپ بېرىلىپ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە يېزىش تەلەپ قىلىندى، 2003 - يىلى تېما دائىرىسى جەھەتتىكى چەكلىمە بىراقلا بۇزۇپ تاشلىنىپ، خالىغان تېمىدا ئەسەر يېزىش تەلەپ قىلىندى. ئەمما، بۇ بىر يىلدىكى يۈزلىنىشكە قاراپلا «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھانىنىڭ ماقالە يېزىش تەلىپىدە تېما چەكلىمىسى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلاندى، دېيىشكە تېخى بالدۇرلۇق قىلاتتى. چۈنكى، 2004 - ۋە 2005 - يىلىدىكى ئىمتىھانلاردا تېما دائىرىسىنى بەلگىلەپ بېرىشتەك تەلەپ يەنە قايتا كۆرۈلدى. 2006 - يىلىدىن باشلاپ ئالىي مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھان ماقالىسىدە يېڭىچە بىر يۈزلىنىش مەيدانغا كەلدى. بۇ بولسىمۇ، ھەممىدە ئەركىن بولۇش، چەكلىمىدىن خالىي بولۇش ئەھۋالى ئىدى. چۈنكى، بۇ يىلدىكى ئىمتىھاندىن باشلاپ، ئەسەر مەزمۇنى، ئەسەر ماۋزۇسى، تېما دائىرىسى، ئەسەر ژانىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ھېچقانداق چەكلىمە قويۇلمىدى. خالىغان دائىرىدە، خالىغان نۇقتىدا، خالىغان ژانىردا(شېئىردىن باشقا) يېزىشقا يول قويۇلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىلدى.

ئالىي مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھان ماقالىسىگە بېرىلىدىغان نومۇر 90 - يىللاردا 35 بولغان بولسا، 2001 - يىلىدىن باشلاپ 45 نومۇرغا، 2004 - يىلىدىن باشلاپ 55 نومۇرغا ئۆزگەرتىلدى. مانا بۇلاردىن ئالىي مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات»

ئىمتىھانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى سىناپ تەكشۈرۈشكە بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقانلىقىنى، يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا بېرىلىدىغان نومۇرنىڭمۇ ماس قەدەمدە كۆپىيىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، يېزىقچىلىق تەلىپىدە مەيلى قانداق ئۆزگىرىش ھەم بۇرۇلۇش بولسۇن، ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىش، ماتېرىيالنى چوڭقۇر چۈشىنىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىش تەلىپىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. دېمەك، ئالىي مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھانىدا بېرىلگەن ماتېرىيال ئاساسىدا ئەسەر يېزىش تەلىپى دائىملىق تەلەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالە دېگەن نېمە؟

ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالە ئادەتتە يېزىق شەكىللىك ياكى رەسىم شەكىللىك ماتېرىيال بېرىلىپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەردىن مۇشۇ ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۆزلىرى تېما بەلگىلەپ، يېزىقچىلىق قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان ماقالىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ماتېرىيال بېرىلگەن ماقالىلەردە پەقەت پايدىلىنىدىغان ماتېرىيال كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ، تېما بەلگىلەپ بېرىلمەيدۇ، ماقالە تېمىسىنى ئىمتىھان بەرگۈچى ئۆزىنىڭ ماتېرىيالنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلەپ چىقىدۇ. تېما بەلگىلەش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تېما بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ تېمىسىنى سوئال چىقارغۇچىلار بېكىتىپ بېرىدۇ. ئەمما، ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ تېمىسىنى ئىمتىھان بەرگۈچى ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ تېما شەكىللىرى مول ھەم كۆپ خىل بولۇپ، ماتېرىيال بىلەن بىرگە تېما دائىرىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەنلىرىمۇ، پەقەت ماتېرىياللا بېرىلىپ، تېمىنى ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئۆزلىرى بەلگىلەش تەلەپ قىلىنىدىغانلىرىمۇ، بىرەر بۆلەك ماتېرىيال بېرىلىپ، بىر پارچە ئەسەر يېزىش تەلەپ قىلىنىدىغانلىرىمۇ ھەمدە بىرنەچچە بۆلەك ماتېرىيال ۋە ياكى بىرنەچچە پارچە رەسىم بېرىلىپ، بۇلارغا ئاساسەن بىر پارچە ئەسەر يېزىش تەلەپ قىلىنىدىغانلىرىمۇ بار. ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ ئېنىق بەلگىلىمىسى بولۇپ، قوراشتۇرۇپ چىقىلغان ماقالىلەرنى يېزىشتىن ياكى ئۆلگىلىك ماقالىلەرنى يادلىۋېلىپ، ئىمتىھاندا شۇنى يېزىپ قويۇشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

نۆۋەتتە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش ئىمتىھانى «تىل - ئەدەبىيات» سوئالىنىڭ ماقالە يېزىقچىلىقى قىسمى بىرقانچە يىلدىن بېرى ئاساسەن بىر خىل ھالەتنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا مۇنداق بىرنەچچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. مەزمۇنى تۇرمۇشقا يېقىن. ئىمتىھاندا كۆپ قىسىم ماقالە تېمىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىنى چۆرىدىگەن ھالدا چىقىرىلىۋاتىدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزگىچە كەچمىشلىرى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، 1998 - يىلى

ئوقۇغۇچىلار ھەممىدە ئاتا - ئانىلارغا يۆلىنىۋالماي، ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىشقا، ھەرقانداق بىر ئىشنى چالا قويماي، پۈتكۈزۈپ تولۇق قىلىشقا دەۋەت قىلىنغان بولسا، 2000 - يىلى پۇرسەتنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىندى. 2006 - يىلىغا كەلگەندە نۆۋەتتىكى كىتاب ئوقۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدەك رېئال مەسىلە بېرىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا كۆپلەپ كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسىنى چۈشىنىش تەلىپى قويۇلدى.

2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى تاللاپ يېزىشىغا ئەھمىيەت بېرىلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتىكى ئىمتىھانلاردا ئىككى ماتېرىيال بېرىلىپ، بۇنىڭدىن بىرنى تاللاپ يېزىش تەلىپىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە ئارتۇقچىلىقىغا ئاساسەن تاللاپ يېزىش تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. تاللاشچانلىق يەنە شەكىل جەھەتتىن ئەركىن بولۇشتىمۇ ئىپادىلىنىپ، ماقالە تېمىسى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك بولۇپلا قالماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ كۆپ خىل ۋە ئىجادىي بولۇشىغا ئىلھام بېرىشمۇ مەقسەت قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق بولغاندا چۈشىنىش جەھەتتە قىيىنچىلىق بولمايدۇ، تېمىدىن چەتنەش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەيدۇ.

3. ئەسەر ژانىرى كۆپ خىللىشىۋاتىدۇ. ئەڭ بۇرۇنقى ئىمتىھانلاردا پەقەت مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە يېزىش تەلەپ قىلىنغان بولسا، يېقىندىن بۇيان «شېئىر ۋە دىرامىدىن باشقا ژانىردا يازسىڭىز بولىدۇ، قايسى ژانىردا يازسىڭىز شۇ ژانىر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىشى.» دېگەن تەلەپ ئىمتىھاننىڭ چوڭ بىر قائىدىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ژانىر چەكلىمىلىكى بۇزۇپ تاشلانغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتى كۆپىيىپ، ئۇلار ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ژانىرنى تاللاپ يېزىپ، ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان بولدى. ژانىر چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق ھەرقانداق ژانىردا يازسا بولۇۋېرىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس، بەزى تېمىلارنىڭ ئۆزىگىلا ژانىر چەكلىمىسى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. «پاك قەلب»، «ھايات قىممىتى»، «پۇرسەت» دېگەنگە ئوخشاش تېمىلارغا قارىتا چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالەرنى يېزىشقا بولمايدۇ. پەقەت مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ياكى بايان خاراكتېرلىك ماقالە شەكىللىرىنى تاللاپ يېزىشقا بولىدۇ.

## ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ماقالىسىنى يېزىشتا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك نۇقتىلار

ئىمتىھان ماقالىسىنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە ئەستايىدىل قاراش كېرەك:

1. ماتېرىيالنى ئوقۇپ چۈشىنىپ، باش تېمىنى توغرا بېكىتىش كېرەك. ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالەرنىڭ ماتېرىيالىدا يېزىق ماتېرىيالىدىن سىرت يەنە رەسىم، جەدۋەل، سانلىق مەلۇمات قاتارلىقلارمۇ ئۇچرىشى مۇمكىن. مانا بۇ ماتېرىياللار ماقالە

تېمىسنى بەلگىلەشنىڭ ئاساسى، شۇڭا ماتېرىيالنى تولۇق چۈشەنگەندىلا قانداق يېزىش توغرۇلۇق بەلگىلەش ئاساس تىكلىگىلى بولىدۇ. ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەردە گەرچە پايدىلىنىدىغان ماتېرىيال كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما، مەركىزىي ئىدىيە(باش تېما) ۋە ماقالە تېمىسى(ماۋزۇسى) جەھەتتە چەكلىمە قويۇلمىغان بولىدۇ. ھەتتا ھازىر ژانىر چەكلىمىسىمۇ بىكار قىلىندى، يېزىقچىلىق كۆرسەتمىسى مەيلى قانداق شەكىلدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يېزىشتىن ئاۋۋال ماتېرىيالنى تولۇق چۈشىنىپ ۋە ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، باش تېمىنى مۇۋاپىق بېكىتىۋېلىش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇنىڭدا مەلۇم بىر جۈملىنى تۇتۇۋېلىپ، مەلۇم بىر تەرەپكە قاراپلا يازىدىغان مەزمۇننى بېكىتىۋېلىشقا بولمايدۇ، بەلكى پۈتۈن ماتېرىيالغا سىڭدۈرۈلگەن تۈپكى مەقسەتنى ياكى مۇھىم مەزمۇننى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەركىزىي سۆز - جۈملىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، مەركىزىي ئىدىيەنى شۇ ئاساستا بېكىتىش كېرەك. ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى بەزىدە ماتېرىيال ئالدىدا، بەزىدە ماتېرىيال كەينىدە بېرىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە يېزىقچىلىقنى چەكلەپ تۇرغۇچى ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەلەپلەر تەركىبىدە ژانىر تەلىپى، ھەجىم جەھەتتىكى تەلەپ ۋە تېما تەلىپى قاتارلىقلار بار. پەقەت مۇشۇ تەلەپلەرنى ئېنىق چۈشىنىۋالغاندىلا، يېزىش داۋامىدا نىشاندىن يىراقلاپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالە ئوقۇش ۋە يېزىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردىكى «ئوقۇش» يېزىقچە ماتېرىياللارنى چۈشىنىش، تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. بەلگىلەپ بېرىلگەن ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئۆزۈنراقلىرىمۇ، قىسقىراقلىرىمۇ بار. ماتېرىيال ھەجىم جەھەتتىن مەيلى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوقۇغاندا ئوقۇش سۈرئىتىگە، ماتېرىيال مەزمۇننى تولۇق چۈشىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش، ماتېرىيال بىلەن يېزىقچىلىق تەلىپى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى تەھلىل قىلىپ، يېزىشنىڭ دەسلەپكى تەييارلىقنى پۇختا قىلىش كېرەك. ئوقۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئادەتتىكى ئىلمىي مەشىققە ۋە ئوقۇش تەجرىبىسى توپلاشقا ئەھمىيەت بىلەن قاراش، ئادەتتە كۆپ ئوقۇش، چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە ئوقۇش خاتىرىسى يېزىپ مېڭىش كېرەك.

2. تەلەپنى ئېنىق چۈشىنىپ، چىن ھېسسىيات، ئەمەلىي تەسىراتنى يېزىش كېرەك. ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ئەمەلىيەتتە يېزىقچىلىقنى چەكلەپ تۇرىدۇ. بۇ تەلەپلەردىن باشقا ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ ماتېرىيال تاللاش، مەزمۇن بەلگىلەش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، شۇڭا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئاسانلا تېمىدىن چەتنەپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە نۆۋەتتىكى ئالىي مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھانىنىڭ ماقالە يېزىش تەلىپىدە باشقا ئالاھىدە چەكلىمىمۇ يوق، ئۇنىڭدا پەقەت «مەزمۇننى ئۆزى بەلگىلەش، ژانىرنى ئۆزى تاللاش، تېمىنى ئۆزى بېكىتىش»تىن ئىبارەت ئۈزلۈك تەلىپى بار، شۇڭا ئىمتىھان بەرگۈچى ماقالە يېزىش داۋامىدا ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئەركىن جارى قىلدۇرالايدۇ. ماقالە مەزمۇننى بەلگىلىگەندە ئادەتتە «نېمە»، «نېمە ئۈچۈن»، «قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن ئۈچ مەسىلە توغرۇلۇق ئويلىنىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، بېرىلگەن ماتېرىيالدىكى بارلىق مەزمۇن، كۆرسەتمە،

تەلەپ قاتارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىگىلەش كېرەك. مانا بۇ ماتېرىياللىق ماقالىلەرنىڭ ئەڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى.

3. ئالىي مەكتەپ «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھانى ماقالىسىنى يېزىشتا ماقالە ژانىرىنى خالىغانچە تاللاشقا بولىدۇ، ئەمما قانداق ژانىرنى تاللىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، تاللىغان ژانىرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. ئىمتىھان بەرگۈچى ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە سوئالدا بېكىتىلگەن باش تېمىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان ژانىرنى تاللىسا بولىدۇ. زادى قايسى ژانىرنى تاللاش ئەڭ مۇۋاپىق؟ دېگەن مەسىلىدە، ئۆزىمىزگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تاللىساق بولىدۇ. تېمىنى چۆرىدەپ بايان قىلىشقا ماھىر بولساق، تەپسىلاتلارنى گەۋدىلەندۈرسەك بولىدۇ، چۈشەندۈرۈشكە ماھىر بولساق، سەۋەبلەر توغرۇلۇق توختالساق بولىدۇ، قارىشىمىز ئۆزگىچە بولسا، مۇھاكىمە ئېلىپ بارساق بولىدۇ، ھېسسىياتىمىز مول بولسا لىرىكا ئارقىلىق ئىزھار قىلساق بولىدۇ. قىسقىسى، راست سۆزلەنگەن، قەلب سۆزى يېزىلغان ماقالىلەر باشقىلارنى ھەقىقىي تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. شۇڭا ئىمتىھان ماقالىسىدە چىن ھېسسىيات، ھەقىقىي تەسىراتنى يېزىشنى ئاساس قىلىش كېرەك.

4. ماقالىدە يېڭىچە پىكىر، يېڭى مەنىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنى يېزىشتا «يېڭىلىق»قا كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىشىمىز، باشقىلاردا يوقنىڭ بىزدە بولۇشىنى، باشقىلاردا بارنىڭ بىزدە تېخىمۇ ئۆزگىچە تۇستە مەيدانغا چىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. چىقىش نۇقتىنىڭ تاللىنىشى، نىشان (نۇقتىئىنەزەر)نىڭ بېكىتىلىشى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە قۇرۇلمىنىڭ خاسلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە كونا رامكىلارغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

بەلگىلەپ بېرىلگەن ماتېرىيال تەركىبىدە ئىمتىھانىدىكى ئوقۇش سوئالىدىن ئېلىنغان پارچىلارمۇ، مەخسۇس ماقالە يېزىقچىلىقى ئۈچۈن لايىھەلەنگەن ماتېرىياللارمۇ بار. بۇ تۈردىكى ماقالىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى يېزىپ چىقىشىغا، خاسلىقى ۋە ئىجادىي پىكرىنى ئىپادىلىشىگە ئىلھام بېرىدۇ. ژانىر چەكلىمىسى بولمىغاچقا، بايان، تەسۋىر، مۇھاكىمە، چۈشەندۈرۈش ۋە لىرىكا قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن جانلىق پايدىلانغىلى بولىدۇ.

ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ شەكلى بىرقەدەر كۆپ، شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، بىر قىسىم تۈرلەر ئۈستىدە مەشىق ئېلىپ بارساق بولىدۇ. بۇنىڭدا يېزىقچىلىقنىڭ ئادەتتىكى تەلەپلىرىدىن باش تېما(مەركىزىي ئىدىيە) تۇرغۇزۇش، قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تىل ئىشلىتىش، يېزىش قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراش كېرەك.

ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالە — بېرىلگەن ماتېرىيال ۋە تەلەپكە ئاساسەن ئەسەر يازىدىغان بىر خىل يېزىقچىلىق شەكلى. بۇنىڭدا بېرىلگەن ماتېرىيالغا ئاساسەن مەزمۇن بەلگىلەش، پىكىر يۈرگۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ماتېرىيالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيە ماقالە مەركىزىنىڭ كېلىش مەنبەسى بولىدۇ، ماقالە يازغاندا مۇشۇ مەركەزدىن چەتنەپ كېتىشكە بولمايدۇ. مانا بۇ ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ

گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى.

5. ماقالە باشلانمىسى ياكى ئالدىنقى بىرنەچچە ئابزاسنى ياخشى يېزىپ، ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرگۈچىلەردە ياخشى تەسىرات پەيدا قىلىش، باش - ئاخىرنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئىخلاس بىلەن ئىنچىكە ئىشلەپ، ماقالىدە ئالاھىدە نەپىسلىك، رەڭدارلىق شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مەسىلەن، ئىشىكنى ئېچىپلا تاغنى كۆرگەندەك، ئۇدۇللا باش تېمىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ، ئەسلىمە ئارقىلىق كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىشقىمۇ بولىدۇ، مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا ياكى تەكرارلاش، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش ۋە ياكى ھېكايە بايان قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنى جەلپ قىلىشقا بولىدۇ. يەنە تېخى شېئىرىي مىسرالارنى دەل جايىدا دەلىل قىلىش ئارقىلىق ئالاھىدە ئىسپاتلاش ئۈنۈمى ھاسىل قىلىشقىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ماقالە ئاخىرى ۋە ئۆتكۈنچى ئابزاسلارنىمۇ ياخشى يېزىش كېرەك. چۈنكى، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرگۈچىلەر بۇ تەرەپلەرگە بەكرەك دىققەت قىلىدۇ. ماقالە ئاخىرى ماقالە باشلانمىسى بىلەن ئوبدان ماسلىشىشى زۆرۈر. تەكشۈرگۈچى باشقا تەرەپلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپلا ئۆتۈپ كەتسىمۇ، ئەمما باش - ئاخىرىغا جەزمەن ئېتىبار بىلەن قارايدۇ.

ئىمتىھان مەيدانىدا ئۆزىگە يېتەرلىك پىكىر يۈرگۈزۈش ۋاقتى قالدۇرۇش، ئالدىراپلا يېزىشقا چۈشۈپ كەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى، ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمىغاندەك، ئىمتىھان قەغىزىگە يېزىپ بولغان مەزمۇننى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. يېزىپ يېرىمىغا كەلگەندە تۇيۇقسىزلا تېمىنى ياكى تېما تەلىپىنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىنى سېزىپ قالسا، بۇ ۋاقىتتا قايتا يازىدىغانغا ۋاقىت يار بەرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن جىددىيلىشىپ، كەيپىياتى بۇزۇلىدۇ، تىت - تىت بولىدۇ. ئىمتىھان ماقالىسىدە شاختىن - شاخقا قونۇشقا، بىرنى كۆرۈپلا يەنە بىرىدىن ۋاز كېچىشكە، بىر تەرەپتىن يېزىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تۈزىتىشكە بولمايدۇ. بىر خىل پىكىرنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مەلۇم ئوي - پىكىر بېكىتىلگەنىكەن، ئۇنى يېنىكلىك بىلەن ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك كېرەك. ئەمما، بەزى ساۋاقداشلار تېزىسنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن ماقالە باشلانمىسىغا قايتا - قايتا پىششىق ئىشلەيدۇ، كېيىن ۋاقىتنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى بايقاپ، چالا - بۇلا يېزىپلا پۈتكۈزۈۋېتىدۇ. بۇ ياخشى ئادەت ئەمەس، باشتىلا ۋاقىتنى ئوبدان مۆلچەرلەش كېرەك. بۇلاردىن سىرت، تۈزىتىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تۈزەتكەندە سۆز - جۈملە جەھەتتىن تۈزىتىشكە بولىدۇ، قۇرۇلما جەھەتتىن تۈزىتىشكە بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئىمتىھان قەغىزىنىڭ پاكىز ۋە رەتلىك ھەم كۆركەم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاز تۈزىتىش، ئەمما ئۈنۈمى ياخشى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

6. ئەگەر تېمىدىن چەتنەپ كەتسە، ماقالىنىڭ ئاساسلىق نومۇرى يوققا چىقىدۇ. شۇڭا تېمىدىن چەتنەشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇنداق بىرنەچچە تەرەپكە دىققەت قىلىش كېرەك: بىرى، ماتېرىيال، نەقىل ۋە تېما دائىرىسى جەھەتتىن بىرلەشتۈرۈپ پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك، تېمىغا ئايرىم قاراشقا بولمايدۇ. ئىككىنچىسى، ئۆزى تۇرغۇزغان نۇقتىئىنەزەرنى بېرىلگەن ماتېرىيال ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا قاراش؛

ئۈچىنچى، مۇشۇ ماتېرىيالنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغانىدا قانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئويلىنىش كېرەك.

7. ماقالىنى چوقۇم تۈگىتىپ تولۇق يېزىش، كۆرسىتىپ بېرىلگەن تېما دائىرىسىنى ماقالە ماۋزۇسى قىلىۋالماسلىق كېرەك. قانداق ئەھۋالغا يولۇقۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ۋاقىتنى ئالدىن ئوبدان مۆلچەرلەپ، ماقالىنى تولۇق يېزىپ بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ماقالىمىز قانچە ياخشى يېزىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاخىرى تولۇق چىقماي، يېرىم يولدا توختاپ قالسا، ئۇنىڭغا ئادەتتە نومۇر بېرىلمەيدۇ ياكى بەكلا ئاز نومۇر بېرىلىدۇ.

كۆرسىتىپ بېرىلگەن تېما دائىرىسىنى ماقالە ماۋزۇسى قىلىۋالغاندا، ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇۋېلىش كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، گاھىدا «پۇرسەت»، «رىقابەت ۋە تىرىشچانلىق»، «ھاياتنىڭ قىممىتى»، «قەلب گۈزەللىكى»، «ئەمگەكچانلىق»... دېگەن تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەسەر يېزىڭ، دېگەندەك تەلەپلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار بىر قاراپلا بۇنى ماقالە ماۋزۇسى ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىۋېلىپ، كۆرسىتىلگەن تېما دائىرىسىنى ماقالىسىگە ماۋزۇ قىلىپ قويۇۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماقالە نومۇرىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

8. ماقالىدە بىردىن ئىككىگىچە يورۇق نۇقتا بولۇشى كېرەك. ئەگەر بايان خاراكتېرلىك ماقالە يازغان بولسىڭىز، ۋەقە ۋە تەسۋىرلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز ھېسسىياتىڭىزنى ئىپادىلەپ بېرىشىڭىز كېرەك. ئەگەر مۇھاكىمە ماقالىسى يازغان بولسىڭىز، چوقۇم بىر - ئىككى تېپىك ئاساس(دەلىل) ئارقىلىق قارىشىڭىزنى قايىل قىلارلىق ئىسپاتلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر مىكرو ھېكايە يازسىڭىز، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئالاھىدە ماھىر بولۇپ، ئەپچىل قۇرۇلما ھاسىل قىلىشىڭىز كېرەك. بۇ خىل يورۇق نۇقتىلار بىرەر پەلسەپىگە باي ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنسىمۇ، بىرەر ئۆزگىچە ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، ماس ھالدىكى ماقال - تەمسىل، شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ بولىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت يەنە يېزىش داۋامىدا كۆپ قېتىم تېمىغا يېقىنلىشىش كېرەك. ماتېرىيال، نەقىل ۋە كۆرسەتمىدىكى ئالاقىدار ھالقىلىق سۆزلەر ماقالىدە ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ قېتىمدىن كۆپرەك تىلغا ئېلىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ باشلانما ۋە ئاخىرلىشىشتا جەزمەن كۆرۈلۈشى، ئوتتۇرىدا ئاز بولغاندىمۇ بىرەر قېتىم تىلغا ئېلىنىپ، تېمىغا يېقىنلاشقانلىقنى ئېنىق ئىپادىلىنىشى كېرەك. تېمىغا كۆپ قېتىم يېقىنلاشقانلىق ئەمەلىيەتتە تېمىدىن چەتنەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ خۇددى توپ مۇسابىقىلىرىدە ۋاقىتلىق توختىغاندەك ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، پىكىر يولى ۋە يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنى تەرتىپكە سېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

9. ئىدىيە ساغلام بولۇشى، نۇقتىئىنەزەر بەكلا مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلمەسلىكى، بەلگىلىك ئىمكانىيەت قالدۇرۇلۇشى كېرەك. ئىدىيەدە ساغلام بولۇش دېگەنلىك ــ پەقەت دەبدەبىلىك سۆزلەرنىلا يېزىش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى، قانۇن، قائىدە-نىزاملارغا خىلاپ بولغان ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقتىن يىراقلاشقان ئىشلارنى يازماسلىق كېرەك دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، مۇھەببەتلىشىشكە ئالاقىدار مەزمۇنلار ئىمتىھان ماقالىلىرىدە

چەكلىنىدۇ، ئىمتىھان بەرگۈچى قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى مەيلى قانچە ھەققىي، تەسىرلىك يازسۇن، ئەمما مۇھەببەتلىشىش ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت مىزانىدا چەكلەنگەن بولغاچقا، بۇنداق ئەسەرلەر تەبىئىيكى يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشەلمەيدۇ.

رېئاللىق بىلەن باغلىنىشتا، جەمئىيەتتىكى قاراڭغۇ تەرەپلەر بىلەن چېتىشلىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، لايىقىدا گەپ قىلىش، بىراقلا ئەيىبلەپ، ئاتا - ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە جەمئىيەتنى قارغاپ كەتمەسلىك، كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ، ئىجابىي تەكلىپ بېرىش كېرەك. ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىشقا، زىتىغا تېگىشكە، ھەتتا يامان غەرەزدە شەخسىيەتكە ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدۇ.

10. ئىمتىھان مەيدانىدا ماقالە يازغاندا، تېمىنىڭ مەنىسىگە ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئېپادىلەش ئېھتىياجىڭىزغا ئاساسەن بىر ياكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، «ئالاقە»، «مۇناسىۋەت» توغرۇلۇق ئەسەر يېزىشقا توغرا كەلسە، ئاتا - ئانىڭىز بىلەن بولغان ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتنى يازسىڭىزمۇ، ئوقۇتقۇچىلىرىڭىز ۋە ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن بولغان ئالاقىنى يازسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنى ئالدىڭىزدا تۇرۇۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر قىلىپ يېزىشىڭىز كېرەك. ئەگەر دۆلەت بىلەن دۆلەت ئارىسىدىكى ئالاقىنى يازسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتكە قاتناشقاندەك قىياستا يازسىڭىز بولىدۇ. شۇنداقلا چىن ھېسسىيات ھەم تەبىئىي تۇيغۇغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بايان خاراكتېرلىك ماقالە يازغاندا ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىزنى باش پېرسوناژ قىلىڭ ھەم ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىرى توغرۇلۇق ئويلىنىپ، ئۇلار ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان گەپلەرنى يېزىڭ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالايسىز.

مۇبادا ماتېرىيال كەمچىل بولسا ئۆز قىزىقىشىدىن ماتېرىيال ئىزدەش كېرەك. ئەگەر سىز تەنتەربىيەنى ياخشى كۆرسىڭىز، تەنتەربىيە مۇخبىرلىرىغا ئوخشاش تەنتەربىيە توغرۇلۇق بايان قىلسىڭىز، مۇھاكىمە ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ، پەقەت تېما مەزمۇنىغا ماس كەلسىلا بولىدى. ئەگەر سىز ××نىڭ ناخشىسىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلىسىڭىز، ××نىڭ كىتابىنى ئوقۇشقا قىزىقسىڭىز، ×× تورىغا چىقىشنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ مۇشۇ تەرەپتىكى قىزىقىشىڭىز ۋە تەسىراتىڭىزنى ماقالە تېمىسى بىلەن ماسلاشتۇرسىڭىز بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا يازغۇدەك نەرسە تاپالماي غەم يېيىشتىن خالىي بولالايسىز. قارىغۇلارچە قالايمىقان توقۇپ چىقىشتىن ساقلىنىڭ، قۇرۇق ھېكايە توقۇپ، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرگۈچىلەرنى تەسىرلەندۇرۇپ يۇقىرى نومۇر ئالىدىغان دەۋر ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى.

11. ئەسەر ھەجىم جەھەتتىن بىر يېرىم بەتتىن ئۈچ بەتكىچە بولسا مۇۋاپىق. ھەممىنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە يېزىپ، كىشىلەرگە ھېسابات دەپتىرىدەك تۇيغۇ بېرىشتىن ساقلىنىش، ھەددىدىن زىيادە سوزۇۋەتمەسلىك، قەغەز قوشۇپ يازماسلىق كېرەك. ئۇزۇنراق يېزىشنى ياخشى كۆرىدىغان ساۋاقداشلار باشلانمىسىنى بەك سوزۇۋېتىشتىن ساقلىنىش، ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە تېگىشلىك جايلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈش، باش تەرەپتە بەك تەپسىلىي يېزىۋېتىپ، يۇقىرى باسقۇچقا كەلگەندە بېرىلگەن بوش ئورۇن تۈگەپ كېتىپ، يازىدىغانغا بوش ئورۇن تاپالماي قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. گەۋدىلىك جۈملىلەرنى(تېمىغا يېقىن

بولغان، مۇددىئانى ئىپادىلەيدىغان، لىرىكىلىق مۇھاكىمە، مۇھاكىمە ماقالىلىرىدىكى تارماق نۇقتىئىنەزەر قاتارلىق) ئەڭ ياخشىسى ئايرىم قۇرغا يېزىش كېرەك.

بەلگىلەپ بېرىلگەن ماتېرىيالنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزى بۇرۇن يازغان ۋە ئوقۇغان نادىر ئەسەرلەرنى ئويلاپ، شۇلار ئىچىدە بۇ تېمىغا يېقىنلىرىنىڭ، ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىرىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ بېقىش كېرەك. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، زورمۇزور قوشۇپ يېزىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

12. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان ماقالىسىنىڭ تېما ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇرۇنقى ئىمتىھانلارغا قارايدىغان بولساق، ماقالە تېمىسىنىڭ رېئاللىققا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، قىزىق نۇقتىلارغا قارىتىلىۋاتقانلىقىنى، كىشىلىك ھاياتنى چۈشىنىش، ئۆسۈپ يېتىلىشكە ئەھمىيەت بىلەن قاراش تىپىدىكى تېمىلارنىڭ كۆپ بولۇۋاتقانلىقىنى، مەدەنىيەت ئىزى، ئېستېتىك گۈزەللىك ئىزدەشكە ئەھمىيەت بېرىش تىپىدىكى تېمىلارنىڭمۇ كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى سىناپ تەكشۈرۈش، مەنتىقىلىق تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تەكىتلەش تىپىدىكى تېمىلارنىڭمۇ كۆزگە چېلىقىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇلاردىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىمتىھانلاردا يېڭى ماتېرىياللىق ماقالىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، رېئال تۇرمۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش، قىزىق نۇقتىلارغا يېقىنلىشىش، تۇرمۇش چۈشەنچىسىنى تەكىتلەش، ئەقلىي تەسەۋۋۇرغا كۆڭۈل بۆلۈش، تۇرمۇش، شېئىرىي مەنە، پەلسەپە قاتارلىقلار يېڭىچە بىر يۈزلىنىش بولۇشى مۇمكىن. تۇرمۇشقا يېقىنلىشىش، ئۆزلۈككە يېقىنلىشىش، ئوقۇغۇچىلارنى ھەقىقىي ھېسسىيات ئارقىلىق تۇرمۇشنى چۈشىنىشكە يېتەكلەش — كەلگۈسىدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان ماقالىسىنىڭ يېڭىچە چىقىش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

## ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان ماقالىسى يېڭى ئۇچۇرلارغا موھتاج

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئالغاندا، گېزىت - ژۇرناللارنى كۆپ ئوقۇپ بېرىش يېڭى بىلىم توپلاشتىكى، مۇھىمى ئىمتىھان ماقالىسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېڭى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك بىر يول. چۈنكى، گېزىت - ژۇرنال ئوقۇغاندا ئەڭ يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەرنى قوبۇل قىلىپ، دەۋر مېلودىيەسىنى ئىگىلىۋالغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ھەمىشە سىنىپتىلا ئولتۇرىدۇ، شۇنداق ئىكەن ئۇلار سىرتقى دۇنيانى قانداق چۈشىنىدۇ؟ پەقەت گېزىت - ژۇرنال ئوقۇش ئارقىلىق چۈشىنىدۇ. قانداق مەسىلىگە قانداق قاراش، توغرا ئۇسۇل قايسى؟... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى گېزىت - ژۇرناللاردىن ئىگىلىگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن گېزىت - ژۇرناللارنى ياخشى تاللاش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئادەتتە «شىنجاڭ ياشلىرى»، «يېرىم ئايلىق سۆھبەت»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنى ئوقۇشنى نۇقتا قىلسا بولىدۇ.

گېزىت - ژۇرناللارنى كۆپ ئوقۇش ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارنى توپلاشقىمۇ ناھايىتى

پايدىلىق. ئوقۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن ماتېرىيال ئەڭ تېپىك، ئەڭ يېڭى بولغاچقا، ماقالىدە ئىشلەتكەندە كۈچلۈك جەلپ قىلىش ھەم ئىسپاتلاش ئۈنۈمى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

گېزىت - ژۇرنال ئوقۇش چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ياخشى ماقالىلەردىن تەسىرلىنىپ، تەقلىدىي يېزىشنى ئۆگىنىشكىمۇ پايدىلىق. چۈنكى، ماقالە يېزىش ئىقتىدارى بىرسىنىڭ ئۆگىنىشى ئارقىلىق يېتىلمەيدۇ، بەلكى ئوقۇش ۋە يېزىش ئارقىلىق يېتىلىدۇ.

## ماتېرىيال بەلگىلەپ بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ تېمىسىنى بېكىتىش ماھارىتى

قانداق شەكىل، قانداق ژانىردىكى ئەسەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئالدى بىلەن تېمىسى توغرۇلۇق ئەستايىدىل ئويلىنىش كېرەك. بۇ يەردىكى تېمىنى ئويلىنىش دېگەنلىك، ماقالە يازغۇچىنىڭ قەلەم تەۋرىتىشتىن ئاۋۋال بېرىلگەن ماتېرىيالنىڭ مەنىسىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ماتېرىيال بېرىلگەن ماقالىلەردە تېما مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىشتە مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇشقا، ماتېرىيالنى تولۇق ھەزىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ(رەسمگە قاراپ ئەسەر يېزىشتىمۇ شۇنداق). چۈنكى، ماتېرىيالنى چۈشىنىش، تېمىنى تەھلىل قىلىشتا ئازراقلا مەسىلە كۆرۈلىدىكەن، يازغانلىرىمىز تەلەپكە ماس كەلمەيلا قالماستىن، «قىلىدىن كەتسەڭ، قىرىقتىن كېتىسەن» دېگەندەك نىشاندىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىدۇ. ماتېرىيال مەنىسىنى خاتا چۈشىنىۋالغاندا، نېمە يېزىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ ۋاقتىمۇ يېتىشمەي قالىدۇ. ھەتتا يازغىنىمىز ھەجىم جەھەتتىمۇ تەلەپكە يەتمەي، ئۆزۈن يېزىشقا تېگىشلىكنى قىسقا يېزىپ قويۇش، قىسقا يېزىش زۆرۈر بولغاننى ئۆزۈن يېزىپ قويۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ، ماقالە نومۇرىنىڭ تارتىلىپ كېتىشىدەك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ، ماتېرىيال مەنىسىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، نېمە يېزىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بېكىتىۋېلىشىمىز كېرەك.

تېمىنى چۈشىنىش مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن يەنە مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك: بىرىنچى، يازماقچى بولغان ژانىرنى بېكىتىش، ئىككىنچى، يازماقچى بولغان دائىرىنى بېكىتىش، ئۈچىنچى، ئەسەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىش.

بەزى يېزىقچىلىق تەلەپلىرىدە قانداق ژانىردا، قايسى تېمىدا يېزىش كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن بولىدۇ، يەنە بەزى ماتېرىياللاردىكى مەنە ۋە جۈملىلەردىن ئۇنى قايسى ژانىردا يازسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغىلىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، تېما تەركىبىدە خاتىرە، بايان شەكلىدىكى سۆزلەر بولسا، بۇنىڭدا بايان ماقالىسى، ئېپىك نەسر دېگەندەكلەرنى يازساق مۇۋاپىق بولىدۇ. يەنى، «ئىنقىلابچى خاتىرىسى»، «دۆلەت بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە»، «مەن»... دېگەندەك سۆزلەر ئۇچرىسا بۇنى بايان ماقالىسى قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ. يەنە ۋاقىت، ئادەم، ئورۇن، ۋەقەگە ئائىت ئۇچۇرلار بولسا، يەنى «ئۇنتۇلماس بىر كۈن»، «ئەھمىيەتلىك تەتىل»، «يازنىڭ بىر كۈنى»، «مەكتەپنىڭ سەھىرى»، «بالىلىقىم»... دېگەندەك گەپ - سۆزلەر بولسا بۇلارنىمۇ بايان ماقالىسى شەكلىدە يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ماتېرىيالدا سىمۋوللۇق ياكى لىرىكىلىق تۈس بولسا، بۇلارنى لىرىك

نەسر، بايان ماقالىسى ياكى مۇھاكىمىلىك ماقالە قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «باھار يامغۇرى»، «شام»، «ئۇستاز روھى»... دېگەندەك. مۇلاھىزە، مۇھاكىمە، تەھلىل، ھېسسىيات، تەسىرات، كۆرسەتمە، ئويلاپ بېقىشقا ئائىت گەپ - سۆزلەر بولسا ئومۇمەن مۇھاكىمىلىك ئەسەر يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «ئىرادە»، «تىرىشچانلىق»، «رىقابەت»... دېگەندەك. ئەگەر رەددىيە بېرىش، ئىنكار قىلىش، تەنقىدلەشكە ئائىت گەپ - سۆزلەر ئۇچرىسا رەددىيە بېرىش خاراكتېرىدىكى مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش كېرەك. مەسىلەن، «بىزنىڭ رىقابەت ئېڭىمىز نەگە كەتتى؟»، «پۇل راستتىنلا ئەخلاقتىن مۇھىممۇ؟...» دېگەندەك. ئەگەر ۋەقەلىك تەپسىلاتى چۈشەندۈرۈلىدىغان مەزمۇنلار بولسا شەكسىزكى، چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يېزىش كېرەك. مەسىلەن، «بىزنىڭ مەكتەپ»، «تېلېۋىزور»، «دىنازاۋۇرلار دۇنياسىدا»... دېگەندەك.

دائىرە تاللاش دېگىنىمىز — ماقالىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى، ماتېرىيال تاللاش دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ. بايان ماقالىسىگە نىسبەتەن ئالغاندا، ئادەمنى ئاساس قىلىپ يېزىش، ۋەقەنى ئاساس قىلىپ يېزىش، مەنزىرىنى ئاساس قىلىپ يېزىش، قانداق ئىشنى يېزىش، قانداق ۋەقەنى، قانداق ئادەمنى يېزىش، ھازىرقى ئىشنىمۇ ياكى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنىمۇ، قانداق بايان شەكلىدە يېزىش قاتارلىقلار مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «مەكتەپتىكى يېڭىلىق» دېيىلسە، بۇنىڭدا مەكتەپنىڭ ئىچىدىكى يېڭى ئىشلار، يەنى يېڭى ئادەم، يېڭى ئۆزگىرىشلەر يېزىلىپ، بۇرۇنقى ئەھۋاللار بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدا بىرىنچى شەخسنى ئىشلىتىپ يېزىش كېرەك. ئەگەر «غورۇر ھەققىدە» چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يېزىش تەلەپ قىلىنغان بولسا، بۇنى ئالدى بىلەن ئىش ئارقىلىق چۈشەندۈرىمىزمۇ ياكى دەلىل ئارقىلىق چۈشەندۈرىمىزمۇ، بۇنى ئېنىق بىلىۋېلىش كېرەك. ۋەقەنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قانداق تۇتۇش، دەلىلنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا.

ژانىر، دائىرە مۇقىملاشقاندىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى بېكىتىپ چىقىپ، ماقالىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى جەزملەشتۈرۈش، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بىر ئېغىز گەپكە يىغىنچاقلاشقا ئەھمىيەت بىلەن قاراش كېرەك. «مەن ئائىلەمنى ياخشى كۆرىمەن» دېيىلسە، بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى «ياخشى كۆرۈش»تە، يازغاندا قانداق ياخشى كۆرۈشنى، نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشنى چۆرىدەپ يازساق بولىدۇ. سۆز بىرىكمىسىنى ماۋزۇ قىلغاندا ئۇبرازلىق ياكى چەكلىمە خاراكتېردىكى سۆزلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىش كېرەك. مەسىلەن، «ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن شادلىق» دېيىلگەن بولسا، بۇنىڭدا بىر مەكتەپنى، بىر ئائىلىنى، بىر كوچىنى، بىر زاۋۇتنىڭ ئۆزگىرىشىنى يازساق بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى «ئۆزگىرىش» بىلەن «شادلىق» دېگەن ئىككى تەرەپ. شۇڭا يازغاندا چوقۇم ئۆزگىرىشنىڭ خۇشاللىنارلىقلىقىنى، بىزگە شادلىق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى يېزىشىمىز كېرەك.

بەزى كونكرېت، ئېنىق تېمىلار ھەتتا يوشۇرۇن كۆرۈنىدىغان تېمىلاردىكى مەركىزىي ئىدىيەنىمۇ كۆرسىتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. مەسىلەن، «لېي فېڭچە ياش» دېگەن تېمىنىڭ تەلىپى شۇكى، ماقالىدە يېزىلغان ياش يۈرۈش - تۇرۇش، ئىش - ھەرىكەت

جەھەتتە لېپى فىڭغا ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. مانا بۇ ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنىڭ تېمىغا ئۇيغۇن بولغىنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «ئۆلگە» دېگەن تېمىدا ئاۋۋال يازىدىغىنىمىز ئادەم، ئادەم بولغاندىمۇ جەزمەن نەمۇنىچى ئادەم ياكى قەھرىمان شەخس بولۇشى كېرەك. ئاساسەن ئادەمنىڭ نەمۇنىلىك ۋە قەھرىمانلىق ئىشلىرىنى ئاساس قىلىپ يېزىش كېرەك. «ئىتتىپاقلىق — كۈچ» دېگەندەك تېمىلاردىكى ماقالىلەردە مەركىزىي ئىدىيە ئالىلقاچان كۆرسىتىلگەن بولىدۇ. ماقالە يازغان ۋاقىتتا مەركىزىي ئىدىيەگە ئائىت ئىشلارنى يازساقلا كۇپايە.

ئەسكەرتىش: تېمىنى تەھلىل قىلىشنىڭ توغرا - خاتا بولۇشى ماقالىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا تېما تەھلىل قىلىشتا ئازراقمۇ خاتالىقنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. مەسىلەن: يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلاردا يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئۇسلۇب بولىدۇ. ياخشى ئىش، ياخشى ئادەم ئادەتتە ئومۇمەن بىر ئادەم ياكى بىرنەچچە ئادەمنىڭ جەمئىيەتكە ۋە باشقا ئادەملەرگە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە يېڭى مەنە ئىپادىلىنىشى ناتايىن. مەسىلەن: «ئورۇن بېرىش»، «ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالماسلىق»... ھازىرقى كۈندە يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلارغا كىرمەيدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلارنىڭ ئارىسىغا ئەكىرىپ، ئۇنى يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلارنىڭ ئورنىغا قويساق تېمىدىن چەتنەپ كەتكەن بولىمىز.

«ئىلغار باغۋەن» ۋە «باغۋەن» دېسەك، ئۇ ھالدا ئىككى تېمىدا ئوخشاشلىق بولىدۇ، باغۋەن ئادەتتە ئوقۇتقۇچىغا ئوخشىتىلغان، بۇنداق ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەممىسى ياخشى ئوقۇتقۇچى. لېكىن باغۋەننىڭ ئالاھىدىلىكى ئوبرازلاشتۇرۇلغان، بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىنىڭ ياخشىلىقىنى تەكىتلەش، ئىشچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئاساس. يەنە بىرىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ خىزمەتكە بولغان پوزىتسىيەسىنى سىپلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئاساس. «خۇشال يەكشەنبە»، «ئانامنىڭ يەكشەنبە كۈنى»، «ئۇنتۇلماس بىر كۈن»، «ئۇنتۇلماس يىللار»، «ئۇنتۇلماس مىنۇتلار»، «قولى ئەپلىك ياش» دېگەندەك تېمىلاردا ئۆزگىرىش چوڭ، تېما دائىرىسىمۇ كەڭ. بۇنىڭدا ئۆزىمىزنىڭ ئويلىغىنىنى ئاساس قىلساق ياكى تېما مەنىسىدىن باشقا ئوبرازلىق مەنىلەرنى ئىپادىلىسەكمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: «يول» بۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى راۋان ئۆتۈشكە بولىدىغان جاي، بۇنىڭدىن سىرتقى مەنىسى يۈرۈش - تۇرۇش ۋە يۆنىلىش، ئۇسۇل، يولنى تېما قىلىپ بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك كونكرېت ئىش بولسىلا نۇقتا قىلىپ، ھەر خىل مەنىلىرىنى ئاساس قىلىپ يازساق بولۇۋېرىدۇ. مەسىلەن، «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئۆتۈق قازىنىشنىڭ مۇھىم يولى»، «قان - تەر بەدىلىگە ئېچىلغان يول»... دېگەندەك. يەنە «ئىز»نى تۇتۇپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئىزمۇ يولدا مېڭىپ قالدۇرغان ئىزلارنى، يەنە نەتىجە ۋە مەدەنىيەت ئىزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭمۇ ئەسلىي مەنىسىدىن سىرتقى مەنىلىرى كۆپ. بۇ تېمىدىكى ئەسەرلەرنى نەدىن، قانداق باشلاشنى بىلەلمەي قالغاندا، باشقا بىر ئىشنىڭ ئىز بىلەن ئوخشاش تەرىپىنى تاپالىساق، خىيالىي تۈيغۇمىز ئېچىلىپ، يېزىقچىلىق نىشانى تېپىلىدۇ، تەپەككۇرىمىز راۋانلىشىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ ئىزىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ

ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى ئۇيلاپ يېتەلىسەك، مانا بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ جايىدا بولغانلىقىنىڭ، تېما مەنىسىنى تېخىمۇ ئىگىلىگەن ھالدا ئىگىلىگىنىمىزنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا «قەھرىتان قىش»، «دېڭىز دولقۇنى»، «ئۆچمەس چىراغ» قاتارلىق تېمىلارنى ئۇچراتقان چاغدا ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسىدىن باشقا ئوبرازلىق مەنىلىرىنى چوڭقۇر قېزىپ چىقىشىمىز كېرەك.

ئەڭ ئاخىردا تېمىنى تەھلىل قىلغاندا يەنە ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئەستايىدىل، ئەتراپلىق بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش. تېمىنىڭ ئاستىدىكى قوشۇمچە چۈشەندۈرۈش، تەلەپ، ھەتتاكى تېما ئىچىدىكى تىنىش بەلگىسىنىمۇ ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ چۈشىنىش كېرەك، بولمىسا خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سالاھىيىتىگە دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن: «بوۋامغا يېزىلغان خەت» ۋە «نەۋرەمگە يېزىلغان خەت»كە ئوخشاش خەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ماقالىلەرنىڭ تىلىدا پەرق بولۇشى كېرەك، شۇندىلا خاسلىق ھاسىل قىلالايمىز.

## ئىمتىھان ماقالىسىدە كۆپ كۆرۈلىۋاتقان بەش خىل خاتالىق

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمتىھان ماقالىسى ۋە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان ماقالىلىرىدە بىر قاتار مەسىلىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇردى ھەم ئاز بولمىغان ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ نەتىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك مەكتەپلەرگە كىرىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، تۆۋەندە ئىمتىھان ماقالىلىرىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەزىبىر مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

1. بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىدە سۆزلەرنى جايىدا ئىشلەتمەسلىك، جۈملە راۋان بولماسلىق، ئىملا خاتالىقى كۆپ بولۇشتەك ئەھۋاللار ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىپ كەلدى. بەزىلەر ھەتتا ئادەتتىكى نۇقتىلارغىمۇ دىققەت قىلماي، قەغەز يۈزىنىڭ كۆركەملىكىگە تەسىر يەتكۈزدى. يازغان خەتلىرى بىر بولسا مايماق - سايماق، بىر بولسا رەتلىك ئەمەس. يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازغانلىرى گەرچە مەزمۇن جەھەتتىن يامان ئەمەس بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يېزىشقا سەل قاراپ، خەتلەرنى ئېنىق، ئوقۇشچانلىققا ئىگە قىلىپ يازمىغانلىقتىن، قەغەز يۈزىنىڭ رەتلىك، كۆركەم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالماي، نومۇر تارتىلىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. نومۇر ئۆلچىمىدىن قارىغاندا، ئىملاغا ئادەتتە تۆت نومۇر بېرىلىدۇ. بىراق، ماقالىلەردىكى ئىملا خاتالىقلىرى تارتىشقا تېگىشلىك نومۇردىن ئارتۇق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

2. ئىمتىھان ئەسەرلىرى ئىچىدە ژانىرى ئېنىق بولمىغان، ھېچقانداق مۇقامغا چۈشمەيدىغان يازمىلارمۇ كۆرۈلۈپ كەلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىمتىھان ئەسەرلىرىدە ئادەتتە «ئەسەر ژانىرى چەكلەنمەيدۇ» دېگەن كۆرسەتمە بېرىلىۋاتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئىمتىھان بەرگۈچىلەر

ئەركىن هالدا قايسى خىل ژانىردا ئارتۇقچىلىقى بولسا شۇ ژانىرنى تاللاپ يازسا بولىدىغان بولدى. بىراق، بەزى ئىمتىهان ئەسەرلىرىدىن قارىغاندا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار خاتا هالدا «ژانىرى چەكلەنمەيدۇ»نى «ژانىرنى ئايرىمىساقمۇ بولىدۇ» دەپ خاتا چۈشىنىۋېلىپ، يازغانلىرىنىڭ ژانىرى ئېنىق بولماسلىقتەك ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. بەزى ماقالىلەرنىڭ باشلانمىسى مۇھاكىمە ماقالىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. نۇقتىئىنەزەرى ۋە پاكىتى خېلى يامان ئەمەس. بىراق يېزىپ مەلۇم جايغا كەلگەندە، بۇنى بايان ماقالىسى ياكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسىگە ئوخشىتىپ قويۇش ئەھۋالى ئېغىر. يازغىنىنى بايان ماقالىسىمكىن دېسەك، بايانلىرىدا ۋاقىت، ئورۇن، ۋەقە تەپسىلاتى قاتارلىق ئامىللار كەمچىل بولغاچقا، بايان ماقالىسىغىمۇ ئوخشىماي قېلىۋاتىدۇ.

3. ئۇيان - بۇيانغا گەپ ئەگىتىپ، تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ مەركىزىي ئىدىيەگە يېقىن بولماسلىق، سۆز - جۈملىلىرى ئېنىق، راۋان بولماسلىق مەسىلىسى كۆپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

ئىمتىهان ئەسەرلىرىنىڭ ۋاقىتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. ئادەتتە بىر - ئىككى بەت يازسىلا بولىدۇ، بۇ بىزدىن تېزلىك بىلەن مۇھاكىمە تېمىسىغا ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. سۆز - جۈملىلىرى ئېنىق - راۋان بولۇش ئىمتىهان ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلىپى. ئەمما بۇ جەھەتتىمۇ ئىمتىهان ئەسەرلىرىدە مەسىلە بىرقەدەر كۆپ بولۇۋاتىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە مۇنداق بىرقانچە خىل مەسىلە بار:

1) ئەسەر قۇرۇلمىسىغا دىققەت قىلماسلىق مەسىلىسى. پىكىر يولى ئېنىق بولماسلىق، قۇرۇلمىسى قالايمىقان بولۇش، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسەردە دېمەكچى بولغان گەپ - سۆزلەر ناهايىتى كۆپ، ئەمما ھەممىسىنى بايان قىلىشقا ۋاقىت يېتىشمىگەنلىكتىن، پىكىر چوڭقۇر، تولۇق بولماسلىق ئەھۋاللىرى كۆپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ ئاساسلىقى يېزىشتىن ئىلگىرى ئەتراپلىق ئويلانماي، يېزەكى ئويلىنىۋېلىپلا قەلەم تەۋرىتىشكە ئالدىرىغانلىقنىڭ، ئاۋۋال نېمىنى ئويلىسا شۇنى يېزىۋېلىپ، كېيىنكىسىنى ئاندىن ئويلىغانلىقنىڭ ۋە ياكى باشتا ئالدىراپلا چالا - بۇلا يېزىپ، ئاخىرىغا كەلگەندە كەم بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تولۇقلاپ يازغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇ خىل ئەھۋالدا پىكىر يولىدا ئاسانلا قالايمىقانچىلىق، ئېنىقسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. تېخىمۇ ئېغىرى ئابزاسلار ئارا ھېچقانداق لوگىكىلىق باغلىنىش بولماي، قۇرۇلما قالايمىقان، ماقالە ئۇسلۇبى كەمچىل بولۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

2) ئاساسى ياخشى ئوقۇغۇچىلاردا ياخشىراق مەزمۇنلار ۋە گۈزەل سۆز - جۈملىلەرنى باشتا تىزىپ يېزىۋالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئىمتىهان قەغىزى تەكشۈرگۈچىلەردە سۆز ئويۇنى قىلىۋاتقاندەك، دېمەكچى بولغان گەپنى قەستەن كەينىگە تارتىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

4. مەزمۇن ئويدۇرما، ھېسسىيات ساختا بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىمتىهان ماقالىلىرىدە «ھەقىقىي ۋەقەنى بايان قىلىڭ» ياكى «ھەقىقىي ھېسسىياتنى يېزىڭ» دېگەندەك تەلەپلەرمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئەمما بەزى ئوقۇغۇچىلار بۇ تەلەپلەرگە ئانچە ئېتىبار قىلماي، ھە دېسىلا توقۇلمىنى يېزىش، ھېسسىياتى

ئەمەلىي، تەبىئىي بولماسلىق، مۇبالىغە كۆپ بولۇش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مەسىلەن، بەزى ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرگۈچىلەرنى تەسىرلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئاتا - ئانىسىنى ئەما، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى روھىي كېسەل، ھەتتا ئۆزىنى ئېغىر مېيىپ... دەپ يازىدۇ. بۇنىڭ تۇرمۇش ئاساسى بولمىغانلىقتىن، توقۇپ يازغاندا ئاسانلا كۈلكىلىك ئەھۋاللارنى سادىر قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

5. دەۋر پۇرىقى، يېڭى مەنە كەمچىل بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش بىلىمى يېتەرسىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەقەت كىتابلاردىن كۆرۈۋالغانلىرىنى ياكى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن مەزمۇنلارنى يازىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يازغانلىرىدا دەۋر پۇرىقى كەمچىل بولۇش، نۆۋەتتىكى ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان مەزمۇنلارنى يېزىش، ھېسسىياتىدا خاسلىق، مۇستەقىللىق كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋاللارنى سادىر قىلىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەر ئەمەلىيلىكى كەمچىل، يېڭىلىق يوق دەپ قارىلىپ ئوخشاشلا تۆۋەن باھا بېرىلىدۇ.

## ئىمتىھان ئەسەرلىرىدە نومۇر تارتىلىشتىن ساقلىنىڭ

يېزىقچىلىق ئەدەبىياتنىڭ باشلامچىسى. قانداق قىلغاندا ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرگۈچىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ مۇھەررىر لىن مۇ ئەپەندى ئۇزاق يىللىق ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈش تەجرىبىسىگە تايىنىپ بۇ ھەقتە مۇنداق يەتتە خىل تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەشىق داۋامىدا، يەنە بەزىلىرى ئىمتىھان مەيدانىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان تەلەپلەردۇر.

كۆرۈنۈشتە ياخشى بولغان، تەكشۈرگۈچىلەردە ياخشى تەسىر پەيدا قىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ خەتلىرى چىرايلىق يېزىلغان بولىدۇ.

بۇ ئاددىي تەلەپ، لېكىن ئادا قىلىش ناھايىتى قىيىن بولغان تەلەپنىڭ بىرى، خەتلەرنى رەتلىك، چىرايلىق يېزىش ئادەتتىكى مەشىققە باغلىق. چىرايلىق خەتنىڭ تەسىرىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. بىر پارچە ماقالىنىڭ مەزمۇنى ياخشى بولۇپ، خەتلىرى رەتسىز بولسا، تەبىئىيكى ئېرىشىدىغان نومۇرى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

بىرىنچىدىن، خەت چىرايلىق، قەغەز يۈزى پاكىز بولمىسا، ئۆلچەم بويىچە نومۇر تارتىلىدۇ. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا 1~2 نومۇر تارتىلىدۇ. بىراق قەغەز يۈزى ھەقىقەتەن رەتسىز بولسا تارتىلىدىغان نومۇرمۇ كۆپ بولىدۇ. ئادەتتە 4~5 كېچە نومۇر تارتىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىمتىھان قەغىزىنىڭ يۈزى مەلۇم جەھەتتە ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ نومۇر قويۇش ھېسسىياتىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. پاكىز، رەتلىك، چىرايلىق يېزىلغان بىر پارچە ماقالىنىڭ تەكشۈرگۈچىلەرگە بولغان تەسىرى بىۋاسىتە بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئىمتىھان ۋاقتىدا، سوئاللارغا جاۋاب يازغاندا، خەت سۈپىتى جەھەتتىن نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ مەزمۇن، بۆلەكلىرى ئېنىق بولۇش، خەتلەرنى ئېنىق ئايرىپ رەتلىك يېزىش، شۇ ئارقىلىق سوئال تەكشۈرگۈچىگە ياخشى تەسىر قالدۇرۇش. ئەكسىچە، يازغان خەتلىرى قالايمىقان، تونۇغۇسىز بولسا، ھەرقانچە مەزمۇنلۇق يېزىلغان بولسىمۇ، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. خەت شەكلى ھەددىدىن زىيادە چوڭ ياكى بەك كىچىك بولۇپ كەتمەسلىكى، ئېنىق ئوقۇشچانلىققا ئىگە قىلىپ يېزىلىشى كېرەك. خەتلەرنى ئامال بار ئۆچۈرۈپ ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. قالايمىقان سىزىلغان، سوئال قەغىزى ئۈستىگە ئالاھىدە بەلگە قويۇلغان بولسا تەكشۈرگۈچىلەرگە بىر خىل چېچىلاڭغۇلۇق تۇيغۇسى بېرىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن نومۇر تارتىلىپ كېتىدۇ، ھەتتا بەلگە قويۇلغان ئىمتىھان قەغەزلىرى قاتارىدا شاللىۋېتىلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئەسەر ماۋزۇسى جايىدا قويۇلغان بولۇشى كېرەك. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ھەممىمىزگە مۇنداق ئەھۋاللار ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى ماقالىلەرنىڭ تېمىسىنى كۆرۈپلا، تېزراق ئوقۇشقا تەقەززا بولىمىز. لېكىن بەزى ماقالىلەرنىڭ تېمىسىنى كۆرۈپلا، دېمەكچى بولغان مەزمۇنىنى بىلىپ بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇشقا قىزىقمايمىز.

ماۋزۇ ماقالىنىڭ كۆزى ھەمدە ھەممىدىن مۇھىم بولغان تەرىپى. ئۇنىڭ ئورنى ماقالىنىڭ ئەڭ بېشىدا بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ماقالىنى كۆرگۈچىلەرگە بولغان تەسىرنى مەزمۇندىن چوڭراق دېيىشكە بولىدۇ.

مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ تېما قويۇشتىكى ئەڭ ئەقەللىي تەلىپى شۇكى، توغرا بولغان ئاساستا، ماقالىگە قويۇلغان تېما روشەن، كىشىنى قىزىقتۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، روشەن، ئوبرازلىق، پاكىت دەلىللىك بولۇشى، ئۆزگىچە بولۇشى كېرەك. روشەن بولۇشنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئوبرازلىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەسىرلىك ھەمدە ھېسسىياتلىق قىلىپ قويۇش كېرەك. بۇ خىل مۇھاكىمە ماقالىلىرىنىڭ تېمىسىنىڭ رولى ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ، تەكشۈرگۈچىنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. يەنە ئازراق يۇمۇرىستىك تۇيغۇسىمۇ بولۇشى كېرەك. كىشىلەرگە بىر خىل خۇشاللىق تۇيغۇسىمۇ بېرەلىشى كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ياخشى بولغان باشلانما بولۇشى كېرەك. گوركىي مۇنداق دېگەن: «ماقالىدىكى ياخشى بولغان باشلانما مۇزىكىدىكى رىتىمگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ماقالە ئىچىگە كىرىشىگە قەدەممۇقەدەم ياردەم بېرىدۇ.» شۇڭا، مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ باشلانمىسى قىسقا، چاققان بولۇشى كېرەك.

قىسقا بولۇش ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ ئىخچام بولۇشىنى، بىر-ئىككى جۈملە ئارقىلىق بىر ئابزاس شەكىللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. چاققان بولۇش دېگىنىمىز — ماقالە مەزمۇنىغا تېزدىن كىرىپ، تەكشۈرگۈچىنى ئاساسىي مەزمۇن بىلەن ۋاقتىدا ئۇچراشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئەڭ ياخشىسى 3~4 جۈملە ماقالىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. مەزمۇنلۇق بولۇش دېگىنىمىز — سۆزلىرى ئورۇنلۇق، ئاز ھەم ساز بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى نۇقتىلارنى ئادەتتە ئەمەلىي مەشىق داۋامىدا يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇلارغا ئازراقلا دىققەت قىلساق، ئۆزىمىزمۇ ئويلاپ باقمىغان ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز.

## ئىمتىھان ماقالىلىرىنى باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈلگىلىرى

تۆھپە قوشۇش، بېغىشلاش

باشلانما: بىز بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان ئىكەنمىز، باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە ھەم باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىمىز. شۇڭا بىزدە باشقىلارغا خۇشاللىق بىلەن ياردەم بېرىش، تۆھپە قوشۇش روھى بولۇشى كېرەك. جۇ ئېنلەي ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىگىچە خەلق ئۈچۈن بەجانىدىللىق بىلەن خىزمەت قىلدى، كوڭ فەنسېن پۈتۈن ھاياتىنى ئالىي خەلقىگە تەقدىم قىلدى. شەخسىيەتسىز ھالدا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئۇلارنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ زور قىممەتكە ئىگە قىلدى. چۈنكى، تۆھپە ئۆنتۈلمايدۇ، تۆھپە خەلقنىڭ قەلب دەپتىرىگە بىرمۇبىر يېزىلىپ ماڭىدۇ.

ئاخىرلاشتۇرۇش: تۆھپە پايدا - مەنپەئەت، نام - ئاتاق ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى ئىختىيارىيلىق، ئۆزى خالاش ئاساسىغا قۇرۇلغان. ھەر بىرىمىزنىڭ قەلب ئېتىزىمىزدا تۆھپە ئۇرۇقى، تۆھپە بىخلىرى بار، بىز ئۇنى پەرۋىشلەپ ئۆستۈرەيلى، چوڭ قىلايلى، تۆھپە دەرىخىمىز يەنىمۇ ئايىنسۇن، باراقسانلاشسۇن.

تەقدىم قىلىش

باشلانما: زېمىن كۆركى بولغان يوپۇرماقلار يىزگە يېشىللىق ئاتا قىلىدۇ، رەڭگارەڭ گۈللەر بىزگە چەكسىز گۈزەللىك ۋە خۇش پۇراق بەخش ئېتىدۇ. مانا بۇ تەقدىم قىلىش روھى. بىز ئىنسانلاردىمۇ مانا مۇشۇنداق تەقدىم قىلىش روھى بولۇشى كېرەك. بىز ھاياتىمىزنى باشقىلارغا تەقدىم قىلالىساق، باشقىلارغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلەلىسەك، چىن دىلىمىزدىن ياردەم قىلالىساق، شۈبھىسىزكى، باشقىلارنىڭ قەلب تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالالايمىز، ھايات گۈلىمىز باشقىلارنىڭ قەلب ئېتىزىدا پورەكلەپ ئېچىلىپ، بارچە قەلبلەرنى مەڭگۈ ئىللىقلىققا تولدۇرىدۇ.

ئاخىرلاشتۇرۇش: شۇنداق، بىز باشقىلارغا بىر تال گۈل سۇنساق، ئۇلار بىزگە بىر قۇچاق گۈل سۇنىدۇ. مېنىڭ ئارزۇيۇم شۇكى، مەن بىر تۈپ قىزىلگۈل بولۇپ، ئانا تۇپراقتا ئۆسسەم، ئانا زېمىنگە توختىماستىن خۇشبۇي ھىد چاچسام...

كۆڭۈل بۆلۈش

باشلانما: كۆڭۈل بۆلۈش - كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق قىلىش، ئاسراش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن بىرى. كۆيۈنۈش بىزنىڭ قەلبىمىزدە، ۋۇجۇدىمىزدا ھەم يېنىمىزدا. بىز كۆيۈنۈشتىن ئايرىلالمايمىز، ئۇ تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا زادى بولمايدۇ. بىز باشقىلارغا بىر يۇتۇم سۇ بەرسەك، باشقىلار بىزگە بىر پىيالە سۇ بېرىدۇ، باشقىلار بىزگە مېھىر - مۇھەببەت بەرگەن ئىكەن، بىزمۇ ئۇلارغا جەزمەن چىن دىلىمىزدىن جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك. شۇندىلا دۇنيا مېھىر - مۇھەببەتكە تولىدۇ.

ئاخىرلاشتۇرۇش: شۇنداق، خۇددى بىر ناخشىدا ئېيتىلغاندەك، پەقەت ھەربىر قەلبتىن سۆيگۈ تامچىپ تۇرسىلا، دۇنيا مېھىر - مۇھەببەتكە، ھەربىر ئائىلە ئىللىقلىققا تولغان بولاتتى.

راستچىللىق، سەممىيەت

باشلانما: راستچىللىق، ۋەدىسىدە تۇرۇش ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك ئەنئەنە. بىز ئۇلارنىڭ ئەۋلادى، ئىز باسارلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن راستچىللىق، سەممىيلىكتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنى سەممىي، راستچىل، ياراملىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك.

ئاخىرلاشتۇرۇش: راستچىللىق مەززىلىك ئېچىم، ئۇ چاڭقاق قەلبلەرنى ياشارتىدۇ، راستچىللىق تۇندىكى چاقماق، ئۇ بارچە قەلبلەرگە نۇر چېچىپ ئۆتىدۇ، راستچىللىق — ئۇ خۇش پۇراق گۈل، خۇشبۇي ھىدى بىلەن بارچە كۆڭۈللەرنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ.

مەسئۇلىيەت

باشلانما: مەسئۇلىيەت مۇۋەپپەقىيەت ۋە تۆھپىنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى خۇددى كۈك فەنسىنىڭ قەلبىدىكى ئائىلىسى، ئۇ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئېگىزلىكتە خەلقنىڭ چاكىرى بولۇپ، ھالال قان تەرى بىلەن تىكلىگەن ئابىدە. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىتخوۋىن ھايات بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ يېزىپ چىققان «تەقدىر سىمفونىيەسى».

ئاخىرلاشتۇرۇش: بارلىق باللارنىڭ مۇشۇنداق بىر قەلبكە ئىگە بولۇشىنى تىلەيمەن، چۈنكى مەسئۇلىيەتچانلىق كىچىكىمىزدىن باشلاپ يېتىلىدۇ. بارلىق كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ھاياتلىق يولىدىكى ھەمراھىغا ئايلاندۇرۇشىنى، كىشىلىك دۇنيانى ئۇنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى بىلەن تولدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىلھاملاندۇرۇش

باشلانما: بىز ھەممىمىز ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئىلھاملاندۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولىمىز. چۈنكى، ئىلھاملاندۇرۇش بىزگە غەيرەت - جاسارەت ئاتا قىلىدۇ، ئىرادىمىزنى چىڭىتىدۇ، ئىلھاملاندۇرۇش يەنە بىزگە ئىلگىرىلەش نىشانى، چىقىش يولى كۆرسىتىپمۇ بېرەلەيدۇ. ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ شۇ قېتىمقى ئىلھاملاندۇرۇشى مېنىڭ قەددىمنى كۆتۈرۈشۈمگە، ئۆز يولۇمنى تېپىشىمغا زور تۈرتكە بولغان. ئاشۇ قېتىمقى كۆرۈنۈش ھازىرغىچە ئېنىق ئېسىمدە.

ئاخىرلاشتۇرۇش: بىز ئىلھام بىلەن دوستلىشايلى، ئۇنى ھايات مۇساپىمىزدىكى تايانچقا، يول باشلىغۇچىغا ئايلاندۇرايلى. پەقەت ئۆز - ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇشنى بىلگەندىلا، يېڭىچە غەيرەت، يېڭىچە ئىرادىگە ئىگە بولالايمىز، ئۆز - ئۆزىمىزنى ئىلھاملاندۇرۇشنى بىلسەكلا، ئىلھامنىڭ ئۇچقۇر ئېتىغا مىنىپ، كۆزلىگەن نىشانىمىزغا جەزمەن يېتەلەيمىز، پارلاق كېلەچەكنى چوقۇم كۆرەلەيمىز.

ئىشەنچ

باشلانما: دوست - بۇرادەرلىرىگە ئىشىنىش كىشىلەرنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى، ئەمما باشقىلارغا ئىشىنىش بولسا بىر خىل گۈزەل ئەخلاق. قارىماققا مۇرەككەپ كۆرۈنىدىغان بۇ

دۇنيانى ئىشەنچ داۋامىدا تېخىمۇ ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر چۈشەنگىلى، ئۆزئارا مۇستەھكەم بولغان مۇناسىۋەت تورى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئاخىرلاشتۇرۇش: ئىشەنچ بىر خىل كۈچ، توختاۋسىز ئىلگىرىلىشىمىزدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

كەمتەرلىك

باشلانما: كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ. كەمتەرلىك ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى بىلىش، چۈشىنىش بولۇپ، تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. پەقەت كەمتەر بولغان كىشىلەرلا، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالايدۇ.

ئاخىرلاشتۇرۇش: «ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى، مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى، كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق، سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى»، مانا بۇ مىسرالار كەمتەرلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشىمىزگە، ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

كوللېكتىپچىلىق، ئۇيۇشۇشچانلىق

باشلانما: بىزدە «كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە»، «كۆپنىڭ كۈچى كۆپ» دېگەندەك ماقالىلار خېلى كۆپ، بۇ تولىمۇ دانالىق بىلەن ئېيتىلغان ھېكمەت. چۈنكى، زور قىيىنچىلىقلارغا يولۇققاندا، شەخسنىڭ كۈچى يېتەرلىك بولمايدۇ ۋە ياكى ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئەكسىچە كۆپلىگەن كىشىلەر بىر كوللېكتىپ بولۇپ ئۇيۇشسا، ئۇلاردىن قۇدرەتلىك بىر كۈچ شەكىللىنىدۇ.

ئاخىرلاشتۇرۇش: لىې فېڭ تاغىمىز مۇنداق دېگەن: «بىر تامچە سۇ پەقەت دېڭىزغا چۈشەلىسىلا، ئاندىن قۇرۇپ قالمايدۇ.» شۇنداق، بىر ئادەم بىر تامچە سۇغا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇ كوللېكتىپتىن ئىبارەت چوڭ دېڭىزدىن ئايرىلىپ قالسا، ھېچقانداق بىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. دېمەك، كوللېكتىپنىڭ كۈچى تەڭداشسىزدۇر.

باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش

باشلانما: باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، باشقىلارغا خۇشاللىق بىلەن ياردەم بېرىش ئىنسانىي ئېسىل پەزىلەتنىڭ نامايەندىسى.

ئاخىرلاشتۇرۇش: باشقىلارغا ياردەم بېرىش كىشىلەر ئارا ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرىدۇ، بىزگە بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندىكى مېھىر ۋە خۇشاللىق ھېسلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ. مەن باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولغانلارغا داۋاملىق ياردەم قىلسام دەيمەن، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا ياردەم تۇرمۇشىمىزنى يەنىمۇ نۇرلاندۇرىدۇ، تېخىمۇ ئىللىتىدۇ.

قەدىرلەش

باشلانما: جۇزىچىڭ ئەپەندى مۇنداق يازغان: «تاماق يېگەن ۋاقتىمىزدا ۋاقىت قاچا يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، سۇ ئىچكەن چېغىمىزدا ۋاقىت سۇغا ئوخشاش ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇخلىغىنىمىزدا بولسا پۈتىمىز يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا بۇ تۇتقىلى، توسقىلى بولمايدىغان ۋاقىت، ئۇ ئۇن - تىنسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ. پەقەت قەدىرلەشنى بىلگەندىلا كىشىلىك ھايات مول مەنىلەر بىلەن تولىدۇ».

ئاخىرلاشتۇرۇش: شۇنداق، قەدىرلەش بىزگە چوڭقۇر تەسىرلىنىش ۋە زور ئۇنۇم ئېلىپ

كېلىدۇ. قەدىرلەشنى بىلگەنلەر قەلبىگە قۇياشمۇ ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچىدۇ، قەدىرلەشتىن ئىللىقلىق، خۇشاللىق كېلىدۇ. شۇڭا قەدىرلەيلى، ئەگە بولغان ۋە تېخى ئەگە بولمىغان بارلىق نەرسىلەرنى قەدىرلەيلى. دېمەك قەدىرلەش — ئۇنۇم.

كەڭ قورساقلىق

باشلانما: قۇرۇقلۇق بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كەڭ، بىپايان بولغىنى دېڭىز - ئوكيان، دېڭىز - ئوكيان بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كەڭ بولغىنى ئاسمان بوشلۇقى. ئاسمان بوشلۇقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كەڭ بولغىنى كىشىلەرنىڭ كۆڭلى - كۆكسى.

ئاخىرلاشتۇرۇش: قەلب كىشىلەرنىڭ قانىتى، قەلب قانچىلىك كەڭ بولسا دۇنيامۇ شۇنچىلىك كەڭ، چۈنكى، كەڭ قەلبكە نەچچە دۇنيا سىغىدۇ.

## ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان ئەسەرلىرىدىكى ئۈلگىلىك باشلانمىلار

**مېھىر - مۇھەببەت**

مېھىر-مۇھەببەت قىش كۈنىدە چاقناپ تۇرغان قۇياش. قىينچىلىق ئالدىدا تېگىرقاۋاتقان كىشى ھېس قىلىدىغان ئىللىقلىق. مېھىر - مۇھەببەت بولسا قۇملۇقتىكى بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرغان بۇلاق. ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئادەمگە تۇرمۇشنى قايتىدىن كۆرسىتەلەيدىغان ئۈمىد. مېھىر - مۇھەببەت بولسا كېچە ئاسمىنىدا ياڭراۋاتقان ئەللەي ناخشىسى. يەككە - يېگانە ياكى يۆلەكسىز كىشىلەرگە چىن دىلدىن بېرىلگەن تەسەللى.

**ھەقىقىي قەلب**

«خۇشاللىق+ئۈمىد=مەۋجۇتلۇق» . بۇ ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادشۇناس ئالىمى مىيازتى ئوتتۇرىغا قويغان خۇشاللىق فورمۇلاسى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ماددىي سەرپىيات ئاشقانسېرى، ئۈمىدۋارلىق تۆۋەنلەيدۇ، خۇشاللىق شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بۇ قائىدە بىزگە ئەجدادلارنىڭ «بىلىم بولسا يېتەرلىك، كۈندە بولۇر خۇشاللىق» دېگەن سۆزىنى ئەسلىتىدۇ. ئەكسىچە بىر ئادەمنىڭ ماددىي سەرپىياتى چەكلىك بولغاندا، ئارزۇسى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

**پىشىپ يېتىلىش**

دۇنيادا كۈچلۈكلەرمۇ بار، كۈچسىزلەرمۇ بار، كۈچسىزلەر ھەمىشە كۈچلۈكلەرنىڭ بولغانلىقىدىن دەككە - دۈككىدە ياشايدۇ. ھەممە مانا مۇشۇنداق ئەندىشىلىك ھالەتتە پىشىپ يېتىلىدۇ. پىشىپ يېتىلىش بولسا بىر خىل كۆزنى چاقناتمايدىغان پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرى. قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان بىر خىل كۈي.

**مۇھەببەت**

مۇھەببەت غايەت زور ۋەدىلەرگە موھتاج ئەمەس، ئەمما، ئۇ چىن كۆڭلىدىن چىققان غەمخورلۇق ۋە ھال - مۇڭغا موھتاج؛ مۇھەببەت ئىراگېدىيەگە ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا

چۈشىنىش ۋە قوللاشقا موھتاج.

**ئوڭۇشسىزلىق**

كۆلكە بىلەن يىغا ھامان قوشكېزەك. سىز تۇرمۇشنىڭ ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلاشقىلا خۇشتار بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ سىزگە بەرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن ئاغرىنىپ يۈرمەڭ. تۇرمۇشتىكى ئەگرى - توقايلىقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋايسىماڭ. شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئەگەر دېڭىز بوران - چاپقۇنلۇق دولقۇندىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنداقتا ئۇ ھاياتىي كۈچىدىن ئايرىلغانغا تەڭدۇر. ئەگەر قۇملۇق قۇم-بورانلىرىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشىدىن ئايرىلىپ قالسا، شەكسىزكى ئۇ چەكسىزلىكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەگەر تۇرمۇشىڭىزدا ئاسانلىق، ئوڭۇشلۇقلارنىلا تەلەپ قىلسىڭىز، ھاياتىڭىز ھەقىقىي قىممىتىنى يوقاتقان بولىدۇ.

**ياشلىق**

ياشلىق باھارى بىر خىل يۇمران گۈلگە ئوخشايدۇ. ئەمما مېنىڭ بىلىشىمچە بىر تال گۈل ھەرگىزمۇ باھارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شۇڭا باھار رەڭگارەڭ بولۇشى كېرەك. ياشلىق باھارى بىر تۈپ باراقسان دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئەمما يالغۇز دەرەخنىڭ سايىسى ھەم قۇدرىتىمۇ ئاز بولىدۇ. پەقەت قاتار - قاتار، رەت-رەت تىزىلغان دەرەخلەرلا ئاندىن قۇم-بارخانلىرىنى توسالايدىغان ياپيېشىل سېپىل ھاسىل قىلالايدۇ. ياشلىق باھارى بولسا كەڭرى دېڭىزدىكى يەككە - يېگانە بەلگىگە ئوخشايدۇ. ئەمما مېنىڭ قارىشىمچە پەقەت بىر يەككە - يېگانە بەلگىنىڭ نىشانىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىشى تەس. مىڭلىغان بەلگىلەرلا ئاندىن دېڭىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، نىشانىنى ئاخىرغىچە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا ياشلىق بىرلىككە، ئۈملۈككە موھتاج.

**ھايات**

ھايات بىر پارچە ھېكمەت ئەمەس بەلكى مۇكەممەل، رەڭگارەڭ بىر جەريان. ھايات بىر قېتىملىق سەنئەت نومۇرى ئورۇنلاش ئەمەس، ياخشى ئورۇنلىيالمىسا قايتىدىن ئورۇنلايدىغان. ئۇ بىزگە ھەرگىزمۇ ئىككىنچى قېتىم پۇرسەت بەرمەيدۇ. ھايات يولىغا قەدەم قويىدىكىزمۇ كەينىڭىزگە يېنىشىڭىزغا ئامالسىز قالىسىز.

**پۇرسەت**

قانات كېرىپ پەرۋاز قىلىش پۇرستى كەلگەندە، پىنگىۋىنگە ئوخشاش دېڭىز بويىدا تېپىتىنىچ تۇرماستىن، بەلكى لاچىندەك ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىڭ.

**قارشىلىق**

قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئادەم چوقۇم ھەقىقىي تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. مېھىر - مۇھەببەت قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىنى ئاشۇرۇش قۇدرىتىگىمۇ ئىگە.

## ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان ئەسەرلىرىدىكى ئۈلگىلىك ئاخىرلاشتۇرۇشلار

1. بالزاك مۇنداق دېگەن: «بەختسىزلىك، تالانتنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئاچقۇچ،

ئىشەنچنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مەنبەسى، ئاجىزلىق كىشىنى تېگى يوق ھاڭغا تاشلايدىغان رەقىب».

بوران - چاپقۇندىن كېيىن پايانسىز قۇملۇققا كۆز سالغىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدىغىنى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان توغراق بىلەن يۆتكەلگەن قۇم بارخانلىرى. تاغقا يامىشىۋاتقىنىمىزدا پۇتىمىز ئاستىدىن پەسكە غۇلاپ چۈشىدىغانلىرى مەھكەم ئۇيۇشمىغان ياكى ئۇلى بوش تاش پارچىلىرى. بىز ئەنە شۇ توغراقتەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىساقلا، ئۇيۇل تاشتەك قاتتىق ئىرادە ھاسىل قىلالىساقلا چوقۇم غالىب كەلگۈچى سانىلىمىز. شۇڭا كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەربىر توسالغۇدىن بار كۈچىمىز بىلەن ئۆتۈشىمىز، قانداق قىيىنچىلىققا يولۇقۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، قەتئىي بوشاشماسلىقىمىز زۆرۈر.

2. پەقەت غەيرەت- شىجائەت بولغاندىلا ئاندىن مۇرات -مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. تىرىشچانلىق بولغاندىلا شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. پەقەت ئۇرۇق چاچقاندىلا ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، پەقەت ئىنتىلىش بولغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي نىشاننى كۆرگىلى بولىدۇ.

3. سىز يەنىلا بىر تال يۇمران نوتا. پەقەت بوشاشماستىن ئۆسۈشكە ئىنتىلسىڭىزلا، چوقۇم قامەتلىك بىر تۈپ دەرەخكە ئايلىنالايسىز. سىز ھازىر كىچىككىنە بىر ئېقىن، پەقەت ئېقىشنى داۋاملاشتۇرسىڭىزلا چوڭ بىر ئېقىمنى ھاسىل قىلالايسىز. ھازىر سىز بىر بۈركۈت بالىسى، بەلكى سىز ئېگىزگە تەلپۈنسىز، پەقەت توختىماي قانات قاقسىڭىزلا كۆك قەھرىگە چوقۇم چىقالايسىز.

4. يۈرەك ئېيتىدۇ: «مۇھەببەت ئوڭدا، ھېسداشلىق سولدا، مانا بۇ ھاياتلىقنىڭ ئىككى تەرىپى. سىز بۇ ئىككى يولدا تەڭ ماڭغىنىڭىزدا، ئۇ ھەر ۋاقىت ئۇرۇق چېچىپ تۇرىدۇ، باسقان ھەربىر ئىزىڭىزدىن ھەر ۋاقىت خۇش پۇراق گۈللەر ئېچىلىدۇ. ھاياتلىق مۇساپىڭىز يېڭى- يېڭى مەنالار بىلەن تولىدۇ. مانا شۇ گۈل بەرگىلىرىنى يېپىنچاقلاپ ماڭغىنىمىزدا توختاۋسىز ئىلگىرىلىيەلەيسىز، جاپانىمۇ سەزمەيسىز، ياش تۆكۈشىڭىز مۇمكىن، بىراق بۇ ئازابلىق يېشى ئەمەس.»

5. ئىشەنچسىز كىشى ئالدى بىلەن روھىي جەھەتتىن مەغلۇپ بولىدۇ. ئاندىن كېيىن رېئاللىقتا ۋەيران بولىدۇ. ئۈمىدۋار كىشى ئالدى بىلەن روھىي جەھەتتە ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ. ئاندىن رېئاللىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئۈمىدسىز كىشىنىڭ ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىقىمۇ چەكلىك بولىدۇ، ئىستىقبالىمۇ چەكلىك بولىدۇ، ئۈمىدۋار كىشىنىڭ ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىقىنىڭ چېكى يوق، ئىستىقبالىمۇ چەكسىز بولىدۇ. ئىشەنچسىز كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، قىلغىلى بولىدىغان ئىشمۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئۈمىدۋار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق.

6. تۈنۈگۈن قەتئىيلىكنىڭ ئۇلى، بۈگۈن قەتئىيلىكنىڭ جەريانى، ئەتە بولسا قەتئىيلىكنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

7. ئەگەر سىز قۇياشنىڭ پەقەت قاراڭغۇ تەرىپىنىلا كۆرسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدا ئىللىقلىق كەم بولغان بولىدۇ. ئەگەر سىز ئاينىڭ سايە تەرىپىنىلا كۆرسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنىڭ ھايات مۇساپىڭىزدا يورۇقلۇققا ئېرىشىشىڭىز مۇشكۈل بولىدۇ. ئەگەر سىز

دوستىڭىزنىڭ كەمچىلىكىنىلا كۆرسىڭىز، ئۇنداقتا سىز كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەقىقىي دوست ھەم يېقىن سىردىشىڭىزنى تاپالمايسىز.

8. ھىمالايا چوققىلىرى تىك ھەم خەتەرلىك، لېكىن ئۇنىڭ چوققىلىرىدا يەنىلا ياماشقۇچىلارنىڭ ئىزلىرى بار. تەكلىماكان قۇملۇقى كۆز يەتكۈسىز، پايانسىز قۇملۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئالپ تاغ تىزمىلىرى خېيىم - خەتەرگە تولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا قەيسەرلىكنىڭ ئەكسى مەۋجۇت. تارىم دەرياسى دولقۇنلۇق ھەم شىددەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا باتۇرلارنىڭ ھېكايىلىرى بار.

9. بىكاردىن - بىكار ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۈنلەر گوياكى ئاستا - ئاستا لەيلەپ چۈشۈۋاتقان يوپۇرماق ياكى توزۇۋاتقان گۈل بەرگىلىرىگە ئوخشايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىزدىن بارا - بارا يىراقلىشىدىغىنى بىزدىكى ياشلىق. سىز بەلكىم قانچىلىك بوران - چاپقۇنلارنى بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزگىنىڭىزنى ئەسلىيەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئېسىڭىزدە قالغىنى شۇ بوران - چاپقۇنلارنىڭ قەلبىڭىزگە ئورناپ، چىرايىڭىزدا ئەكس ئەتكەن سىماسى. ئەگەر سىز بىرى بىلەن ئوخشاش بىر ئارزۇغا، ئوخشاش ئىنتىلىشكە ئىگە بولغىنىڭىزدا، ھايات سىزگە ھەقىقىي مەنىسىنى تولۇقى بىلەن ھېس قىلدۇرىدۇ. چاپامۇ سىزگە راھەت بىلىنىدۇ.

10. ئاينىڭ تولۇق ھەم كەمتۈك ۋاقىتلىرى بولغىنىدەك كىشىلىك تۇرمۇشتىمۇ ئازاب بىلەن خۇشاللىق زىچ بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. ھايات مۇساپىمىز داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. خۇددى تۈت پەسىل ئالمىشىپ تۇرغانىدەك، كېچىدىن كېيىن تاڭ ئاتقانىدەك. مۇھىمى سەۋر - تاقەت، ئۈمىد ۋە ئىرادە. ئەگەر سىز قەھرىتان سوغۇقنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلىسىڭىز، ئىرادىڭىز تاۋلىنىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئىللىق بىر باھار سىزگە كۈلۈپ قۇچاق ئاچىدۇ.

11. ئاسماننىڭ پايانى بولمىغىنى بىلەن بۇلۇتلار بىمالال، ئەركىن لەيلەپ يۈرەلەيدۇ. دېڭىزنىڭ چېكى بولمىغىنى بىلەن ئېرىقلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئورنى، دائىرىسى بولىدۇ. يايلاقلاردا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر بولمىغىنى بىلەن، يۇمران يېشىل ئوت - چۆپلەر بولىدۇ. مۇشۇلارغا ئوخشاش تۇرمۇشنىڭ مۇقىم قېلىپى بولمىغان بىلەن بىز ھامان ئۆزىمىزنىڭ ئورنىنى، ئۆزىمىزنىڭ مەنبەسىنى، ئاۋازىنى تاپالايمىز.

12. بەلكىم ھاياتىمىزدىكى گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىمىز كىچىككىنە بىر كېلىشمەسلىك سەۋەبىدىن بەربات بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. بەلكىم تەقدىرنىڭ شەپقەتسىزلىكىدىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاپالىق ئەمگىكىمىزنىڭ مېۋىسى يوققا چىقىشىمۇ مۇمكىن. بەلكىم نۇرغۇنلىغان توسالغۇلار ھەم ئۈمىدسىزلىكلەر بىزنىڭ ئىرادىمىز بىلەن سىنىشىپ، قىلچىمۇ يۈز-خاتىرە قىلماستىن بىزنى ئازابقا تاشلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنداقتا بىز ئاشۇ ئازاب دېڭىزىدىن ئۆزىمىزنى قۇتقۇزايلى!

13. كىشىلەر ئادەتتە مۇۋەپپەقىيەت گۈلىنىڭ پەقەت كۆز ئالدىدىكى رەڭگىگىلا ھەۋەس قىلىدۇ. بىراق، بۇ گۈل ئەمدىلا بىخلانغان مەزگىلدە، نۇرغۇنلىرىمىز رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنى نابۇت قىلىۋېتىمىز. ئەگەر بىز مۇۋەپپەقىيەت گۈلىنى پورەكلەپ ئېچىلدۇرۇشنى

ئويلايدىكەنمىز يېڭىدىن بىخ سۇرۇۋاتقان نوتىلىرىمىزنى سۇغىرىشىمىز، پەرۋىش قىلىشىمىز كېرەك.

14. ھەربىر تامچە سۇ بۇ رەڭدار دۇنياغا چېچىلىدۇ. جۈپ-جۈپ كۆزلەرمۇ بۇ گۈزەل دۇنياغا تىكىلىدۇ. جىلۋىلىك سۇزۇك ئېقىنلار كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىدۇ. سىز بۇ رەڭدار تۇرمۇشنى رەزىل، زېرىكىشلىك دەپ ئاھ ئۇرماڭ، يېڭى، پاك قەلبىڭىز بىلەن گۈزەل دۇنياغا نەزەر سېلىڭ. شۇندىلا چەكسىز بەختنىڭ لەززىتىنى سۈرۈش شەرىپىگە ئېرىشەلەيسىز.

15. بەلكىم سىز بىر تۈپ يۇمران نوتا بولۇشىڭىز مۇمكىن، پەقەت قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىڭىز بولسىلا، چوقۇم مەزمۇت چوڭ دەرەخكە ئايلىنالايسىز، بەلكىم سىز بىر كىچىك ئېرىق بولۇشىڭىز مۇمكىن، پەقەت چىدامىلىق بولسىڭىز، بوشاشمىسىڭىزلا، ئاخىرى چوڭ دېڭىز سىزگە قۇچاق ئاچىدۇ. سىز بەلكىم قارچىغا بالىسى بولۇشىڭىز مۇمكىن، پەقەت ئېگىزگە، يىراققا ئىنتىلسىڭىزلا، بىرنەچچە موللاق ئېتىپلا كۆك قەھرىدە پەرۋاز قىلىشىڭىز مۇمكىن.

16. ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان بۈركۈت چۈجىسى ئۇۋىسىدا توختىماستىن ۋىچىرلايدۇ. كۆكتىكى بۇلۇتلارغا تەلپۈنگەندە ئۇنىڭدا ئۈمىد پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈمىدى بۇلۇتلارنى يېرىپ پەرۋاز قىلىپ، ئاسمان بىلەن ئېلىشىش. ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان تايچاقنىڭمۇ بىپايان يايلاقلاردا چاپقۇسى كېلىدۇ. دېمەك، ھەممە جانلىقتا ئىنتىلىش ھەم ئارزۇ بولىدۇ.

17. پۈتۈن ئەتراپنى قار - مۇز قاپلىغان مەزگىللەردە، بىز بىر پارچە ئوتنىڭ ئىسسىقلىق ئاتا قىلىشىغا ئېھتىياجلىق بولىمىز، زۇلمەت قاراڭغۇ كېچىلەردە سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقلۇق ئاتا قىلىشىغا تەشنا بولىمىز. كۆز ئالدىمىز خىرەلىشىپ بارغاندا، بىز بىر تال شامنىڭ بىزگە يورۇقلۇق بەخش ئېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. تۆت پەسىل ئالمىشىدۇ، قەلبىمىز قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇقتىن خالىي بولالمايدۇ. قەدەملىرىمىز جاپالىق مۇساپىلەرگە بېسىلغاندا تاپانلىرىمىز تېلىپ ئاغرىشتىن خالىي بولالمايدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ھامان ئىللىقلىققا، سەمىمىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولىمىز. ئىللىقلىق بولسا قەھرىتان سوغۇقتىمۇ تىك قەد كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمىز. شۇڭا بىز سەمىمىيلىكىمىزنى يەنىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا ئىللىقلىق ئاتا قىلايلى.

18. دېڭىز دەھشەتلىك دولقۇننى يوقىتىپ قويسا، ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ. ئەگەر قۇملۇقلاردىكى قۇملارنىڭ كۆچۈشى بولمىسا، قۇملۇقلارنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر كىشىلەر توغرا كۆز قارىشىنى يوقىتىپ قويسا، ئۇنىڭ ئادىمىيلىك قىممىتىمۇ يوقالغان بولىدۇ.

19. تۇرمۇش سۆيگۈ دېڭىزى، ھەممە ئادەم سۆيگۈدىن نەپەسلىنىدۇ، سۆيگۈدىن بەھرىمەن بولىدۇ. تۇرمۇش بىر پارچە كېچە بوشلۇقى، ئۇنىڭدا ئاقار يۇلتۇزلار ھەر دەقىقە ھەر دەمدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. تۇرمۇش بەئەينى كىچىك بىر ئېقىن، ئۇ كىشىلەرگە توختاۋسىز ئىلگىرىلەش، چىدامچانلىقنى ئاتا قىلىدۇ. كىشىلىك دۇنيادا ھەممىدىن گۈزەل بولغىنى يەنىلا سۆيگۈ، مېھىر - مۇھەببەتتۇر.

20. كۆيۈنۈش ھۆرمەتلەشكە نائىل. باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى بىلگەن ئادەم باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇرۇن بىر جۇڭگولۇق تەتقىقاتچى تەجرىبە ئىشلەۋاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئاسان پارتلايدىغان ئىككى جىسىم ئۆزئارا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەگەر بۇ ئىككى جىسىم ئۇچراشسا، بىر دانە ئاتومنىڭ پارتلىشىدىنمۇ كۈچلۈك پارتلاش يۈز بېرىدىكەن. مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە تەتقىقاتچى ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولى ئارقىلىق بۇ ئىككى دانە جىسىمنى ئاجرىتىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق خەتەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمما بۇ تەتقىقاتچى خادىم ئۇچرىغان رادىياتسىيە كۈچلۈك بولغاچقا، خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپتۇ. ھۆكۈمەت ئۇنىڭ بۇ خىل ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە باشقىلارنى خەتەردىن ساقلاپ قېلىش روھىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا «قولى ئارقىلىق ئاتوم پارتلىشىنى توسۇپ قالغان ئادەم» دېگەن نامنى بېرىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، شەخسىيەتسىزلىكى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈش روھى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ مەڭگۈ قايىللىقى ۋە مايىللىقىنى قولغا كەلتۈردى. دېمەك، شەخسىيەتسىزلىك ـ ھۆرمەت دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

# 1997 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر

**VI ماقالە يېزىش.** (جەمئىي 35 نومۇر بېرىلىدۇ)

بېرىلگەن ئۈچ پارچە ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ، ئىككى خىل يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

*ماتېرىيال I: ئەنۋەر ئىككى پۇتى پالەچ بولۇپ قالغان ساۋاقدىشى باتۇرنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەشىنچى يىللىقىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىغىچە بولغان ئالتە يىل جەريانىدا، ھەر كۈنى ئارىلىقى بىر كىلومېتىردەك كېلىدىغان مەكتەپكە يۈدۈپ ئاپىرىپ ئەكەلدى.*

*ماتېرىيال II: مەلۇم بىر ژۇرنال «سىز ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ قايسى خىل پەزىلىتىنى ياخشى كۆرىسىز؟» دېگەن تېمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە ھەر خىل جاۋابلار بېرىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان پەزىلەتنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن جاۋابنىڭ سانى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان.*

*ماتېرىيال III: مەلۇم بىر ئورگان بىر قىسىم ياشلار ئارىسىدا «باشقىلارنىڭ ئاۋارىچىلىككە يولۇققانلىقىنى كۆرسىڭىز، قانداق قىلاتتىڭىز؟» دېگەن تېمىدا راي سىناش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە بىرمۇنچە ئادەم: «كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ قالاتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەن.*

1. «ماتېرىيال I»دىن پايدىلىنىپ، ساۋاقدىشىنى يۈدۈپ مەكتەپكە كېتىۋاتقان بىر كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلەڭ. (10 نومۇر)

تەلەپ: 1) پېرسوناژنىڭ ئىدىيەۋى پەزىلىتىنى ۋە «ماتېرىيال I»دىكى شارائىتنى چۈشىنىپ، ئەنۋەرنىڭ ساۋاقدىشىنى يۈدۈپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ. قىلغان تەسەۋۋۇرىڭىز ئەقىلگە مۇۋاپىق بولسۇن.

2) ئەنۋەرنى ئۈچىنچى شەخس ھالدا يېزىڭ، قايسى تىل تەسۋىرىدە يازسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

3) ھەرىكەت تەسۋىرىنى ئۈچىنچى شەخس ھالدا يېزىڭ. باشقا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلانسىڭىزمۇ بولىدۇ.

4) يازغىنىڭىز يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن.

5) ماتېرىيالدا بېرىلگەن ئادەم ئىسمىدىن باشقا ئادەم ئىسمىنى ۋە ئورۇن ناملىرىنى يېزىشقا بولمايدۇ.

2. «ماتېرىيال II»، « ماتېرىيال III»لەردىكى نۇقتىئىنەزەرلەردىن بىرنى تاللاپ، مۇۋاپىق ماۋزۇ قويۇپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ. (25 نومۇر)

3. 1) «ماتېرىيال II»، «ماتېرىيال III»نى بىرلەشتۈرۈپ پىكىر يۈرگۈزۈڭ. «ماتېرىيال I»دىن پايدىلانسىڭىزمۇ بولىدۇ. 2) ماقالىنىڭ ھەجمى بىر يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن.

**ئۈلگە:**
«ماتېرىيال I»

# قارلىق يولدىكى ئىزلار

ئاينۇر بۇلبۇل
(بايان ماقالىسى)

*«باشقىلارغا گۈل تۇتقان ئادەمنىڭ قولىدىمۇ گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى قالىدۇ.»*
— خاتىرەمدىن.

ئەتراپ ئاپپاق قېلىن قارغا كۆمۈلگەن، مەھەللىدىن مەكتەپكە تۇتىشىدىغان تېرەكلىك يولغا تېخى ھېچقانداق بىر ئىز چۈشمىگەنىدى. قارىغاندا كىشىلەر بۇ قېلىن ياغقان قاردا سەھەردە سىرتقا چىقىشنى خالىمىغاندەك قىلاتتى. ئەمما، ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن بۇ قارلىق يولدا ئەنۋەر ئىككى پۇتى پالەچ ساۋاقدىشى باتۇرنى يۆدەپ، يول ئېچىپ كەلمەكتە ئىدى. ئاپپاق قار ئۈستىدە ئۇنىڭ تەكشىسىز ئىزلىرى قالدى، بىردەمدىن كېيىن مەكتەپكە بارىدىغان باشقا باللارمۇ ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ مېڭىشى، ئەنۋەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئوبدانلا بىر يول ئېچىپ بەرگەنلىكىدىن سۆيۈنۈشى مۇمكىن.

بىر قەدەم، بىر قەدەم... قاردىكى تەكشىسىز ئىزلار كۆپىيىپ باردى، ئەنۋەر بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ مىڭ جاپادا يېرىم يولغا كەلدى. «ھەي بۇ قېلىن قاردا ماڭماق ئەجەبمۇ تەسكە چۈشتىغۇ بۈگۈن، ھاۋا شۇنچە سوغۇق تۇرسا چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىما، پۇت - قولۇمدا پەقەت ماغدۇرۇم قالمىدى، سەل ئارام ئېلىۋېلىپ ماڭاي، مانا باتۇرمۇ ئارام ئېلىۋالغىن ئاداش دېگىلى تۇرغىلى نەۋاق...» ئەنۋەر مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، باتۇرنى دۈمبىسىدىن ئاۋايلاپ چۈشۈردى. ئۇلار يولدىلا ئولتۇرۇشتى.

— بۈگۈن بەك قىينىلىپ كەتتىڭ ھە ئاداش. — دېدى باتۇر پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈۋاتقان ئەنۋەرگە قاراپ. شۇ تاپتا ئەنۋەرنىڭ يۈزلىرى چوغ كەبى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ ئاداش، قانچىلىك ئىشتى بۇ، بىللە مۇڭدىشىپ ماڭدۇق شۇ.
— دېدى ئەنۋەر كۈلۈمسىرەپ.

ئۇلار ئاپپاق يېپىنچا كىيگەن كەڭ دالىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چوڭ - چوڭ نەپەس ئېلىشتى. تەبىئەت ئاتا قىلغان بۇ گۈزەللىكتىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىشتى. بىردەمدىن كېيىن ئەنۋەر باتۇرنى يەنە ھاپاش قىلىپ ماڭدى. قېلىن قاردا ئۇ ھەربىر قەدىمىنى ناھايىتى تەستە، تولىمۇ ئاۋايلاپ يۆتكەيتتى. سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ قويسا، تېيىلىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى، يەنە تېخى يول ئېگىز - پەس بولغاچقا، تېخىمۇ بەك ئاۋايلىمىسا

پۈتى ئورەكلەرگە كىرىپ كېتىپ ياكى تاشلارغا پۈتلىشىپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشۈش خەۋپىمۇ بار ئىدى. ئۇ نەچچە قەدەمدە بىر توختاپ باتۇرنى ئۈستۈن قىلىۋېلىپ يەنە ماڭاتتى. بىر قەدەم، بىر قەدەم... ئۇ ھەربىر قەدەمنى شۇنداق تەستە يۆتكەيتتى، كۆندىكىدەك ئەركىنرەك ماڭغىلى بولغان بولسىچۇ كاشكى. «— ئاز قالدى، بەرداشلىق بېرەي، ئازراق چىداي...» بىر قەدەم، بىر قەدەم... ئۇ تاشتەك بىر نەرسىگە دەسسەپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر تېيىلىپ كەتتى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى، ئۇ مىڭ تەستە ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن باتۇرنىڭ زورى بىلەن توختاپ ئازراق ئارام ئالدى.

بىر قەدەم، بىر قەدەم، يەنە بىر قەدەم... مىڭ تەستە بېسىلىۋاتقان قەدەم ئىزلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. ئۇلار ئاستا - ئاستا مەكتەپكە يېقىنلاشتى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن بۇ سانسىز قەدەم ئىزلىرى مەكتەپكە ئۇلاشتى...

ئەنۋەر ساۋاقدىشى باتۇرنى مانا مۇشۇنداق يۇدۇپ، ھەر كۈنى مەكتەپكە ئاپىرىپ ئەكېلەتتى، ئۇ مۇشۇ تەرىقىدە ئالتە قىش، ئالتە يازنى ئۆتكۈزگەنىدى.

**ئۆلگە:**

«ماتېرىيال II»، «ماتېرىيال III»

## بۇرۇچ ۋە مەسئۇلىيەت

گۈلباھار ئابدۇقادىر

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ياخشى كۆڭۈل زامان - زامانلار ئۆلمەس، يامانلار ئۆلۈپ كەتسە زىيان بولماس.»*

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دىن

جەمئىيەت ئادەملەر توپىدىن تەشكىل تاپقان ئىجتىمائىي گەۋدە. بۇ توپ ئىچىدە ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل مىللەت، ھەر خىل مىجەزلىك كىشىلەر ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، تىلى، ئۆرپ - ئادىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئىنسانلار بۇ توپ ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن ئۆزئارا ئالاقە باغلاشقا، بىر - بىرىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

يەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، دەۋرنىڭ بىزگە قويىۋاتقان تەلىپى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان، ھەممىلا يەردە تەرەققىيات، دەۋرگە ماسلىشىش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش سىگنالى ياڭراۋاتقان كۈنلەردە بىزدە ئېرىشىش بىلەن بىللە يەنە يوقىتىشمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، يوقىتىش بولمىسا، ئېرىشىش بولمايدۇ. لېكىن بىز ئەتراپىمىزغا

نەزەر سالىدىغان بولساق، ئېرىشكەنلىرىمىزدىن يوقاتقانلىرىمىزنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

تەرەققىيات ھەقىقەتەن بىزگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بەردى. بىزگە ئۆزىمىزنى ۋە ئۆزگىلەرنى تونۇتتى، يەنە مەلۇم جەھەتتە بىزدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يىراقلاشتۇرۇۋەتتى ۋە تارتىۋالدى. كىشىلەر «تەرەققىيات»تىن ئىبارەت بۇ تېز سۈرئەتلىك پويىزغا يېتىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويدى. قىسقىسى، شەھەرلىشىش قەدەمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ھازىر ئارىمىزدىكى بەزى بىر قىسىم كىشىلەردە مەسئۇلىيەت، بۇرچ تۇيغۇسى بارغانسېرى سۇسلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. كىشىلەردىكى ئۆزئارا ياتلىشىش ھادىسىسى باش كۆتۈرۈشكە باشلاپ، ئۆزئارا ئىشەنچ، مېھرىبانلىق، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى سۇسلاپ كەتتى. مەسىلەن، ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىك جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيەت، بۇرچ تۇيغۇسى كېرىكسىزقا قاراپ يۈزلەندى. ئائىلىدە ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىغانىكەن، جەمئىيەتتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش.

يېقىنقى ماتېرىيالدا كۆرسىتىلگەندەك نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارغا ياردەم بېرىشتىن قاچىدۇ، ئۇنى ئاۋارىچىلىك، ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق، ئۆزىگە باش ئاغرىقى تاپقانلىق دەپ قاراپ، ئۇلارغا پەرۋاسىز قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بىز تونۇشمىساق، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش تولىمۇ خاتا. بىز ئىنسانلار جەمئىيەتتىن ئىبارەت بىر توپ ئىچىدە ياشىغانىكەنمىز، ھەر بىرىمىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى بارلىق شەيئىلەرگە مەسئۇل بولۇش مەجبۇرىيىتىمىز بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانىي پەزىلەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىر پەزىلەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسى.

ئىنچىكىلىك بىلەن قارايدىغان بولساق، دېڭىز سۈيى قارىماققا تىنچتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇنىڭ تەكتىدە ناھايىتى شىددەتلىك ئېقىنلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز، شۇنىڭغا ئوخشاش تۇرمۇشمۇ ناھايىتى گۈزەلدەك تۇيۇلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىغان ئەگرى - توقايلىققا تولغان بولىدۇ. بۈگۈن كۈلگەن بولساڭ، ئەتە يىغلىشىڭ مۇمكىن، تۇرمۇش دېگەن مانا شۇ. ئۇ كىشىنى گاھىدا پەپىلەپ ئەللەيلىسە، گاھىدا شاپىلاقلاپمۇ قويىدۇ. بۈگۈن سەن قىيىنچىلىققا يولۇققان بولساڭ، ئەتە مەن سېنىڭ ئورنۇڭغا چۈشۈپ قېلىشىم مۇمكىن. يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقمىغىنىغا ئوخشاش نۇرغۇن ئىشلارنى بىز پەقەت ئۆزىمىزگە تايىنىپلا ھەل قىلالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بىز تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا بىر - بىرىمىزگە تايانماي، بىر - بىرىمىزنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولماي تۇرالمايمىز.

ئېسىمىزدە بولسۇنكى، تۇرمۇشىمىز مەسئۇلىيەتچانلىققا، مېھىر - مۇھەببەتكە، كۆيۈنۈشكە، ئىشەنچكە تولغاندىلا ئاندىن تۇرمۇشنىڭ، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھەقىقىي تۇردە ھېس قىلالايمىز، ھاياتتىن خۇشاللىق تاپالايمىز. شۇڭا بىز مەسئۇلىيەتچانلىقنى، مېھرىبانلىقنى ئۆزىمىزدىن باشلاپ، ئۆز مەجبۇرىيىتىمىز ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقايلى!

# يامغۇرلۇق بىر كۈن

ئايتىللاقىز ئابلا
(ھېكايە)

ئەتىياز كىرىپ قالغان بولسىمۇ سوغۇق يەنىلا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. مەن پوچتىخانىدىكى ئىشىمنى تۈگىتىپ چىققاندا سىرتتا شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىغانىدى. يامغۇرنىڭ ئەپتىدىن ئالدىراپ توختىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، چاپىنىمنى بېشىمغا ئارتىپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. بىر دوقمۇشتىن ئۆتۈۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىر كىچىك بالىنىڭ «ئانا، ئانا...» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىمغا قارىدىم، سەل نېرىدا تۆت ـ بەش ياشلاردىكى بىر قىز يولغا قاراپ «ئانا...»دەپ يىغلاپ تۇراتتى. شۇ تاپتا «بۇنچە يامغۇردا ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشىم، يولۇمغا ماڭايچۇ» دەپ ئويلىدىم ـ يۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتەلمىدىم. ئاخىر ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— سىڭلىم، نېمە بولدىڭىز؟ نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— ئانام يېتىپ كەتتى...

— مۇشۇ يەردىمۇ؟

— ياق... ھۇ، ھۇ، ھۇ... مەن مۇشۇ يەرگە ئانامنى ئىزدەپ كەلگەن...

—سىز بۇ كوچىدىن چىقتىڭىزمۇ؟ — سورىدىم مەن قىزچاقنىڭ كەينىدىكى تار كوچىنى كۆرسىتىپ.

— ھەئە. — قىز باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى.

— يىغلىماڭ سىڭلىم، ئۇنداقتا بىز بۇ كوچىغا كىرىپ باقايلى. ئانىڭىز سىزنى ئىزدەپ يۈرگەن بولمىسۇن.

قىز يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ماقۇل بولدى. مەن ئۇنى يېتىلەپ ماڭماقچى بولۇپ قولىدىن تۇتقانىدىم ئۇنىڭ قولى بەكمۇ مۇزلاپ كېتىپتۇ. بۇ ھالەتتە ئۇنى يەنە سوغۇقتا تۇرغۇزۇشقا بولمايتتى. مەن ئالدىراپ سورىدىم:

— سىڭلىم ئۆيىڭىز نەدە؟

— ئۆ... يۇم، كىتابخانا يېنىدىكى بىنادا.

— ئانىڭىز ئىككىڭلار قانداقسىگە بىر ـ بىرىڭلاردىن ئايرىلىپ قالدىڭلار؟

— ئانام ماڭا كىتاب ئېلىپ بېرىمەن دەپ... شۇ...

— سىز نەدە ئوقۇيسىز؟

— مەن يەسلىدە ئوقۇيمەن.

مەن ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئۇنى يېتىلەپ كىتابخانا ئالدىغا كەلدىم. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنلا ئۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلەپ كەتتى. «مانا، ئۆيۇم مۇشۇ يەردە، بۇ بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە» دېگىنىچە قولۇمدىن يېتىلەپ ماڭدى.

ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىشىمىزغا ئىشىك ئېچىلىپ 60 ياشلار چامىسىدىكى بىر موماي چىقتى. ئۇ قىزنى كۆرۈش بىلەنلا «ۋاي، ئاپپاق قىزىم» دېگىنىچە باغرىغا بېسىپ، مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ كەتتى. «— نەگە كەتتىڭ ئومىقىم، مېنى خۇيمۇ ئەنسىرەتتىڭغۇ؟» ئۇ موماي ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى، قىزچاقنى قۇچاقلايتتى، سۆيەتتى. بۇ مەنزىرە كۆزۈمگە تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنمەكتە ئىدى. چۈنكى بۇ خۇشاللىقنىڭ بىر سەۋەبچىسى مەن ئىدىم.

موماي توڭلاپ كەتكەن قىزنى كۆتۈرگىنىچە مېنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئاۋۋال بالىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئىسسىق يوتقانغا ياتقۇزدى ۋە:

— قىزىم، سىزمۇ توڭلاپ كېتىپسىز، بۇنى كىيىۋېلىڭ، — دېگىنىچە ماڭىمۇ كىيىم تەڭلىدى. مەن چىرايلىقچە رەت قىلدىم. موماي قولىغا تېلېفوننى ئېلىپ نەۋرىسىنىڭ تېپىلغانلىقىنى، هازىر ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. تېلېفوندا قارشى تەرەپنىڭ ناهايىتى هاياجانلانغان هالدا: «هازىرلا ئۆيگە بارای» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. موماي ماڭا چاي قۇيۇپ، ئۇنىڭ ماڭا قانداق ئۇچراپ قالغانلىقىنى سورىدى، مەن ئەهۋالنى بىرەر قۇر سۆزلەپ بەردىم. موماي ماڭا بۇ قىزنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى، كېلىنىنىڭ كىتابخانىغا كىرىپ قىزنى كىتاب ئالغۇچە ئارىلىقتا ئىككىيلەننىڭ ئايرىلىپ كېتىپ، بالىنى تاپالماي جىددىيلىشىپ تېلېفون قىلغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئوغلى ئىككىسىنىڭ بالىنى ئىزدىگىلى چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

موماي ماڭا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتتى. مەن شۇ چاغدىلا «نەۋرىنىڭ ئۆتى بالىنىڭ ئۆتىدىنمۇ يامان» ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر هېس قىلدىم هەم خۇشلىشىپ ماڭماقچى بولدۇم. موماي بولسا بالىلىرى قايتىپ كەلگەندە ئاندىن مېڭىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. لېكىن مەن ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ ئەنسىرەپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇنچە توسقىنىغا قارىماي خوشلىشىپ قايتىپ چىقتىم.

يامغۇر تېخىچە ياغماقتا ئىدى. ئۆيگە كىرىپ ئىسسىغان تېنىم يەنە مۇزلاشقا باشلىدى. لېكىن قەلبىم خۇددى باهار قۇياشىدەك ئىللىق ئىدى. چۈنكى مەسۇم قىزنىڭ چېھرىدىكى خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ مومىسىنىڭ شادلىقى ماڭا چەكسىز ئىللىقلىق ئاتا قىلغانىدى.

## كۆرمىسىكە سېلىپ كېتىپ قالماڭ

ئەزىمەت ئەخمەت
(مۇهاكىمە ماقالىسى)

*«ئالتۇنغا توپا قونماس، ياخشىلىق هېچ ئۇنتۇلماس.»*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

سوئال: سىز ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ قايسى خىل پەزىلىتىنى ياخشى كۆرىسىز؟

جاۋاب: باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان پەزىلەتنى ياخشى كۆرىمەن.

سوئال: باشقىلارنىڭ ئاۋارىچىلىككە يولۇققانلىقىنى كۆرسىڭىز قانداق قىلىسىز؟

جاۋاب: كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ قالىمەن.

بىرىنچى جاۋاب ئادەمگە تەسەللى بەرسىمۇ، بىراق كېيىنكى جاۋاب ئادەمنى ئازابلايدۇ. ھەممە ئادەم قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق ئادەم قىيىنچىلىققا يولۇققاندا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، باشقىلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا «كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ قالىدىغانلار» خېلىلا كۆپ. بۇنداق كىشىلەرگە شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: «بىر كۈنلەردە سىزمۇ شۇنداق كۈنگە قالمايمەن دەپ ئېيتالامسىز؟»

شۇنداق، سىز كېتىپ قالسىڭىز بولمايدۇ، باشقىلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز قىيىنچىلىققا يولۇققان چاغدىكى ئەھۋالىڭىزنى ئويلاپ كۆرسىڭىز بولىدۇ. ئەجدادلار بىزگە «قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيىدۇ» دېگەن ماقالنى مىراس قالدۇرۇپ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ياردەم بېرىشنىڭ زور خاسىيىتىنى چوڭقۇر تونۇتقان ھەم باشقىلارغا يېقىندىن ياردەم بېرىشكە چاقىرغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىز ئىككى قولىڭىزنى ياردەمگە سۇنۇشنى نېمىشقا خالىمايسىز؟

ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرگە مەلۇمكى، ئادەم ئىجتىمائىي ھايۋان، ھەربىر ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى باشقىلار ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەرقانداق ئادەم تەنھا ياشىيالمايدۇ، ھايات مۇساپىسىدە قىيىنچىلىققا ئۇچرىمايدىغان، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجلىق بولمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. بىز بىرەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، باشقىلارنىڭ بىزگە خۇشاللىق بىلەن ياردەم قىلىشىغا قانچىلىك تەشنا بولۇپ كېتىمىز ـ ھە! بۇ ئۆتنە ئالەم، بۈگۈن سىز بىرسىگە ياردەم قىلىشنى خالىماي كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتسىڭىز ئەتە سىز شۇنداق ئەھۋالدا قالغاندا، باشقىلارمۇ سىزنى كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. خەلقىمىز ئارىسىدا «ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ» دېگەن گەپ بار، باشقىلارغا قانچىكى كۆپ ياخشىلىق قىلسىڭىز، سىزمۇ باشقىلاردىن شۇنچە كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشىسىز. شۇڭا باشقىلارغا ياردەم بەرگىنىڭىز، دەل ئۆزىڭىزگە ياردەم بەرگىنىڭىزدۇر. باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ قالسىڭىز، ئۆزىڭىز قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، قانداقمۇ باشقىلاردىن ياردەم كۈتەلەيسىز؟!

ئەلۋەتتە، مېنىڭ «كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ قالماڭ» دېگىنىم پەقەتلا ۋىجدان ۋە پايدا ـ مەنپەئەت نۇقتىسىدىن چىقىپلا دېيىلگەن گەپ ئەمەس. مېنىڭچە بىز ئەقلى ھوشى جايىدا بىر ئادەم بولغانىكەنمىز، بىزدە جەزمەن ئادىمىيلىك پەزىلەت، بۇرۇچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. بۇ خىل روھ كەمچىل بولغان ئادەم يەپ ـ ئىچىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇنداق كىشىلەردىن مېھىر ـ مۇھەببەت، ياردەم تەلەپ قىلىشنىڭ ئۆزى قەلەندەردىن سەدىقە تىلىگەندەكلا بىر ئىش خالاس.

ئەمما، مەن ئۇنداقلارغا يەنىلا «كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ قالماڭلار!» دەپ خىتاب قىلىمەن. مېنىڭ يەنە ئۇلارغا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: سىز ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولۇپ كەتكەن، ھەرقانچە يۇقىرى ماددىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ كەتكەن بولسىڭىزمۇ، يەنىلا

باشقىلاردىن ئايرىلىپ، يەككە - يېگانە ياشاپ بولالمايسىز، باشقىلارغا پەقەت ھاجىتىم چۈشمەيدۇ دەپمۇ ئېيتالمايسىز. شۇڭا ئۆزىڭىز بىلەن بىرگە ئۆزگىنىمۇ بىلىپ، باشقىلارنىمۇ كۆرۈپ ھەم ئۇلارغا مېھىر - مۇھەببىتىڭىزنى بېرىپ، ياشىغىنىڭىز تولىمۇ ئەۋزەلدۇر. دۇنيا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن گۈزەلدۇر.

مەن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق بىر سوئال - جاۋابنى ئاڭلاشقا تەقەززامەن.

سوئال: سىز باشقىلارنىڭ ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغىنىنى كۆرسىڭىز قانداق قىلىسىز؟

جاۋاب: خۇشاللىق بىلەن ياردەم قىلىمەن.

## 1998 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۆلگىلىك ئەسەرلەر

**VI ماقالە يېزىش.** (جەمئىي 35 نومۇر بېرىلىدۇ)

1. تولۇقلاپ يېزىش. (10 نومۇر)

ئانام بىر پاي ئايىغىمنىلا يۇيۇپتۇ.

*مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بىر پاي ئايىغىمنىڭ پاك - پاكىز يۇيۇلۇپ، ئاپتاپقا قويۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۇم. قارىغاندا ئانام يەنە بىر پاي ئايىغىمنى يۇماپتۇ.*

*مەن پاك - پاكىز يۇيۇلغان بىر جۈپ ئايىغىمنى كىيىپ، مەكتەپكە مېڭىپ كەتتىم.*

تەلەپ: 1) بېرىلگەن باش ۋە ئاخىر قىسمىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئوتتۇرىدىكى مەزمۇننى تولۇقلاپ يېزىش. 2) تولۇقلاپ يازغىنىڭىز بېرىلگەن باش ۋە ئاخىر قىسىم بىلەن باغلانغان بولۇشى كېرەك.

**ئۆلگە:**

### ئانام بىر پاي ئايىغىمنىلا يۇيۇپتۇ

ئابدۇكېرىمجان قادىر
(بايان ماقالىسى)

مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بىر پاي ئايىغىمنىڭ پاك - پاكىز يۇيۇلۇپ، ئاپتاپقا قويۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۇم. قارىغاندا ئانام بىر پاي ئايىغىمنى يۇماپتۇ - دە، دەپ ئويلاپ، ئانامنى چاقىردىم.

ئانام ئۆيدىن قاپىقىنى تۈرگەن پېتى چىقىپ: ھە نېمە گەپ! دېگەندەك قىلىپ ماڭا ئالايدى، مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدىم ۋە ئانامدىن سورىدىم:

— ئانا نېمە ئىش بولدى. ھەجەپ بىر پاي ئايىغىمنى يۇيۇپ بىر پېيىنى يۇماپسىزغۇ؟...

ئانام ماڭا قاراپ يەنە بىر ئالىيىۋەتكەندىن كېيىن گۇس - گۇس دەسسىگىنىچە مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى، مەن ئىزىمدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم - دە، تۇيۇقسىز بىر

ئىش ئىسمىدىن كەچتى.
— تەلئەت، ھەي! تەلئەت! — ئانام مېنى چاقىرغان چاغدا مەن باغدىن قويغا ئوت ئېلىپ كىرىۋاتقانىدىم.
— بالام تەلئەتجان، سەن ئۈيگە قارىغاچ سوۋاقچىلىقتىن ئېشىپ قالغان ماۋۇ توپىنى سىرتقا ئەپچىقىۋەت، مەن داداڭ بىلەن دىككىدە بازارغا بېرىپ كېلەي، — دېدى ئانام تاپىلاپ. ئۇلار بازارغا ماڭغاندىن كېيىن، مەن توپىنى ئەپچىقىشقا باشلىدىم، بىر-ئىككى تاغار ئەپچىقىپ بولۇپ تۇرۇۋىدىم، دوستۇم رۇستەم يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى ۋە:
— ئاداش جۇرە بۇ توپىنى سەل تۇرۇپ ئەپچىقساڭمۇ بولىدۇ، ھازىر بېرىپ مەكتەپ مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆرىمىز، — دېدى.
ئۆزۈممۇ پۇتبولغا ئامراق بولغاچقا، پۇتبولنىڭ گېپى چىقىشى بىلەنلا قىلىۋاتقان ئىشىمنى تاشلاپ، رۇستەم بىلەن مەكتەپكە قاراپ چاپتىم.
مۇسابىقە ئىنتايىن قىزىپ كەتكەچكىمۇ قانداق كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قاپتىمەن. مەن ئۆيگە كەلگەن ۋاقتتا دادام، ئاناملار بازاردىن كېلىپ بولغانىكەن. مەن ئىشكتىن كىرىشىمگە ئانام:
— تەلئەتجان بالام، ئۆيدىكى توپىنى ئەپچىقىپ بولدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ھە!... ھە... — مېنىڭ كاللامغا تۇيۇقسىز ئۆيدىكى سوۋاقچىلىقتىن ئاشقان توپا كەلدى.
— ئوبدان بالام، ماڭە بازاردىن ساڭا جىق يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كەلگەنىدىم. قورسىقىڭنى تويغۇزۇۋال، ئەتە مەن ئۆينى سۈپۈرۈپ تازىلاي. — دېدى ئانام.
مەن ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرۇپلا مەكتەپكە كەتتىم. مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ قارىسام، ئانامنىڭ قايىقى ھېلىقىدەك.
مەن دەرھال سوۋاقچىلىق قىلغان ئۆيگە كىردىم. قارىسام توپا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ.
مەن توپىنى ئەپچىقىپ بولۇشۇمغا، ئانام مېنى تاماققا چاقىردى، مەن خىجىلچىلىق ئىچىدە داستىخانغا كەلدىم ۋە ئانامدىن كەچۈرۈم سورىدىم ھەم تۈنۈگۈن بولغان ئىشنى ئېيتتىم.
ئانام كۈلۈپ تۇرۇپ:
— ھەي ئەخمەق بالام، گۇناھىڭنى تونۇغان بولساڭلا بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق چالا ئىش قىلما، — دېدى ۋە پېشانەمگە بىرنى سۆيۈپ قويدى.
بۈگۈن كېچە مەن ئىنتايىن راھەت ئۇخلاپتىمەن. مانا بۇ، ئىشنى تولۇق تۈگىتىپ قىلغىنىمنىڭ راھىتى ھەم مۇكاپاتى ئىدى. «بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز چالا ئىش قىلمايمەن» دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە.
ئەتىسى سەھەردە مەن پاك - پاكىز يۇيۇلغان بىر جۈپ ئايىغىمنى كىيىپ، خۇشال ھالدا مەكتەپكە يۈرۈپ كەتتىم.
2. تۆۋەندە بايان قىلىنغان ماتېرىيالغا ئاساسەن بىر پارچە ماقالە يېزىڭ.
ماتېرىيال: ھازىرقى شارائىتتا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىرادە جەھەتتىكى

پەرقى ناھايىتى چوڭ. بەزىلەرنىڭ ئىرادىسى پولاتتەك مۇستەھكەم، بەزىلەرنىڭ ئىرادىسى ئۈششۈك تەگكەن يوپۇرماقتەك ئاجىز. سىزنىڭ ئىرادىڭىز قانداق؟

يۇقىرىدا بېرىلگەن مەزمۇندىن ئۆز ئەھۋالىڭىزغا ماس كېلىدىغان مەزمۇننى تاللاپ، ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئىرادىسى توغرۇلۇق بىر پارچە ماقالە يېزىڭ.

تەلەپ: 1) بىر ماۋزۇنى تاللاپ ئالغاندىن كېيىن تاللىمىغان ماۋزۇنى سىزىپ تاشلاڭ. ھەر ئىككى ماۋزۇنى سىزىپ تاشلاپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان باشقا بىر ماۋزۇنى قويۇپ يازسىڭىزمۇ بولىدۇ.

2) ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى: بايان، تەسۋىر، لىرىكا، مۇھاكىمە، چۈشەندۈرۈشلەردىن بىر ياكى بىرنەچچىسىدىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ.

3) ماقالىنى شېئىر، ھېكايە، دىراما ژانىرلىرى بىلەن يېزىشقا بولمايدۇ.

**ئۈلگە:**

# ئىرادە ــــ كۈچ

ئاينۇرەم سەمەت

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېسىڭىز، قەتئىي ئىرادىنى دوست تۇتۇڭ، تەجرىبىدىن مەسلىھەت سوراڭ، ئېھتىيات قېرىندىشىڭىز بولسۇن، ئۈمىد قاراۋۇلىڭىز بولسۇن.»*

ــ ئېدىسون

ئىنسان ھاياتى دولقۇنلۇق دېڭىزغا ئوخشاش ئەگرى - توقايلىقلارنى، ئىسسىق - سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ، بەزىلەر بۇ يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە بەل قويۇۋېتىپ مەغلۇپ بولسا، يەنە بەزىلەر كۈچلۈك ئىرادە بىلەن غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا ھېچقانداق مەخپىيەتلىك بولمايدۇ، بار دېيىلسە، ئاخىرىغىچە تىرىكىشىش، ۋاز كەچمەسلىك، مەغلۇپ بولغىنىنى ھەرگىز تەن ئالماسلىق. پەقەت قەتئىي ئىرادىلا، قول سېلىپ ئىشلەشلا بولىدىكەن، مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق. بۈيۈك شائىر زەللىي شۇنداق دېگەنىدى: «مەن ئۆز تەقدىرىمنىڭ غوجىسى، ئۆز روھىمنىڭ رولچىسى.» پەقەت شۇنداق بولغاندىلا مەڭگۈ چېكىنمەي ئالغا باسالايمىز.

مەن ئىشەنچىمكى، ئىرادىنىڭ مەدەتكارلىقىدىكى ئىنتىلىشنىڭ كۈچىگە ئىشىنىمەن، چۈنكى مەن بۇ خىل كۈچنىڭ ناھايىتى تۈۋەن قاتلامدىن كېلىپ چىققان كىشىلەرنىمۇ ھوقۇق ۋە بايلىققا ئېرىشتۈرگەنلىكىنى كۆرگەنمەن. بۇ خىل كۈچنىڭ دوستۇمنى ئەزرائىلنىڭ

قولىدىن يۇلۇپ ئالغانلىقىنى كۆرگەنمەن، كىشىلەرنىڭ بۇ خىل كۈچكە تايىنىپ بىرنەچچە قېتىملىق زەربە ۋە ئۈگۈشسىزلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىر زەپەر مارشىنى ياڭرىتالىغانلىقىنى كۆرگەنمەن. بۇ خىل كۈچنىڭ دوستلىرىمنى، قېرىنداشلىرىمنى نورمال، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە تولغان ھاياتقا ئېرىشتۈرگەنلىكىنى كۆرگەنمەن. ھېچكىم ئىرادىنىڭ سىرلىق ۋە كۈچلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلىپ باققان ئەمەس، چۈنكى ئىرادە پەقەت يالقۇنجاپ تۇرغان ئىنتىلىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەنلا ئۆزىدە مەلۇم بىر خىل «ھامىلە»نى پەيدا قىلالايدۇ.

ئىرادە «مۇمكىن ئەمەس»نى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدۇ، مەغلۇبىيەتنىمۇ ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ.

كىشىدە تۇيغۇ ھاسىل قىلغان بارلىق ھېسسىي ئوي - پىكىر ناۋادا ئىشەنچ ۋە ئىرادە بىلەن بىرلەشسە، ئۆزىگە باراۋەر كېلىدىغان ماددىي بايلىققا ئايلىنىدۇ.

بىر ئادەم دېڭىزدا كېمە بىلەن كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز قاتتىق بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، كېمىسى سۇغا چۆكۈپ كېتىپ، ئۆزى بىر قىرغاققا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا ئادەمسىز، گىياھسىز چەت بىر ئارال ئىكەن، ئۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلاپتۇ، قورسىقى ئېچىپتۇ، دېڭىزنىڭ سوغۇق ھاۋاسى ئۇنى توڭلىتىشقا باشلاپتۇ، ئۇ ئەمدى مەن مۇشۇ ئارالدا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن دەپ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. بارا - بارا كەچ كىرىپ ئۇنى ۋەھىمە بېسىشقا باشلاپتۇ، دېڭىزغا سەكرەپ ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلاپتۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ، قىز دوستىنىڭ ساقلاپ تۇرغانلىقىنى، بۇنداق ئۆلۈپ كەتسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قايتىدىن ئىرادىگە كەپتۇ ۋە ئەتراپتىن ئوتۇن ئىزدەشكە باشلاپتۇ، ئوتۇن تېپىپ كېلىپ ئوت يېقىپ ئىسسىنىپتۇ، تۇيۇقسىز ئۇ يىراقتىن بىر چىراغ نۇرىنى كۆرۈپتۇ، بۇ نۇر ئەسلىدە ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن كېمىدىن چىققانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئوت ئارقىلىق بەلگە بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇتۇلۇپ قاپتۇ. ناۋادا ئۇ ئەمدى مەن ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ ئۈمىدسىزلىنىپ ئولتۇرغان بولسا چوقۇم ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى.

بىز تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارغا، مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرايمىز، بىز پەقەت بەرداشلىق بەرسەكلا، ئۈمىدۋار بولساقلا غەلىبىگە ئېرىشەلەيمىز، پەقەت بىز قىلالايمىز دەيدىكەنمىز، ھەرقانداق مۇشكۈلاتلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، مەقسىتىمىزگە چوقۇم يېتەلەيمىز. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى دەل توغرا قاراشتۇر. ئىشەنچ، ئىرادىگە تايىنىپ «مۇمكىن ئەمەس»لەرنى «مۇمكىن»چىلىككە ئايلاندۇرۇش تامامەن مۇمكىن. مانا مۇشۇنداق قىلالىغانلار غالىبلاردۇر. ئۇلار چوقۇم تىرىشىپ كۆرەش قىلىدۇ، مۇھىمى تۇرمۇشقا، ئۆزىگە ئىشىنىدۇ.

ئويلىغىنىنى قىلالمايدىغانلار دەل جەڭگە كىرمەي تۇرۇپ مەغلۇپ بولىدىغان قورقۇنچاقلاردۇر. ئىشلەپ مەغلۇپ بولۇش ھېچ گەپ ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئىش قىلماي تۇرۇپمۇ مەغلۇپ بولۇشتۇر، غالىبلاردىن بولاي دەيدىكەنمىز، تەۋرەنمەس ئىرادە، غەيرەت ۋە جاسارەتتىن ئاز - تولا ھەمراھ تېپىشىمىز لازىم.

بىر كۈنى قىزى دادىسىغا تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەتلىكى ھەققىدە زارلاپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ

دادىسى ئۇستا ئاشپەز ئىكەن، ئۇ قىزىنىڭ قاقشاشلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن قىزىنى ئاشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ ئوخشاش ئۈچ قازانغا ئوخشاش مىقداردا سۇ قۇيۇپ بىرىگە بىر دانە سەۋزە، ئىككىنچىسىگە بىر دانە تۇخۇم، ئۈچىنچىسىگە بىر دانە ياڭيۇ سېلىپ 20 مىنۇت ئەتراپىدا قاينىتىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم تەخسىگە ئېلىپ قىزىدىن بۇ نەرسىلەردە قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ، قىزى ئۈچ خىل نەرسىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ: «ئەسلىدىكى قاتتىق، چۇرۇك سەۋزە يۇمشاپ كېتىپتۇ، ئەسلىدىكى ئاجىز، سۇيۇق تۇخۇم پىشىپ شەكلى تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ كېتىپتۇ، ياڭيۇ بولسا يۇمشاق، يېپىشلىك بوپتۇ».

دادىسى قىزىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ئوخشاش قازان، ئوخشاش سۇ، ئوخشاش ئوت، ئوخشاش ۋاقىتتا قاينىتىلغان ئۈچ خىل نەرسىنىڭ بۇ مۇھىتقا قارىتا كۆرسەتكەن ئۈچ خىل تەسىرىنى كۆردۈڭ، ھاياتنىڭ قايناملىرىدا ياكى سەۋزىدەك ئېرىپ كەت، ياكى تۇخۇمدەك قات ۋە ياكى ياڭيۇدەك يۇمشاپ كەت، تۇرمۇش ھەرقانچە رەھىمسىز بولسىمۇ، ئۆز بارلىقىڭ بىلەن ئەتراپىڭغا ئىللىقلىق يەتكۈز. شۇندىلا تۇرمۇش مەنىلىك بولىدۇ، غالىبلارغا ئايلىنالايسەن. ئەتراپىڭنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ گۈزەل، مەنىلىك قىلىشقا كۈچ چىقار.

بىزدە قەيسەر ئىرادە بولىدىكەن، بىز ھامان كۈچلۈكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايمىز، بارلىق غالىبلار، ئىشنى كىچىككىنە ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن باشلىغان. ئىرادە ۋە ئىشەنچ بارلىق مۆجىزىنىڭ ئۇرۇقى.

بىز ياشاۋاتقان تۇرمۇش جاپالىق جەريان، بۇ جەرياندا بىز نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايمىز، قەتئىي ئىرادە بولغاندىلا، ھاياتلىق دەرىخىمىز چوڭ، چوڭقۇر، پۇختا يىلتىز تارتالايدۇ. دوستۇم، سىزگە تەۋسىيەم شۇكى، سىز ھايات يولىدا بېشىڭىزنى ئېگىڭىزگە تىقىپ يۈرۈۋەرمەڭ، ئىرادە كەمرىڭىزنى مەھكەم باغلاپ، قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ، بوشاشماستىن غەلىبىسېرى ئالغا بېسىڭ! مانا بۇ ھايات، مانا بۇ مەنىلىك مۇساپە. شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، ئىرادە ھەرقانداق مۈشكۈلاتلار ئۈستىدىن غالىب كەلگۈچى قۇدرەتلىك كۈچ، بىزنى توختاۋسىز پەرۋاز قىلدۇرىدىغان سۇلماس قانات. شۇڭا ئىرادە بىلەن دوستلىشايلى، ئۇنى مەڭگۈلۈك ھەمراھىمىزغا ئايلاندۇرايلى.

## بۇ دۇنيا ئىرادىلىكلەرنىڭ جەڭ مەيدانى

مەۋجۇدە ئابلىمىت

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ئىرادىسى چىڭ ئادەم — ئەل ئىچىدە جىڭ ئادەم»*

— خەلق ماقالى

ھەممىمىزگە مەلۇم 21 - ئەسىر ئىختىساسلىقلار دەۋرى، بىلىملىكلەر دەۋرى، شۇنداقلا

رىقابەت دەۋرى، بۇ ئەسىرنىڭ ياشلىرى بولغان بىزمۇ بۇ رىقابەتتىن مۇستەسنا بولالمايمىز. ئەلۋەتتە. چۈنكى ئىنسان هاياتى خۇددى شامدەك ئېرىپ - ئېرىپ تۈگەيدۇ. ئىنسان بۇ قىسقىغىنا هاياتىدا نۇرغۇنلىغان سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ، بەزىلەرنىڭ هاياتى ناهايىتى قەدىرلىك بولسا، بەزىلەرنىڭ هاياتى توختام سۇدەك هېچقانداق مەنىسى يوق ئۆتۈپ كېتىدۇ. دېمەك بۇ هايات ئالغا ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ، شۇنداقلا ئىرادىلىكلەرنىڭ بەيگە مەيدانى. «ئىرادە» توغرۇلۇق گەپ بولسىلا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ هاياتىمدىكى بىر ساۋاقداشىمنى ئەسلىمەي تۇرالمايمەن، چۈنكى بۇ ساۋاقداشىم مېنىڭ نۇرغۇن ئاجىزلىقلاردىن غالىب كېلىشىمگە تۈرتكە بولغانىدى. بۇ ساۋاقداشىم ئەسلى ناهايىتى نامرات ئائىلىدە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، هەر جەھەتتىن ئۆزىنى بىزدىن تۆۋەن كۆرەتتى. لېكىن ئۇ تىرىشتى، ئىرادىسىنى هەرگىزمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىدى، هەتتا ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان شارائىتتىمۇ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، ئاخىردا ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمتىهانىدا مەكتەپ بويىچە بىرىنچى بولۇپ شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆتتى. مەن هەربىر قېتىم شۇ ساۋاقداشىمنىڭ شۇنچىلىك قىيىن شارائىتتا، ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا: «تىرىشقىن! سەنمۇ شۇ ساۋاقداشىڭ قىلغاننى قىلالايسەن، سېنىڭ شارائىتىڭ بۇنىڭغا تامامەن يار بېرىدۇ» دەپ، ئۆز - ئۆزۈمنى رىغبەتلەندۈرەتتىم. توغرا، بۇ دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق. پەقەت بىز ئىرادە كەمرىنى بېلىمىزگە چىڭ باغلاپ، ئىشەنچتىن ئىبارەت بۇ جەڭ قورالىنى قولىمىزدا چىڭ تۇتۇپ، ئۈمىدتىن ئىبارەت كومپاسنى ئۆزىمىزگە يولباشچى قىلساقلا، قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىنمۇ غالىب كېلىپ، ئۆز ئارزۇلىرىمىزنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز. چۈنكى، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا گويا بىر سەھنە، بىز بۇ سەھنىدە ئۆزىمىز بىلىپ بىلمەي هەر خىل روللارنى ئالىمىز. بۇ سەھنە پەردىسىنىڭ يېپىلىشى، بىزنىڭ هايات يولىمىزنىڭ تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىزنىڭ هاياتلىق سەھنىسىدە قانداق روللارنى ئېلىشىمىز دەل بىزنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەمىز تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىز تۇرمۇشقا كۈلۈپ قارىساق، تۇرمۇشمۇ بىزگە كۈلۈپ قارايدۇ. بىر ئېگىز بىنادا تۇرۇپ پەستىكى كىشىلەرنى كۆزەتكىنىمىزدە، كىشىلەرنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇملار بىزنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدۋارلىقىمىزنى ئاشۇرسا، يولدىكى ئۆزىنى بىلمەي، غەمكىن، پەرىشان بولۇپ كېتىۋاتقان چىرايلارنى كۆرسەك، تۇرمۇش بىز ئۈچۈن تولىمۇ مەنىسىز تۇيۇلىدۇ. لېكىن ئىرادىلىكلەر مانا مۇشۇ تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن - نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلىرى ئىچىدىنمۇ خۇشاللىق تېپىپ، ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. «ئىرادە» — ئاددىي سۆز بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە دائىرىسى ناهايىتى كەڭ. پەقەت ئىرادە كەمرىنى چىڭ باغلىغان كىشىلەرلا، ئاندىن نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدىنمۇ، قاتمۇقات مەغلۇبىيەت ئىچىدىنمۇ خۇشاللىق تاپالايدۇ.

هازىر ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن هەرقايسى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كەتتى. دۆلەت ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت، ئاخىرقى هېسابتا شۇ رايوندا ياشاۋاتقان كىشىلەرگىمۇ ئوخشىمىغان خىرىسلارنى ئېلىپ كەلدى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىرىس ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي

گاڭگىراپ تۇرغاندا، بىزنىڭ بىر قىسىم يىراقنى كۆرەر كىشىلىرىمىز ئۆز يولىنى تېپىپ، داۋاملىق ئالغا قاراپ مېڭىۋەردى. ئەمما، يەنە ئەتراپىمىزغا ئىنچىكىلەپ نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن، بەختسىزلىكىدىن ئاغرىنىپ «مېنىڭ تەقدىرىم مۇشۇنداق كاج ئوخشايدۇ» دەپ، ئۆز ئاجىزلىقىنى تەقدىرىگە باغلاپ يۈرگەنلەرنىمۇ دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۇلار ئۆز بەختسىزلىكىنى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىزلىكىدىن كۆرمەي، بەلكى تەقدىردىن ئاغرىنىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلار بۈگۈنكى دۇنيانىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن رىقابەتلىرى، خىرىسلىرى ئالدىدا گاڭگىراپ قالدى. چۈنكى بۇ خىل كىشىلەرنىڭ خىيالى پەقەت قورسىقىنى توقلاش، كۆڭلىنى خۇش قىلىشقىلا باغلىنىپ قالغان. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاددىي ھالەتتىكى ياشاش مىزانى. مانا بۇ ئىرادىسىزلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشى.

ئەتراپىمىزغا يەنە سەپسالىدىغان بولساق، ناھايىتى نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەپ، مۇشكۈلاتلار ئىچىدىنمۇ نەتىجە يارىتىپ، ئۆز خەلقىگە، ئۆز ۋەتىنىگە تۆھپە قوشۇپ ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. مانا بۇ پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى.

ھازىرقى شارائىتتا ھەربىر ئەقىل ئىگىسى چوقۇم كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ ياشىمىسا، بۇ دۇنيانىڭ رىقابەتلىك جەڭ مەيدانىدا قۇربانلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ بىر قىسىم نادان كىشىلىرىمىز تېخى بۇ نۇقتىلارنى چۈشىنىپ بولالماي، دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرى مۇشۇ دەپ، بىر كۈنلۈك خۇشاللىقى ئۈچۈنلا ياشاۋاتىدۇ. ئەتراپىمىزدا يەنە پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشكە سەل قاراۋاتقان، پەرزەنتلەر ئوقۇشسىز قېلىپ، جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ياشاۋاتسىمۇ پەرۋايىغا ئېلىپ قويمايۋاتقان كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقان، پەرۋاسىز قاراۋاتقان، تەربىيەسىز قېلىۋاتقان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇپ كېتەر؟! ئۇلار ئەجەبا بۇ دۇنيانىڭ رىقابەتلىك بەيگە مەيدانىدا، قۇربانلىققا ئايلانغۇچى بولۇپ قالارمۇ؟ ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە كىم سەۋەبچى؟ ئەسلى مىللەتنىڭ كەلگۈسى بولمىش بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز ۋە ياشلىرىمىز بۇ جەڭ مەيدانىدا جەڭنىڭ ئالدىدا ماڭغۇچىلاردىن ئىدى. چۈنكى ئۇلار كەينىدىكى يېتىشكۈچىلەرگە پەقەت باتۇرلۇق ۋە ئىرادە بولغاندىلا، جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگۈچىلەردىن ئىدى. چۈنكى، ئادەم بىلىپ - بىلمەي ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە تەسىر قىلغۇچى. ياخشى ياكى يامان تەسىر بېرىش شۇ ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى، سۆزلىرى ئارقىلىق بولىدۇ. «ئاجىزلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش» نۇرغۇن نەتىجە قازانغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ئۇلار بەيگە مەيدانىدا ئالدىدا ماڭغۇچىلاردىن ئىبارەت.

دېمەك، بۇ دۇنيا ئىرادىلىكلەرنىڭ بەيگە مەيدانى. بىز ئەمەلىي پائالىيىتىمىز، تىرىشچانلىقىمىزنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ئىرادە كەمىرىمىزنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، قىيىنچىلىققا قىلچە باش ئەگمەي، توختىماستىن ئىزدىنىدىغانلا بولساق، پارلاق نەتىجە جەزمەن بىزگە كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ. گەپ يەنىلا ئىرادىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدە. شۇڭا بىز نۇرغۇن ئىشلاردا، تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن توقايلىرىدا ھەر خىل سىناقلارغا دۇچ كېلىمىز. ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق بولغاندەك، بۇ ھاياتتا دائىم كۈلۈپ ياشىغىلى ياكى دائىم

غەمگە پېتىپ ئۆتكىلى بولمايدۇ. ئون كۆلكىنىڭ بىرسى يىغا بولغىنىدەك، بىر يىغىنىڭمۇ نۇرغۇن كۆلكىسى بولىدۇ، ئادەتتە بىزنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەمىز، ئىرادىمىز، كېيىنكى ھاياتلىق يولىمىزنى بەلگىلەپ قويىدۇ. شۇڭا نۇرغۇن ئىشلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ھەر خىل سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە، سەۋرچان بولۇپ، بىلىمىزنى چىڭ باغلىساقلا، نەتىجە ھامان بىزنىڭ بولىدۇ. «ئىرادە» بۈگۈنكى ياشلارغا، جۈملىدىن بارلىق كىشىلەرگە يار بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلار تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي لەززىتىنى ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا ئىرادىلىك ياشلار، ئىرادىلىك كىشىلەر ئۈچۈن نەتىجە ھامان ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بولىدۇ. ھەممىڭگە ئىرادە يار بولسۇن، ھاياتلىق سەپىرىمىز ئىرادە كەمەرلىرى بىلەن چىڭ باغلانسۇن!

## ئىرادە ۋە مۇۋەپپەقىيەت

ئاينۇر تۇرسۇن
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ئىرادە ئارزۇ ھاۋەسنى سۆرەيدىغان ئارغىماقتۇر،*
*ئىرادە ئالدىدا تىكىلىقىغانلار بەخت ئالدىدا يېتىلىقىغانلاردۇر.»*
— خاتىرەمدىن

كىشىلىك ھاياتتا ئۇتۇق بىلەن مەغلۇبىيەت تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئادەم ئۆزىدە يۈكسەك ئىرادە، ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، ئۆز ئىرادىسى بىلەن تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى بىر - بىرلەپ يېڭىپ، داۋاملىق ئالغا باسسىلا ئاخىرى ئۇتۇق قازىنىدۇ.

ئىرادە — ئىنسان روھىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان نىيەت مەۋقەسى بولۇپ، چىدام-غەيرەت ۋە ۋەدىگە باغلانغان ۋىجدان - غۇرۇرنىڭ رېئاللىققا يۈزلىنىشى، يەنە يەتمەكچى بولغان مەقسەت، نىشانغا يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاشنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى ئىرادە بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ.

بىز نەتىجە قازىنىشنى، كىشىلىك ھاياتىمىزنى ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە قىلىشنى ئويلايدىكەنمىز، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدە يۈكسەك، تەۋرەنمەس ئىرادە تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. ۋاھالەنكى ئىرادە ھەرگىزمۇ بىردەملىك قىزغىنلىقنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، ھاياتلىقتىكى ھەربىر تىنىقىمىزدىن ئىرادىنىڭ ھىدى تارقىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ، ھاياتلىقنىڭ ئاجايىپ مەنىلىرىنى تاپمىغاندا نەتىجە قازانغىلى بولمايدۇ.

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئۆزىدە يۈكسەك ئىرادە تۇرغۇزۇپ، شۇ ئىرادىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۈزۈلكىسىز تىرىشىپ، ھەقىقىي كىشىلىك قىممىتىنى نامايان قىلىۋاتقان، زور

نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلەرنىمۇ، ئازراق قىيىنچىلىققا ئۇچراپلا ئىرادىسىزلىك تۈپەيلى ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي، تەقدىردىن زارلىنىپ يۈرگەنلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز. ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ھايات يولىنىڭ مەڭگۈ تۈپتۈز، داغدام بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئادەملەرنىڭمۇ ئازابلىق ئۆتمۈشى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى تۈرلۈك قىسمەتلەر، قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىقلار تۇرمۇشىمىزدا ھەر دائىم ئەگىشىپ يۈرىدۇ. بەزىلەر بۇ ئوڭۇشسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئىرادىسى بوشىشىپ ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ، ئىرادىسى مۇستەھكەم بولغانلىرى بولسا، ئوڭۇشسىزلىقنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي تەۋرەنمەي تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئەنە شۇنداق تەۋرەنمەس ئىرادە بولغاندىلا، ئاندىن بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى، نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ، ئىرادە بىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە باشلىغۇچى كۈچ.

مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم تەۋرەنمەس ئىرادىسى بىلەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىنىم تاپماي تىرىشىپ كۆزلىگەن نىشانىغا يەتتى، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئىرادىسى تولىمۇ كۈچلۈك، ئۆگىنىشىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئەمما ئائىلە شارائىتى ناچار بولغانلىقتىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا قۇربىتى يەتمەيتتى. بىراق ئۇ ئۆز ئىرادىسىدىن قەتئىي تەۋرىنىپ قالمىدى، دەرسلەرنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگەندى، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئاشخانىلاردا ئىشلەپ پۇل تاپتى، تاپقان پۇللىرىغا پايدىلىنىش ماتېرىيالى سېتىۋالدى. ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەر خىل كەمسىتىشلىرىگە ئۇچرىغاندىمۇ، ئىرادىسىنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. بەلكى ئىرادىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، قىيىنچىلىقلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن ئۈزۈلكسىز تىرىشتى. ئاخىر ئۆزى ئارزۇ قىلغان بېيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، ھەقسىز ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

دېمەك، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا بىزدە مۇستەھكەم ئىرادە بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئىرادە بىزنى ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزغا يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ساۋاقدىشىم ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىرادىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىزچىل تىرىشىش ئارقىلىق ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. ئەگەر ئۇ «مەن قانچە تىرىشقىنىم بىلەن بەربىر ئائىلەم نامرات، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمايمەن...» دەپ ئويلاپ، ئىرادىسىدىن يانغان بولسا، بۈگۈنكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. ئۇ تەۋرەنمەس ئىرادىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئارزۇسىنى رويابقا چىقىرالىدى. مۇۋەپپەقىيەت ئەنە شۇنداق ئىرادىلىك كىشىلەرگە مەنسۇپ.

ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا تەۋرەنمەس ئىرادە تۇرغۇزغىلى بولىدۇ؟ ھەرقانداق ئادەمدە ئىرادە بولىدۇ، ئەمما ئۇلاردىكى ئىرادىنىڭ ئۆمرى ئوخشىمايدۇ، كىشىلىك ھايات سىرلىق تۈگۈنلەر بىلەن مەھكەم باغلانغان، ئىرادىلىك كىشىلەر شۇ تۈگۈنلەرنى يېشىشكە تىرىشىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىغا ئايلاندۇرالايدۇ، ئىرادىسىز كىشىلەر ئىزدىنىش روھىدىن مەھرۇم قالىدۇ، ئۇنداقلار مۇۋەپپەقىيەتتىن تېخىمۇ يىراق. تەۋرەنمەس ئىرادە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئاۋۋال روھىيىتىمىز ساغلام بولۇشى، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان، جاپادىن قورقمايدىغان روھ، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، توغرا بولغان كىشىلىك قىممەت قارىشى

تۇرغۇزۇشى كېرەك.

يىغىنچاقلىغاندا، ھەرقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا يۈكسەك ئىرادە بولۇشى كېرەك، ئىنسان ھاياتىدىكى بەخت-تەلەيىنىڭ ھەممىسى ئىرادە ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. سىزدە تەۋرەنمەس ئىرادىنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قاراپ ماڭغانلىقىڭىزنىڭ بەلگىسى. سىز ئىرادىڭىز ئارقىلىق بوشاشماي تىرىشىڭىزلا، كىشىلىك قىممىتىڭىزنى ھەقىقىي نامايان قىلالايسىز، مۇۋەپپەقىيەت سىزگە قويىنىنى كەڭ ئاچىدۇ.

## ئاجىزلىق ئىرادىگە تەسلىم

مەھەممەت تۇرسۇن

(بايان خاراكتېرلىك ماقالە)

ئوتتۇرا مەكتەپكە يېڭىلا چىققاندا مۇئەللىم:

— ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ كەمچىلىكى نېمە؟ بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

بەزىلەر «مەغرۇرلىنىش»، بەزىلەر «يالغانچىلىق قىلىش» دېسە، يەنە بەزىلەر «ھەسەتخورلۇق قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى. مۇئەللىم:

— مېنىڭچە ئاجىزلىق، ئۇ ھەر خىل خاتالىقلارنىڭ مەنبەسى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ توسالغۇسى، — دېدى.

مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتۇۋالدىم ھەمدە ئۆز ئاجىزلىقىمنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇنى يېڭىش ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدىم.

ئويلاپ باقسام مېنىڭ ئاجىزلىقلىرىم ھەقىقەتەن ئاز ئەمەسكەن. بىرىنچى ئاجىزلىقىم شۈكى، مەن كىچىكىمدە بەكلا قورقۇنچاق ھەم ئۇياتچان ئىدىم، باشقىلار ئالدىدا ئاسانلا ئىزا تارتاتتىم، دەرس ۋاقتىدا قول كۆتۈرۈپ پىكىر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. بىر قېتىم تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە مۇئەللىم مېنى بىر تېكىستنى ئوقۇشقا بۇيرىدى، جىددىيلەشكەنلىكىمدىن پۇتۇن بەدىنىم تىترەپ، ئاۋازىمنىمۇ چىقىرالماي قالدىم، ساۋاقداشلىرىم كۈلۈشۈپ كەتتى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ بەكلا قورقۇنچاق ھەم تارتىنچاقلىقىمنى ھېس قىلدىم ۋە بۇ ئاجىزلىقىمنى تۈگىتىشكە بەل باغلىدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ دەرستىن بۇرۇن ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىپ، دەرستە تېكىست ئوقۇش ئۇچۇن تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول كۆتۈرۈپ تۇردۇم، سوئاللارغا ئاكتىپ جاۋاب بەردىم. نەتىجىدە بارا - بارا ئانچە خىجىل بولمايدىغان بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇش ۋە ئىپادىلەش قابىلىيىتىممۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ مۇئەللىمنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتىم.

مەن كېيىن يەنە بىر ئاجىزلىقىمنى ھېس قىلدىم، مەن ئازراق شۆھرەتپەرەس ئىكەنمەن، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تەنقىدلىنىشتىن بەكلا قورقىدىكەنمەن. بىر قېتىم ھامام ئۆيىمىزگە كەلدى، ئۇ ھەممىمىز تاماق يەۋاتقاندا، نەۋرە سىڭلىمنىڭ مەكتىپىمىزدە

ئۆتكۈزۈلگەن ماقالە يېزىش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. دادام ماڭا ئالىيىپ قاراپ:

— قارىغىنا، باشقىلار قانداق ئىكەن!ھەي سېنىزە... — دېۋىدى، ئىزا تارتىپ يۈزلىرىم قىزىرىپ كەتتى، دادام يەنە بىر نېمىلەرنى دېدى، قۇلىقىمغا ھېچنېمە كىرمىدى، ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. تاماقنى چالا - بۇلا يەپلا ھۇجرامغا كىرىپ بىرھازا يىغلىدىم. شۇ چاغدا تاسادىپىلا مۇئەللىمنىڭ «ئادەمدىكى ئەڭ چوڭ كەمچىلىك...» دېگەن گەپلىرى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. توغرا، نەۋرە سىڭلىم مەندىن ياخشى بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆگەنسەم بولمامدىمۇ؟ قارىغاندا شۆھرەتپەرەسلىكمۇ چوڭ بىر ئاجىزلىق ئىكەن، ئۇنىمۇ يەڭمەي بولمايدىكەن. مەن چوقۇم يېڭىمەن، جەزمەن يېڭەلەيمەن...

مەن شۇنىڭدىن كېيىن ماقالە يېزىشنى ئۆگىنىش نىيىتىگە كەلدىم، تىرىشىپ مەشىق قىلىشقا باشلىدىم. ئەمما، نۇرغۇن كىتاب ئوقۇپ، خاتىرە يېزىش، كۆپ ئىش - ۋەقەلەرنى كۆزىتىپ تەكرار يېزىش ۋە ئۆزگەرتىش ئىرادەمنى سەل ئاجىزلاشتۇرۇپمۇ قويدى. دەل شۇنداق پەيتلەردە يەنە مۇئەللىمنىڭ «ئاجىزلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كەلدى - دە، غەيرىتىمگە غەيرەت قوشۇلۇپ، ئىرادە كەمىرىم قايتىدىن چىڭىدى. ماقالە - ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇدۇم، خاتىرە يازدىم، تۇرمۇشنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىن ئېرىشكەنلىرىمنى يېزىشنى ئۈزمەي داۋاملاشتۇردۇم. ئاخىرى شەھەر بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ماقالە يېزىش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولدۇم. ئەمما، نەتىجەمنى دادامغا دەپ يۈرمىدىم، چۈنكى، ئاجىزلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىم مەن ئۈچۈن ئەڭ زور خۇشاللىق ھەم ئەڭ چوڭ مۇكاپات ئىدى.

مەن بۇ جەرياندا يەنە شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى، تەۋرىنىشمۇ ئادەمدىكى چوڭ بىر ئاجىزلىق ئىكەن. مەن ئۇنى بىلگەچكە ھەم يېڭەلىگەچكىلا نەتىجە قازىنالىدىم. شۇنداق، ئاجىزلىق ھەر خىل بولىدۇ، ئاجىزلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىش توغرىسىدىكى ھېكايىلەرمۇ ھەر خىل. نېمىلا بولمىسۇن مەن ئاجىزلىقىمنى تېپىپ چىقالىغىنىمدىن ھەم ئاجىزلىقىمنى تىرىشىپ تۈزىتەلىگىنىمدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدىم. دوستۇم، سىزمۇ ئۆزىڭىزدىكى ئاجىزلىقلارغا دىياگنوز قويۇپ باقتىڭىزمۇ؟ ھاياتىڭىزنىڭ مەنىلىك، گۈزەل ئۆتۈشىنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا ئاجىزلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. بىز بىرلىكتە ئاجىزلىقلىرىمىز ۋە ئۇلارنى يېڭىش ئۈستىدە ئىزدىنەيلى!

# 1999 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۆلچىملىك ئەسەرلەر

**V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.** (جەمئىي35 نومۇر بېرىلىدۇ)

***ماتېرىيال:*** *ئادەم ئەزالىرىنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئالىملار مېڭىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرگىلى بولامدۇ؟ دېگەن تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. چەت ئەل گېزىتلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئالىملار ئۇششاق ھايۋانلارنىڭ مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرۈش جەھەتتە نەتىجە قازانغان. ئۇلار: «مېڭىگە يېتىپ بارغان ئۇچۇرلار ھەر خىل شەرتلىك بەلگىگە ئايلىنىپ، مېڭىدىكى بىر خىل خىمىيەۋى ماددىنىڭ ئىچىدە خاتىرە بولۇپ ساقلىنىدۇ. ئەگەر بۇ خىمىيەۋى ماددىنى باشقا مېڭىگە يۆتكىسە، ئۇنىڭدىكى خاتىرىمۇ بىللە يۆتكىلىدۇ.» دەپ قارىماقتا. بىزگە مەلۇمكى، ئىنسان مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرۈش ھايۋان مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرۈشكە قارىغاندا پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپ بىر ئىش، بەلكىم بۇ ئىش مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشماس. شۇنداقتىمۇ بەزى ئالىملار بۇ ئىشنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن كۆزقاراشتا چىڭ تۇرماقتا. مۇبادا بىرەر ئادەمنىڭ مېڭىسىدىكى خاتىرىنى باشقا بىر مېڭىگە كۆچۈرسە قانداق بولۇپ كېتەر؟ قانداق ئاجايىپ ئىشلار يۈز بېرەر؟*

**تەلەپ:** «ئەگەر ئادەم مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرگىلى بولسا» دېگەن مەزمۇننى چۆرىدىگەن ھالدا بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

**ئەسكەرتىش:** ①يېزىش جەريانىدا دادىللىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ماتېرىيالدىكى مەزمۇندىن چەتنەپ كەتمىسىڭىزلا بولىدۇ. قانداق بىر تۈيغۇدا تۇرۇپ يېزىشنى ھەمدە قانداق بىر ژانىردا يېزىشنى ئۆزىڭىز تاللاڭ. مەسىلەن، مۇھاكىمە، پىكىر بايان قىلىش، فانتازىيەلىك ھېكايە، نەسىر... ئومۇمەن شېئىردىن باشقا ھەرقانداق ژانىردا يازسىڭىز بولۇۋېرىدۇ؛ ②مۇۋاپىق بىر ماۋزۇ قويۇڭ؛ ③ئەسەر مەزمۇنى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن؛ ④خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا بولسۇن.

**ئۆلگە:**

# ئەمەلىيەت - ئۈنۈم

تۇقىز سايىت

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچىڭ ئاشقانسېرى، كۈچ ھەم جاسارىتىڭ قايناپ تاشىدۇ.»*

— خاتىرەمدىن

پۈتۈن دۇنيا يەر شارىلاشقان، جەمئىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكا جەھەتلەردىن غايەت زور ئىلگىرىلەشلەر، نەتىجىلەر بارلىققا كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەتراپىمىزدا كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان يېڭىلىقلار روياپقا چىقماقتا. بىز بۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ناھايىتى ئىپتىخارلىق، سۆيۈنۈش ھەم ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلسەك، بەزىلىرىگە بولغان ئېچىنىش، نەپرەت تۇيغۇلىرىمىز ئېشىپ بارماقتا.

قارايدىغان بولساق، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تېخنىكا، ئىلىم - پەن جەھەتلەردە زور نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا، ئۆگىنىشىگە ياخشى بولغان شەرت-شارائىتلارنى ھەم قولايلىقلارنى يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ. ئالىملار قوشۇنىمۇ تېز سۈرئەتتە زورىيىپ، خەلققە پايدىلىق بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ھەم قوللىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە.

لېكىن مۇشۇنداق ياخشى نەتىجە، ياخشى قوشۇن، ياخشى يۈزلىنىشلەر ئارقىسىدا يەنە قانداقتۇر بىر خىل كىشى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ تېگىگە يېتىپ بولالمايدىغان، خام خىيال تۈسىنى ئالغان تەتقىقات تۈرلىرى مەيدانغا كېلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىماقتا.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ ئەلۋەتتە پەرقى بار، ئەڭ مۇھىم پەرقلەردىن بىرى ئاڭلىقلىققا ئىگە بولۇشتا. لېكىن ئالىملىرىمىز ھايۋانلارغا تەجرىبە ئىشلەش جەريانىدا، قانداقتۇر بۇلارنى ئادەملەرگىمۇ سىناق قىلىپ، نەتىجە قازىنىش خىيالىدىمۇ بولغان. خەلقىمىز ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار: «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە»، ھەرقانداق ئىش قىلغاندا ئەمەلىيەتچىل بولغانلارغا بۇ سۆزىمىز ناھايىتى ماس كېلىدۇ. ئەمما رېئاللىقتىن چەتنىگەن ھالدا ئىش قىلىدىغانلارغا بولسا، ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ئالىملارنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىشى، نەتىجە يارىتىشى ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، لېكىن ئۇلارنىڭ ھايۋانلارغا ئېلىپ بارغان تەجرىبىنى ئادەملەرگە چوقۇم ماس كېلىدۇ دەپ قارىشى تولىمۇ بىمەنىلىك. ھەقىقەتەنمۇ ئىنسان

مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرۈش ھايۋان مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرۈشكە قارىغاندا پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپ بولغان ھەم ئەمەلگە ئېشىشى تولىمۇ مۇشكۈل بولغان بىر ئىش. ئەگەر ئادەم مېڭىسىدىكى خاتىرىنى راستتىنلا كۆچۈرگىلى بولسا، شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ھاياتلىق پەيدا بولدى دېگەن گەپ. ئۇ چاغدا ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بولامدۇ؟ بۇنىڭغا بەلكىم كىشىلەرنىڭ تۇتقان پوزىتسىيەسى ھەم كۆز قارىشى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، ھەر خىل قاراشلارنىڭ جاۋابىنى يىغىنچاقلىغاندا، بۇ ئىشقا ئىنسانلارنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ، دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ. ئەگەر راستتىنلا ئادەم مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرگىلى بولسا، ئۇ چاغدا سىزنىڭكىنى ئەكېلىپ ماڭا كۆچۈرسە، مېنىڭكىنى ئاپىرىپ باشقىلارغا كۆچۈرسە، ناھايىتى كۆپ ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، مەسىلەن، سىز بىر مەخسۇس ئاخبارات ئوغرىلاش ئۈچۈن باشقا دۆلەتتىن دۆلىتىمىزگە كىرگەن خادىم بولغان بولسىڭىز، سىز بايقىلىپ قېلىپ بىز مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇشۇ تەجرىبىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، سىزنىڭ مېڭىڭىزدىكى خاتىرىنى باشقا بىر ئادەمگە كۆچۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، ھەم ئوخشاشلا سىز بىلەن ئوخشاش ۋەزىپىدە يەنە ئۆز دۆلىتىڭىزگە چىقارسا، ئۇ چاغدا ناھايىتى كۆپ ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى ھەم مېڭىڭىزدىكى بارلىق مەخپىيەتلىكلەرگە ئېرىشىپ تېخىمۇ زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇنىڭ نۇرغۇن تەرەپلەردىكى پاسسىپ تەسىرىنىمۇ ئويلاشماي بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ھەربىر كىشى ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك زۆرۈر مەسىلە. ئەلۋەتتە ئالىملارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىنى، ياخشى بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش، ئىقتىسادتىكى تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ھەم ماختاشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتىن، رېئاللىقتىن ئايرىلغان ھالدا كىشى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ ئۈلگۈرەلمەيدىغان ئىزدىنىشلىرىگە، قوللاشتىن قارشى تۇرۇش كەيپىياتى كۆپرەك بولۇشى كېرەك.

ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، بۇ بىر ئەمەلگە ئاشمايدىغان، قۇرۇق خام خىيالدىن ئىبارەت ئىش. ئومۇملاشتۇرغاندا، كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدا مەيلى قانداقلا ئىش قىلمايلى ئەلۋەتتە تىرىشىش، ئىزدىنىش كېرەك. لېكىن چوقۇم ھەممىسىدە ئەمەلىيەتنى ئۆلچەم قىلىش، ئەمەلىي ئىش كۆرۈش زۆرۈر. ئۇنداق بولمايدىكەن، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىق ياخشى ئۈنۈم بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ قارشىلىق كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ، ناچار كەيپىياتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ناتايىن.

## خاراكتېر

تاھىرجان مۇختەر
(ھېكايە)

مەركىزىي شەھەرنىڭ نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدىكى بىر پېشقەدەم

مۇتەخەسسىس پىنسىيەگە چىقىشنىڭ ئالدىدا ئالاھىدە بىر تەجرىبە ئىشلەپ، نەتىجە قازانماقچى بوپتۇ.

بۇ تىپىك نىرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى بولۇپ، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا ساراڭلارنى داۋالايدىكەن. تۇرمۇشتا بۇنداقلار كۆپقۇ، خۇدا ساقلىسۇن ئۇلار گېزى كەلسە بىرەر يېرىمىزنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىشتىن يانمايدۇ.

ھېلىقى پېشقەدەم مۇتەخەسسىس پىنسىيەگە چىقىمەن دەپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە، يۇقىرىقىدەك بىر كېسەل كەپقاپتۇ. قارىسا ساق، بىراق، ساقمىكىن دېسە ئۇنداق ئەمەستەك...

ئۇ پېشقەدەم مۇتەخەسسىسنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان مۇنداق بىر غەلىتە ئويى بار ئىكەن: ئۇنىڭ قارىشىچە ئىنسانلار مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرگىلى بولارمىش. بۇ يۇقىرى، نازۇك تېخنىكا. بۇنىڭدا جۈرئەت ۋە ئىشەنچ بەكمۇ مۇھىم.

بىر تەرىسا كېسەلنىڭ كېلىشى، كېسەلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىمارنى سەل ياۋاشلىتىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىشى، دوختۇرخانىدىكى يەنە بىر ياۋاش كېسەلگە ئاچچىق كىرگۈزۈپ قويۇش بىلەن ماس كەپتۇ ۋە دوختۇرنىڭ ئاشۇ غەلىتە ئويىنى سىناپ بېقىشقا پۇرسەت بوپتۇ.

پېشقەدەم مۇتەخەسسىس بىرقانچە كۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، بىر كۈنى ئوپېراتسىيەگە كىرىپتۇ. ئون سائەتكە سوزۇلغان مۇرەككەپ ئوپېراتسىيە خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك بوپتۇ، تەرىسانىڭ مېڭىسىدىكى تەرىسا خاتىرىلەر ساقلانغان مېڭە ماددىسىنى قىرىۋېلىپ، ئاندىن ياۋاشنىڭ مېڭىسىدىكى مېڭە ماددىسىنىمۇ قىرىۋاپتۇ - دە، ئالماشتۇرۇپ سېلىپ قويۇپتۇ. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن بىرقانچە كۈنگىچە ھېچ گەپ يوق، مەغلۇپ بولدۇممۇ نېمە؟ دەپ يۈرسە غەلىبىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلاپتۇ. تەرىسانىڭ كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ چېچىلىدىغان خۇيى ئاجىزلاپ، ياۋاشنىڭ خورىكى يوغىناپ قاپتۇ. ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمەيدۇ - دە، بۇ تېخى دەسلەپكى نەتىجە. پېشقەدەم مۇتەخەسسىسنىڭ قارىشىچە، ئاشۇ مېڭە ماددىسى خاتىرىنى ساقلاپ قالمايلا يەنە مىجەز - خۇلقنىمۇ ساقلايدىكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپتىكەن، ئۇلارنى دوختۇرخانىدىن چىقىرىۋېتىپ، بىر مەزگىل تەكشۈرسە ياخشى بولارمىش.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار دوختۇرخانىدىن چىقىپتۇ، پېشقەدەم مۇتەخەسسىسمۇ تەكشۈرۈشنى باشلاپتۇ. بىر مەزگىللىك تەكشۈرۈشتىن كېيىن قىلغان ئىشىدىن بەكمۇ ئۈمىدسىزلىنىپتۇ.

— ھەي، — دەپتۇ ئۇ، — يەنىلا ھەر كىمگە ئۆزىنىڭ خاراكتېرى بولۇشى زۆرۈر ئىكەن. مېڭە خاتىرىسىنى ئالماشتۇرسا بولمايدىكەن، ئالماشتۇرمىسا بولمايدىغان ئەھۋال بولسا، كىچىكلىكىدە بولسا بولىدىكەن، بولمىسا ئۇ كىشىگە ئازاب ئېلىپ كېلىدىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەپتۇ.

نېمىشقا دېمەمسىز؟ ئەسلىدە ھېلىقى تەرىسا بىر يارامىلىق پۇتبول رېپىرى ئىكەن، يېڭىۋالغان تەرەپنىڭ تەكەببۇرلارچە خۇشاللىقى، يېڭىلگەن تەرەپنىڭ رېپىرنىڭ ئادىللىقاندىق قائىدىگە خىلاپ تەرەپلىرىگە سۈكۈت قىلغانلىقى، كۆرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن مۇشۇنداق نەتىجە كېلىپ چىققانلىقى ئۈستىدىن قىلغان ئاچچىق ئەيىبلەشلىرى، ناھەق يولسىزلىقلىرى

ئۇنى بارا - بارا مۇشۇنداق تەرسا قىلىپ قويغانىكەن. ئۇ ياۋاش مىجەزلىك بوپقالغاندىن كېيىن، ئۇ تەرەپ بىرنېمە دېسىمۇ «ھەئە»، بۇ تەرەپ بىرنېمە دېسىمۇ «ھەئە» دەپ يېگىش - يېگىلىش ئايرىلماي، بەك كۆپ قالايمىقانچىلىقلار چىقىپ، خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

ھېلىقى ياۋاشمۇ ئەسلىدە بىر ئىدارىنىڭ كاسسىرى ئىكەن، ھېساباتنى توغرا قىلىسا باشلىقنىڭ ئاچچىقى، خاتا قىلىسا ۋىجدانى بىلەن كېلىشەلمەي، بىر مەزگىل ئۇنىسىز خىيال بىلەن يۈرۈپ، دەسلەپكى ئېغىر مىجەز، كېيىنكى گوموشلۇق، ئاخىرى باشلىقتىن قورقۇپ «قارا»نىمۇ ئاق دەپ خاتىرىلەۋېرىپ، گۇناھقا پاتقانسېرى تېخىمۇ ئىچ مىجەز بولۇپ، ئاقىۋەت مۇشۇنداق ياۋاش بولۇپ قاپتىكەن. ئۇ تەرسا مىجەزلىك بوپقالغاندىن كېيىن، باشتا باشلىقىغا سەل - پەل ئۆرە قوپۇپتۇ، ئاخىرى باشلىققا ياندىغان ھالەتكە يېتىپ خىزمىتىدىن ئايرىلىپتۇ.

پېشقەدەم مۇتەخەسسىس تولا ئويلاپ، بىر كۈنى ئىككىيلەننىڭ ئۆيىدىكىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قايتا ئوپېراتسىيەگە كىرىپتۇ - دە، ھېلىقى ئالماشتۇرغان خاتىرىلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئەسلى ئورنىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئەسلىگە كەپتۇ. بۇنىڭدىن ئۆيىدىكىلىرى خۇش بوپتۇ. چۈنكى، ئۇلار مىجەزى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆنەلمەپتۇ. راست ئەمەسمۇ؟ كۆنۈپ قالغان يامانده.

دوختۇرمۇ خۇش بوپتۇ. چۈنكى، ئۇ كەسپكە ئائىت بىر غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. بۇ غەلىبە ئەمدى باشقىلارنى ئۆزگە ئوخشاش ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلاپ قالالايدىكەن.

ھېلىقى تەرسا باشتا تېگىرقاپ قاپتۇ، ئويلاپ ھېچبىر تېگىگە يېتەلمەي، بەلكىم تەقدىرنىڭ چاقچىقىدۇر... دېگەن خۇلاسىگە كەپتۇ.

ھېلىقى مۆمىنچۇ؟ ئۇ شۇنچە ياۋاش تۇرسا، بۇ ئىشلار چوش كۆرگەندەك بىلىنگەندۇ بەلكىم.

## ھالۋا يېگەن ئېشەك

ئايگۈل نۇرمەت

(چۆچەك)

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، زامانىنىڭ زامانىسىدا سۇيى ئەلۋەك، خەلقى باي - باياشات، جان - جانىۋارلىرى ئىناق - ئىتتىپاق، پادىشاھى كېلىشىملىك بىر يۇرت بولغانىكەن، پادىشاھ ناھايىتىمۇ دانىش، ئادالەتلىك بولغاچقا يۇرت خەلقىلا ئەمەس، جان - جانىۋارلارمۇ ئۇنىڭدىن تولىمۇ رازى ئىكەن. ئادەملەرنىڭ جان - جانىۋارلاردىن، جان - جانىۋارلارنىڭ

ئادەملەردىن نارازىلىقى يوق ئىكەن، ئادەملەر جانىۋارلارنى سولاپ قويمايدىكەن، جان - جانىۋارلارمۇ ئادەملەردىن قاچمايدىكەن. شەھەر كوچىلىرىدا ھەممە باب - باراۋەر ياشايدىكەن. ئادەملەرنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى چىقىپ قالغاندا يولدا كېتىۋاتقان خالىغان ھايۋانغا ئېيتسىلا ياردەم قىلىدىكەن، ئادەملەرمۇ ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقى بولغان سامان، يەملىرىنى يول - يوللارغا قويۇپ قويىدىكەن. ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن بەند ئىكەن.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېشەكلەر توپىدىن ناھايىتى ھۇرۇن، ئاش بولسا ئىش بولمىسا، ياز بولسا قىش بولمىسا، جاھاندا بىز ئېشەكلەرلا بولساق باشقىلار بولمىسا، بىزگە ئىنسانلار ئەمەس، ئېشەكلەر پادىشاھ بولسا دەپ ئويلايدىغان دۆت، يامان نىيەتلىك ئېشەكتىن بىرسى چىقىپ قاپتۇ. ئۇ كۈن بويى يېتىپ ئۇخلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن، ئىچى پۇشۇپ قالسا باشقىلار ئارىسىدا سۆز - چۆچەك تارقىتىپ خۇشاللىق تاپىدىكەن، ئىنسانلار ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىششىنى ئېيتسا ماقۇل دەيدىكەنۇ، قەستەن چاتاق چىقىرىپ ئىشنى بۇزۇپ قويىدىكەن. ئىنسانلار «نېمىشقا بۇزۇپ قويىدۇڭ» دەپ سورىسا قەستەن قىلمىغانلىقىنى، ئۆزىگە ئۇۋال بولغانلىقىنى ئېيتىپ يالغاندىن يىغلاپ تۇرىدىكەن. ئۇ چاغلاردا ئىشەنچسىزلىك دېگەن نەرسە يوق بولغاچقا ئىنسانلار ئۇ ئېشەكنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، بۇزۇلغان ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىدىكەن، ئېشەك بولسا ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن پەخىرلىنىپ سۆزلەپ يۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئېشەكنىڭ يامان ئادەتلىرى ئېشەكلەر ئاقساقىلىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ - دە، ئۇنى چاقىرىپ نەسىھەت قىپتۇ، ئېشەك ماقۇل دەپتۇ - يۇ، ئەمما يەنىلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ يۈرۈپتۇ. ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ئىشىغا بولغان چاتاقلىرىنى گاھىدا يوشۇرۇن، گاھىدا ئوچۇق قىلىپتۇ، ئېشەك ئاقساقىلىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى سوراق قىلىپتۇ:

— سەن نېمىشقا قېرىنداشلىرىڭ ئارىسىدا سۆز - چۆچەك تارقىتىپ ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىسەن؟

— ئۆز خۇشاللىقىم ئۈچۈن.

— نېمىشقا ئىنسانلارغا قايتا - قايتا بۇزغۇنچىلىق قىلىسەن؟

— ئۆز خۇشاللىقىم ئۈچۈن.

ئېشەك ئاقساقىلى بۇنداق سوراق قىلىۋەرسە قىلچىمۇ پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ ھەمدە يەنە نەسىھەت قىلىپتۇ: «سەن تېخى كىچىك، نۇرغۇن ئىشلارنى چوڭ بولغاندا بىلىسەن، ئەمما سەن ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى ھازىردىن باشلاپ بىلىۋېلىشىڭ كېرەك، سەن بىر ئېشەك سېنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇخلاپ، باشقىلار ئارىسىغا ئىتتىپاقسىزلىق تېرىپ، ئىنسانلارنىڭ ياردەم قىلىش تەلىپىنى رەت قىلىپ خۇشاللىق ئىزدەش ئەمەس. بىز كۈنىدە سامان، ئوت - خەشەك يېسەكمۇ ئىنسانلاردىن چىدامىلىق ھەم ئىشچان، ئىنسانلار كۆتۈرەلمىگەننى بىز ياردەملىشىپ كۆتۈرۈشۈپ بېرىمىز، ئىنسانلار قىلالمايدىغان ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى بىز قىلىشىپ بېرىمىز، بۇنىڭ بەدىلىگە ئىنسانلار بىزگە يېمەك - ئىچمەكلىرىمىزنى تەييار قىلىپ بېرىدۇ. سەن قالايمىقان خىياللاردا بولماي ئۆزۈڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىل.» ئېشەك

ئاقساقىلىنىڭ گېپى ئېشەكنىڭ ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىدا بۇ ئېشەك «بىز نېمىشقا ئىنسانلارغا ياردەم قىلىمىز؟» دېگەننى ئويلاپ ئىنسانلارنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ، قارىسا ئىنسانلار ناھايىتى تاتلىق نەرسىدە ناشتا قىلغۇدەك، ئۇششاق باللار تاتلىقلىقىدىن ئېغىزلىرىنى تامشىتىپ يېگۈدەكمىش. ئۆزلىرى بولسا كۈندە ھېلىقى سېرىق سامانىنى يەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەخەيچاقلاردىن بىرەرسىنىڭمۇ تالىشىپ ئېغىزلىرىنى تامشىتىپ يېگىنىنى كۆرمەپتۇ. ئېشەكنىڭ بۇ ئىشقا ناھايىتى قورسىقى كۆپۈپتۇ. «ئىشنىڭ ئېغىرىنى بىز قىلىشىپ بەرسەك، يۈكنىڭ ئېغىرىنىمۇ يەنىلا بىز كۆتۈرۈشۈپ بەرسەك، نېمىشقا بىزنىڭ يەيدىغىنىمىز تاتلىق ئەمەس؟»، نادان ئېشەك ئويلىنىپ - ئويلىنىپ ئاخىرى يۇرت پادىشاھىغا ئەرز قىلماقچى بوپتۇ ھەمدە سەپەرگە چىقىپتۇ، يولنىمۇ ناھايىتى ئاستا مېڭىپتۇ، ئۇ ئوردىغا يېتىپ كېلىپ پادىشاھقا يىغلاپ تۇرۇپ دەردىنى تۆكۈپتۇ:

— داد، پادىشاھى ئالەم، ئالەمنىڭ يورۇق يۇلتۇزى، جان - جانىۋارلارنىڭ، ئىنسانلارنىڭ باش پاناھى، ئەرزىم بار...

پادىشاھ ئېشەكنىڭ ھۆكرەپ يىغلىشىغا تەئەججۈپلىنىپ:

— سۆزلە، نېمە دەردىڭ بولسا ئېيت، — دەپتۇ.

— پادىشاھى ئالەمگە مەلۇم بولغاي، مەنكى ئېشەك ئىنسانلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلدىم! — دەپتۇ ئېشەك.

پادىشاھنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئېشىپ:

— نېمە ئىش؟! — دەپ سوراپتۇ.

— بىز ئېشەكلەر سىلىنىڭ ئادالەت نۇرلىرى ئاستىدا ئىنسانلار بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق، خاتىرجەم ياشاپ ئۆزئارا ياردەملىشىپ كەلگەنىدۇق، ئەمما ئىنسانلار قەدرىمىزنى بىلمەي ئۆزلىرى يۇمشاق، تاتلىقنى يەپ، بىزگە قاتتىق، يىرىكنى بەردى، — دەپتۇ ئېشەك نارازىلىق بىلەن.

پادىشاھ نېمە ئىشلىقنى بىلىپ كېلىشكە بىر ۋەزىرىنى ئەۋەتىپتۇ ھەمدە ۋەزىرىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق كۈلۈپتۇ، ئەسلىدە ئىنسانلار ھەر ئەتىگىنى ھالۋا دېگەن تائامدا ناشتىلىق قىلىدىكەن، ھالۋا ناھايىتى تاتلىق، يېيىشلىك ھەم سىڭىشلىك بولغاچقا، كىچىك باللار بەكلا ياقتۇرىدىكەن، ئۇلار يېسە ئېغىزلىرىنى تامشىتىپ يەيدىكەن.

پادىشاھ، ئۆز ئەسلىنى، خاراكتېرىنى ئۇنتۇپ ئىنسانلارچە ياشاشنى ئارزۇ قىلغان بۇ نادان ئېشەككە ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئۆزى بولدى دېگۈچە كۈندە ئۈچ ۋاق ھالۋا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ھەممە نەرسە ئۆز خاراكتېرى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، خاراكتېرىنى يوقاتسا مەۋجۇتلۇقىمۇ يوقايدۇ، بىر تال يىپنى مىسال قىلساق يىپنىڭ خاراكتېرى بىرەر نەرسىنى بوغۇش ھەم تىكىش، ئەگەر يىپ بۇ خاراكتېرىنى يوقاتسا ئۇنى نېمىگە ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟

شۇنداق، ھېلىقى ئېشەكمۇ پادىشاھ ئوردىسىدا يېتىپ كۈندە ئۈچ ۋاق ھالۋا يەپ تولۇمدەك سەمرىپ تالا - تۈزگىمۇ چىقالماس ھالەتكە يېتىپتۇ، تالا - تۈزگە چىقالمىغانىنىڭ ئۈستىگە ھالۋىدىنمۇ زېرىكىپتۇ، پادىشاھقا ھالۋىدىن زېرىككەنلىكىنى ئېيتىشتىن ئۇيۇلۇپ ئەكىرگەن ھالۋىنى يەرگە كۆمۈۋېتىپتۇ، ئۆزى بولسا ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۆز خاراكتېرىنى يوقاتقان، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇغان بۇ نادان ئېشەك مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ ھالۋا توگول ساماندىنمۇ قۇرۇق قاپتۇ.

## دورامچى قاغا

بۇزەينەپ ئابلىز
(مەسەل)

گۈلستان ئورمانلىقىدىكى ھايۋانلار كۆكۆل ئېچىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرماقچى بوپتۇ. بۇ پائالىيەتتە مەيلى ئۇچار قۇش، مەيلى ھاشارات ۋە ياكى باشقا ھايۋانات بولسۇن ھەربىرىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بىردىن نومۇر كۆرسىتىپ بېرىشى شەرت ئىكەن. شۇنداق قىلىپ كۆكۆل ئېچىش پائالىيىتى باشلىنىپتۇ. بۇ پائالىيەتكە زۇلال تاغدىكى خۇش ئاۋاز بۇلبۇلمۇ تەكلىپ قىلىنىپتۇ. پائالىيەتنىڭ كۆن تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە رىياسەتچىلىك قىلىشقا سۆزمەن سېرىق قۇشقاچ بەلگىلەنگەنىكەن. پائالىيەتنىڭ باشلانغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سېرىق قۇشقاچ:

— كۆپچىلىك بۈگۈن ھەممەيلەن بۇ يەرگە يىغىلدۇق. تۇرمۇشىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆكۆللۈك بولۇشى ئۈچۈن پائالىيىتىمىزنى «گۈللە ئورمان» ئومۇمىي خورى بىلەن باشلىساق قانداق؟ — دەپتۇ.

ھەممەيلەن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىلەن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. «بوز تورغاي» خور ئۆمىكى ياڭراق ئاۋازى بىلەن ئورماننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ نومۇرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كۆپچىلىك بىر - بىرلەپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپتۇ. نۆۋەت يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى ھېسابلىنىدىغان قاغىغا كەپتۇ. قاغىنىڭ سەھنىگە چىققىنىنى كۆرۈپ تاماشىبىنلار تولىمۇ خۇشال بولۇشۇپتۇ. ئۇ ھەممەيلەن ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان«مەن يۇرتۇمنى سۆيىمەن» دېگەن ناخشىنى باشلاپتۇ. ناخشىنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئېيتقاچقا كۆپچىلىك ناھايىتى ھاياجانلىنىپتۇ.

قاغىنىڭ نومۇرى تۈگىگەندىن كېيىن، سېرىق قۇشقاچ بۇلبۇلنىمۇ بىر نومۇر كۆرسىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ. كۆپچىلىك بۇلبۇلنى قانداقراق ماھارەت كۆرسىتەركىن دەپ پۈتۈن دىققىتىنى سەھنىگە مەركەزلەشتۈرۈپتۇ. بۇلبۇل خۇش ئاۋازى بىلەن چاڭىلداپ سايراپ سورۇن كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھەممەيلەن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ.

پائالىيەت ئاخىرلىشىپتۇ، بىراق قاغا ھېچ يەرگە مىدىرلىماپتۇ. ئەسلىي ئۇ بۇلبۇلنىڭ يۈكسەك مەدھىيەلەرگە نائىل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇلبۇلدىنمۇ ئېشىپ چۈشۈش ئۈچۈن چوت سوقۇۋاتقانىكەن. ئۇ يۈزىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇلبۇل قەيەرگە بارسا شۇيەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئوغرىلىقچە ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ

ئۆتۈشكە ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ قانچە قىلسىمۇ بۇلبۇلنى دورىيالمايدىغانلىقىنى، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىپ، خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىپتۇ. بىراق ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ. ئۇ ئۆز ئۇسلۇبىدا ناخشا ئېيتماقچى بولغانىكەن، «قاق، قاق»دىن باشقا ئاۋاز چىقماپتۇ. ئەسلىي ئۇ بۇلبۇلنى دورايمەن دەپ ئۆزىنىڭ سايراش ئۇسلۇبىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ قاغا پەقەت «قاق، قاق» دەپ سەت سايرايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىشنى بىلگەن باشقا ھايۋانلار: «ئۆز خاسلىقىڭنى ساقلاپ قالساڭ بولاتتى، ئىسىت بىچارە قاغا» دېيىشىپتۇ.

بۇ مەسەل بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، باشقىلارنىڭكىنى ئۆگەنسەك بولىدۇ، بىراق قارىغۇلارچە دوراپ ئۆز خاسلىقىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

## ئەگەر ئادەم مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرگىلى بولسا...

ھەۋزىخان ئىسلام

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«بىر يەر شۇ يەردە ياشىغۇچىلار سەۋەبلىك ئېسىل بولىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئەكسىچە بولمايدۇ.»*

— خاتىرەمدىن

نۆۋەتتە پەن - تېخنىكا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يوق تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە يېڭى-يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ، سەھىيە داۋالاش ئىشلىرى ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، ئىلگىرى داۋالاش مۇمكىن بولمايدىغان كېسەللەر ھازىر ئىنتايىن ئاسانلا ساقىيىدىغان بولدى. ئەمدىلىكتە كىشىلەر ئاغرىپ قېلىشتىن، كېسەللىنىڭ ساقايماي قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەزا كۆچۈرۈش يېڭى تېخنىكىسى مەيدانغا كېلىپ، ئىنسانلارنىڭ بەختەرلىك تۇيغۇسى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتىدۇ. مەسىلەن: ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا قارايدىغان بولساق، نەچچە يىللار ئىلگىرى كىچىك باللار يۆتەل، قىزىتما قاتارلىق ئادەتتىكى كېسەللەر بىلەنمۇ ساقىيالماي ئۆلۈپ كېتىدىغان، مېيىپ بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ھازىر بولسا ئاتا - ئانىلارمۇ باللىرىنى قانداق داۋالاشنى ئاز-تولا بىلىپ، ۋاقتىدا داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يۇقىرىقىدەك يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلانماقتا.

پەن - تېخنىكا ۋە سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەزا كۆچۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئادەملەرنى غەم - ئەندىشىلەردىن خالاس قىلدى. ئەزالارنىڭ كەمتۈك ياكى غەيرىي بولۇش، زەخمىدە ياكى ھادىسىلەردە يارىلىنىشىنى

ساقايتىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەنسىرەيدىغان ئىش قاتارىدىن چىقىپ كەتتى. چىراي، جىنس، پاسپورت ئۆزگەرتىش قاتارلىق تېخنىكىلار كىشىلەرنىڭ ئېھتىياج، ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى.

سەھىيە ئىشلىرى ئىنتايىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، لېكىن ئۆلۈمگە ھېچقانداق ئامال تېپىلغىنى يوق. شۇ سەۋەبتىن بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇ - ئارمانلىرى رېئاللىققا ئايلانماي يېرىم يولدا توختاپ قالدى. پەن - تېخنىكا خادىملىرى، ئالىملار، ئۇلۇغ شەخسلەر ئۆلۈمگە ئامالسىز قالدى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر سەۋەبىدىنمۇ ئۆلۈم - يېتىملەر كۆپەيمەكتە.

ھازىر ئادەم ئەزالىرىنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئالىملار ئادەم مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرگىلى بولامدۇ - يوق؟ دېگەن تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ باردى، ئالدى بىلەن ھايۋانلارنىڭ مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرۈش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇلار: «مېڭىگە يېتىپ بارغان ئۇچۇرلار ھەر خىل شەرتلىك بەلگىگە ئايلىنىپ مېڭىدىكى بىر خىل خىمىيەۋى ماددىنىڭ ئىچىدە خاتىرە بولۇپ ساقلىنىدۇ. ئەگەر بۇ خىل خىمىيەۋى ماددىنى باشقا مېڭىگە يۆتكىسەك، ئۇنىڭدىكى خاتىرىمۇ بىللە يۆتكىلىدۇ» دەپ قارىماقتا.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئادەم مېڭىسىدىكى خاتىرىنى يۆتكەش ھايۋان مېڭىسىدىكى خاتىرىنى يۆتكىگەنگە قارىغاندا پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپ ئىش. لېكىن سەھىيە پەن - تېخنىكىسى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ئادەم مېڭىسىدىكى خاتىرىنىمۇ ئۆزئارا كۆچۈرۈشكە مۇمكىن بولسا، ئۇ ھالدا بىزدە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەر ئوڭايلا ھەل بولغان بولاتتى. يەنى ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلگەن، لېكىن ئىنسانىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتقان پەن تەتقىقات خادىملىرى، ئالىملار، مەشھۇر شەخس، پەيلاسوپلارنىڭ خاتىرىسىنى باشقىلارغا كۆچۈرۈۋالساق، ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى داۋاملاشتۇرغىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەبىنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىغان ياكى ئېنىقلاش قىيىن بولغان جىنايەتكە ياتىدىغان ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبى قاتارلىقلارنى ئوڭايلا ئىگىلەپ، جىنايەت كېلىپ چىقىش نىسبىتىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرگەن بولاتتۇق...

ھەممە نەرسىنىڭ ياخشى - يامان تەرىپى بولغانغا ئوخشاش، يۇقىرىدىكى ئىش ئەمەلگە ئاشسا بەلكىم ياخشى بولمىغان نەتىجىلەرمۇ پەيدا بولۇشى مۇمكىن. يەنى كىشىلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى، ئىچكى سىرىنى ساقلاش ئىشى يوققا چىقىشى مۇمكىن. يامان تەرىپىدىن قورقۇپ بۇ تەتقىقات داۋاملاشمىسا، ئۇنىڭ پايدىلىق تەرىپىمۇ چەتكە قېقىلغان بولىدۇ. شۇڭا پەن تەتقىقات ۋە سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئادەم مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرۈش ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نۆۋەتتىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى.

# ئەگەر شۇنداق بولسا...

رىزۋانگۈل ئابدۇۋەلى
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ھايۋانىنىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە.»*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ئادەم مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرگىلى بولسا جەمئىيىتىمىزدە قانداق ئەھۋال-ھالەتلەر شەكىللىنىپ قالار؟ بىزدىكى ئاڭ، كۆزقاراشلار پۈتۈنلەي ئوخشاپ قالارمۇ ۋە ياكى قان - قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن بىر - بىرىمىزنى كۆرەلمەسلىك، پىتنىخورلۇق، ھەسەتخورلۇق... ئىللەتلىرىمىز مىڭ جاپادا ئىگىلىگەن بىلىملىرىمىزنىڭ ئورنىنىمۇ ئىگىلەپ كېتەرمۇ؟...

گېزىتتىن «ئالىملار ئادەم مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، خىيال كەپتىرىم تۇيۇقسىز يۇقىرىقى سوئاللار تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. خەۋەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلايچۇ دېگەن ئويۇم بىردىنلا غايىب بولدى. ھېچقانداق مەقسەتنى ئاساس قىلماي تۇرۇپ قىلغان بۇ خىيالىم كۆزلىرىمدىكى ئۇيقۇنى قەيەرلەرگىدۇر قوغلىۋەتكەندەك قىلاتتى. مەن بۇ تەسەۋۋۇرلىرىمدىن خېلىلا چۆچۈش ھېس قىلدىم. ئەتراپىمىزدا يېڭى - يېڭى مېدىتسىنا نەتىجىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقى بىر ھەقىقەت، ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ كۆز يۇمالمايدۇ. شۇڭا پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلىپ، ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى ئىسپاتلانمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

ئىنسانلاردا ئىزدىنىش ئەزەلدىن توختاپ قالمىغان ھەم توختاپ قالمايدۇ. بىز ئەزەلدىن تەبىئەتكە ئۆزلىرىمىزنىڭ غوجايىن ئىكەنلىكىمىزنى ئەسلىتىپ ۋە شۇ ھوقۇقىمىزنى تەبىئەتكە ئىشلىتىپ كەلدۇق. دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزىمىزنىڭ تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇغاندەك ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئاساس قىلىپ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندۇق ھەمدە ئازراق نەتىجىگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە يەر شارىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئىسسىپ كېتىشى، ئورمانلارنىڭ ئازىيىشى بىلەن ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى... قاتارلىق تەھدىتلەرنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىۋالدۇق. ئەمدى بولسا يۈكسىلىش ئۈچۈن تىرىشىمىز دەپ جار سالساقمۇ بۇرۇنقى يېتەرسىزلىكىمىزنى تولۇقلاشقا كېتىۋاتقان كۈچ ۋە سېلىنما كەلگۈسىدىكى غەلىبە ۋە نەتىجىگە سېلىنىۋاتقان كۈچ ۋە سېلىنمىغا قارىغاندا خېلىلا كۆپ بولماقتا.

ئەگەر ئادەم مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرگىلى بولسا، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆمرى ئاخىرلىششقا ئاز قالغان ئەمما تەپەككۇرى ئوچۇق، پىكرى ئۆتكۈر، يىراقنى كۆرەر، بىرنەچچە ئادەمنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن كىشىلەرنىڭ قابىلىيىتىدىن

ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ پايدىلانغىلى بولىدۇ؛ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، تەخسكەشلىك، يالاقچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغانلار، باشقىلارنىڭ خانىۋەيرانچىلىقى، پاجىئەلىك ئاقىۋىتى بەدىلىگە ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغانلار، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈشكە ئامراقلاردىكى بىمەنىلىكلەرنى ئايرىپ ئېلىۋەتكىلى بولارمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە!

بىر مېڭىدىن يەنە بىر مېڭىگە كۆچۈرۈلگەن خاتىرە ئەسلىدىكى مېڭىدىكى خاتىرە بىلەن ئورگانىك بىر گەۋدىگە ئايلىنالامدۇ؟ ئۇلار ماگنىتنىڭ ئوخشاش قۇتۇپلىرىدەك ئۆزئارا تېپىشماسمۇ؟ بىز بۇرۇنقى خاتىرىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىپ ساقلاۋەرسەك، باشقا يېڭىلىقلار يەنىلا بارلىققا كېلەلەرمۇ؟... مۇبادا شۇنداق بولسا ئىنسانلارغا پايدىلىق شارائىتلار كۆپلەپ بارلىققا كېلەرمۇ؟ سەلبىي خاراكتېر، ئىش - ھەرىكەتلەر پۈتۈنلەي يوقىلارمۇ؟ جەمئىيىتىمىز ئۆزگىرىپ قانداق بولۇپ قالار - ھە؟...

ئەگەر شۇنداق بولسا...

# 2000 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىهان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر

**V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.** (جەمئىي 35 نومۇر بېرىلىدۇ)

*ياشلىقىمدا ئىلىم - پەن ئۆگەنمىدىم،*
*بىلىپ تۇرۇپ قەدرىگە يېتەلمىدىم.*
*بىكار كەتتى قىران چېغىم ئىزدەنمىدىم،*
*قەدرىگە يەتكەن چېغىم تۇتالمىدىم.*

يۇقىرىدىكى شېئىردىن پايدىلىنىپ «پۇرسەت ۋە تىرىشچانلىق» دېگەن تېمىدا بىر پارچە مۇهاكىمە ماقالىسى يېزىڭ.

تەلەپ:

①ماقالىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ئېنىق، دەلىل ئاساسلىرى قايىل قىلارلىق، باش - ئاخىرى ئۆزئارا ماسلاشقان بولسۇن؛

②ماقالىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىخچام، ئابزاسلىرى ئېنىق، ئىملاسى توغرا، خېتى چىرايلىق، تىنىش بەلگىلەر جايىدا قويۇلغان بولسۇن؛

③ماقالىنىڭ ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

**ئۈلگە:**

## پۇرسەت ۋە تىرىشچانلىق

قاهار تاهىر
(مۇهاكىمە ماقالىسى)

*«بىر قولۇڭغا ئوت ئال، بىر قولۇڭغا سۇ.»*
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ياشلىق — هاياتنىڭ ئالتۇن پەسلى. بۇ ۋاقىتتا ئۆگەنگەن بىلىم چىرىمەس ئالتۇندەك

ئىنسانغا ئۆمۈربويى مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ئۇ ھاياتلىق ئالەمىنىڭ گۈلىستان بېغى، ئۆمۈر بۇلبۇلىنىڭ زوق-شوخ بىلەن سايرايدىغان ناۋاكەش چېغى. ئۇنىڭغا ھاياتلىق تىلسىمىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى يوشۇرۇنغان.

ياشلىق — قىممىتى بىباھا پۇرسەت، ئۇ ئىنسانغا بىرلا قېتىم كېلىدۇ. بۇ پۇرسەتنى قانداق تۇتۇش، قانداق پايدىلىنىش ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە باغلىق، ئەلۋەتتە!

تىرىشچانلىق — ياشلىق تۇلپارىنىڭ زۆرۈر ئوزۇقى. ياشلىق تۇلپارى تىرىشچانلىق ئوزۇقى بىلەن باراقسان كۆكلىگەن توغراقتەك ياشىرىپ، ھاياتلىق سەپىرىگە ئالتۇن تامغىسىنى باسىدۇ. ئۇ دەل ھاياتلىق تىلسىمىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى قازىدىغان، ئىلىم-پەن ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا ئېلىپ بارىدىغان ئىزدىنىش روھى. ئۇنداقتا ياشلىق پۇرسىتىدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك؟

مېنىڭچە، ئالدى بىلەن ياشلىقنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىش ۋە قىران ياشلىقنىڭ نىشانىنى، ئېگىلمەس-سۇنماس ئىرادىسىنى تىكلەپ، مۇۋەپپەقىيەت قەدەمى بويىچە ئىزدىنىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. بولۇپمۇ، پۇرسەت ۋە تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت مۇھىم مەنتىقىنى تونۇپ يېتىپ، ھاياتلىقنىڭ ھەربىر دەقىقىسىگە سۇنماس ۋە ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇش كېرەك.

ئۇلۇغ ئالىم، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ھايات ياخشىلار ئۈچۈن دەسمايە، ئەي ئوغلان ئۇنى قىلمىغىن زايە» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئادەم ھاياتلىق ۋە ياشلىق پۇرسىتىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەندە ئۆمۈرلۈك ئازابقا ھامىلدار بولۇپ، ھەسرەت-نادامەتتە پۇشايمان بىلەن ئۆتىدۇ. شۇنداق، ھايات ئۆمۈرلۈك دەسمايە، تىرىشچانلىق ئۇنىڭ سۇنماس قانىتى.

كونىلار يەنە «ۋاقىتنىڭ كەتتى، بەختىڭ كەتتى» دەپ توغرا ئېيتقان. ئىنساننىڭ بەختى ئۆز تىرىشچانلىقىدا. تىرىشچانلىق داۋامىدىكى مېھنەت-تەرى، پۇرسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىقتىدارى بەخت دەرۋازىسىنى داغدام قىلىپ ئاچىدۇ.

پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، ئەمما ئىنسان ئۆز پوزىتسىيەسىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. تىرىشچانلىق داۋامىدىكى پوزىتسىيە ھەممىدىن مۇھىم. ئەگەر مۇھىم پەيتتىكى پوزىتسىيە ئەمەلىي ھەم توغرا بولمىسا، قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بىلەنمۇ پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ. دېمەك، بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە پۇرسەت ۋە تىرىشچانلىقنىڭ ئەمەلىي بىرلىشىشىدە ئىپادىلىنىدۇ.

قىزغىنلىق — پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بولۇپ، ئۇ شانلىق نەتىجىگە ئېرىشىشتىكى مۇھىم پوزىتسىيە قەدەمى. تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق تىرىشچانلىقنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرىدۇ، ئۇ ئاجايىپ مۆجىزە يارىتىدىغان قىممەتلىك روھ. ئۇنىڭغا ئىنسان قەلبىدىكى سىرلىق كۈچ-قۇدرەت مۇجەسسەملەنگەن. پۇرسەت ھەممىلا يەردە مەۋجۇت. لېكىن ئۇنى بايقاش، تۇتۇش ۋە پايدىلىنىش ئۇنىڭغا ئېرىشىشتىنمۇ مۇھىم. دېمەك، پۇرسەت ۋە تىرىشچانلىق ھاياتلىقتىكى، بولۇپمۇ، نەۋقىران ياشلىقتىكى ئەڭ دىققەت-ئېتىبارىمىزنى سالىدىغان مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى. شۇڭا ئادەم بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدىغان ھاياتلىق ۋە ياشلىق پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، گۈزەل كېلەچەك يارىتىش

ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. ھەممىمىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتساقلا، قىسقىغىنا ھاياتتا ئاجايىپ مۆۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلەيمىز. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، باشقا بىرسىنىڭ ئەمەس، پەقەت ئۆزىڭىزنىڭلا تىرىشچانلىقى سىزگە مەڭگۈلۈك بەخت ئېلىپ كېلىدۇ.

## پۇرسەت — تىرىشچانلىقى بارلارغا مەنسۇپ

قەلبىنۇر جاپپار
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ناپالېئون خىئول مۇنداق دەيدۇ: «ئىشىمىز پۇرسەت بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، پۇرسەت گۈزەل، ئەمما مىجەزى غەلىتە پەرىشتە، ئۇ غەپپىدە يېنىڭىزغا كېلىپ قالىدۇ، سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلسىڭىز يەنە غەپپىدە كېتىپ قالىدۇ. سىز ھەرقانچە پۇشايمان قىلسىڭىزمۇ، ھەرقانچە ھەسرەت چەكسىڭىزمۇ شۇ كەتكىنىچە ئىككىنچى كەلمەيدۇ».

ھايات ئېقىمىدىكى ئالتۇن دەۋر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىزگە پۇشايماندىن باشقا ھېچنەرسە قالمايدۇ. پۇرسەتنى تۇتۇش ئىقتىدارى بىر ئادەمنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل. پۇرسەت تالانتنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان يەنە بىر تالانت، ئۇ غەلىبىنىڭ كاتالىزاتورىدۇر.

20 ـ ئەسىردە ئامېرىكىلىقلار ئارىسىدا مۇنداق بىر ئەقلىيە سۆز تارقالغان: «مەغلۇبىيەتكە بارىدىغان يولدا قولدىن كېتىپ قالغان پۇرسەتلەر كۆپ بولىدۇ. ئامەت ئالدى ئىشىكتىن كىرىدۇ دەپ كۈتۈپ تۇرغانلار، ھەمىشە ئارقا دېرىزىدىن كىرگەن پۇرسەتكە سەل قارايدۇ».

سالقىن كۆز كۈنلىرىدە، ئېقىن بويلىرىغا چىقىپ سەيلە قىلىپ باقسىڭىز، ئېقىنغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان يوپۇرماقلارنى كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى غەپپىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ ـ دە، ناھايىتى تېزلا يوقاپ كېتىدۇ. قىرغاق جايدىكى يوپۇرماقلار ئاستا ـ ئاستا ئەگىپ يۈرىدۇ. بەزىلىرى قايناملارغا كىرىپ كېتىدۇ. يەنە بەزىلىرى تىنىق سۇغا بېرىپ جىمجىتقىنا تۇرۇپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بەزى ئادەملەر بىر يەردە چۆرگۈلەپ يۈرىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئادەملەر تېز ئېقىنغا چۈشۈپ تۆۋەنگە قاراپ ئاقىدۇ. سىز مۇشۇ ئېقىنغا چۈشكەندە قىرغاققا كېلىپ قېلىشىڭىز، بىرنەچچە يىلدا ئازراقلا ئىلگىرىلىيەلىشىڭىز، ھەتتا كۆپلەپ مەغلۇبىيەتلەرگە يولۇقۇشىڭىز مۇمكىن. ئۆركەشلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇدىكى يوپۇرماقنىڭ تەقدىرى دەل سۇنىڭ قولىدا بولىدۇ، ئۇنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ كەلگۈسىنى تامامەن شامالنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئېقىن سۇنىڭ يۆنىلىشى بەلگىلەيدۇ. لېكىن سىز ئادەم، شۇڭا ئۆز ئىستىقبالىڭىزنى ئۆزىڭىز بەلگىلەيسىز. تەۋرەنمەي جىم تۇرىۋېرىدىغان تىنىق سۇدا تۇرمايسىز. سىز ئېقىننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈزۈپ بېرىپ، تېز ئېقىنغا چۈشۈپ چوڭ ۋە يېڭى پۇرسەتنى ئىزدەيسىز، سىزگە

كېرىكى ئۆز كۈچىگىز بىلەن شىددەتلىك ئېقىن تەرەپكە ئۈزۈپ بېرىش.

بۇ دېمەككە ئاسان، قىلماققا تەس ئىش. دەرۋەقە ئېقىن تېز چاغدا ھەممە ئىش دېگۈدەك ياخشى بولىدۇ. لېكىن ئۈزۈپ ئېقىن ئوتتۇرىسىغا بارالىدىڭىزمۇ ـ يوق؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ تار زېمىندىن قايتىش كېرەكمۇ ياكى ئۇ يەرگە بېرىش كېرەكمۇ؟

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يولى ــ پەيتنى پەملەش، ھەممىشە كەم نەرسە، يوق نەرسىنىڭ پەيدا بولۇشىمىز زۆرۈردۇر. نۇرغۇن كىشىلەر ماددىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت كۆڭۈلدىكىدەك پۇرسەتتىن كېلىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ گەپنىڭ ئاز ـ تولا ئاساسى بار. بىراق پۇتــۈنلەي تەلەي، ئــامەت دېگەنلەرگــىلا مــۇراجىئەت قىلىــدىغان كىشــىلەر ئەڭ ئــاخىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا يەنە بىر خىل مۇھىم ئامىلنى ھازىرلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلمەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ پۇرسەتنى قانداق تۇتۇشقا كېرەكلىك بىلىملەردۇر.

قىيىنچىلىق مەزگىللەردە كومېدىيە ئارتىسى ۋ.س.فىلىز پۈتۈن دەسمايىسىنى زىيانغا سېلىپ بەردى. ئۇ ئىلگىرى خىزمىتىدىن، تىرىكچىلىك يوللىرىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، بىر سىنتمۇ كىرىمى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئۇ قايتا باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى بىر ساھە ــ كىنوچىلىق ساھەسىدە خالىسانە ئىشلەشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇ يەنە كېلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ ئومۇرتقىسىنى يارىلاندۇرۇۋالغانىدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارىشىچە بولغاندا، ئۇ ئەمدى بۇنىڭدىن ۋاز كەچسە بولاتتى. بىراق ئۇ بىلىنى تېخىمۇ چىڭ باغلىدى. چۈنكى فېللىر ئاخىرغىچە چىڭ تۇرسا پۇرسەتنىڭ ھامان كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. دەرۋەقە ئۇنىڭغا ئاخىرى پۇرسەت كەلدى. بىراق ئۇ فېللىرنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كېلىپ قالغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى.

كــۆرۈۋالالايمىزكى، ھەرقانــداق بىــر ئــادەم بىردىنبىــر ئىشــەنچلىك پۇرســەتنى ئــۆزى يارىتىدۇ. پۇرسەت شىجائەتتىن، شىجائەت بولسا ئېنىق نىشاندىن كېلىدۇ. پەقەت كۈچلۈك ئىنتىلىشكە سۇلماس جەسۇرلۇقنى ياندap، شۇ ئارقىلىق ئېنىق پىلاننى ۋۇجۇدقا چىقارغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

دېمەك، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىغان ئادەم جەزمەن كۈچلۈك پۇرسەتنى بايقاش ئىگىسى بولۇشى، ئۆزى سەرپ قىلغان ۋاقىتنى توغرا ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇنى ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. بىر قېتىملىق پۇرسەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بەزىلەرنى بىر ئۆمۈر سەرسان ـ سەرگەردان قىلىۋېتىشى مۇمكىن. گەرچە ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا تاشقى كۈچ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. پۇرسەت ئۆزى كەلمەيدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلايدىغانلار جەزمەن پۇرسەت يارىتالايدىغان، پۇرسەتنى چىڭ تۇتالايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنالايدىغان بولۇشى كېرەك.

# چۈشتىكى ھېكمەت

مېھرىگۈل سەمەت

(ھېكايە)

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. ئەتراپىمدىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئۆگىنىش قىلىۋاتاتتى. ئۇلارغا قاراپ: «ۋاي ئەخمەقلەر، بۇنچە جان تىكىپ نېمە كەپتۇ» دەپمۇ قويياتتىم. دادام شەھەر باشلىقى بولغاچقا، ئۆگەنمىسەممۇ ئۆزۈمنىڭ ياخشى بىر ئالىي مەكتەپكە بارالايدىغانلىقىمغا تاغدەك ئىشىنەتتىم.

بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئانام يېڭىدىن ئېلىپ بەرگەن ياۋروپا پاسونىدىكى كۆڭلىكىمنى كىيىپ سىرتقا مېڭىشقا تەمشىلىۋىدىم دوستۇم غۇنچەم ياتاققا كىرىپ كەلدى.

— نادىرە، يەنە ئويۇنغىلى مېڭىپسەندە؟

— ھەئە، تۈنۈگۈن توردا بىرى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم، بۈگۈن ئۇ كۆرۈشەيلى دەپ تېلېفون قىپتىكەن. شۇ يەرگە ماڭدىم، — دېدىم ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا بىرنى پىرقىراپ، — بۇ كىيىمىم چىرايلىقمىكەن؟ تۈنۈگۈن ئانام 800 يۈەنگە ئېلىپ بەرگەن، — دەپ كۆز - كۆز قىلىشقا باشلىدىم.

مەن بۇ قىزلارنى«مەتۇ» دەپ ياراتمايتتىم. ئۇلار دائىم بېشىغا چۈكۈرۈپ ياغلىق ئارتىشىۋالاتتى. ئۇچىسىغا بولسا چوڭ ئاياللارنىڭكىدەك ئۇزۇن كۆينەك، ئىچىگە ئىشتان كىيىشەتتى.

— سەل ئوچۇقمۇ نېمە؟ قارا، قولتۇقۇڭ كۆرۈنۈپ قاپتۇ، — ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەرۋايىم ئۇچتى.

— ۋاي ماڭغىنە « مەتۇ»! سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، سەن دېگەنغۇ زادى...

— خاپا بولمىغىنە، — دېدى ئۇ ئېگىلمىدىن ئەركىلىتىپ — ئاداش، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ۋاقىت ئاز قالدى، ھېلىمۇ ۋاقىتنى ئويناش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىسەن، ئەمدى ئۆگىنىش قىلساڭ بولاتتى.

— بېشىمنى ئاغرىتماي ئۆزۈڭلا قىلغىنە شۇ زېرىكىشلىك، تۈگىمەس ئۆگىنىشنى...

مەن زەردە بىلەن ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتىم. ئىچىمدە بولسا ئۇنى مىڭنى تىللايتتىم. «ئەجەبمۇ كەپىمنى بۇزدا... خەپ!»

بىر كۈن ھارغۇدەك ئويناپ «ئۇف» دېگىنىمچە ياتاققا ئاران قايتىپ كەلدىم. قىزلار چۇرقىرىشىپ يېنىمغا كەلدى.

— نادىرە ئاداش، ئۇ قانداقراق بالىكەن؟

— نەگە باردىڭلار؟

— ئۇ سېنى قەيەرلەرگە ئاپاردى؟

ئۇلار بەس - بەستە سوئال سورايتتى:

— ئالدىرىماڭلار، مەن بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرەي، — مەن ئاياغ، كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلەپ ئۇلارغا بۈگۈنكى ئىشلارنى دەپ بەردىم. — ئۇ خېلى بولىدىغان بالىكەن. بويى ئېگىز، پۇلدار ئىكەن. بىز ئاۋۋال لەززەت تاماقخانىسىغا باردۇق.

— ۋاھ! ھېلىقى ئالدىدا ئېسىل - ئېسىل ماشىنا توختايدىغان، يوغان قورساق باشلىقلار تاماق يەيدىغان، ھېلىقى...

— ھە، ھە، دەل شۇ، — مەن ئەمدى يەنىمۇ پەخىرلىنىش، مەغرۇرلىنىش ئىچىدە سۆزلەشكە باشلىدىم، — ئاندىن باغچىغا باردۇق.

— ئاندىنچۇ؟

قىزلار قىزىقسىنىپ ئېغىزىمغا قاراشتى:

— ئاندىن دىسكوخانىغا باردۇق. ئۇ ماڭا بىر دەستە گۈل سوۋغا قىلدى، — مەن كارىۋىتىمنىڭ بېشىغا قويۇپ قويغان، بايا قىزلار قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن بىر دەستە قىزىل ئەتىرگۈلنى ئېلىپ ئۇلارغا كۆرسەتتىم.

— پاھ! نېمىدېگەن چىرايلىق!

بىز بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن كارىۋىتىمىزغا چىقىپ ئۇيقۇغا كەتتۇق.

× × ×

— قولۇمنى قويۇۋەت! مېنى نەگە ئېلىپ ماڭدىڭ؟

ئۇ ئۈنىمىدى، مەن ئۇنىڭ چىرايىنىمۇ كۆرەلمىدىم. ئارقىسىدىن قارىسا ئۇ ئىنتايىن قاۋۇل كۆرۈنەتتى.

— قولۇمنى قويۇۋەت!

ئۇ يەنىلا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي قولۇمدىن تارتىپ ماڭاتتى.

— سەن كىم؟ سەن كىم دەيمەن!؟ سەن زادى كىم!؟ مېنى نەگە ئېلىپ ماڭدىڭ!!

ئۇ ئۇستەل چىرىغى ئالدىدا باش چۆكۈرۈپ كىتاب كۆرۈۋاتقان بىر قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ قىز كىتابنى ھەربىر ۋاراقلىغاندا «ھەي، يەنە بىر كۈن ۋاقتىم بولسىچۇ» دەيتتى. ھېلىقى قولۇمدىن چىڭ تۇتۇۋالغان قارا كۆلەڭگە «ئۇنىڭغا بىر كۈنلۈك ۋاقتىڭنى بەر» دېدى. مەن ماقۇل بولدۇم.

— بەرسەم بېرەي، بىر كۈن دېگەن قانچىلىك ئىشتى.

بىز ئۇ يەردىن ئايرىلىپ دوختۇرخانىغا باردۇق. ئەتراپنى قىيا - چىيا، يىغا - زارە، كىشلەرنىڭ نالە پەريادى قاپلىغانىدى. بىردەمدىلا ئەتراپىمنى نۇرغۇن كېسەللەر قاپلىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئەما، بىرى گاس، بىرى مېيىپ، بىرى ساراڭ، يەنە بىرىنىڭ بولسا بىرقانچە كۈنلۈكلا ھاياتى قالغان ئېغىر كېسەل ئىدى. ئۇلار مەندىن قول سورايتتى. پۇت، كۆز سورايتتى، جان سورايتتى. مەن كەينىمگە يانماقچى بولدۇم. بىراق ھېلىقى قارا كۆلەڭگە قولۇمدىن مەھكەم تۇتۇۋېلىپ مېنى زادىلا ماڭدۇرمىدى.

— مېنى قويۇۋەت! مەن كېتىمەن! مېنىڭ ئۈلگۈم يوق!!...

مەن قاتتىق تىركەشتىم. ئۇ ماگا بۇرۇلدى، ئۇ تولىمۇ كەسكىن، تولىمۇ جىددىي ئىدى.

— ساگا بەرىبىر بۇ جانىنىڭ لازىمى يوققۇ؟ ئەتەڭ ئۇچۇن تىرىشمايسەنغۇ؟ شۇنداق ئىكەن، بۇ جانىڭ نېمە كېرىكى؟

ئۇ سۇر، ھەيۋىسى بىلەن ماگا ۋارقىراپ سۆزلەيتتى.

— قارا، قارا ئاۋۇ كىچىك بالىغا، ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆرەلىگەن بولسا بارلىق ۋۇجۇدىنى ئوقۇشقا، ئۆگىنىشكە بېغىشلايتتى؛ قارا، ئاۋۇ قىزغا، ئۇنىڭ بىر جۇپ قولى بولغان بولسا داڭلىق ئۇسسۇلچى بولاتتى؛ قارا، ئاۋۇ بوۋايغا، ئۇنىڭ يەنە بىر ھەپتىلىك ئۆمرى بولغان بولسا، بۇ دۇنياغا كۆز ئاچماقچى بولغان نەۋرىسىنى كۆرەلەيتتى!!!.

ئۇ ماگا ۋارقىراپ سۆزلەيتتى، كېسەللىرىنىڭ بىرى قولۇمنى تارتسا، بىرى پۇتۇمنى تارتاتتى. يەنە بىرلىرى بولسا كۆزلىرىمنى ئويۇۋالماقچى بولۇشاتتى.

— ياق! ياق! مېنى قويۇۋېتىڭلار! مېنى قويۇۋېتىڭلار!

مەن قورقۇپ تىترەيتتىم، ھېلىقى قارا كۆلەڭگە ماگا قاراپ قاتتىق ئاۋازدا كۈلمەكتە ئىدى.

— سەن زادى كىم؟ مېنى قۇتقۇزۇۋال! سەندىن ئۆتۈنەي...

— مەن پۇرسەت، مەن ۋاقىت، سەن مېنى قەدىرلىمىدىڭ، مەن مېنى قەدىرلەيدىغانلارغا مەنسۇپمەن!

— پۇرسەت؟

بىرى قولۇمنى ئۈزۈۋالايلا دەپ قالغانىدى.

— قويۇۋەت مېنى! مەن تېخى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىمەن!

× × ×

مەن چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچتىم. قارىسام كارىۋىتىمدا يېتىپتىمەن. «ئۇف، ئەسلى چۈشۈمكەندە» دېدىم ئېغىر تىنىپ. ئاستا قولۇمنى سوزۇپ ئۈستەل چىرىغىنى ياندۇردۇم. سائەت ئۈچ بولغانىدى. مەن كىتابىمنى ئېلىپ باشتىن كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدىم...

## تىيىن بىلەن توشقان

پەزىلىيە دىلشات

(مەسەل)

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى كەڭ بىر ئورمانلىق بولغانىكەن، بۇ ئورماندا بىر تىيىن بىلەن بىر توشقان قوشنا بولۇپ ياشايدىكەن. ئورمان ناھايىتى كەڭ بولسىمۇ، ئورمانلىقتا تىيىننىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقى بولغان قارىغاي ئۇرۇقى يوق ئىكەن. لېكىن توشقاننىڭ ئوزۇقلۇقى بۇ

ئورماننىڭ خېلى كۆپ يەرلىرىدىن تېپىلىدىكەن. تىيىنىنىڭ ئوزۇقلۇقى بولسا بۇ ئورمانغا خېلى يىراق بولغان يەنە بىر ئورمانلىقتا ئىكەن. تىيىن ھەر كۈنى ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئوزۇقلۇق توشۇيدىكەن. توشقان بولسا ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىدىن چىقىپلا ئانچە يىراق بولمىغان، ئەتراپىدىكى ئوت - چۆپلەرنى يەپ ئۇۋىسىغا قايتىپ كېلىدىكەن.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. تىيىن نەچچە ۋاقىتتىن تارتقان جاپالىرىنى ئويلاپ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ. يەنى ئۆزى بېرىپ ئوزۇقلۇق تېرىۋاتقان شۇ ئورمانلىقتىكى قارىغايلارنىڭ ئۇرۇقىنى ئۆزىنىڭ ئورمانلىقىغا ئېلىپ كېلىپ تېرىشنى ئويلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى ئورمانلىقتىن ئۇرۇق تېرىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئورمانلىقىغا تېرىپتۇ. بۇ ئورمانلىقتىمۇ سۇ ناھايىتى كەمچىل ئىكەن. نەچچە ۋاقىتتىن بۇ ئورمانلىقنى ساقلاپ قالغىنى پەقەت يامغۇر سۈيىلا ئىكەن. تىيىن ئۆزى تېرىغان قارىغاينىڭ تېزراق ئۆسۈشى ئۈچۈن ناھايىتى يىراقتىكى بىر دەريادىن دەرەخ قوۋزىقى بىلەن سۇ توشۇيدىكەن. بۇنى كۆرگەن توشقان ئۇنى زاڭلىق قىپتۇ ۋە:

— ۋاي ۋۇي، تىيىن ئاداش، ساڭا بۇنچە جاپا چېكىپ نېمە كەپتۇ. ماڭا قارا، كۈنۈم ناھايىتى ياخشى، ئۇۋامدىن چىقسىلا يەيدىغىنىم تەييار، جاپامۇ چەكمەيمەن. جېنىڭنى قىيناپ نېمە قىلىسەن، بولدى بىكار ئاۋارە بولما، مېنىڭچە بۇ يەردە قارىغاي ئۆسمەيدۇ. ئەگەر ئۆسىدىغان بولسا ئادەملەر بۇ يەردە ئاللىقاچان قارىغاي ئۆستۈرۈپ بولغان بولاتتى، — دەپتۇ.

— ئۇ دېگىنىڭمۇ راست ئاداش. لېكىن نەدىمۇ جاپا چەكمەي ھالاۋەت بولسۇن؟ مەن شۇنچە يىللاردىن بېرى كۆپ جاپالارنى چەكتىم. ئەمدى بۇ يەرگە قارىغاي تېرىسام يېمەكلىكىم يېقىنلىشىدۇ، بۇ جاپالارمۇ ئاخىرلىشىدۇ. ئاداش لېكىن سەن...

— مەن نېمە بوپتىمەن؟ مەن غەم قىلمىساممۇ ئۇۋامدىن چىقسىلا يەيدىغىنىم، ئىچىدىغىنىم تەييار.

— لېكىن ھازىر بۇ ئورمانمۇ قۇرۇپ كەتكىلى تۇردى. قارا، ئوت - چۆپلەرمۇ بارغانسېرى سارغىيىپ كېتىۋاتىدۇ، سەنمۇ تەييارنى يەپ يېتىۋەرمەي ئوت - چۆپ تېرىپ ئاز - تولا ئىشلىسەڭ بولاتتى.

— ۋاي-ۋۇي، نېمانداق جىق گەپ قىلىسەن؟ مېنىڭ ئىشىم بىلەن كارىڭ بولماي ئۆزۈڭنىڭ غېمىنى قىلە.

توشقان شۇنداق دېگىنىچە ئاچچىقى بىلەن ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. تىيىن ئۇنىڭ كەينىدىن بېشىنى چايقىغىنىچە قاراپ قاپتۇ.

ئايلار ئايلارنى قوغلىشىپ ئۆتۈپتۇ. ئورمانلىقتا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، دەل - دەرەخلەر، ئوت - چۆپلەر قۇرۇشقا باشلاپتۇ. تىيىن ھەر كۈنى ھورۇنلۇق قىلماي باشقا ئورماندىن قارىغاي ئۇرۇقى ۋە سۇ تېپىپ كېلىپ ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىغا تېرىپ سۇغىرىپتۇ. بىراق توشقان ماڭا چوقۇم يەيدىغان نەرسە چىقىدۇ دەپ خىيالىغا كەلگەننى قىپتۇ. تىيىننى زاڭلىق قىپتۇ. تىيىننىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىماپتۇ. كېيىن تىيىننىڭ ئېيتقىنىدەك ئورمانلىق قۇرۇپ كېتىپتۇ. تىيىننىڭ تېرىغان قارىغايلىرى بولسا كۈنسېرى يوغىناپ مېۋە بېرىپتۇ. تىيىن بۇرۇنقىدەك جاپامۇ تارتمايدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى تىيىن توشقاننى

كۆرمىگىنىگە نەچچە كۈن بولغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنى يوقلاپ بارماقچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئورماندىن نۇرغۇن ئوت - چۆپلەرنى ئورۇپ كېلىپ توشقاننى يوقلاپ بېرىپتۇ.
ئۇ توشقاننىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ، ئىشكنى چېكىپتۇ، ئۇ خېلى ئۇزاق چەككەن بولسىمۇ ئىشكنى ھېچكىم ئاچماپتۇ. تىيىننىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولۇپ ئىشكنى ئۆزى ئېچىپ كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا توشقان ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ. «ھۇرۇنلۇقتىن بالا كېلەر باشقا، ئىشچانلىقتىن گۈل ئۈنەر تاشقا» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## ھاياتلىق قامۇسى تىرىشچانلىقتىن يېزىلىدۇ

گۈلباھار ئابلىمىت
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«تىرىشقان تاغ تېشەر.»*

—ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ھەممىمىزگە مەلۇمكى دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك گۆھەر يەنىلا ھاياتلىق، چۈنكى ھاياتلىق بارچە گۈزەللىك، بارچە ئازابنىڭ مۇجەسسەمى، ئۇ پەقەت مەۋجۇت بولغان جانلىقلارغا مەنسۇپ، شۇڭا ھاياتنى گۆھەرگە ئايلاندۇرۇشنى ھەربىر ئادەمنىڭ ئەڭ يۈكسەك نىشانى دېيىشكە بولىدۇ.
ئادەم ئۈچۈن ساغلاملىق ناھايىتى زور بايلىق بولۇپ، ئۇ پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ئەڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەر. ساغلاملىق ھاياتلىقنىڭ مۇھىم كاپالىتى، بەخت - سائادەتنىڭ بەلگىسى، دېمەك ئىنسان ساغلاملىققا ئىنتىلگۈچى، پەقەت ئىنتىلگۈچىلا ئەمەس، بەلكى كۈرەش قىلغۇچى، كۈرەش دېمەك تىرىشچانلىق دېمەكتۇر.
ئىنسان يەنە غەلىبىگە، شان - شۆھرەتكە، ياخشى تۇرمۇشقا ئىنتىلگۈچى، ئۆز گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىنىمسىز تىرىشقاندىلا ساغلام بەدەنگە، ئاكتىپ روھىي كەيپىيات، ئۇلۇغ غەلىبىگە نائىل بولغىلى بولىدۇ.
ھاياتلىقتا تىرىشچانلىق ئاملى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭسىز ھەرقانداق ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانىيلىق خىسلىتىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ، مەشھۇر كىشىلەر ناھايىتى توغرا ئېيتقان: «ئادەمدە مۇكەممەل بىر پىلان، ئېگىلمەس - سۇنماس روھ، قەيسەر ئىرادە ۋە ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق بولغاندىلا چوقۇم غەلىبە قازىنالايدۇ»، توغرا، ئەتراپىمىزدا تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئادىمىيلىك قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقىگە، دۆلىتىگە، جۇملىدىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشۇۋاتقان كىشىلەر ئاز ئەمەس. مەسىلەن: ئەركىن سىدىق ئەپەندى ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ،

ئۈزۈكسىز ئىزدىنىپ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز تۆھپىلەرنى قوشماقتا. «دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك ساخاۋەتچى» بالا چولپان ئېرپان ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، ئۆزىدە ئالاھىدە تالانتنى يېتىلدۈرۈپ، دۇنياۋى سەھنىلەردىن ئورۇن ئېلىپ، ئېلىمىزنى جۈملىدىن مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتماقتا. بۇنىڭدىن باشقا ئۆز كۈچىگە، تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى دۇنيا خەلقىگە تونۇشتۇرغۇچى رادىل ئابلا ئەپەندى، مىللىتىمىزنى دۇنياغا يېقىنلاشتۇرغۇچى، تور دۇنياسىغا باشلىغۇچى، ھۆرمەتكە سازاۋەر تىرىشچان ئاكادېمىك ھوشۇر ئىسلام ئەپەندى قاتارلىقلار... مانا مۇشۇنداق خەلقىمىزنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئالغان تۆھپىكارلىرىمىزنىڭ گەرچە يېشى، قىزىقىشى، كەسپى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلاردىكى ئورتاقلىق شۇكى، ئۇلار تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت ئەڭگۈشتەرنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغۇچىلاردۇر.

ئەگەر ئادەم بۇ گۆھەرنى ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا بىرگە ئېلىپ يۈرەلىسىلا، مۆۋەپپەقىيەتنىڭ ئىشىكى شۇ ئادەمگە مەڭگۈ ئوچۇقتۇر.

يەنى:

*گەر بولسا سەندە چۇمۇلىدەك تىرىشچانلىق،*
*بولماس ئىدى ھاياتىڭدا قىلچىلىكمۇ پەرىشانلىق.*

ناۋادا ھايۋانات دۇنياسىدىكى ئاشۇ كىچىككىنە چۈمۈلىدە بولغان تىرىشچانلىق روھى ھەممەيلەندە ئورتاق بولغان بولسىدى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلغان، ھايات مۇساپىسى مەنىسىز ئۆتمىگەن بولاتتى. شۇنداق، كىشىلىرىمىزدىكى تىرىشچانلىقنىڭ مېۋىسىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا چەكسىز ئېيتىخارلىنىمىز ھەمدە سۆيۈنۈپ روھىمىز كۈچ - قۇۋۋەتكە تولىدۇ. ھەر تۆت يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان، ھاياجان بىلەن كۈزۈۋاتقان ئولىمپىك مۇسابىقىلىرىدىنلا شۇنى بىلەلەيمىزكى، مۇسابىقىگە قاتناشقان تەنھەرىكەتچىلەردە تىرىشچانلىق روھى، تەۋرەنمەس ئىرادە بولغاچقىلا، ئۇلار مۇسابىقىلەرگە قاتنىشالىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ، خەلقىنىڭ، ۋەتەنىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالىغان. كىشى قەلبىنى تېخىمۇ ھاياجانغا سالىدىغان، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى، مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ھەربىر تەنھەرىكەتچى ئۆزلىرىنىڭ غايەت زور تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ پۇت، قول، بەدەن ساپاسى نورمال كىشىلەرمۇ قىلالمايدىغان ھەرىكەتلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنداپ، دۇنيا خەلقىگە ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن مېدالنى بويىنىغا ئاسقاندا كىشىلەر ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، بەزىلەر تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشىدۇ. مانا بۇلارنى شۇنداق يۇقىرى نامغا، مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگۈچى كۈچ يەنىلا تىرىشچانلىق روھىدۇر. بۇنداق روھ ھەممە كىشىدە بولغان بولسا ئىدى، نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى - ھە!

يەنە قارىساق، شەھەر، يېزا، بازارلاردا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ساھىللار، ئۇلارنىڭ قىياپىتى شۇنچە بىچارە، دۇنيادا باشقىلارنىڭ ئالدىدا باش ئېگىشتىنمۇ ئارتۇق،

قاتتىق ئىش يوقتۇر بەلكىم. لېكىن بۇلار بۇ قاتتىق كۆڭۈلگە كۆنۈپ كەتكەن، چۈنكى ئۇلاردا تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت روھ شەكىللەنمىگەن.

شۇ ساھىل باشقىلارنىڭ قولىغا قول ئۇزارتىپ، ھېچ ھەرىكەت قىلماي ھۇرۇنلارچە ئولتۇرغان ۋاقىتتا، تىرىشچان كىشىلەرنىڭ قولىدا كىتاب ۋە ھەر خىل سايمانلار توختىماستىن ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا، خۇشال - خۇرام ئويناپ كۈلۈۋاتقاندا تىرىشچان كىشىلەرنىڭ قوللىرىدا يەنىلا ھەر خىل كىتابلار، ئۆز كەسپىگە دائىر قورال - سايمانلار ھەرىكەت قىلىپ توختىمايدۇ...

شۇڭا تىرىشچانلىقتىكى پەرقلەر تەبىئىي رەۋىشتە ئىنسان قەدىر - قىممىتىنىڭ شانۇ شەۋكىتى، بەخت - سائادىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئادەم ھەقىقىي ئىنساندەك ياشىماقچى بولىدىكەن، چوقۇم ھاياتلىق دەستۇرىنىڭ باش بېتىگە «تىرىشچانلىق» دېگەن خەتنى مۆھۈر قىلىپ بېسىشى، ئىزچىللىققا ئىگە بولغان تىرىشچانلىقنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك، چۈنكى تىرىشچانلىقسىز ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ.

*تىرىش، ئىشلە يىقىلساڭمۇ قوپۇپ قايتا يولۇڭنى ماڭ،*
*كىشى ھەر نەرسىگە تاپتى، ئۇنى تاپتى تىرىشقاندىن.*
*ئۇيۇققا ھال شەپەقتىن ھەر سەھەر شۇ خەت يېزىلغايكىم،*
*«ئەمەس ھېچنەرسە تاتلىقراق ئۆزى ئىشلەپ يېگەن ناندىن».*

## تىرىشقان تاغ تېشەر

سالامەت توختاش
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

كونىلار «تىرىشقان تاغ تېشەر»، «غەلىبە تىرىشچانلارغا مەنسۇپ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان، غەلىبە قىرىق پىرسەنت تالانتتىن كەلسە، ئاتمىش پىرسەنت تىرىشچانلىق، ئىرادىلىك بولۇشتىن كېلىدۇ.

ھاياتىمىزدا سىزمۇ، مەنمۇ ۋە باشقىلارمۇ ھەر ۋاقىت نەتىجە قازىنىشنى، تۇرمۇشتا بولسۇن ياكى كەسىپتە بولسۇن ئۇتۇپ چىقىپ، ھاياتنى ھەقىقىي مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىمىز. ئەلۋەتتە ھەربىر كىشىدە ئارزۇ، بەخت ئىزدەش ئىستىكى، ئالغا ئىنتىلىش روھى بولىدۇ. بۇ بىر ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان ئالاھىدىلىك، ئەمما بىر ئىنسانلارغا ئورتاق بولمىغان قۇرۇق غايىنى ئارزۇ قىلىپ، «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ» نەتىجە قازىنىمەن دېگۈچىلەردە بولسا «تىرىشچانلىق»تىن ئىبارەت كۈچلۈك ئىنتىلىش ۋە ئىزچىللىق روھى كەم بولغان بولىدۇ.

تالانت، غەلبە تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ، غايىنى تىكلەپ قويۇپ ئالغا قارىماسلىق، ئىرادەم بار دەپ تىرىشماسلىق، ساق تۇرۇپ ماڭالمىغانغا ئوخشاش كىشىنى ئاجىزلىتىدۇ ۋە كەينىگە چېكىندۈرىدۇ. تىرىشمىسا، پۇت - قولىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئالغا باسمىسا ھەرقانچە تاغدەك ئالتۇن، پۇل، مال - دۇنيا بولسىمۇ توشۇمايدۇ.

ئەتراپىمىزغا قارىساق، ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق زاۋۇت، كان - كارخانا ۋە ساخاۋەت ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ خەلقنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، ئۆز ھاياتىنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك ئېسىل ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان مۆتىۋەر، ئىرادىلىك زاتلىرىمىزنى ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرىمىز. ئارىمىزدىن چىققان ساخاۋەتچى، «جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن شەخس» بولۇپ باھالانغان يەككە تىجارەتچى ئالىم خالىق دەل تىرىشچانلىقنىڭ مېۋىسىنى كۆرگەن تىپىك شەخستۇر. ئۇ ھاياتىدا كاۋاپچىلىقتىن ئىبارەت ئاددىي تىجارەت شەكلىنى تاللاپ، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، ئۈزۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، قەتئىي بوشاشماي قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، تىرىشچانلىق ۋە ۋۇجۇدىدىكى مەسئۇلىيەت بىلەن سېخىيلىق قىلىپ ئاخىرى نامى ئۇلۇغ شەخسكە ئايلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ قارايدىغان بولساق، كىچىك ساخاۋەتچى ئېرپان، دۇنيا جىنس رېكورتىنى ياراتقان دارۋاز ئادىل ھوشۇر، داڭلىق كارخانىچى رادىل ئابلا، ساخاۋەتچى نۇرتاي ھاجى قاتارلىق زاتلار كۆزىمىزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن ئۆزىگە ئىشىنىپ، جاپانىڭ تېگى راھەت، تىرىشچانلىق ــ غەلبە دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ھازىرقىدەك كىشىلەر ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي ھۆرمەتلەيدىغان مەشھۇر زاتلارغا ئايلانغان.

ئادەتتە ئۇنۇۋانىنىڭ، نەتىجىنىڭ چوڭ - كىچىكى بولغىنىغا ئوخشاش، كىشىلەرنىڭ دەرىجىسى، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئوخشاش بولمايدۇ. بىر كۈنى بىر ئوقۇغۇچى سوقراتقا: «ھۆسنخەت ئۆگىنىمەن دەپ يېرىم ئۆمرۈم كەتتى، ئەمما ھازىرغىچە تۈزۈكرەك بىر خەت يازالمايمەن، پۈتۈن ئۆمرۈمدە ھۆسنخەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يېزىپ، ئۆز ئەۋلادلىرىمغا ياخشى نام، ياخشى ئىز قالدۇرماقچى ئىدىم.» دەپتۇ. سوقرات: «سەن تۇغما تالانتلىقمۇ؟» دەپ سوراپتۇ، ئۇ بالا: «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، سوقرات يەنە: «سەندە تىرىشچانلىق بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ، ئۇ بالا: «بار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سوقرات يەنە: «تىرىشچانلىق دېگەن نېمە؟» دەپ سوراپتۇ، بۇ قېتىم بالا گەپ قىلماي بېشىنى قاشلاپ: «بىلمىدىم» دېگەن مەنىدە سوقراتقا قاراپتۇ.

توغرا، ھەممىمىز نەتىجە قازىنىشنى، ھاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىمىز ھەم توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز، ئەمما تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن دەپلا تولۇق كۆرسەتكىلى بولۇشى ناتايىن، بىردەمدىلا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئالىم، يازغۇچى بولۇپ كەتكىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. نەتىجە ئاسانلىقچە يارالمايدۇ، كىشىلىك ھايات قاتمۇقات ئەگرى - توقايلىققا تولغىنىغا ئوخشاش نەتىجىمۇ تۈرلۈك قىيىنچىلىق، يېرىم يولدا توختاپ قېلىشتەك قارا بورانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ھەممىمىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز، تىرىشىمىز دەيمىز، لېكىن، ئىرادىمىزگە تۇشلۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ھەقىقەتەن تەس ۋە مۈشكۈل.

تىرىشچانلىق كۆرسىتىشمۇ نۇرغۇن توسالغۇلارغا ئۇچرايدۇ، ئۇنى يېڭىش، قەتئىي

بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇش، قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشمۇ مۇھىم بىر مەسىلە. مەلۇم بىر كەسىپ ئۆگەنگۈچىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئىرادە، كۈچلۈك جاسارەت بولۇشىنى ئۆزىگە ھەمتاياق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلغان كەسىپ، بەلكى نەتىجىسىز ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

بىر ئادەم كىچىكىدىن باشلاپلا گىلەم توقۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئەمما ئۇ گىلەم توقۇشنى ئۆگىنىش جەريانىدا بىر قولىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۇ تېزراق ئۆگەنگەن بولسام ئۆز بىلىمىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق قىممەت ياراتقان بولاتتىم، نىمىشقا شۇ ۋاقىتتا ئۈزۈلكىسىز تىرىشىپ ياخشى ئۆگەنمىگەندىمەن دەپ پىغان چېكىپتۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئادەم ئەستايىدىل ئۆگەنمىگەن، خۇشياقمىسا تاشلاپ قويغانىكەن. كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن دېگەندەك تىرىشمىغاندا ئۇنىڭ ئازابىنى ئۆمۈرلۈك تارتىدىغان گەپ.

بىر بالا ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە ناچارلىقى سەۋەبىدىن مەكتەپتە ئوقۇشقا ئامال بولماپتۇ، كېيىن «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپ جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىشقا باشلاپتۇ، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم ئەكەلگەن ئوتۇنلار قاراقچىلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپتۇ. ئۇ ئوتتەك ئوقۇش ئىستىكى، ئوقۇش ئارزۇسى يېتەكچىلىكىدە قەتئىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى، بوشاشماسلىقنى، ئۈمىدسىزلەنمەي ئالغا قاراشنى ئويلاپ كۈندە جاڭگالغا يول ئاپتۇ، ئاخىرى ئۇ تىرىشچانلىقنىڭ غەلىبىسىنى كۆرۈپ داڭلىق تەتقىقاتچى ۋە پسىخولوگ بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىرىشچانلىق قانچىلىك كۆپ بولسا، نەتىجىمۇ شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، دادام ماڭا دائىم مۇنداق دەيدىغان: «قىزىم سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭ، كۆرسەتكەن كۈچۈڭ قانچىلىك بولسا، ئېرىشكەن مېۋىڭمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ، قىلغان ئەجرىڭگە، تىرىشچانلىقىڭغا تۇشلۇق غەلىبە، نەتىجىگە ئېرىشەلەيسەن». مەن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك، ئاددىي، ئەمما مەنىسى چوڭقۇر بۇ گەپنىڭ ھەقىقىي تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم. ئارزۇنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، تاغدەك ئىرادە بىلەن نەتىجە قازىنىمەن دەپ تىرىشماي قاراپ تۇرساق، باي - باياشات تۇرمۇش ئالدىمىزدا پەيدا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت يەنىلا شۇ تىرىشىش، ئالغا قاراش، ئۈزۈلكسىز، ھارماي - تالماي تىرىشىش كېرەك.

دوستۇم، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ئىقتىساد، جەمئىيەت ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كەسكىنلىشىۋاتقان رىقابەت دەۋرىدە «كۆتەك تۈۋىدە توشقان كۈتۈش» ئەخمەق، ئەقىلسىز ئادەمنىڭ ئىشى، بۈگۈن ماڭمىساڭ، ئەتە يۈگۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. «بۈگۈن تىرىشمىساڭ، ئەتە پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ».

شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، تىرىشقان ئادەم قۇرۇق قالمايدۇ.

«تاما-تاما كۆل تولا» دېگەندەك تىرىشچانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان نەتىجە ھامىنى بىر كۈنى سىزگە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. تىرىشماي تۇرۇپ، باشقىلاردىن، ئاتا - ئانىڭىزدىن نەپرەتلىنىپ تەقدىرگە ۋايسايدىغان خىيالپەرەس بولۇشتىن ساقلىنىڭ.

شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئېرىشكەن، قولغا كەلگەن نەتىجىلەر شۇنچىلىك لەززەتلىك بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتا ئاندىن ھايات قىممىتىنىڭ قانچىلىك

ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايسىز. شۇنداق، غەلىبە — ھامان ئۆزۈكسىز تىرىشقانلارغا مەنسۇپ!

# پۇرسەت چېچەكلىرى

ھاۋاگۇل قاسىم
(ئېپىك نەسر)

ئۇماق سىڭلىم، ۋاقىتنىڭ رەسىمنى سىزىپ چىقماقچى بولغانلىقىڭ ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ؟ «پۇرسەتنى مەن چوقۇم تۇتۇۋالىمەن» دەپ بار كۈچۈڭ بىلەن تىرىشقانلىقىڭ ھازىرمۇ يادىڭدىمۇ؟ مېنىڭچە سەن ھەقىقەتەن شۇنداق قىلدىڭ. ئۇ ۋاقىتلار مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. سەن ئەمدى باشلانغۇچنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتۇڭ. سەن بۇ خىياللىرىڭنى دەل شۇ ۋاقىتتا ئەركىلەپ تۇرۇپ دېگەنىدىڭ. شۇ چاغدا سۆزلىرىڭ ماڭا تولىمۇ يوچۇن تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى ھەم تولىمۇ ھەيران قالغانىدىم. سېنىڭ شۇ قەدەر رومانتىكلىقتا تويۇنغان خىياللىرىڭنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى ئازراقمۇ بايقىمىغانىكەنمەن. چۈنكى سەن تولىمۇ كىچىك ئىدىڭ، بولۇپمۇ مېنىڭ نەزىرىمدە بەكلا كىچىك ئىدىڭ. «بۇنداق ئوي - پىكىرلەر بۇ سەبىي، سىڭلىمنىڭ خىيالىغا قانداقمۇ كەلگەندۇ؟ ۋاقىتنىڭ رەسىمنى قانداقمۇ سىزىپ چىققىلى بولىدۇ، رەسىم سىزىش ئارقىلىق پۇرسەتنى قانداقمۇ تۇتۇۋالغىلى بولسۇن؟» دەپ ئويلىدىم. دېمىسىمۇ ۋاقىت، پۇرسەت دېگەن بىر مەۋھۇم ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنى قانداقمۇ بىر شەيئى ھالىتىدە سىزىپ كۆرسەتكىلى بولسۇن؟! بىراق ئويلىغانلىرىمنى ساڭا ئۇدۇللا دېيىشنى توغرا تاپمىدىم. چۈنكى بۇنداق قىلسام سېنىڭ ئىرادەڭنى بوشاشتۇرۇپ قوياتتىم. سېنىڭ پىكىرىڭگە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن، بۇ خىل ھېسسىياتىمنى ساڭا قىلچە چاندۇرمىدىم.

كېيىن سەن بىر قاتار رەسىملەرنى سىزدىڭ. سىزىش ماھارىتىڭ بارا - بارا يېتىلىشكە باشلىدى. سىزغانلىرىڭدا بىزنىڭ مەھەللە، كىچىك باللارنىڭ تال چىۋىقنى ئات قىلىپ ئويناشلىرى، دادام، ئانام ۋە مېنىڭ بىر قاتار رەسىملىرىم بار ئىدى. بولۇپمۇ قەدىمىي ئىمارەتلەر، يېزا تۇرمۇشى تېمىسىدىكى رەسىملەر كۆپرەك ئىدى. شۇ ۋاقىتتا مەن سېنىڭ سىزغان ئاشۇ رەسىملىرىڭگە ئېرەن قىلىپ كەتمەيتتىكەنمەن. مەن پەقەت سېنى ئۆز قىزىقىشىنى قاندۇرۇۋاتىدۇ دەپلا ئويلاپتىمەن. سەن ئاي - يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ چوڭ بولدۇڭ. داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆتتۈڭ. ئائىلىدىكىلەر سېنىڭدىن ۋاقىتلىق ئايرىلدۇق، پات - پات تېلېفوندا ئالاقىلىشىپ تۇردۇق. سەن بىلەن ھەر قېتىم پاراڭلاشقاندا شۇ سەبىي ۋاقىتڭدىكى ئارزۇيۇڭنىڭ ئەمەلگە ئاشقان ۋە ياكى ئاشمىغانلىقىنى شۇنداق سورىغۇم كېلىدۇ. ئەمما قانداقتۇر بىر كۈچ «ئالدىرىما» دېگەندەك مېنى توسۇۋالىدۇ.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە سىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ۋاقتىڭمۇ يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى ھەممەيلەن كەچلىك غىزاغا ئولتۇرغانىدۇق، ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىنىپ، پوچتالىيون بىر كونۋېرتنى سۇندى. تولىمۇ ھەيران قالدىم. خۇشال بولدۇم، خۇددى بىشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك پەخىرلەندىم. بۇ دەل سىنىڭ رەسىم كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈش تەكلىپنامەڭ ئىدى.

مانا مەن رەسىم كۆرگەزمە زالىدا تۇرۇۋاتىمەن. تا ھازىرغىچە مەن سىنىڭ سەبىي ۋاقىتلىرىڭدا ماڭا ئېيتقان، ۋاقتىنىڭ رەسىمنى سىزىپ، پۈرسەتنى تۇتماقچى بولغانلىقىڭنى باللارچە ئارزۇنىڭ ئىنكاسى دەپ ئويلاپ كەلگەنىدىم. مانا ھازىر بۇ يەردە تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ خاتالاشقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مانا كۆز ئالدىمدا نۇرغۇن نادىر رەسىملەر تۇرۇپتۇ. مەن بۇ رەسىملەرنى بىر - بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدىم. مانا مېنى باش تېما قىلىپ سىزغان رەسىملىرىڭ، بىزنىڭ مەھەللە، يىگىت بولۇپ يېتىلگەن قوشنىلارنىڭ باللىرى، ياشىنىپ قالغان دادام، ئانام. قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ كوچىلىرى، گىلەم دوپپا، ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن ئۇيغۇر قىزى...

رەسىملەرنى بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن سىنىڭ شۇ كىچىك ۋاقتىڭدا ماڭا ئېيتقان سۆزلىرىڭ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇماق سىڭلىم مەن ئەمدى قەلبىڭنى چۈشەندىم. ئەمدى سىنىڭ ۋاقتىنىڭ رەسىمنى سىزىش ئارقىلىق پۈرسەتتىن ئىبارەت بۇ مەۋھۇم ئۇقۇمنى كۆز ئالدىمدا نامايان قىلغانلىقىڭنى ھېس قىلدىم. توغرا، سەن ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىپسەن، قارا، مانا ھەربىر پارچە رەسىمىڭدە ۋاقتىنىڭ سىماسى، ۋاقتىنىڭ غۇنچىلىرى كۆرۈنۈۋاتىدۇ. سەن ماڭا پۈرسەتنىڭ، ۋاقتىنىڭ قوشكېزەكلىكىنى بىلدۈردۈڭ. پۈرسەت دېگەن تەستە قولغا كېلىدىغان نەرسە دېگەن كۆزقاراشقا رەددىيە بېرىپ، تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەربىر بۇلۇڭلىرىدىمۇ، يېنىمىزدىمۇ پۈرسەتنىڭ نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردۇڭ. مانا، سەن ئۆز رەسىملىرىڭدە راستتىنلا ۋاقىت بىلەن پۈرسەتنىڭ قوشكېزەك غۇنچىلىرىنى ئېچىلدۇرغانىدىڭ.

## ئېرا ھالقىغان سۆيگۈ

رىزۋانگۈل مەھەممەت
(ئەدەبىي خاتىرە)

*«قەدەم ئىزى — بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.»*

— مەھمۇد كاشغەرىي

ئىنسان سۆيگۈ ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، سۆيگۈ ئۈچۈن ياشاپ، سۆيگۈ ئۈچۈن ئۆلىدۇ. ئۇ باسقان ھەربىر قەدەمدىن «سۆيگۈ، سۆيگۈ» دەپ ئاۋاز چىققاندا زېمىن تىترەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئاۋاز زېمىننىڭ زىننىتى، ئىنساننىڭ مېھنىتى، ئېرادىن ئېراغا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پاك

سۈيگۈنىڭ ھاياتلىق نۇرىدىن بالقىپ چىققان جۇلاسى. كىشىلەر ئۇنى ئەڭ ئالىي مەۋجۇدات — ئىنسانىنىڭ تىرىشچانلىقى، مېھنىتىنىڭ مەڭگۈ تورۇماس چېچىكى دەپ بىلىدۇ.

*«جاھان باقىي ئەمەس لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،*
*مىسالدۇر بۇڭا ئىسكەندەر ۋە ھەتتا ئەركە چىڭگىزخان.*
*كېلىپ كەتمەك بىلەن مەشغۇل، جاھانغا بىھېساب كارۋان،*
*ئۆتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا پەقەتلا خەلق سۇرەر دەۋران،*
*ئۆمۈر مەنزىلىدىن تاپتىم ناھايەت بۇ ھەقىقەتنى.*

— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر«ئۆمۈر مەنزىللىرى» دىن

ئەسلىدىنلا تىمتاس زېمىن قايتىدىن سۈكۈتكە چۆمدى. گويا پۈتكۈل كائىنات گاس - گاچا بولۇپ كەتكەندەك. بارچە زېمىننى باغاشلاپ، توختىماي دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىن سۇدەك كۆرۈنىدىغان بۇ مېھىر ئاتەش چەكسىز قۇملۇق ئانا تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ بىر مۆجىزىسى ئىدى. بارچە ھاياتلىقتا ئىزنا قالسا، بۇ زېمىندىن نە ھاياتلىقنىڭ، نە ئىنساننىڭ ھىدى پۇرىمايتتى. پەقەت ناگان-ناگاندا يېگى بىر ھاياتلىق پەيدا بولغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەندەك تىنىماس كارۋاننىڭ كولدۇرما ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— دادا، دادا! ئۇسساپ كەتتىم، — دەيتتى بىچارە بالا چاك - چاك قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئازراقمۇ نەم دىدارى قالمىغان تىلى بىلەن يالاپ تۇرۇپ.

— ۋاي ۋۇي جېنىم ئۇكام، ئازراق چىدىساڭ بولمامدۇ، غەلۋە قىلىۋەرمىگىنە، ھېلىمۇ دادام بىر تېمىممۇ سۇ ئىچمەي ساڭىلا ئىچۈرۈۋاتىدىغۇ. بۇ ئازغىنە سۇ بىزنىڭ ئاخىرقى سۈيىمىز تۇرسا.

ئۇ شۈكلىدى، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۇنىڭ كۆزىدىن ياشمۇ چىقمايتتى. بۇ 11 ياشلىق ئىنىم ھەقىقەتەن ئۇسسىغانىدى، بىراق ئۇ چىدىمىسا بولمايتتى. چۈنكى بۇ ئادەمخور زېمىندىن ھاياتلىق ئىزى بايقىغۇچە بىر تامچە سۇمۇ بىزنىڭ ھايات قېلىشىمىزغا ئىلھام بېرەتتى. دادام ھېچ زوۋۋانسىز ئەتراپقا خىيالچان كۆزلىرىنى تىكەتتى.

— دادا، — دېدىمەن نۇرلۇق كۆزلىرىنى قىسىپ قۇملۇق چۆشىگە غەرق بولغان دادامنى نوقۇپ تۇرۇپ، — بۇ قانداق زېمىن؟ نېمىشقا ئاسماندا بۇلۇت يوق؟ بۇ جايغا قىشتا كەلسە بولغۇدەك. چۈنكى، ھەممىمىز قىشتا قۇياشنىڭ ھارارىتىگە تەشنا بولىمىز ئەمەسمۇ؟!

— ھا... ھا... ھا...

يۇپيۇملاق يۇزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ مىس چۆگۈندەك بولۇپ كەتكەن دادامنىڭ چېھرىدە بىردىنلا تاتلىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى. نېمە ئۈچۈندۇر دادامنىڭ بىر جۈپ كۆزىگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قارىغۇم كېلەتتى، چۈنكى، ئۇنىڭ كۆزلىرى سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چوڭقۇر بىر دېڭىزغا ئوخشاش شۇنچىلىك جۇشقۇن ھەم سىرلىق ئىدى. مېنىڭ سوئاللىرىم تۈگىمەيتتى. تۈگىمەس سوئاللىرىمنى دادام ئەلۋەتتە جاۋابسىز قويمايتتى.

— دادا بۇنداق جايدا كىشىلەر نېمىشقا ماڭىدۇ؟ بۇ يەردە ئۆلۈپ كەتسە قانداق قىلىدۇ؟ كىشىلەر ئۆيىدىن چىقمىسا ياكى باشقا جايلارغا بارسا بولمامدۇ؟ بۇ جايدا بىر تامچە

سۇ بولمىسا يا، يەنە تېخى بىرەر يېشىللىقمۇ يوق، بەئەينى گۆرىستانغا ئوخشايدىكەن.

دادام يەڭگىل كۈلكە بىلەن سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ جاۋابلىرى شۇنچىلىك مەنىلىك ئىدىكى، ئۇنىڭدىكى ئەقىل قەلبىمگە ئۇرۇلۇپلا كىرەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تىنماي ئالدىغا قارايتتى. گويا ھازىر كۆز ئالدىدا ئاجايىپ بىر گۈزەل ھاياتلىق نامايان بولىدىغاندەك شۇنچىلىك ئۈمىدۋار ئىدى.

— ئۇماق قىزىم، — دەپ سۆز باشلىدى دادام مېھرلىك تەبەسسۇمى بىلەن، — بۇ جايدا يازدا ئوت ئىسسىق، قىشتا جۇت سوغۇق بولىدۇ. بىراق بۇ جاي ھاياتلىقنىڭ بۆشۈكى. ئۇ بىزگە ياشاشنى، مېڭىشنى، تىرىشچانلىقنى، قەيسەرلىكنى ئۆگەتكەن. گەرچە بۇ زېمىنغا ئىچكىرىلەپ كىرسىڭىز، ھاياتلىقنىڭ ھېدى ئۈزۈلگەندەك بىلىنسىمۇ، سىزگە توختىماي ئىزدىنىش، تىرىشىش توغرىسىدا سۆزلەيدۇ.

زامان - زامانلار ئىلگىرى ھاياتلىق پەيدا بولغاندا، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان بۇ زېمىن شىمالىي دېڭىزغا تۇتىشىدىغان بىپايان دېڭىز بولغانىمىش. دېڭىزنىڭ ئەتراپى بۈك - باراقسان ئورمانلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بىپايان مۇنبەت تۇپراق ئىكەن. قولى گۈل، ئىشچان، تىرىشچان خەلقىمىز بۇ زېمىندا تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، چەكسىز بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ، تەبىئەتنىڭ بېھىساب ھېكمىتى ئىچىدە ياشاپ، نۇرغۇن چوڭ شەھەرلەرنى، بەگلىكلەرنى بەرپا قىلغانىمىش. ئىجتىمائىي ھايات يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە، قۇم ئېراسى باشلىنىپ، تاغلار ئوت بولۇپ يېنىپ، زېمىن قۇرۇپ، جانلىقلار، ئادەملەر قىرىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ زېمىن ئەنە شۇ گۈزەللىكلەرنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلگەنمىش. زېمىن تىنچىغاندىن كېيىن جېنى ئامان قالغان كىشىلەر بۇ زېمىننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قۇربى يەتمەي، قۇملۇقنىڭ چەت - ياقا جايلىرىدا ئاندا - ساندا يېشىللىقلارنى بەرپا قىلىشقا باشلىغانىمىش. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرگەن تەڭرى تەسىرلىنىپ، چىداملىق دەپ تەرىپلىنىدىغان توغراقنى بۇ زېمىنغا ھەدىيە قىلغانىمىش. بۇلار كىشىلەرگە ھارماي تىرىشىش، ئىزدىنىش توغرىسىدا بېشارەت بېرىپ، جانلىق، ھاياتلىق ساقلايدىغان بۇ زېمىننىڭ كۆۋرۈكى بولغانىمىش. كېيىنچە يەنە تەڭرى خەلقنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى بەدىلىگە بۇ چەكسىز قۇملۇققا گۈزەل بىر ئېقىننى ھەدىيە قىلغانىمىش. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېقىننى بويلاپ كارۋان يولى شەكىللىنىپ ھاياتلىق يەنە جانلىنىشقا باشلاپتۇ. كېيىن خەلق ھۇرۇنلىشىپ، ئېتىقادى سۇسلاپ تەڭرىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەچكە بۇ ئېقىن قۇرۇپ كېتىپ بىرنەچچە كىچىك ئېقىنلا ساقلىنىپ قالغانىمىش.

بىز مېڭىۋاتقان بۇ يول تىرىشچان كارۋانلارنىڭ ھارماس ئىزى. كىشىدە شۇنداق روھ بولۇشى كېرەككى، ئۇ ئالدىراپ ۋاز كەچمەسلىكى، ھورۇنلۇق يولىنى تاللىۋالماسلىقى لازىم. ئۇنىڭدا تىرىشچانلىق، ئىرادە ۋە سەۋر بولسىلا ھاياتلىق زېمىنى گۈل - چېچەككە پۈركىنىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، تىرىشچان، ئەمگەكچان خەلقىمىز قۇم ئېراسىدىن ھازىرقى ھاياتلىقنىڭ چېچىكىنى قايتا ئېچىلدۇردى. سەۋر بىلەن تىرىشقاچقا، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى سۆيگۈ پورەكلىدى. بۇ چۆلدىلا ئەمەس، كۆكتىمۇ سۆيگۈ سىمفونىيەسىنى ياڭرىتىۋاتىدۇ.

تىرىشچان، مېھنەتكەش خەلقلا بولىدىكەن، زېمىندىن ئىنسانىنىڭ، ھاياتلىقنىڭ ھىدى

مەڭگۈ يوقمايدۇ. ھەتتا ئىلگىرىكى ئاشۇ گۈزەل ھاياتلىقنىڭ ئىزى تېپىلىپ، جۇشقۇن ھايات قايتا باشلىنىدۇ. شۇڭا كىشىدە توغراقتەك روھ بولۇشى، ھەرقانداق جايدا ھايات گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇشى لازىم. ياخشى ئاڭلا قىزىم:

*ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،*
*ئەمدى ئاتقا مىنگۇدەك بوپقالدى ئەنە نەۋرىمىز.*
*ئاز ئىدۇق مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،*
*ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.*
*قالدى ئىز چۆللەر ئارا، گاھى داۋانلاردا يەنە،*
*قالدى نى - نى ئارسلانلار، دەشتى چۆلدە قەبرىسىز.*
*قالدى ئىز، قالدى مەنزىل، قالدى ئۇزاقتا ھەممىسى،*
*چىقسا بوران كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.*
*توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،*
*تاپقۇسى ھېچ بولمىسا بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز يا ئەۋرىمىز.*

دانا خەلقىمىز مانا مۇشۇنداق جاسارەتلىك ھەم تىرىشچان بولغاچقا، قۇم ئېراسىدا كۆمۈلۈپ قالغان زېمىندا قايتا ھاياتلىق نۇرىنى چاقنىتىپ، ئېرادىن - ئېراغا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان زېمىن سۆيگۈسى، ھايات سۆيگۈسىنى قايتىدىن يارىتىۋاتىدۇ ھەم يېڭى - يېڭىدىن ھاياتلىقنى، گۈزەللىكنى، سۆيگۈنى يارىتىۋاتىدۇ. قارا ئەنە بىزمۇ تىرىشچانلىقىمىزنىڭ مېۋىسىنى كۆردۇق.

— دادام شۇنداق دېگەچ ئالدى تەرەپنى ئىشارەت قىلدى. راست، بىز راستتىنلا نەتىجىسىنى كۆرگەن ئىدۇق. مانا ئالدىمىزدا كىچىككىنە بىر گۈزەل ھاياتلىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. شۇمشىيىپ ئولتۇرۇپ سۆزلىرىمىزگە قۇلاق سالغان ئىنىم ماغدۇرسىز ھالىتىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، تاپچاقتەك سەكرەپ يېشىللىققا ئۆزىنى ئاتتى.

توغرا، كىشىدە ھېچنەرسە بولمىسىمۇ، تىرىشچانلىق ۋە سەۋر بولۇشى كېرەك. ئۇ ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ يۈكسەكلىككە چىقىش شوتىسى. ئادەم پەقەت تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئاشۇ شوتىغا قەدەم باسقاندىلا، ئاجايىپ گۈزەل سەھنىگە ئىگە بولىدۇ، ئۇ سەھنە ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرىدۇ. بەلكىم بۇ خەلقىمىزنىڭ ئېرا ھالقىغان سۆيگۈسىنىڭ ئەڭ گۈزەل يادىكارى، نامايەندىسى، خالاس.

# تىرىشچانلىق - غەلىبە

تۇتىنگۇل ئابدۇرېھىم
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«تەقدىرنىڭ كاجلىقى زارلانغانلارغا، چاقچىقى ئىرادىسىزلەرگە، سېخىيلىقى توختاۋسىز تىرىشقانلارغا مەنسۇپ.»*

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دىن

كىشىلىك ھايات يولى مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - توقاي. ئۇ خىياللاردەك ئۇزۇن، چاتقاللاردەك گادىرماچ. ئۆزىدە يۇلتۇزلاردەك چەكسىز قىيىنچىلىق، جاپا - مۇشەققەتلەرنى، تەكلىماكان تىلسىملىرىدەك سىرلارنى ساقلىغان. بىز ئاشۇ تومۇر - تومۇرلاردەك تەرەپ - ئەرەپكە كەتكەن يوللاردا ھەر تەرەپكە ماڭىمىز. بەزىلىرىمىز ئەدەپ - ئەخلاق دولدۇلىغا مىنىپ، ئىلىم - پەننى كومپاس قىلىپ، ئۇچرىغان ھەربىر قىيىنچىلىققا، توسالغۇلارغا توغرا مۇئامىلىدە بولۇپ، يولۋاستەك باتۇرلۇق بىلەن ئۇنى يېڭىمىز. پۇرسەت ۋە تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت زور بايلىقنى قولىمىزدا چىڭ تۇتۇپ، قاپلاندەك يۈگرەكلىكىمىز بىلەن بەخت - سائادەت يولىغا ئات سالىمىز. بۇنىڭ ئەكسىچە، بەزىلىرىمىز نادان، بولۇمسىز، ھورۇن، قورقۇنچاق بولغاچقا مۇناپىقلىق، ساتقىنلىق، رەزىللىك، پەسكەشلىك يولىدا مېڭىپ قالىمىز. شۇڭا بالايى - ئاپەتلەر، غەم - قايغۇ، نامراتلىق بىزگە سايىغا ئوخشاش ئەگىشىدىكەن. بىزنىڭ قايسى يولدا مېڭىشىمىز يالغۇز بىز بىلەنلا كەتمەيدۇ، ئۇ بىر ئائىلە، بىر مىللەت، بىر دۆلەتكە چېتىلىدۇ.

ھەرقانداق كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى، تارىخ ئىزنالىرىدا ئۆچمەس نام قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ. ئۆزىگە تۇيۇقسىزلا بەخت - ئامەت كېلىشنى، كۈتۈلمىگەن پۇرسەتلەر ئارقىلىق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، رېئاللىق ھەمىشە بىزنىڭ ئىرادىمىزگە بېقىنمايدۇ. ئىشلار بىز ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ھەم ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمەيدۇ. پۇرسەتمۇ بىزنى قاچان كېلىپ بايقاركىن، تۇتۇۋالاركىن دەپ ساقلاپ تۇرمايدۇ. ئەكسىچە، تىرىشچان، ئىرادىلىك كىشىلەر تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ. خۇددى گۈزەل، نازىنىن مەلىكە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئارىسىدىن جاپا - مۇشەققەتكە، ھەر خىل قىيىنچىلىق، توسالغۇلارغا بەرداشلىق بېرەلىگەن مەلۇم بىر شاھزادىگە تەئەللۇق بولغىنىدەك، پۇرسەتمۇ ھەرقاچان ھوشيار، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرغان، جەڭ قىلىشقا تەييار ئەسكەردەك ھەرقاچان ئۇنى بايقاشقا، تۇتۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ماھىر كىشىلەرگىلا مەنسۇپ. ھە دېسىلا «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ تەييارغا ھەييار بولۇپ يۈرگەن جان باقارلارغا پۇرسەت ھەرگىزمۇ ئوچۇق چىراي ئاچمايدۇ. پۇرسەتنى بايقاش ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇش تىرىشچان كىشىلەرنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئالتۇن ئاچقۇچ.

تىرىشچانلىق ئىنسانلاردىكى ئىزدىنىش، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىش، قىلچە بوشاشماي بارلىق زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز كەسپى بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن ئىبارەت پسخىك خاراكتېرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، باشقىچە ئېيتقاندا، تىرىشچانلىق — ھۇرۇنلۇق ۋە بوشاڭلىقنىڭ ئەكسىدۇر.

تارىختىن بۇيان نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆزىدە تەۋرەنمەس بىر ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ جاپا - مۇشەققەت ۋە ئەگرى - توقايلىقلار، توسالغۇلار ئالدىدا ئۆز غايىسىدىن ۋاز كەچمىگەن. ھەتتا ئۇ توسالغۇلار ئالدىدا تېخىمۇ غەيرەت-شىجائەتكە كېلىپ، قىلچە بوشاشماي ئۆز قىزىقىشى ۋە ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھەرقاچان ھوشيار ۋە سەگەكلىك بىلەن ھەر خىل ياخشى پۇرسەتلەرنى بايقاشقا ۋە تۇتۇشقا ماھىر بولغان. شۇ ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، مۇۋەپپەقىيەت ئارقىلىق دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىدا، جۈملىدىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدە، بۈگۈنكىدەك تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

بىزگە مەلۇم، يەھۇدىيلار ھازىر دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ 50%ىنى ئىگىلىگەن مەدەنىيەتلىك باي مىللەت. يەھۇدىيلار ئۆز ھاياتىدا ئىنتايىن چوڭ سىناقلارغا دۇچ كەلگەن. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆز ماكانىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ ھەر يەر - ھەر يەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گىتلېر فاشىستلىرى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان. ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. لېكىن يەھۇدىيلار سىناقلارغا قەيسەرلىك بىلەن بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىنىڭ تىرىشچان، ئالدىن كۆرەرلىك، چىداملىق، پۇختا بىلىملىك خاراكتېرىنى نامايان قىلدى ۋە ئۆز دۆلىتىنى قۇردى. ئەگەر يەھۇدىيلار شۇ چاغدا چىدامسىزلىق قىلىپ باشقا مىللەتلەرگە قۇل بولۇپ ياكى سىڭىپ كەتكەن بولسا، يېتەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەن ۋە پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ، كىشىلەرنى قايىل قىلارلىق ئىش ئىزلىرى، نام-شەرىپى بولمىغان بولاتتى.

قىسقىسى، ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭلىگە پۈككەنلەر، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئىزدىگۈچىلەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئالتۇن قازغانغا ئوخشايدۇ، ئالتۇن كولىغانغىلا چىقىدىغان نەرسە ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. سىز ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ يېتەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىز ۋە ئىرادە كەمەرنى مەھكەم باغلاپ، ۋاقىت دۇلدۇلىغا مىنىپ، كۆزلىگەن مەنزىلىڭىزگە ئات چاپتۇرسىڭىز، ئىشىنىڭكى، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىغا ئىگە بولالايسىز.

# تىرىشچانلىق مەڭگۈلۈك قىممەت

نۇربىيە ئىبرىز
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ئىنساننىڭ تۇغما تالانتى بەئەينى بىر ئۇچقۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇچۇپ قېلىشىمۇ، يېنىشىمۇ مۇمكىن. ۋاھالەنكى ئۇنى يېلىنجىتىش، يانغىنغا ئايلاندۇرۇشنىڭ پەقەت بىرلا ئۇسۇلى بار. ئۇ بولسىمۇ ئەمگەك، يەنىلا تىرىشچانلىقتۇر.»*

— گوركىي

جەمئىيەت ئىقتىسادى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، نۇرغۇن ئادەملەرنى پەقەت ئىككىلا تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ، بىرى ھورۇنلار، تىرىشماسلار، يەنە بىرى، تىرىشچانلار.

بىر كۈنى بىر ھورۇن دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ، يولدا كېتىۋاتقان يولۇچىدىن سوراپتۇ:

— بۇنچە ئالدىراش نەگە ماڭدىڭ؟

يولۇچى جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى ياراتقىلى.

ھورۇن:

— ئۇ يەرگە قانداق بارىدۇ؟

— ھەممە تەرەپ بىلەن بارغىلى بولىدۇ، لېكىن سەن ھەممە يەرگە بارالمىغۇدەكسەن،

— دەپ كېتىپ قاپتۇ يولۇچى.

ھورۇن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي دەرەخ سايىسىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇخلاپتۇ، ئۇخلاپتۇ. ئويغىنىپ قارىسا، كەچ كىرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئۇخلاپتۇ...

ئەمما بۇ چاغدا يولۇچى مەنزىلگە يېتىپ بولغانىكەن.

شۇنداق، جەمئىيىتىمىزدە ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتلىقتا تۇتقان يولى، ياراتقان قىممىتى، ئېرىشكەنلىرى، يەتمەكچى بولغان نىشانى ئوخشاش بولمىغاندەك، تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەنلىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر تامچە - تامچە تەر ئاققۇزۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ. بەزىلەر بۈگۈن تاپقىنىنى بۈگۈن تۈگىتىپ، ئەتىنىڭ، ئەلنىڭ غېمىنى قىلماي بىر ئۆمۈر ئۆتىدۇ.

تارىختا ئۆچمەس ئابىدىلەرنى ياراتقان، مىللەت، خەلق، ئىنسانلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئۈنتۈلماس نەتىجىلەرنى، كەشپىياتلارنى ياراتقان ئالىم، تەتقىقاتچىلار ئاز ئەمەس. مەسىلەن: بىز ھەممىشە ئۇلۇغ ئالىم، تەتقىقاتچى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ

مۇئەللىپى مەھمۇد كاشغەرىي، ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، تالانتلىق ئەدىبى، تۆھپىكار، مول مېۋىلىك پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى قاتارلىقلارنى پەخىرلىنىش ھېسسىياتىمىز بىلەن تىلغا ئېلىپ تۇرىمىز. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىش ئۈچۈن، 15 يىل ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا جاپالىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى 1959 - يىلىدىن باشلانغان تۆت يىللىق ئېغىر جازا لاگېرى ھاياتىدىمۇ ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ رۇس تىلىنى ئۆگەنگەن. 1966 - يىلىدىكى سولچىل لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن 1966 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا مىليون پارچىدىن ئارتۇق كىتاب - ژۇرناللارنى رەتلەپ كارتوچكا تۇرغۇزۇپ، يۈرۈشلەشكەن كىتاب كاتالوگىنى ئىشلىگەن ۋە شۇ جەرياندا نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇپ خاتىرە يېزىپ چىققان، كېيىنكى مەزگىللەردە ئىلمىي، ئەدەبىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ مىللەت، خەلق ئۈچۈن ئۆچمەس ئابىدىلەرنى تىكلىگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇلار ياراتقان قىممەتلىك مىراسلار ھەرگىزمۇ ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس، بەلكى جاپالىق ئىزدىنىشنىڭ، ئىزچىل تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلى، ئەلۋەتتە.

مانا مۇشۇلارغا ئوخشاش ئۆزىگە تىرىشچانلىقنى، ئىرادىنى دوست قىلىپ تاللىغانلار ئەجدادلار ئىزىدىن مېڭىپ «تىرىشقان تاغ ئاشار، تاشقا مىخ قاقار» دېگەن ئەنئەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزىنى تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆزى بىر جۈپ قولىغا، ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ يارىتىۋاتىدۇ. لېكىن بەزىلەرچۇ؟ ئۇلار ئۆزىنىڭ باي ياكى نامرات بولۇپ قېلىشىنى تەقدىردىن، ئاتا - ئانىسىدىن، ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن كۆرمەكتە، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر بىمەنىلىك. مەشھۇر ئەدىب لۇشۈن ئەپەندىنى كىشىلەر سىز بەك تالانتلىق ئىكەنسىز دەپ ماختىغاندا: «مەن نەدىمۇ تالانت ئىگىسى بولاي، باشقىلار كافىي ئىچىپ ئولتۇرغاندا، مەن تىرىشىپ خىزمەت قىلدىم، خالاس» دەپ جاۋاب بەرگەن.

دېمەك ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا. شۇ شەخسنىڭ ئۆز يولىنى تېپىپ مېڭىش - ماڭالماسلىقى پەقەت ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق. تەقدىرنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ھەربىر ئادەمنىڭ تەدبىرىگە باغلىق. يەنى «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ»، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق. ئۆزىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىپ خەلق ئۈچۈن قىممەت ياراتقانلارنىڭ ھەممىسى ئىزچىل تۈردە ھاردىم - تالدىم دېمەي جاپالىق تىرىشقانلار. ئۇ ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنىڭ تالانتىغا باغلىق ئەمەس. گەرچە تالانت ئىگىلىرى دەپ قارالغانلارنىڭ ئەسلىدىكى تالانتى گەرچە 1% بولسىمۇ، 99% تى يەنىلا تىرىشچانلىق ئارقىلىق يارىتىلغان تالانتتۇر. چۈنكى دۇنيادىكى ئۇتۇق قازانغان كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى شۇ بىر پىرسەنت تالانتىغىلا تايىنىپ ئېرىشكىنى يوق. مەسىلەن، دۇنياۋى داڭلىق مۇزىكا «تەقدىر»نىڭ ئىجادچىسى بىتخوۋېن گاس تۇرۇپ ئۆزىنى دۇنياغا تونۇتالىدى. ئاتاقلىق ماتېماتىك كائوس تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. يەنە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبخانى ھېمىڭۋايمۇ بىرەر پارچە ئەسەر يېزىپلا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا ئېدىسونمۇ مىڭ نەچچە خىل كەشپىياتنى ياراتقان بىلەن بىر قېتىمدىلا تەجرىبە ئىشلەپ نەتىجە قازانغان ئەمەس. پەقەت ئەجىر قىلىپ، مەغلۇبىيەتتىن قورقماي،

تىرىشچانلىق ئارقىلىق زور نەتىجىگە ئېرىشىپ، خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ قالالىغان.

لېكىن بىزچۇ؟ دوستلار، بىز ئەجدادلىرىمىز ماڭغان يولدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتىمىز. بىز ياش ۋاقتىمىزدا ئەقلىمىزنى تېپىپ، كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، هايات بىزگە ئاتا قىلغان چەكلىك پۇرسەتتىن، پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغان هاياتتىن ياخشى پايدىلىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز شۇنداق قىلالىساقلا، ئۆزىمىز ۋە باشقىلار ئۈچۈن گۈزەل كەلگۈسى يارىتالايمىز. خۇددى بىز باشتا دەپ ئۆتكەن يولۇچىدەك نادان، هورۇن كىشىلەر ئويلىنىپ تاپالمىغان تېپىشماقلارنى، سىرلارنى ئەقىل - پاراسىتىمىزگە، تىرىشچانلىقىمىزغا تايىنىپ تاپالايمىز. دۇنيانىڭ سىرلىرىنى يېشەلەيمىز. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، هەممە يوللار تىرىشقانلار ئۈچۈن مەڭگۈ ئوچۇقتۇر.

# تاما-تاما كۆل تولار

مەخمۇتجان ئايۇپ

(مۇهاكىمە ماقالىسى)

*«ئاجىزلار پۇرسەت كۈتىدۇ، غالىبلار پۇرسەتنى ئۆزى يارىتىدۇ.»*

— كىيۈرى خانىم

پۇرسەت — كۈتۈپ تۇرغانلارغا ئەمەس، تىرىشقانلارغا، ئىزدەنگەنلەرگە مەنسۇپتۇر. تىرىشچانلىق ئارقىلىق پۇرسەت ياراتقىلى، پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولسا، پۇرسەت ئارقىلىق تىرىشچانلىقنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. پۇرسەت بىلەن تىرىشچانلىق بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. بۈگۈنكىدەك پەن - تېخنىكا ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، رىقابەت كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان ئۈچۈر، رىقابەت دەۋرىدە تىرىشچانلىق تېخىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەرنىڭ بىرى. تىرىشىپ نەتىجە يارىتىپ، ئۇنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساق، تاللاش ۋە شاللاش كۈچىيىۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە دەۋر تەرىپىدىن رەهىمسىزلەرچە شاللىنىپ قالىمىز، ئەلۋەتتە.

هەرقانداق كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى، تارىخ ئىزنالىرىدا ئۆچمەس نام قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ. ئۆزگە تۇيۇقسىزلا بەخت - ئامەت كېلىشنى، كۈتۈلمىگەن پۇرسەتلەر ئارقىلىق ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىزدەيدۇ. بىراق رېئاللىق هەمىشە بىزنىڭ ئىرادىمىزگە بېقىۋەرمەيدۇ. ئىشلار بىز ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي هەم ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمەيدۇ. پۇرسەتمۇ بىزنى قاچان كېلىپ بايقاركىن، تۇتۇۋالاركىن دەپ ساقلاپ تۇرمايدۇ. شۇنداق، پۇرسەت بىزنى ساقلاپ تۇرمايدۇ. ئەكسىچە، پۇرسەت تىرىشچان، ئىرادىلىك كىشىلەر تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ. خۇددى گۈزەل، نازىنىن مەلىكە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئارىسىدىن جاپا - مۇشەققەتكە، هەر خىل قىيىنچىلىق، توسالغۇلارغا بەرداشلىق بېرەلىگەن مەلۇم بىر

شاھزادىگە تەئەللۇق بولغىنىدەك پۈرسەتمۇ ھەرقاچان ھوشيار، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرغان، جەڭ قىلىشقا تەييار ئەسكەردەك ھەرقاچان ئۇنى بايقاشقا، تۇتۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ماھىر كىشىلەرگىلا مەنسۇپ. ھە دېسىلا «ئۆجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ تەييارغا ھەييار بولۇپ يۈرگەن جان باقارلارغا پۈرسەت ھەرگىزمۇ ئۇچۇق چىراي ئاچمايدۇ. تىرىشچانلىق ئەنە شۇ پۈرسەتنى بايقاش ۋە چىڭ تۇتۇشتىكى ئالتۇن ئاچقۇچ.

بىز تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچرايدىغان، شۇنداقلا بىز ئۇچۇن كەم بولسا بولمايدىغان سۇنى مىسالغا ئالساق، سۇ ھەمىشە ئۆز يۈنىلىشى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. باشقا جىسىملارنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىغاندا نەچچە يۈز ھەسسە، نەچچە مىڭ ھەسسىلەپ كۈچ بەرپا قىلالايدۇ. ئەمدى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ ئېيتساق، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى سۇنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان تاشقا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلار چوقۇم ئۆتمىسە بولمايدىغان ئۆتكەلنىڭ بىرى. سۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان تاشنى يېڭىش ئۇچۇن يۈز ھەسسە، ھەتتا مىڭ ھەسسىلەپ كۈچ چىقارغانغا ئوخشاش ئالىي مەكتەپكە تەييارلىق قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارمۇ ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىقلا، ئاندىن بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلەيدۇ. ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى، پارلاق كېلەچىكى ئۇچۇن توختىماي ئىزدىنىۋاتقانلارمۇ، پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادە تىكلەپ، قىيىنچىلىقنى بويسۇندۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا قانائەتلەنگۈدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شان - شەرەپ قۇچۇۋاتقانلارمۇ، جەمئىيەتتە بولسا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ئورنىنى تاپقانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي، تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكنىڭ نەتىجىسى. كونىلاردا: «تاما - تاما كۆل بولار» دەيدىغان ماقال بار. بىز بىر ئىزدا توختاپ قالماي، كاللىمىزنىڭ سەگەك ۋاقتىدا بىلىم كانلىرىنى قازساق، چوقۇم نەتىجە قازىنالايمىز. پەقەت كۆڭۈل قويۇپ، پۈتۈن زېھنىمىزنى سەرپ قىلىپ ئۆگەنسەكلا «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەنگە ئوخشاش كۆزلىگەن ئۇلۇغۋار نىشانىمىزغا چوقۇم يېتەلەيمىز. ئەگەر «ئۆجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ بىر جايىمىزدا تەلەي ساقلاپ ئولتۇرۇۋەرسەك، جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرىغا ئايلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. پۈرسەت يىراقلاپ كەتكەندە پۇشايمان قىلساقمۇ، ئەڭ ئاخىردا بىزگە ئېشىپ قالىدىغىنى يەنىلا ئۆكۈنۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەقەت پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندە ۋە قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئۆگىنىدىغان روھ بولغاندىلا، رىقابەت كەسكىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىختىساسلىقلار تاللىنىپ، ئىقتىدارسىزلار شاللىنىۋاتقان دەۋردە جەمئىيەتنىڭ تەلپىگە ماسلىشالايمىز ۋە ئۆز قەدىر - قىممىتىمىز بىلەن ياشىيالايمىز. ۋاقىت ئاتقان ئوق، ئۇ ھەرگىز قايتىلانمايدۇ، ياشلىقىمىزمۇ ھەم شۇنداق. شۇنىڭ ئۇچۇن ئالتۇندىن قىممەتلىك بولغان ۋاقتنى ۋە ياشلىقىمىزنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇشقا ئاتلىنايلى!

# مۇۋەپپەقىيەت ئىشىكى تىرىشچانلارغا مەڭگۈ ئوچۇق

خانزۆھرە راخمان
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«تىرىشچان تاشقا مىخ قاقار، بىپەرۋا پۇتىغا پالتا چاپار.»*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ھەممە ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇسى كېلىدۇ، بىراق مۇۋەپپەقىيەت ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئۇسۇلى كۆپ ۋە خىلمۇخىل، لېكىن گەپ ئۇنى قانداق بايقاشتا، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشتا. ھاياتلىقتا خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، مۇۋەپپەقىيەت بار يەردە مەغلۇبىيەتمۇ بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىش ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قىيىن، شۇنداقلا ئاسان. مۇۋەپپەقىيەتنى ئويلايدىغان كاللا بولۇپ ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان غەيرەت، ئىرادە ۋە تىرىشچانلىق بولمىسا، ئۇ مەڭگۈ ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىغان قىيىن ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. پۇرسەتنى تۇتۇشنى بىلىدىغان ۋە پايدىلىنىشنى بىلىدىغانلارغا شۇنىڭ ئۆزى بىر مۇۋەپپەقىيەت.

پۇرسەت بىزنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ، بەزىدە يېنىمىزدىن تۇيدۇرماي ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنى ئۆزىمىز بىلىپ تۇرۇپ بوشاڭلىق ياكى بىخەستەلىك قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىمىز. پۇرسەت بەزىدە شۇنداق بىر تاسادىپىيلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ئۇ ئۆتۈپ كەتتىمۇ، مەڭگۈ ئۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن.

بىر لاتارىيە ھەۋەسكارى بولۇپ، ئۇ كۈندە لاتارىيە ئوينايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ كەچ كىرگىچە ئويناپ، ئاخىردا يانچۇقىدا پەقەت بىرلا قېتىم لاتارىيە سېتىۋالغۇدەكلا پۇل قاپتۇ ۋە شۇ چاغدا قورسىقى تولىمۇ ئاچقانلىقتىن، ئاخىرى لاتارىيە ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ، قورسىقىنى توقلاپ ئۆيگە قايتىپتۇ. ئادىتى بويىچە ئەتىسى يەنە لاتارىيە سېتىش پونكىتىغا كەپتۇ ۋە ئۇ يەردە بۈگۈن ئادەملەرنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى كۆپلۈكىگە قاراپ ھەيران قاپتۇ ۋە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ شۇ كۈنى دوستىغا يول كۆرسىتىپ ئالغۇزغان لاتارىيە بېلىتىدىن بەش مىليون يۈەن مۇكاپات چىققانىكەن. مانا شۇنىڭدەك پۇرسەت شۇنداق تاسادىپىيلا كېلىدۇ، ئۇنىڭ كېتىشىمۇ شۇنداق تاسادىپىي بولىدۇ.

پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىر تەرىپى بولغانغا ئوخشاش، تىرىشچانلىقمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەرەپ. بولۇپمۇ بىز ئوقۇغۇچىلاردا شۇنداق ياخشى بىلىم ئىگىلەش پۇرسىتى بار، بىز بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىز بۇ ياخشى پۇرسەتنى قەدىرلەپ تىرىشىپ

ئۆگەنمىسەك، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تۇگەل ئۆز كۇنىمىزنىمۇ ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئالدى بىلەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى بىلىش كېرەك. پۇرسەت ھەربىر ئادەمگە كېلىدۇ، لېكىن شۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلار مۇۋەپپەقىيەتتىن مەڭگۈ مەھرۇم قالىدۇ، شۇڭا پۇرسەتنى كۈتۈش بىلەنلا ۋاقتىمىزنى ئۆتكۈزمەي، ئەڭ مۇھىمى پۇرسەتنى يارىتىشنى بىلىشىمىز كېرەك.

دېمەك، تىرىشمايدىكەنمىز ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايمىز. بىز پەقەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىدىغانلا بولساق، كۆزلىگەن نىشانىمىزغا ۋە ئارزۇ - غايىمىزگە يېتەلەيمىز، ئۇنداق بولمايدىكەن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تۇگەل ئۆز ھاياتىمىزنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلالمايمىز. شۇڭا ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇپ، پۇرسەتنى بايقاشقا ماھىر بولۇشىمىز ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. شۇندىلا مۇۋەپپەقىيەت ئىشىكى بىزگە مەڭگۈ ئوچۇق!

# 2001 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر

*2001 ـ يىللىق ئالىي مەكتەپ بىرتۇتاش تىل ـ ئەدەبىيات ئىمتىھانىدىكى ماقالە يېزىش سوئالىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالىسىدا، شەكىل جەھەتتە بىر خىللىق، قەلەمنى ئىشلىتىپلا مۇھاكىمىگە چۈشۈپ كېتىش، باش ـ ئاخىرى ماسلاشماسلىق، پىكرى چېچىلىپ كېتىش، مۇھاكىمە ئوبيېكتىدىن يىراقلاپ كېتىش، خېلى كۆچەپ يېزىپمۇ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى تولۇق ئىپادىلىيەلمەسلىكتەك نۇقسانلار كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن خېلى كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىدا ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن خېلى ياخشىلىنىش بولغان.*

*تۈزگۈچىدىن*

## V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ. (جەمئىي 40 نومۇر بېرىلىدۇ)

تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

*بىر ياش يىگىت ئۆمۈر مۇساپىسىدە بىر ئۆتكەلگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۆز ھاياتىدا ئىگە بولغان «ساغلاملىق»، «گۈزەللىك»، «سەمىمىيلىك»، «زېرەكلىك»، «قابىلىيەت»، «بايلىق»، «شان ـ شەرەپ» قاتارلىق يەتتە خالتا يۈك بىلەن دەريادىن ئۆتمەكچى بوپتۇ، كېمە قوزغالغاندا دەريا سۈيى تېپتىنچ ئېقىۋاتقانىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي بوران چىقىپ، دولقۇن كۆتۈرۈلۈپتۇ. يىگىت ئولتۇرغان كىچىك كېمە داۋالغۇپ، چۆكۈپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. كېمىچى: «يۈك بەك ئېغىر بولۇپ كەتتى، خالتىلاردىن بىرنى تاشلىمىساڭ قىرغاققا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارالمايمىز» دەپتۇ. يىگىتنىڭ خالتىلاردىن ھېچقايسىسىنى تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماپتۇ. كېمىچى «زىيان تارتماي پايدا يوق، ئالماقنىڭ بەرمىكى بار» دەپتۇ. يىگىت بىردەم ئويلىنىپ كۆرۈپ «سەمىمىيلىك»نى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.*

تەلەپ: تەمسىلدە «سەمىمىيلىك» دەرياغا تاشلىۋېتىلدى، بۇنىڭدىن سىز نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟ «سەمىمىيلىك»نى مەزمۇن قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ. ئۆز كەچۈرمىشىڭىزنى، تەسىراتىڭىزنى، كۆزقارىشىڭىزنى ۋە ئېتىقادىڭىزنى يازسىڭىزمۇ بولىدۇ، ھېكايە، نەسر قاتارلىقلارنى يازسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەزمۇنى «سەمىمىيلىك»تىن چەتنەپ كەتمىسۇن.

ئەسكەرتىش:

①نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزىڭىز بېكىتىڭ؛ ②ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ؛ ③ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز قويۇڭ؛ ④ھەجمى بىر يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن.

# چۈچەك ۋە چۈش

ھاجىنىسا ئابدۇللا
(ھېكايە)

كىچىك ۋاقتىلىرىمدا، ھەر كۈنى كەچتە ئانامدىن چۆچەك ياكى ھېكايە ئاڭلاپ ئۇخلاشنى ئادەت قىلغانىدىم. ئانام بىرەر كۈن ھېرىپ قالدىم دەپ ھېكايە ئېيتىپ بەرمىسە قەغىشلىك قىلىپ يىغلاپ تۇرۇۋالاتتىم. ئانامۇ ئامال بار مېنىڭ تەلپىمنى ئورۇنداپ بېرەتتى. يەنى ھېكمەتلىك، چوڭقۇر پىكىرلىك ھېكايە - چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. مەن بولسام ئاشۇ چۆچەكتىكى ئاجايىپ قەھرىمانلار، ھېكايىلەردىكى ئەقىللىك بالىلار بىلەن سەيلە قىلغاچ ئۇيقۇغا كېتەتتىم.

بىر كۈنى كەچتە ئانام يەنە ئادىتى بويىچە ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بەرمەكچى بولدى، ھەم:

— قىزىم، بۈگۈن ئېيتىدىغان چۆچەك ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، چوقۇم ياخشى ئاڭلاڭ ھەم بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ياشىشىڭىز كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىڭ، — دېدى ۋە چۆچەكنى باشلىدى. ئۇ چۆچەك مۇنداق ئىدى:

قەدىمكى زاماندا ناھايىتى سەلتەنەتلىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. شاھنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان ساداقەتمەن ۋەزىرلىرى ھەم خىزمەتكارلىرى بار ئىكەن. قىسقىسى شاھنىڭ ھەممە نېمىسى تەل ئىكەن. لېكىن بىرمۇ ئوغۇل پەرزەنتى يوق ئىكەن، شاھ بۇنىڭدىن ناھايىتى قايغۇرىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ شاھ بارغانسېرى قېرىشقا باشلاپتۇ ھەم تەخت ۋارىسىغا كىمنى سايلاشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپتۇ. ئوغلى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ بالا دەردىگە تەخت دەردى قوشلاپ كەپتۇ. ئاخىرى شاھ ئەل ئارىسىدىن پەزىلەتلىك ئوغۇلدىن بىرنى تاللاپ ئۆز ۋارىسى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ ھەم بۇيرۇق چۈشۈرۈپ خانلىق تەۋەسىدىكى بارلىق بالىلارنى يىغىپ، ئۇلارغا بىردىن ئۇرۇق تارقىتىپ بېرىپتۇ ھەم كىمنىڭ گۈلى چىرايلىق ئېچىلسا شۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ بەلگىلەنگەن مۆھلەت توشۇپتۇ، ھەممە بالىلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەرنى كۆتۈرۈشۈپ يول بويىدا شاھنىڭ كۆزىدىن كەچۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، شاھ بۇ چىرايلىق گۈللەرگە قاراپ قىلچىمۇ خۇشاللىق ھېس قىلماپتۇ، ئەكسىچە تېخىمۇ بىئارام بولۇپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا شاھنىڭ كۆزى بالىلار ئارىسىدا قۇرۇق تەشتەكنى كۆتۈرۈپ ئىنتايىن مەيۈس ھالەتتە تۇرغان بىر بالىغا چۈشۈپتۇ ھەم ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سەن نېمىشقا گۈل ئەكەلمىدىڭ، — دەپ سوراپتۇ.

بالا ئىنتايىن بىچارىلىك بىلەن:

— مەن ئۇرۇقنى ئىنتايىن مۇنبەت تۇپراق ئېلىپ شۇنىڭغا تېرىغانىدىم، ھەر كۈنى تۇپىنى يۇمشىتىپ، سۇ قۇيۇپ پەرۋىش قىلغان بولساممۇ، لېكىن بۇ ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقمىدى، كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، مەن تەخت ۋارىسى بولالمىغۇدەكمەن، — دەپتۇ يىغلامسىراپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھ:

— مەيۈسلەنمە ئوغلۇم، مەن ئىزدەۋاتقان بالا دەل سەن، بىلەمسەن مەن سىلەرگە تارقاتقان ئۇرۇقنى قاينىتىۋەتكەن. ئۇنىڭدىن گۈل ئۈنۈپ چىقىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. باشقا بالىلارنىڭ ھەممىسى مەن بەرگەن ئۇرۇقنى تېرىمىغان، ئەكسىچە ئۆزلىرى بىلگەنچە ئىش قىلغان. مەن سېنىڭ بۇ سەمىمىيلىكىڭنى ياقتۇرۇپ قالدىم، كەل ئوغلۇم، مەن سېنى ئۆزۈمنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىپ سايلىدىم، — دەپتۇ ۋە بالىنى يېتىلەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان باشقا بالىلار خىجالەتتىن باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بالا تەخت ۋارىسى بولۇپ بېكىتىلىپتۇ. شاھ مەيداندىكى بالىلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— بالىلىرىم، مەن سىلەرنىڭ سەمىمىي، پەزىلەتلىك بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، سەمىمىيلىك ئىنسان ھاياتىنىڭ قۇرۇماس گۈلى، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭلاردا سەمىمىيلىكتىن ئىبارەت بۇ گۈلنى چېكەڭلارغا مەھكەم قىسىڭلار، شۇندىلا ھەر ئىشىڭلار نۇسرەتلىك، خۇشاللىق ئىلكىدە ئۆتىدۇ. ئەكسىچە سەمىمىيەتسىز بولۇپ يالغان ئېيتساڭلار، ھەم باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئاسانلا مەھرۇم بولۇپ قالىسىلەر، ھەم نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەر قولۇڭلاردىن كېتىپ قالىدۇ، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

ئانام چۆچەكنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ماڭا بۇ چۆچەكنىڭ قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك چىرايىمغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى ۋە:

— بۇ چۆچەكنى سىزگە سۆزلەپ بېرىشىمدىكى مەقسىتىم، سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭىزغا توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىش، گەرچە ھازىرقى دەۋر ئىلگىرىكى دەۋرگە ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما سەمىمىيلىكنىڭ دەۋر چەكلىمىسى بولمايدۇ، كىمگە بولسۇن، سەمىمىيەتسىزلىك قىلىپ يالغان ئېيتسىڭىز، ئاسانلا باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىسىز ھەم ئۆزىڭىزمۇ كۆڭلىرىڭىزنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەلمەيسىز. شۇڭا ھەر ۋاقىت سەمىمىي، راستچىل بولۇڭ، قىلچىلىك يالغان سۆزلىمەڭ، چۈنكى «شامال ئۆتمەيدىغان تام يوق». سىز يالغان گەپ قىلسىڭىز، ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىپ قالىسىز، بۇنداق ئەھۋالدا سىزمۇ، سىز تەرىپىدىن ئالدانغان كىشىمۇ خۇشال بولالمايدۇ، — دېدى.

مەن ئانامنىڭ گەپلىرىنى قۇلىقىمدا چىڭ تۇتىدىغانلىقىم توغرۇلۇق ۋەدە بەردىم ۋە ئۇخلاپ قالدىم. چۈشۈمدە بىر گۈزەل مەنزىرىلىك جايغا بېرىپ قاپتىمەن، يېنىمدا ئىنتايىن گۈزەل بىر قىز ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرغۇدەك ھەمدە بۇ يەرگە كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمەن دەۋاتقۇدەك، مەن: بۇ قەيەر؟ دەپ سورىسام، ئاۋۋال ساياھەت قىلىڭ، ئاندىن بىلىپ قالىسىز، بۇ سىزدەك بالىلارنىڭ دۇنياسى، دەۋاتقۇدەك ھەم مېنى يېتىلەپ بىر گۈزەل باغقا

ئېلىپ كىرگۈدەك. بۇ باغدا ھەر خىل گۈل - گىياھلار ئېچىلىپ، مېۋە - چېۋىلەر پىشىپ تۆكمە بولۇپ كېتىپتۇدەك. ھېلىقى سىرلىق قىز مېنى باشلاپ مېڭىۋېرىپتۇدەك، شۇ ئارىلىقتا مەن ئۇ يەردە بىر توپ بالىلارنىڭ غەمسىز ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ھەم ئۇلار بىلەن ئوينىغۇم كەلدى. ھېلىقى قىز كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ قالغاندەك، ئوينىغىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ دەپ سورىغۇدەك. مەن، ھەئە، دېگەندەك بېشىمنى لىڭشىتسام، ئۇ، توختاپ تۇرۇڭ، مەن سىزنى يەنە بىر يەرگە باشلاپ بارىمەن. ئۇ يەرنىمۇ كۆرۈپ بېقىڭ، دېگۈدەك ھەمدە مېنى باشلاپ بىر قاپقارا دەرۋازىلىق باغقا ئېلىپ كىرگۈدەك، بۇ باغنىڭ ئىچى ئىنتايىن كۆرۈمسىز بولۇپ، دەل - دەرەخلىرى تامام قۇرۇپ كەتكەن، ھەممە يەردە قاغا - قۇزغۇنلار قاقىلداۋاتقانىكەن، مەن قورقۇپ كېتىپ ھېلىقى قىزنىڭ قولىغا چىڭ يېپىشىۋالغۇدەكمەن. شۇ پەيتتە بۇ يەردە يەنە بىر توپ بالىلارنى كۆرگۈدەكمەن، ئۇلار ئالدىنقى باغدا كۆرگەن بالىلارنىڭ ئەكسىچە ئىنتايىن كۆرۈمسىز ھەم روھسىز بولۇپ، ۋەيرانە ھالەتتە ئىمىش. مېنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ كەتكۈملا كېلەتتى، شۇڭا ھېلىقى قىزغا چىقىپ كېتەيلى دېدىم، ھېلىقى قىز ماڭا بولىدۇ، ئەمما سىز بۇ يەرنىڭ قەيەرلىكىنى بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك، مەن سىزگە دەپ بېرەي، بايامقى گۈزەل باغ سەمىمىي بالىلار بىلەن تولغان جەننەت، بۇ قېتىم كۆرگىنىڭىز يالغانچى بالىلار ماكانى دوزاخ. سىز بىرەر قېتىم يالغان ئېيتسىڭىز ھېچكىم بىلمەيدۇ دەپ ئويلىماڭ، مانا مەن بىلىمەن، سىزنىڭ قانچە قېتىم مۇئەللىم پۇل ئېلىپ كېلىڭلار دېدى دەپ ئاتا - ئانىڭىزنى ئالداپ پۇل ئېلىپ، چوكا مۇز ئېلىپ يېگىنىڭىزنى، مۇئەللىمىڭىزدىن نەچچە قېتىم ئانام ئاغرىپ قالدى، مومام ئاغرىپ قالدى دەپ، يالغان رۇخسەت سوراپ دوستلىرىڭىز بىلەن كانكى تېپىلىشقا بارغىنىڭىزنى بىلىمەن، ھەممىسى خاتىرىلەپ قويۇقلۇق، بايام كۆردىڭىز، سەمىمىي، راستچىل بالىلار ھەر ۋاقىت خۇشال ئۆتەلەيدۇ ھەم بەخت ئىلكىدە باياشات تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. ئەكسىچە سەمىمىيەتسىز بالىلارچۇ؟ ئۇلار شۇنداق روھسىز، چۈنكى ئۇلار ئۆز يالغانچىلىقى بىلەن ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدۇ. بۇ دۇنيا ھېسابلىق دۇنيا، چوقۇم ھەر ئىشنىڭ ئاخىردا ھېسابىنى بېرىدىغان ۋاقىت بولىدۇ، ئۇ چاغدا سىزنىڭ پۇشايمان قىلغىنىڭىزمۇ بىكار. سىز تېخى كىچىك، بۇ يالغانچىلىقىڭىز ئانچە ئېغىر سەمىمىيەتسىزلىك قاتارىغا كىرىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن بۇ سىزنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇشىڭىزنى بەلگىلەپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى بالىلىق ۋاقىت يۇمران، نوتا ۋاقىت. ئۇنى ئېگىپ قويسىڭىز ئېگىلگەن پېتى، تۈزلەپ قويسىڭىز تۈپتۈز پېتى ئۆسۈۋېرىدۇ، شۇڭا سىز ھازىردىن باشلاپ ئۆز مەنۋىيىتىڭىزدىن يالغانچىلىق، سەمىمىيەتسىزلىك ئىللەتلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جان كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ راست گەپ قىلىدىغان ياخشى، سەمىمىي بالا بولۇڭ، دېگۈدەكمىش. ئاخىردا يەنە بۈگۈن ئانىڭىزنى ئالداپ ئالماقچى بولغان پۇلدىن ۋاز كېچەمسىز - قانداق؟ دەپ قويغۇدەك. بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكۈدەكمەن ۋە دەرھاللا ئويغىنىپ ئەتراپىمغا قاراپتىمەن، ئەتراپىمدا بايا كۆرگەن مەنزىرىلەر يوق، «ئۇف» دېدىم، ئۆز ئۆيۈمدە، كارىۋىتىمدا يېتىپتىمەن، لېكىن بايا چۈشۈمدە ھېلىقى قىز دېگەن گەپلەر قاللامغا كىرىۋالغانىدى.

تۇغرا، تۈنۈگۈن دوستلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىرەر يەرگە بېرىپ ئويناشنى

پۈتۈشكەنتۇق. بىراق ئانامغا بۇنداق دەپ پۇل سورىسام ئۇ ھەرگىز بەرمەيتتى. شۇڭا مەن گەپ توقۇپلا بىر دوستۇمنىڭ ئانىسى ئاغرىپ قاپتىكەن، ساۋاقداشلار ھەممەيلەن پۇل يىغىش قىلىپ، شۇنى يوقلىماقچى ئىكەنلىكىمىزنى دەپ ئانامدىن 20 يۈەن پۇل ئالغانىدىم. بۇ ئىشمنى ئويلاپ ئەتىلا راست گەپ قىلىش قارارىغا كەلدىم ۋە ئۇخلاپ قالدىم.

ئەتىسى ئورنۇمدىن بالدۇرلا تۇردۇم، بۇنىڭدىن ئانامۇ ھەيران قالدى، چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە، مېنى ئويغىتالماي بەك ئاۋارە بولۇپ كېتەتتى. مەن ئاستا مېڭىپ تاماق ئېتىۋاتقان ئانامنىڭ يېنىغا كىردىم - دە، 20 يۈەن پۇلنى سۇندۇم. ئۇ ھەيران قالغان ھالدا: «بۇ پۇلنى دوستىڭىزنىڭ ئانىسىنى يوقلاشقا ئىشلەتمەمسىز؟» دەپ سورىدى. مەن ئىنتايىن خىجىلچىلىق ئىلكىدە يالغان سۆزلىگەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئانام ماڭا بىرھازا قاراپ كەتكەندىن كېيىن مېنى باغرىغا باستى ۋە: — جېنىم قىزىم، ئاخىرى چوڭ بوپسىز، بۇ قىلغىنىڭىز خاتالىق بولسىمۇ، لېكىن سىز خاتالىقىڭىزنى تونۇدىڭىز، چۈنكى خاتالىقنى تونۇغان بالا ئەڭ ياخشى بالا، قارىغاندا سىزگە ئاخشامقى چۆچەكىم تەسىر كۆرسىتىپتۇ - دە، — دېدى.

مەن ئاخشامقى چۈشۈمنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئانام بېشىمنى سىلىغىنىچە:

— توغرا قىزىم، بۇ ئالەم ھېسابلىق ئالەم، كىشىگە قىلغۇالدىم، ئېيتىۋالدىم دەپ خۇش بولىدىغان جاھان ئەمەس، سىز ئۇنى ئالدىسىڭىز، سىزمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىشىغا ئۇچراپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، سىزنىڭ يالغانچىلىقىڭىز ھامان پاش بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ۋە ماڭا 20 يۈەن پۇلنى بېرىپ خاتىرجەم بېرىپ ئويناپ كېلىشىمنى تاپىلاپ مەكتەپكە ئۇزاتتى.

مەكتەپكە مېڭىش يولىدا ئۆزۈمنى شۇنداق روھلۇق، خۇشال سەزدىم. توۋا، ئاخشامنىڭ ياقى ئانام يالغانچىلىقىمنى بىلىپ قالسا قانداق قىلارمەن دەپ دەككە - دۈككىدىلا ئۆتكەنىدىم. مانا ئەمدى راست گەپنى دېيىدىم، ئەجەب ئازادە بولۇپ قالدىم، يەنىلا سەممىمي بولغان ياخشى ئىكەن. ھەممە ياققا كۈلۈپ قاراپ مەكتەپكە ماڭدىم. مانا شۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات مۇساپەمدە يالغانچىلىقنى، سەممىيەتسىزلىكنى ئۆزۈمدىن ئىنتايىن يىراق تۇتتۇم. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەشھۇر كىشىلىرىمىزنىڭ سەممىيلىك توغرىسىدىكى ئۆگۈتلىرىنى كۆپ ئوقۇيدىغان بولدۇم، ئۆز تەجرىبەمدىن ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، بەزى يالغان ئېيتقان دوستلىرىمغا ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سەممىي، راستچىل بولۇشى ئۈچۈن ئازراق تۆھپە قوشقانمۇ بولدۇم.

پىلان قانچە توغرا بولسا مەقسەت شۇنچە يېقىن بولىدۇ. يول راۋان بولسا، مۇساپە ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. يول خەتىرىدىن ئەنسىرەش ئورۇنسىز. توغرا بولمىغان نەرسىلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەجەبا سىزنىڭ سەممىيەتسىزلىك قىلىپ قويۇلغىڭىزنى بۇراتقۇزۇپ تۈزەتكىڭىز بارمۇ؟

ئانام ئېيتقان ئاشۇ چۆچەك مېنىڭ باللىقىمنى توغرا يول بىلەن باشلاشقا يول كۆرسەتكەن بولسا، ئاشۇ كۈنى كېچىدە كۆرگەن چۈشۈم مېنىڭ ئادىمىيلىك مىزانلىرىمغا بولغان چۈشەنچەمنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھاياتلىق يولۇمنى كۆرسىتىپ بەردى.

# سەمىمىيلىك - ئەخلاق گۆھىرى

تۇرسۇنجان يۇسۇپ
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«كىم سۆزىدىن يانسا، بەختمۇ ئۇنىڭدىن يانىدۇ، قاچىدۇ.»*
— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

سەمىمىيلىك — كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچەم ۋە ئەخلاق. سەمىمىي بولۇش ۋە باشقىلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەخلاق مىزانى. باشقىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى — باشقىلارنىڭ سىزگە گۇمانى قاراشتا بولغانلىقىدا، ئۇلارنىڭ سىزگە ئىشەنمىگەنلىكى، ئۇلارغا سەمىمىيەت تۇيغۇسى ئاتا قىلالمىغانلىقىڭىزدا. چۈنكى، سەمىمىيلىك — ئىشەنچ — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۇل تېشى، ئۇل تاش چىڭ، پۇختا بولمىسا بۇنداق تام ئازغىنە كۈندە چاك كېتىدۇ ۋە ياكى غۇلاپ چۈشىدۇ.

ھازىر پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئالاقە - ئۇچۇر دەۋرى. ئالاقىنىڭ ئاساسى ئىشەنچ، ئىشەنچنىڭ كاپالىتى سەمىمىيەت، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك تامنىڭ ئۇلى چىڭ بولمىسا بۇنداق تام تولىمۇ ئاجىز بولۇپ قالغىنىدەك، باشقىلارغا سەمىمىيلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلالمىسىڭىز، ئەلۋەتتە سىز كىشىلىك تۇرمۇش سېپىدىن چۈشۈپ قالىسىز، چەتكە قېقىلىسىز، باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىگە ۋە كۆزگە ئىلماسلىقىغا ئۇچرايسىز. چۈنكى، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە مۇناسىۋەت ئۆزئارا ھەمكارلىشىش بىلەن قەدىرلىكتۇر.

سەمىمىيلىك — قارىماققا شۇنچىلىك ئاددىي، ئاسان، لېكىن كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەرقانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۇنچە ئاسان بولمىغىنىدەك سەمىمىيلىكنى ئۆزىگە مىزان قىلىپ ياشاشمۇ ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. بىز كىچىكىمىزدە دەرسلىك كىتابتىن «يالغانچى بالا» دېگەن ھېكايىنى ئوقۇغان، ئۇ ھېكايىدە بىرىنچى، ئىككىنچى قېتىم بالىنى راست گەپ قىلدى دەپ ئويلاپ دېھقانلار بالىغا ياردەم قىلىپ، قويلارنى قۇتقۇزغىلى چىقىدۇ، لېكىن بالىنىڭ ئۇلارنى ئالدىغىنىنى بىلىپ، بالىدىن قاتتىق رەنجىيدۇ. ئۈچىنچى قېتىم راستتىنلا بۆرە كەلگەندە بالا شۇنچە توۋلىسىمۇ، دېھقانلار ئۇنى سەمىمىيەتسىز دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىلى چىقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا ئېغىر ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ. دەرسلىك كىتابتىكى «قۇرۇق تەشتەك كۆتۈرگەن بالا» دېگەن ئەسەرنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇ ئەسەردىكى بالا راستچىللىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن قۇرۇق تەشتەكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە يۇقىرى مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى مىسالنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈدىغان بولساق، بىرىنچى پارچىدىكى يالغانچى بالا باشقىلارنى ئالدىغانلىقى، سەمىمىيەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن باشقىلار تەرىپىدىن «يالغانچى بالا» دەپ ئاتالدى ھەم باشقىلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەس بولدى، ئۇنىڭدىن بىزار

بولدى، ئىككىنچى ئەسەردىكى بالىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ قۇرۇق تەشتەكنى كۆتۈرۈپ كېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سەممىيتىنى ئىپادىلەپ، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە، ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولالىدى. شۇنداق، كىشىلىك تۇرمۇشمۇ ئۆزىگە سەممىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغانلارنى كۆلۈپ تۇرۇپ ئىللىق باغرىغا تارتىدۇ، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى ئالدىغانلارنى خار - زەبۇنلۇق چۆلىگە پالاپ سەرسانە قىلىدۇ. بىراق نادان، سەممىيەتسىز ئادەمنىڭ ئۆزى بۇنى ھېس قىلالمايدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش ۋە كۆندىلىك ئالاقە ئۆزىگە سەممىيەتسىزلىك قىلغانلارنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى كىشىلىك ئەخلاق، پەزىلەت مىزانى سەممىيەتسىزلىككە قەتئىي يول قويمايدۇ.

سەممىيلىك ئىنسان ئەخلاقىنىڭ يۈكسەك پەللىسى، پارلاق ئەتىنىڭ نۇرلۇق مەشئىلى، ئادىمىيلىكنىڭ ئۆچمەس نامايەندىسى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ يىمىرىلمەس تۈۋرۈكى، بەختلىك تۇرمۇشنىڭ غۇلماس يۆلىكى، ئىشەنچ بوسۇغىسىنىڭ تەۋرەنمەس ئۇلى، تۇرمۇش مىزانىنىڭ چولپان يۇلتۇزى، ئالتۇندىن قىممەت بىباھا گۆھەر... چۈنكى ئۇنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى، كۆلكە، چاقچاق، شېرىن - شېكەر سۆز بىلەن ئالدىغىلى، قەھرىتان سوغۇق بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋەتكىلى، گۈزەل سايرام، لوپنۇر كۆللىرى بويىدىن، ئەلئىبھراملىرىدىن، ئىتالىيەنىڭ گۈزەل سەيلىگاھلىرىدىن، نىل دەرياسىنىڭ يېشىل قىرغاقلىرىدىن، جاھاننىڭ پايانسىز باغۇبوستان، دەريا - دېڭىز بويلىرىدىن ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇ ئېگىلمەس - سۇنماس بىر دەرەخكى، ھەر ۋاقىت چېچەكلەپ، بىخ سۈرۈپ، شېرىن مېۋە بېرىدۇ. ئۇ سېنىڭ ئەجرىڭنى ھەرگىزمۇ يەردە قويمايدۇ. سەممىيلىك سەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىناس، ئەڭ سىرداش يېقىن دوست بولالايدۇ. سەممىيلىك سەن ئۈچۈن، كىشىلىك تۇرمۇش ئۈچۈن، ئادىمىيلىك ئەخلاقىڭ ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ماياك!

## «بىچارە» يىگىت

ئايشەمگۈل ئەسقەر

(ھېكايە)

ھەر قېتىم سەممىيلىك توغرىسىدا سۆز ئېچىلغاندا ئەنە شۇ ۋەقە يادىمغا كېلىدۇ. گەرچە بۇ ئىشنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە شۇنچە يىللار بولغان بولسىمۇ خۇددى تۈنۈگۈن يۈز بەرگەندەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

بۇ تازا بازار قايناۋاتقان يەكشەنبە كۈنى ئىدى، كىمدۇر بىرىنىڭ نالە قىلىپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. «مېنى بۇنداق يېرىم جان قىلىپ قويغۇچە، جېنىمنىلا ئالساڭ بولمامدۇ؟ ئاھ خۇدا...» بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنىڭ شۇنچە ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي ئاۋاز بار تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. مەنمۇ ئانام ئاچچىقسۇ ئەكېلىش ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى چىڭ سىقىمدىغىنىمچە: «بالام تېزراق قايتىپ كەل» دېگىنىگە قارىماي، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم. يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىيىملىرى يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ

كەتكەن، چىرايى ساماندەك سارغايغان، ئىككى پۇتى تىزىغىچە داكا بىلەن ئورالغان بىر يىگىت نالە قىلىپ ئولتۇراتتى. ياشانغان بىر كىشى ئۇنىڭ نىچۇن بۇ هالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ يېشىنى سۈرتكىنىچە ئۆزىنىڭ قاتناش هادىسىسىگە ئۇچراپ ئىككى پۇتىدىن ئايرىلغانلىقىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان كىشىلەر يېنىدىن پارچە پۇللىرىنى چىقىرىشىپ ئۇنىڭغا ساخاۋەتلىك قوللىرىنى سۇندى، مەنمۇ ئىچىمدە «ئەگەر پۇلنى شۇنداق ساۋابلىق ئىشقا ئىشلەتكىنىمنى ئانام بىلسە چوقۇم مەندىن خۇشال بولىدۇ» دەپ ئويلىدىم - دە، ئاچچىقسۇ ئېلىش ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى يىگىتكە سۇندۇم. شۇ ئەسنادا ئادەملەر توپى ئىچىدىن ۋەھىملىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— تېز قېچىڭلار، ئۆزۈڭلارنى چەتكە ئېلىڭلار!

قارىسام يوغان بىر سېرىق ئىت هە دەپ ئادەملەر توپىغا قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى، كىشىلەر قورققىنىدىن پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىتنىڭ ئىگىسى ئىتنى تۇتىۋالدى ھەم ئادەملەر توپى ئىچىدىن ئېلىپ كەتتى. ھەممەيلەن خۇددى بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارىدى، قارىدىيۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، بۇ يەردە ھېلىقى بىچارە يىگىتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ئۇ تىزىغا يۆگىگەن داكىلارلا قالغانىدى، داكىدا قان ئىزىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. يىگىت ئاللىبۇرۇن كىشىلەر ئارىسىدىن يوقالغانىدى، ھەممە «تىۋۋا، ئۇ بىزنى ئالداپتۇ - دە» دەپ ياقىسىنى تۇتۇپ بېشىنى چايقاشتى، ئاخىرى ھەممىدىن ئەلەم بولغىنى ئۆزۈم دەپ ئويلىدىم، ئانام ئاچچىقسۇ ئېلىپ كەل دەپ بەرگەن پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتكەنىدىم، «ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن؟ چوپچوڭلا بولۇپ قالغان بالا تۇرۇپ ئانامغا پۇلنى يىتتۈرۈپ قويدۇم دەمدىم ياكى ئالدامچىغا بەردىم دەمدىم؟»

مېنى ئاچچىقسۇغا بۇيرۇغاندا ئانام تاماققا تۇتۇش قىلىپ قالغانىدى، شۇڭا ئۆيگە تېزراق بېرىشىم كېرەك ئىدى، ئەمدى مەندە قۇرۇق قول بارماقتىن باشقا نېمە ئىلاج؟ ئانام مېنىڭ قۇرۇق قول كەلگىنىمنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ھەم مەندىن:

— ئاچچىقسۇ قېنى؟ — دەپ سورىدى.

مەن بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم، سۆزلەۋېتىپ كۆزۈمدىن قانداقلارچە ياش چىقىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قاپتىمەن. بۇ ھېسداشلىق يېشى ئەمەس، بەلكى غەزەپ يېشى ئىدى.

ئانام گېپىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ماڭا قاراپ مۇنداق دېدى:
توك قاپاقنىڭ ئىچى لەشتۇر پارتىراپ تۇرغان بىلەن،
مېغىزى شېرىن ياڭاقنىڭ تېشى قوتۇر بولغان بىلەن.
ئاسماندىكى بۇلۇتتىن ئەلگە تەگمەس قىلچە نەپ،
ئىسستار ئەلنى كۆمۈر يەر ئاستىدا ياتقان بىلەن...

بۇرۇن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى... قاتارلىقلارنىڭ ئاندا - مۇندا ساختىسى چىقىدىغان، ھازىرقىدەك زامانىۋىلىشىش دەۋرىدە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭلا ئەمەس، ئادەملەرنىڭمۇ ساختىسى چىقىۋاتىدۇ. بەزى ئادەملەردە سەممىيلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىدى، ئەگەر ئۇ يىگىت ھەقىقىي ئەھۋالىنى سەممىيلىك بىلەن ئېيتقان بولسا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغانلار تېخىمۇ

كۆپ چىقاتتى. مەن ئۇنىڭ سەممىيلىك روھىنى يوقىتىپ قويغانلىقىغا ئىچىنىۋاتىمەن، قىزىم، يەر شارى ئىسسىۋاتقانچە كىشىلەرنىڭ يۈرىكى سوۋۇپ، بارچە گۈزەل پەزىلەتلەر خىرە تۇمان ئاستىدا قالدى. پەقەت سەممىيلىك قۇياشى پارلاپ چىققاندىلا ئەنە شۇ گۈزەل پەزىلەتلەر ئۆز ئىپادىسىنى نامايان قىلالايدۇ. تۇرمۇش خۇددى مۇرەككەپ ئالگېبرا مەسىلىسىدەك، شۇڭا ھېچكىمۇ ئېزىپ قالمايمەن دېيەلمەيدۇ - دە.

ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز خىيالغا چۆكۈپ كېتىپتىمەن. بەزى كىشىلەر بايلىق، شان - شەرەپنى، گۈزەللىكنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ، ئۆزىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ئېتىبار بەرسىمۇ روھىي ساغلاملىقىغا ئېتىبارسىز قارايدۇ، سەممىيلىك راستچىللىقنىڭ ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىكى تۈنجى قەدەم ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدۇ. توغرا، سەممىيلىك پۈتۈنلەي يوقالغان دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ قىيىن.

توۋا، بۇ دۇنيا قاچانغىچە ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق تۇمانلىرى بىلەن قاپلىنىپ تۇرار، قاچانمۇ سەممىيلىك قۇياشى پارلاپ كىشىلەرنىڭ قەلبى گۈلدەك ئېچىلار.

## تۇرمۇش ۋە سەممىيەت

شەمشىدىن قارى
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولىدۇ، ۋاپاسىز كىشى خەلقنە نالايىق ئىشلارنى قىلىدۇ.»*

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مەيلى قايسى مىللەت، قايسى دىن، قايسى ئىرقتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر قۇياش، بىر ئاسمان، بىر دەۋردە ياشاۋاتقان ھەرقانداق ياخشى نىيەتلىك بىر ئادەم ئىنسان سۈپىتىدە باشقىلارغا سەممىي ھالدا خەيرخاھلىق، ياخشىلىق ۋە ھەقىقىي سۆيگۈ ئاتا قىلىپ، ئۇلارغا كۆيۈنگەن ھالدا باراۋەرلىك ۋە ھۆرمەت شارابىنى تۇتسا، ئۇ جەزمەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۆز قېرىندىشىدەك بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئاڭ - سەۋىيەسى، تۇرمۇش سەۋىيەسى كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەمما، بىز بۇ تەرەققىيات دەۋرىدە يەنە نۇرغۇن نەرسىمىزدىن مەھرۇم قالدۇق. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت، سەممىيلىك، كىشىلىك ئەخلاق، راستچىللىق كۈندىن - كۈنگە سۇسلاپ كەتتى.

سەممىيلىك — ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى. سەممىيلىك ئادەملەرنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان زەنجىر. كىمدە سەممىيلىك بولىدىكەن،

كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ توغرا يولىنى تاپقان، ئەتراپىدىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بولىدۇ.

ئەخلاقنىڭ، سەممىيەتنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلۈكىنى تۆۋەندىكى مىسال ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. بىر مىلياردېر بىر تېپىشتۇرغۇچنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ بىر لايىق ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تېپىشتۇرغۇچى دەرھاللا ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىزنى تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇ قىز ئۇدا ئۈچ قېتىم ئامېرىكا گۈزەللىرى بولۇپ تاللانغانىكەن. بىراق، ھېلىقى مىلياردېر: «ئۆزۈممۇ يېتەرلىك چىرايلىق» دەپ رەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى تېپىشتۇرغۇچى يەنە بىر پۇلدار ئائىلىنى تېپىپتۇ. بىراق مىلياردېر «ماڭا بايلىق كېرەك ئەمەس» دەپ يەنە رەت قىپتۇ. تېپىشتۇرغۇچى باشقا بىر قىزنى تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇ قىز ناھايىتى تالانتلىق بولۇپ، 21 يېشىدا دوكتور، 24 يېشىدىلا پروفېسسور بولغانىكەن. مىلياردېر مەنسىتمىگەن ھالدا «ماڭا تالانتلىق قىز كېرەك ئەمەس» دەپتۇ ۋە «ئۆزۈمنىڭ ئەقىل - پاراستى ماڭا يېتىپ ئاشىدۇ» دەپ قوشۇمچە قىپتۇ. تېپىشتۇرغۇچى خاپا بولغان ھالدا سىزگە قانداق لايىق كېرەك دەپتۇ. مىلياردېر «ماڭا سەممىي، راستچىل، دۇرۇس قىز كېرەك» دەپتۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، بىزنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىي تۇرمۇشىمىزدا پۇل، بىلىم، گۈزەللىك مۇھىم بولسىمۇ، ھەقىقىي ئادىمىي خىسلەتنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر مىزان يەنىلا سەممىيلىكتۇر.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يادروسى بولغان ئادەملەرنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئادەملەرنىڭ ھەربىر سۆزى، ھەربىر ئىش - ھەرىكىتى، ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي توپتىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىدۇ ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ ئەخلاقىغا، پەزىلىتىگە، سەممىيىتىگە قاراپ بىر - بىرىگە باھا بېرىشىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا بىر - بىرىنىڭ سەممىيىتىگە قارىشىدۇ.

سەممىيلىك گۈزەل خىسلەت. سەممىيلىك دېمەكلىك ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەت دېمەكلىكتۇر. مەيلى تۇرمۇش، مەيلى كۆندىلىك خىزمەت، مەيلى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بولسۇن، كىشى ئۆز ئەتراپى، ئۆز توپىدىكى كىشىلەرگە سەممىيلىك، راستچىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن، ئۇ باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە، ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشەلەيدۇ.

## ئالۇچا ئۇرۇقچىسى

رازىيە مەمەتجان

(ھېكايە)

مەن ئالۇچا يېيىشكە بەك ئامراق. لېكىن ھەر دائىم ئالۇچا يېگىنىمدە كىچىك ۋاقتىمدا يۈز بەرگەن بىر ئىش يادىمدىن كېچىدۇ.

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋېتىدىغان ۋاقتىم ئىدى. بىر كۈنى دادام بازاردىن ھېرىپ - ئېچىپ كىرىپ كەلدى ۋە قولىدىكى قىزىرىپ پىشقان ئالۇچىلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— باللىرىم، سىلەرگە ئالۇچا ئېلىپ كەلدىم، تاماقتىن كېيىن ھەممىڭلارغا بۆلۈپ بېرەي، — دېدى - دە، تەخسىگە سېلىپ ئانامغا بەردى. مەن شۇ چاققىچە ئالۇچا دېگەننى يېيىش تۈگەل كۆرۈپمۇ باقمىغانىدىم. ئىچىمگە جىن كىرىۋالدى ۋە ئانام ئالۇچىنى قويۇپ قويغان يەردىن مۆشۈكتەك مارىلاپ زادى ئايرىلغۇم كەلمىدى. ئانام دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەمدى بىر تال ئالۇچا ئالاي دەپ قولۇمنى سوزۇۋاتقۇمغا ئانام:

— ھەي شەيتان، نېمە بۇ يەردە تىمسىقلاپ يۈرىسەن؟ ماڭ سىرتقا چىقىپ ئاچچىقسۇ ئېلىپ كىر، — دەپ چىقىرىۋەتتى. مەن نارازى بولغان ھالدا سىرتقا قاراپ ماڭدىم. لېكىن خىيالىم يەنىلا شۇ ئالۇچىدا ئىدى.

مەن يولدا ئۇيانغا قاراپ، بۇيانغا قاراپ يۈرۈپ، ئۆيگە خۇشياقمىغاندەك كىرىپ كەلدىم. قارىسام ئانام ئاشخانىدا يوق ئىكەن. «ھە، پۇرسەت كەلدى» دەپ ئويلىدىم. شۇ زامات ئالۇچىدىن بىرنى شارتتىدە ئالدىم - دە، ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ كېتىپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدىم.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن دادام ھەممىمىزگە بىر قۇر قاراپ:

— باللىرىم، قايسىڭلار ئالۇچىنى يەۋالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

ئاكام بىلەن ھەدەم بىر - بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن:

— بىز يېمىدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە ئىككىلىسى تەڭلا ماڭا قاراشتى.

مېنىڭ چىرايىم ۋۇللىدە قىزىرىپ كەتتى، لېكىن مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك:

— مەنمۇ يېمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— ئالۇچىنى يەۋالغىنىڭلار ياخشى بولماپتۇ، — دېدى دادام بىزنىڭ جاۋابىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — يامان بولغىنى ئالۇچىنىڭ ئىچىدە ئۇرۇقچىسى بار، ئالۇچا يېيىشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۇرۇقچىسىنىمۇ يېسە، بىر كۈندىلا ئۆلىدۇ، مەن شۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

دادامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىردىنلا چىرايىم تاتىرىپ، پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى.

— مەن ئۇرۇقچىسىنى يۇتۇۋەتمەي دېرىزىدىن تاشلىۋەتكەن، — دېدىمەن جىددىي تەلەپپۇزدا. بۇنى ئاڭلاپ دادام ۋە باشقىلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرالماي، ھەممەيلەنگە ھەيرانلىق نەزىرىدە قارىدىم.

— بالام، ئادەم ئالۇچىنىڭ ئۇرۇقىنى يېگەنگە ئۆلۈپ قالمايدۇ، — دېدى دادام كۈلكىسىنى توختىتىپ مېھرىبانلىق بىلەن، — مەن زادى سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ سەممىي، راستچىل ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىپ باقاي دېگەنىدىم. ھازىردىن باشلاپ كىچىك ئىشلاردا يالغانچىلىق قىلساڭلار كېيىن ياخشى ئادەم بولۇشۇڭلاردىن قانداق ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن؟

دادامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قىلغان ئىشىمدىن قاتتىق خىجىل بولدۇم:

— دادا ئەمدى ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيمەن. چوقۇم سەممىي بالا بولۇپ ئۈمىدىڭلارنى ئاقلايمەن. — دېدىمەن يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

# سەممىيلىك ۋە ھايات

ئوغۇلئاي مەمەت
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«يالغانچىنىڭ قويرۇقى بىر تۇتام.»*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

سەممىيلىك — ئەخلاق گۈلىستانىنىڭ گۈلتاجى. ئۇ كىشىلىك ھايات بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، سەممىيەت زەنجىرى بوششىپ قالغان ھايات مەيلى قاچان، قەيەردە بولسۇن روناق تاپالمايدۇ، مۇقەررەركى ھالاك بولىدۇ. نىكولاي ئوستروۋىسكى: «ھايات ئىنسان ئۈچۈن پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ئىنسان ھاياتىنى شۇنداق ئۆتكۈزۈشى كېرەككى، ئۇ ئۆتكەن كۈنلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايدىغان بولسۇن. ھاياتىمنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا بېغىشلىدىم دېيەلەيدىغان بولسۇن» دېگەنىدى. شۇنداق، ئىنسان ئوخشاشلا تۇرىلىدۇ، يەنە ئوخشاشلا كېتىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ياشاش ئادەتلىرى، تاللىغان يوللىرى، ئارزۇ - غايىلىرى پەرقلىق بولىدۇ. دۇنيا، ھاياتلىق ئەنە شۇنداق كۆپ خىل تاللاشلار بىلەن تولغان. ئىنسان ئۆزىنى ئۆزى يارىتىدۇ. ئىنسان ھەربىر قەدەمدە يېڭىدىن - يېڭى تاللاشلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئىنسان ئالەمگە ئاپىرىدە بولغانىكەن، ياشايدۇ، ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. كۈرەش — ئىنسان ھاياتىغا ھەر خىل مەنىلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

رۇسىيە يازغۇچىسى كورولېنكو: «قۇش پەرۋاز ئۈچۈن، ئىنسان بەخت ئۈچۈن يارالغان» دەپ توغرا ئېيتقان. ئەمما، بەخت - ئىجتىمائىي بەخت، ئۇ جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ بەختى ئاساسىدا يىلتىز تارتىشى كېرەك. شۇنىڭدەك بەخت پەقەت ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈشكە قابىل ئەخلاقىي - پەزىلەت ئاساسىدا مەيدانغا كېلىشى، راۋاجلىنىشى كېرەك. مەنىۋى كامالەت، ئەخلاق - پەزىلەت بەختنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

سەممىيلىك ھەربىر ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك بىر خىل ئىجتىمائىي ئەخلاقىي پەزىلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، سالاھىيىتى، مەنپەئەتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە تەرەققىياتىغا ھەم ئەتراپىتىكى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداقتا، سەممىيلىك دېگەن نېمە؟ سەممىيلىك — ئادەم بولۇشنىڭ ئۆلچىمى. شۇنداقلا راستچىل، مەسئۇلىيەتچان، ئەستايىدىل، ئەمەلىيەتچان بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە ئادىمىيلىك نۇقتىئىنەزەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلۇغلاشقا، قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئېسىل خىسلەت.

ھاياتلىق — مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان ئۆچمەس مېلودىيە. سىز ھاياتقا كۈلۈپ باقسىڭىز، ھايات سىزگىمۇ كۈلۈپ باقىدۇ. ئىنسان بۇ دۇنيادا يەككە - يېگانە ياشىيالمايدۇ. سەمىمىيلىك ياشاشنىڭ ئۇلى. ئالدى بىلەن ئۆز - ئۆزىگە سەمىمىي بولالىغان ئادەم، ئۆزگىلەرگىمۇ سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدۇ. دۇنيا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن گۈزەلدۇر، مۇھەببەت سەمىمىيلىككە موھتاج. مۇھەببەتكە قىلىنغان سەمىمىيەتسىزلىك ھاياتلىققا قىلىنغان ھاقارەت. سەمىمىيلىك توزۇماس چېچەك، خورىماس بايلىق، كۈرسى چۈشمەيدىغان تون. ئادەم — ئادەم بىلەن ئادەمدۇر. مۇھەببەتلىك ھايات — مەنىلىك ھاياتتۇر.

ئەتراپىڭىزدىكى نەرسىلەردىن بارا - بارا مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىڭىز، سەمىمىيلىكنىڭ سىزدىن بارا - بارا يىراقلاۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەقلىي ۋە ئەخلاقى كامالەت تاپقان كىشىگە ھايات تەبەسسۇم بىلەن قارايدۇ.

قېنى دوستۇم، ئەتراپىمىزدىكى ئەڭ كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ ئۆزىمىزدە سەمىمىيلىكتىن ئىبارەت ياخشى خىسلەتنى يېتىلدۈرەيلى. تەقدىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ قولىدا. سەمىمىيەت كەمرىمىزنى قەتئىي بوشاشتۇرماي، ھاياتىمىزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى نامايان قىلايلى!

# 2002 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۆلچىمىلىك ئەسەرلەر

**V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.** (جەمئىي 45 نومۇر بېرىلىدۇ)

بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

*بىر ئادەم تاغقا چىقىپ كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ كەتتى. دەرھال پاناھلىنىدىغان بىر جاي تېپىۋالمىسا، توڭلاپ ئۆلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالدىراپ خېلى ئۇزۇن يول ماڭدى. ئۇ شىۋىرغاندا قەدەملىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ پۇتىغا قاتتىق بىر نەرسە ئۇرۇلدى. ئۇ قارنى ئېچىپ قارىغانىدى، قار ئاستىدا توڭلاپ ئۆلەيلا دەپ قالغان بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ دېلىغۇل بولۇپ قالدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ داۋاملىق ئۆز يولىغا مېڭىش كېرەكمۇ ياكى ناتونۇش ئادەمنى قۇتقۇزۇش كېرەكمۇ؟ يۈرىكىدە كۆتۈرۈلگەن بىردەملىك داۋالغۇشتىن كېيىن، ئۇ ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى - دە، قولقېپىنى يېشىپ، ناتونۇش ئادەمنى قۇتقۇزۇشقا باشلىدى. ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ بەدىنىنى بىرھازا ئۇۋۇلىغاندىن كېيىن ناتونۇش ئادەم مىدىرلىدى. تاغقا چىققۇچىنىڭ بەدىنىمۇ ئىسسىپ قالدى. ئاخىرى بۇ ئىككى ئادەم بىر - بىرىنى يۆلىگەن ھالدا، بۇ مۈشكۈلات ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى.*

يۇقىرىقىدەك ھايات - ماماتلىق تاللاشقا ھەممە ئادەم دۇچ كېلىۋەرمەيدۇ. لېكىن يۈرەكنى دېلىغۇل قىلىدىغان ھەمدە ۋىجدانىڭىزدىن تاللاشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار ھەمىشە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇنداق چاغدا سىز قانداق تاللىغان؟ قانداق تاللاش كېرەك ئىدى؟

ۋىجدانىنىڭ تاللىشىنى تېما قىلىپ ئەسەر يېزىڭ. يازغىنىڭىزنىڭ مەزمۇنى تېمىدىن يىراقلاپ كەتمىسۇن.

ئەسكەرتىش:

①نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزىڭىز بېكىتىڭ؛ ②ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ؛ ③ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ؛ ④ھەجمى بىر يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن؛ ⑤ئادەم ئىسمى ۋە يەر ناملىرىنى يېزىشقا توغرا كەلسە × ئارقىلىق ئىپادىلەڭ.

ئۈلگە:

# كۆكلە ۋىجدانىم

ئايجامال باتۇر
(نەسر)

ۋىجدانىم، سەن مېنىڭ قەلبىمدىكى ئەڭ جەزىبىلىك گۈل. مەن سېنى قاچان بىلدىم، قاچانلاردا قەلبىمگە مەھكەم ئورنىدىڭ ئۇ ماڭا غۇۋا. بىراق كەلگىنىڭدىن بۇيان مۇستەھكەم قورغان ھاسىل قىلىپ، ئېتىقاد، ھۆرمەت، گۈزەل ئەخلاق، پەم-پاراسەت، ئادىمىيلىك، مەسئۇلىيەت، بۇرچ، ۋاپادارلىق، سەممىيەت، راستچىللىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ئەپۇچانلىق، كەمتەرلىك، كەڭ قورساقلىق، ئىناق - ئىتتىپاقلىق گىياھلىرى بىلەن بېزەلگەن مەنىۋى بوستانلىقىمنىڭ سۇلتانىغا ئايلانغان سەندىن تولىمۇ مىننەتدارمەن. بېشىمنى كۆتۈرگۈم كېلىدۇ. سېنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ھىدلىغۇم كېلىدۇ.

شۇنداق، مەنىۋى بوستانلىقىمدىكى ھەربىر گىياھ سەنسىز بىخ سۈرگەن ئەمەس. سەن ئۇلارنىڭ پەرۋىشكارى ھەم زەبەردەس قوغدىغۇچىسى ئىدىڭ. ئۇلار سېنىڭ گۆدەك بالىلىرىڭ ئىدى. ئۇلار ھەيرانلىققا تولغان سەبىي كۆزلىرىنى ساڭا تىككەندە، سەن ئۇلارغا توغرا بىلەن خاتانى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى، چىنلىق بىلەن ساختىلىقنى، ۋاپادارلىق بىلەن تۇزكورلۇقنى، سېخىيلىق بىلەن بېخىللىقنى، راستچىللىق بىلەن مەككارلىقنى مانا شۇنداق قارىمۇقارشىلىقلاردىن ئېرىشىلگەن دىداكتىك دۇردانىلىرىڭنى ساماۋى چۆچەكلىرىڭگە قېتىپ سۆزلەپ بەرگەن، زېرىكمەي - تېرىكمەي چۈشەندۈرگەنىدىڭ. سۈزۈك سۇلار بىلەن سۇغىرىپ غەپلەتتىن ئويغىتىپ تۇرغانىدىڭ، قۇياشمۇ سېنىڭ روھىڭغا ئاپىرىن ئېيتىپ ئىللىق نۇرىنى گىياھلىرىڭغا سېخىيلىق بىلەن سەپكەنىدى. بەزىدە سەن شۇنداق كۆيۈپ - پىشىپ پەرۋىش قىلساڭمۇ قىڭغىر ئۆسۈۋاتقان ياۋا شاخلارنى كۆرگەندە ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە قارايتتىڭ - يۇ، يەنە ئەسلىڭگە قايتىپ ئۇلارنى كەسكىن ھالدا كېسىپ تاشلايتتىڭ. لېكىن يارا ئېغىزىنى مەلھەملىرىڭ بىلەن تېڭىپ قويۇشنى ئەسلا ئۇنتۇمايتتىڭ. سەن شۇنچىلىك قەتئىي ۋە شۇنچىلىك سەۋرلىك ئىدىڭ، تىرىشچانلىقىڭ بىكار كەتمىدى، ئۇزۇن يىللىق پەرۋىشىڭ كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭقىرىشقا باشلىدىم. ۋىجدانىم، ئائىلىدىكى ئاتا - ئانام ۋە مەكتەپتىكى مۇئەللىملىرىم بىلەن ئىنتايىن زور ئوخشاشلىقىڭ باركەن. ئۇلارمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش ماڭا ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. پەرق شۇكى، ئۇلار كۆز ئالدىمدا ھەقىقىي سىماسى بىلەن تۇرسا، سەن قەلب بوستانلىقىمدا تۇرىسەن. توۋا دەيمەن، سەندىن ئۇرغۇپ چىققان نىدالار ئاتا - ئانام ۋە ئۇستازلىرىمدىن ئىشتكەنلىرىمگە نېمىدېگەن ئوخشايدۇ، ھە! بىرى قۇلاق تۈۋىمدە مۇزىكىدەك جاراڭلىق سادا چىقارسا، بىرى قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئۇرغۇيدۇ. ئۇلارنىڭ قاچانلاردا بىردەكلىكنى ھاسىل قىلىۋالغىنىنى بىلمەيمەن. لېكىن

ئوخشاش نىشان، ئوخشاش مۇددىئا، بىر خىل ئۇندەش بار.

ۋىجدانىم، سەن ھامان قەلبىمنىڭ شاھانە تەختىدە ئىدىڭ. مەن گەرچە سېنى كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ، سېنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىڭنى، تىلىڭدىن ھەر ۋاقىت بال تامىدىغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدىم. چۈنكى سەن ھاياتىمدا پەيدا بولغاندىن كېيىنكى كۈنلىرىم شۇنداق گۈزەل مەنىلەر بىلەن تولۇپ بېرىۋاتاتتى. سېنى ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كارتونلار دۇنياسىدىمۇ ئۇچرىتىپ قېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. بىر كۈنى «ياغاچ قورچاق» ناملىق كارتون فىلىمنى كۆرۈپ قالدىم، فىلىمدە سېنىڭمۇ ئوبرازىڭ بار ئىكەن. ئۆزۈمنى تۇتالماي تولۇقۇتكىلى تاسلا قاپتىمەن. باش قەھرىمان سېنى يوقىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ھالاكەتكە دۇچار بولدى. كېيىن خاتالىقىنى تونۇپ ۋىجدانىغا مۇراجىئەت قىلغانلىقى، ئۇ كۆرسەتكەن توغرا يولغا ماڭالىغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقىي ئادەمگە ئايلىنالىدى. مەن چەكسىز ھاياجانلىق ئىلكىدە قەلبىمنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالدىم. ئەنە، گىياھلىرىم چۇرقىراشماقتا، بەس - بەستە سۆزلىمەكتە...

— «ياغاچ قورچاق»نى كۆردۈڭمۇ؟

— ھەئە، پىنۇ — كىيۇ ۋىجدانىنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي ئېشەككە ئايلىنىپ قالدى.

— ۋىجدانسىزنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولىدىكەن — ھە؟

— شۇ، لېكىن ئۇ خاتالىقىنى تونۇپ ۋىجداندىن كەچۈرۈم سورىدى ھەم ئۇنىڭ ياردىمىدە دادىسىنى كىتنىڭ ئېغىزىدىن قۇتقۇزۇپ چىقتى.

— توغرا، ئاخىردا دادا - بالا ئىككىسى شاد - خۇرام تۇرمۇش كەچۈردى.

— ئەسلىدە ۋىجدان بار جاي مانا مۇشۇنداق شاد - خۇراملىققا تولىدىكەن - دە؟

— ھى، ھى، ھى، ھى...

— ھى، ھى، ھى، ھى...

ئۇلار چۇرقىرىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا گۈزەل شادىيانە كۈي ياڭرايتتى. يۇمران گىياھلىرىڭ ھەم گىياھلىرىم ساڭا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى. مەن شۇ چاغدىمۇ سەندە مەغرۇرلۇق، مەنمەنلىكنىڭ ئەكسىنى ئەمەس، كىچىك پېئىل، كەمتەرلىكنىڭ ھەقىقىي سىماسىنى كۆردۈم.

ۋىجدانىم، سېنىڭ ھەق تەرەپتە تۇرغاندىكى مەردانىلىكىڭ، جەسۇرلۇقۇڭ، مەنپەئەت ئالدىدىكى تەۋرەنمەسلىكىڭ، قارىماققا دۈشمەنلىرىڭگە سېنى «دۆت» دەپ تىللاشقا شارائىت يارىتىپ بېرەتتى - يۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاماقەت، ئەقىلسىزلىكىنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. سەن دائىم ئادەم ئۆز ۋىجدانىغا يۈز كېلەلىشى كېرەك دەيتتىڭ. شۇڭا مەن بۇ سۆزۈڭنى ئۆزۈمنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى قىلىۋالدىم. چۈنكى مەن بارلىق يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى ۋىجدانسىزلىق دەپ قارىغانىدىم. سەن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى يۇقىرى بولغان مەنىۋى يۈكسەكلىكتە تۇرغاندەك سېزەتتىم. سەن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن باي - باياشاتلىقتا ئۆتكەندە چىرىكلەشمىدىم. ئەكسىچە ساخاۋەتلىك بولالىدىم. غۇربەتچىلىكتە قالغاندا سەۋر تېغىنى يۆلەپ زەبەردەس ئىلگىرىلىيەلىدىم.

ئۆزۈمنى ھەر ۋاقىت ۋىجدان تارازىسىدا ئۆلچەپ تۇردۇم، كىشىلەر ئارىسىدا يورۇق نۇر بولۇپ ياندىم. قەلبىمدىكى ئوبرازىڭ تېخىمۇ يارقىنلاشتى، ئېتىقادىم كۈچەيدى.

ۋىجدانىم، سېنىڭ گۈزەللىكىڭگە، چەكسىز مېھرىڭگە ئېرىشكەن گىياھلىرىم ئۆزۈكسىز بىخلانماقتا. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساغلام تېنىگە، گۈزەل ۋە كېلىشكەن تەققىي تۇرقىغا قاراپ ساڭا مىڭلارچە رەھمەت ئېيتىسمۇ ساڭا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ بولالمايدىغانلىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا. چۈنكى سەن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇلار گۈزەللىكنى قوغلاپ، رەزىللىكتىن قېچىشنى، ياخشىلىقنى كۆككە كۆتۈرۈپ، يامانلىقنى پايخان قىلىشنى، ھەق تەرەپتە تۇرۇشنى، ناھەقچىلىك ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ چىقىشنى، ۋاپادارلىقنى ئۇلۇغلاپ، تۇزكورلۇققا لەنەت ئوقۇشنى، نۇرانە شام كەبى ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەشنى، ۋاپادار، ئىنسابلىق بولۇشنى، بىلىمسىزلىك، نادانلىقتىن يىرگىنىشنى، ۋۇجۇدۇڭدىكى قەتئىيلىك ۋە سەۋرچانلىقنى — ئادىمىيلىكنىڭ دۇردانىلىرىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرگەنىدى.

ۋىجدانىم، مەن ئۇسسۇۋاتىمەن، چوڭ بولۇۋاتىمەن، ھايات كېمەم دېڭىز شاۋقۇنىغا، كۈچلۈك بورانغا دۈچ كەلمەيدۇ دەپ ئېيتالمايمەن. سەن مەنۋىيەت بوستانلىقىمدا ئۆزۈكسىز كۆكلەپ ياشىرىپ تۇرغىن، مۇستەھكەم غوللىرىڭ بىلەن ئېگىلمەس بول، باراقسانلىقىڭ بىلەن گىياھلارغا سايە بول ۋە كۈچلۈك قورغانغا ئايلان!

مەن ئۆلۈپ قالساممۇ، ھەرگىز سېنىڭ يولۇڭدىن قايتمايدىغان بولاي. سەنسىز ئۆتكەن كۈنلىرىم، ياق، سەنسىز ئۆتكەن بىر مىنۇت مەن ئۈچۈن ھارام بولسۇن. سەن مېنىڭ مەنۋى تۈۋرۈكۈم بولغىن. غەيۇر، مەردانە ياشاي، ھاياتىمنىڭ مەنبەسى سەن بولغىن، سەنسىز قۇرۇپ-قاغجىراپ ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئارتۇق كۆرەي. مېنى ھەرگىز ئۆز ئىختىيارىمغا قويۇۋەتمە. گىياھلىرىمغا ئىندا قىلىپ تۇر، ئەگرى شاخلىرىنى رەھىم قىلماستىن كېسىپ تاشلا. تۈز نوتىلارنى ياخشى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ بەرگىن. ئۇلار تۈز ھەم چىرايلىق ئۆسسۇن!!!...

## ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت

ھەبىبۇللا ھەمدۇللا

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ۋىجدانسىز ئەر بولغۇچە، ئەخلەت دۆۋىلەيدىغان يەر بول.»*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ھەممە بىر نىيەتتە قول تۇتۇشۇپ مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ كۈرەش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەتتىن ئىبارەت ئاساسىي ئۇقۇمنى توغرا ھەل قىلىشقا سەل قاراشقا

بولمايدۇ.

«ۋىجدان» سۆزى ھەرگىزمۇ قانداقتۇر بىر ئاددىي ۋە ياكى مۇنداقلا ئېيتىلىدىغان سۆز بولماستىن، بەلكى قەلبنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن پارتلاپ چىقىدىغان، ھەقىقىي، ساپ دىل، ئىللىق چىراي، سەممىي تىلەك ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان ئىنسانىي تۇيغۇ، ھەربىر ئىنسانىي روھقا ئىگە كىشى ھازىرلىغان مۇھەببەت - نەپرەت دەرىخى.

«مەسئۇلىيەت»مۇ خۇددى «ۋىجدان»غا ئوخشاش ھەقىقىي ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ساپا بولۇپ، ئۆزىگە مەسئۇل بولۇشتىن باشقا يەنە باشقىلارغا، جەمئىيەتكە، تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە مەسئۇل بولۇش بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل زىچ مۇناسىۋەت بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپە ھەممىدە ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشى، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشىنىڭ ئاساسىي ئۇلى.

ئۇنداقتا ۋىجدان بىلەن مەسئۇلىيەت زادى قانداق باغلىنىشقا ئىگە؟ مۇشۇ سوئالنىڭ ئۆزىلا بىر خىل ھاياجانلىق تۇيغۇ ھاسىل قىلىپ، كىشىنى جىددىي ئويغا سالىدۇ. ۋىجدان ھەرگىزمۇ بىردەملىك ھاياجان ۋە ياكى توساتتىن پەيدا بولىدىغان ئىلھام ئەمەس. بەلكى ئۇ شۇ كىشىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا پەيدا بولىدىغان ئىنسانىي ئەدەپ - ئەخلاقتۇر. ۋىجداندىن ئايرىلغان مەسئۇلىيەت بولمىغىنىدەك، مەسئۇلىيەتتىن ئايرىلغان ۋىجداننىڭ ساپ ۋىجدان بولۇشى ناتايىن. ئۇ ئىككىسى زىچ بىرلەشكەندىلا، ئاندىن ئەڭ يۇقىرى ئىنسانىي ساپا يارىتىلىپ، ۋەتەن-خەلق ئالدىدا باشنى تىك تۇتۇپ ياشىغىلى بولىدۇ. مەسئۇلىيەت ۋىجدان ئاساسىدا پىشىپ يېتىلىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا ھايات-ماماتلىق تاللاش ھەممە كىشىنىڭ بېشىغا كېلىۋەرمەيدۇ، لېكىن يۈرەكنى دىلغۇل قىلىدىغان ھەم ۋىجدانىي تاللاشنى جىددىي تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار ھەمىشە دىگۇدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. يېقىندا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە كىشىلەرگە ۋىجدان بىلەن مەسئۇلىيەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. 2010 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاقسۇ شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر خەنزۇ ئوقۇغۇچى دولان دەريا بويىدا دەرس تەكرارلاۋاتقاندا، بىرنەچچە كىشىنىڭ بىرنېمىلەرنى دەپ دەريانى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، بىر كىچىك بالىنىڭ دەريادا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپ، ھېلىقى كىچىك بالىنى قۇتقۇزۇش جېڭىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ مىڭ بىر جاپادا كىچىك بالىنى ئىتتىرىپ قىرغاققا چىقىرىۋېتىدۇ - دە، ئۆزى قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن دەريادا ئېقىپ كېتىدۇ. تەسىرلىك ۋەقە بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ئېتىزدىن ئەمدىلا يانغان بىر ئۇيغۇر يىگىت بۇ خەنزۇ ئوقۇغۇچىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۇغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنى قىرغاققا يۇدۇپ ئېلىپ چىقىدۇ. ئەپسۇسكى سۇدا تۇرغان ۋاقتى ئۇزۇن، ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن بۇ خەنزۇ يىگىت نەپەس يېتىشمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەر تەسىرلەنگەنلىكتىن بۇ يىگىتكە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كېتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ۋىجدانى مىللەت چېگراسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مېھر - مۇھەببەتكە سىڭىپ بارىدۇ. ئۇلاردىكى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت، ۋىجدانىي بۇرچ ئۇلارنى جىم تۇرغۇزمىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشىغا يول قويمىدى، ئۇلارغا ئۆزىنى، ئۆز بىخەتەرلىكىنى ئويلاش پۇرستى بەرمىدى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا بىر جاننى، ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق قاتتىق تىركىشىۋاتقان بىر جاننى قۇتقۇزۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئوي يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا، ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. ئۇلاردىكى بۇ خىل تەڭداشسىز جۈرئەت نەدىن كەلگەن؟ دەل ۋىجدانىي بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتتىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇ خىل ئالىيجاناب روھ بولمىغان بولسا، ئۇلار دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالغان، ئۆزىنى چەتكە ئالغان ۋە ياكى ئۆزىنىڭ چىقالماي قېلىشىدىن قورقۇپ، دەرياغا ئۆزىنى ئاتالمىغان بولاتتى. مانا بۇ ۋىجداننىڭ، مەسئۇلىيەتنىڭ ھەقىقىي كۈچى.

شۇڭا بىز كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدلىرى بولغان ياش - ئۆسمۈرلەر ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشنى كۈندىلىك تەربىيە خىزمىتىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ياش - ئۆسمۈرلەرگە ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت تەربىيەسى بېرىش خىزمىتى مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. بۇلار ئىچىدە مەكتەپ تەربىيەسى مۇھىم ۋە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. شۇڭا مەكتەپلەر تەربىيە ئارقىلىق ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىگە ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت «ئۇرۇق»لىرىنى چېچىپ، بىر تۈركۈم ۋىجدانلىق، مەسئۇلىيەتچان ئەۋلادلارنى تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانىغا يېتەلەيمىز ھەمدە بۈنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتقا ئۇل سېلىپ، ۋەتەننىڭ تېخىمۇ گۈللەپ قۇدرەت تېپىشىغا ھەسسە قوشالايمىز.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ۋىجدان بىلەن مەسئۇلىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ، ئىناقلىقنىڭ ھەم تەرەققىياتنىڭ تۈپ كاپالىتى.

# ۋىجدان سورىقى

ھەببە غوپۇر

(ھېكايە)

كېچە...

ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي خۇددى ئالتۇن تاۋاقتەك ئاسمان بوشلۇقىدا ئېسىلىپ تۇرىدۇ. چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار خۇددى مېنى مازاق قىلىۋاتقاندەك مەسخىرىلىك جىمىرلىشىدۇ. ئۇيقۇدىن ئەسەر يوق كۆزلىرىمدە، خىياللىرىم كۆپ خۇددى يۇلتۇزلاردەك،

يۈرىكىمنى قىسىدۇ خۇددى ئامبۇردەك. ھەرقانچە قىلسامۇ چىگىللىشىپ كەتكەن يىپقا ئوخشاپ قالغان خىياللىرىمدىن زادى قۇتۇلالمايمەن. يۈرىكىمنى بىرنەرسە مۇجۇيدۇ، بىراق نېمىلىكىنى بىلمەيمەن. ئەسلىي بۈگۈن خۇشاللىقتىن ئۇخلىيالمىسام بولاتتى. بىراق مەن ھازىر ئازراقمۇ خۇشال ئەمەس. نېمە ئۈچۈن؟ پۈتكۈل شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش پۇرسىتىگە، شاڭخەيدە ئىككى يىل ھەقسىز بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىم ئۈچۈن خۇشال بولۇشۇم كېرەكتىغۇ؟! توغرا، مەن خۇشال بولۇشۇم كېرەك. كىم ماڭا ئوخشاش بۇنداق ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشەلىدى؟ بۇلارنى ئويلاپ روھىم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئەمدى ئۇخلاي، ئەتە سەھەر تۇرۇپ رەسمىيەتلەرنى بېجىرمىسەم بولمايدۇ، ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنداق دەپ كۆزۈمنى يۇمدۇم. بىراق ھېچ ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس. بىئاراملىقىم يەنە مېنى قىيناشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز گۈلپىيەنىڭ مېھرىلىك، ئوماق چىرايى، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بولغان - بىز ئورتاق بەرپا قىلغان كەچۈرمىشلىرىمىز كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى. ئۇ بىز تونۇشقاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىر دوستى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. مېنىڭ خۇشاللىقىم ئۈچۈن ئۆزى ئازابلىنىشقا رازى بولدى. نەچچە قېتىم مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئوۋالچىلىققا قالدى... مەنچۇ؟ مەن ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بەردىم؟ ئۇنى خۇشال قىلالىدىممۇ؟ ئۇنىڭ ئازابىنى تەڭ تارتىشىپ بېرەلىدىممۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر قېتىم قۇربانلىق بېرەلىدىممۇ؟ ياق، ياق. مەن ئۇنداق قىلالمىدىم، دوستۇم ئۈچۈن بىرەر قېتىم قۇربانلىق بېرەلمىدىم. ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا كۈلۈپ، قايغۇسىغا قايغۇرالمىدىم. ئۆزۈم ئېتىراپ قىلىمەنكى، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان دوستلۇق مېھرىمگە ئاللىقانداق سەممىيەتسىزلىك، ئاللىقانداق پايدا - مەنپەئەت يوشۇرۇنۇپ كەلدى. ئۇنىڭ قابىلىيىتىدىن، تالانتىدىن پايدىلاندىم. مانا بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ ئىككى يىل جان تىكىپ تىرىشىشى نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن ئەمگەك مېۋىسىنى تارتىۋالدىم. ئەسلىي بۇ قېتىم بۇ پۇرسەتكە ئۇ ئېرىشەتتى. بۇ ھەممىمىزگە ئايان ئىدى. بىراق ئۇ پۇرسەتكە مەن ئېرىشىپ قالدىم.

بۇ پۇرسەتنى ئۇ ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرگەنىدى.

شۇ تاپتا ئۆزۈمنى چوڭقۇر بىر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇچلۇق مىخلارغا دەسسەپ مېڭىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، مەن بىلەلمىدىم. ھاڭدىن ئۆزۈمنى قانداق قۇتۇلدۇرۇشنى، پۇتۇمغا كىرگەن مىخلارنى قانداق چىقىرىشنى زادىلا بىلەلمىدىم. مەن ياشقا تولغان كۆزلىرىمنى ئايغا، يۇلتۇزلارغا تىكتىم. ئاي دەرھال ئۆزىنى بۇلۇتلار ئارىسىغا ئالدى. يۇلتۇزلارمۇ ماڭا نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچتى. شۇ تاپتا ئۆزۈمگە قاتتىق نەپرەتلەنمەكتە ئىدىم. ۋىجدانىم مېنى سوراققا تارتماقتا ئىدى. مەن بۇرۇن ۋىجدان ئازابى دېگەننى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتىم. مانا ئەمدى ۋىجدان ئازابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتىمەن. توغرا، مەن ۋىجدان ئازابى تارتىشىم كېرەك. ئەگەر ۋىجدانىم ئازابلانمىسا، مەن ئادىمىيلىكتىن تېخىمۇ چىقىپ كېتىمەن. مېنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىم بۇنداق ئەمەس ئىدى. كىچىككىنە مەنپەئەت ئالدىدا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم.

مەن ئۆزۈمگە قايتىشىم كېرەك. دوستۇمغا، ئۆز ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلىشىم كېرەك. مەن ئۇنىڭغا تېگىشلىك نەرسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىمەن، ئۇنىڭ دوستلۇق مېھرىگە، ئىشەنچىسىگە قايتىدىن ئېرىشىشكە تىرىشىمەن.

— ئۇھا!... ئەجەب يېنىكلەپ قالدىم. يەلكەمدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاش ئاخىر چۈشۈپ كەتتى. ئاسمانغا قارىدىم، ئاي بىلەن يۇلتۇزلارمۇ ئەمدى ماڭا كۈلۈپ قارىماقتا ئىدى.

## ۋىجدانسى تۈيغۇ ۋە ۋىجدانسى تاللاش

زۆھرەگۈل ھەسەن
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ۋىجدانسىزنىڭ قىممىتى يوق، سېخىينىڭ مىننىتى(يوق).»*
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ئىنسان تۇغۇلىدۇ، ياشايدۇ، ئۆلىدۇ. بۇ ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى. قانۇنىيەت ئۆزگەرمەيدۇ، ئىنسانمۇ بۇ قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. ھاياتلىق تىنىقلىرى مۇجەسسەملەنگەن تەبىئەت دۇنياسى تولىمۇ گۈزەل. ئۇنىڭدىكى جانلىق ھەم جانسىز بارلىق مەۋجۇداتتىن ھاياتقا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، كەڭ كائىنات ئاسمىنىدا پارلىغان قۇياش تىلەمچىنىڭ غېرىبانە كەپىسى بىلەن باي غوجامنىڭ شاھانە داچىسىغا ئوخشاشلا ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىنسان باي، كەمبەغەل دەپ ئايرىلغان ئەمەس. بىراق ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئىشلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، يەنى ئىنسانىيەت دۇنياسىدا باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ چېگراسى ئېنىق ئايرىلغان، بىراق بۇ خىل ئايرىلىش بىر تەرەپلىملىك بولۇپ، ئىنساننىڭ ماددىي بايلىقنى ئۆلچەم قىلغان. ئەمەلىيەتتە ئىنساننى ھەقىقىي ئىنسانلىق شۆھرىتىگە ئىگە قىلىدىغىنى ماددىي بايلىق ئەمەس، بەلكى ئىنسان مەنىۋىيىتىدىكى ئۇنچە - مەرۋايىت ۋە جاۋاھىراتلاردۇر. يەنى ئەقىل - پاراسەت، بىلىم، قانائەت، ياخشىلىق... ۋەھاكازالار.

ئۇيغۇرلارنىڭ 10 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئالىمى ۋە پەيلاسوپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا، ئىنسان ھاياتىنىڭ ياخشىلىق بىلەن كۆكرىدىغانلىقىنى، پۇل، مال - دۇنيانىڭ ئىنسانغا ۋاپا قىلمايدىغانلىقى ھەم مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولالمايدىغانلىقىنى، تۇراقسىز بولىدىغانلىقىنى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ بەختكە ئېرىشىشنىڭ توغرا يولى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

كەڭ تەبىئەت دۇنياسىدا بىر - بىرىگە ئوپتىن ئوخشايدىغان ئىككى تال يوپۇرماق بولمايدۇ. ئۇلار تاشقى قىياپىتى جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ھۈجەيرە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن مەلۇم پەرقلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئوخشاشلا ئىنسانىيەت دۇنياسىدا بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشايدىغان ئىككى ئادەم بولمايدۇ. ھەتتا قوشكېزەكمۇ مەلۇم جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. دېمەك ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى ئادەملەر ھەر خىل، ھەر ياڭزا خاراكتېرلەرنى، ياخشى-يامان ئىش - ئەمەللەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ.

ئىنسان — تەن بىلەن روھنىڭ بىرلىشىشى. تەندىن ئايرىلغان روھ روھ بولالىغىنى بىلەن، روھتىن ئايرىلغان تەن تەن بولالمايدۇ. مېغىزسىز ياڭاقنىڭ قىممىتى بولمىغىنىدەك، روھسىز تەننىڭمۇ تۇپراقتا ئورۇن ئىگىلەپ ياتقان مۇردىدەك قىممىتى بولمايدۇ. دېمەك، سۆڭەك ئۇچۇن يىلىك، تومۇر ئۇچۇن قان، دەرەخ ئۇچۇن يىلتىز بولمىسا بولمىغىنىدەك، روھ ئىنسان ئۇچۇن يىلىك، قان، يىلتىزدەك كەم بولسا بولمايدۇ.

ۋىجدان روھنىڭ ناماياندىسىدۇر. ۋىجدانسىز روھ پۇچەكتۇر ھەم ئېتىبارسىزدۇر. ۋىجدان روھنىڭ شېرىن مېۋىسىدۇر، مېۋە روھنىڭ قەدىر - قىممىتىدۇر. روھ ۋىجدانىنى ئۆزىگە قالقان قىلىپ، ئىنسانىنىڭ روھىيەت ئالىمىدىن ئورۇن ئالغاندۇر ھەم ئىنسانىنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىگە شاھىت، گۇۋاھچىدۇر.

بەزى ئادەملەر ياخشى ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولغاندا، ۋىجدان تېنىنى روھ تەختىگە ئايلاندۇرغاندۇر، ۋىجدانىنى روھقا سايىۋەن قىلغاندۇر. تومۇز كۈنلەردە دەرەخ سايىسىدە تۇرغان ئادەم ئاجايىپ ھۇزۇر ھېس قىلغاندەك، مەزكۇر ئادەمنىڭ قىلغان نامۇ ئەمەللىرى ياخشى نەتىجە بىلەن خاراكتېرلەنگەندۇر.

بەزى ئادەملەر يامان ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللانغاندا، ھاۋايى - ھەۋەس، كەيىپ - ساپانى روھ تەختىگە خاقان قىلغاندۇر. ۋىجدان ساھىبىنى تۆمۈر قەپەسكە ئەبەدىي پالىغاندۇر. ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆزىنى دۇنيا مەئىشەتلىرىنىڭ سېھرىگەر، جادۇ نۇرلىرى بارا - بارا غۇۋالاشتۇرۇپ، ئاقىۋەت ئۇلارنى كۆزى ئوچۇق قارىغۇ قىلغاندۇر. ماددىي مەئىشەت پايدا بەرمىگەندە، كارۋاندىن ئايرىلغان سەيياھتەك، يىلتىزىدىن ئايرىلغان قامغاقتەك، كەڭ كەتكەن چۆللەردە سۇسىز قاغجىرىغان توغراقتەك ھالەتتىدۇر.

ياخشىلىق ۋىجدانىنىڭ چاقىرىقىدۇر. روھنىڭ ئەڭ ئېسىل بېزىكىدۇر، ئىنسان بەختىنىڭ كېلىش مەنبەسىدۇر. شۇڭا ھەربىر ئىنسان ئۆز ھاياتىنى ياخشىلىق بىلەن ھەقىقىي مەنىسگە ئىگە قىلمىقى كېرەكتۇر.

## ۋىجدان — ئادەمىيلىك قىممىتى

مەلىكەم ئۆمەر
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ۋىجدانسىزدىن ۋاپا كەلمەس، ۋىجدانلىقتىن جاپا كەلمەس.»*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

رېئال تۇرمۇش خىلمۇ خىل شەيئى - ھادىسىلەر، شۇنىڭدەك خىلمۇخىل ئادەملەر بىلەن تولغان. مانا بۇلار رېئال تۇرمۇشنىڭ بېزىكى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتى، ئۆزگىچە خاراكتېرى بىلەن رېئال تۇرمۇشقا ئۆزگىچە رەڭ، ئۆزگىچە پۇراق بەخش ئېتىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يادروسى بولغان ئادەمنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭ ھەربىر جۈملە سۆزى، ھەربىر ھەرىكىتى ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي توپتىكى كىشىلەر تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ ۋە ياكى ئىنكار قىلىنىدۇ. كىشىلەر كۆپىنچە مۇشۇ ئۆلچەم ئارقىلىق بىر ـ بىرىنىڭ ئادىمىيلىكىگە باھا بېرىشىدۇ. بىز تۇرمۇشىمىزدا كۆپ تەكىتلەۋاتقان ئادىمىيلىكنىڭ توپ ئۆلچىمى بولغان ۋىجدان كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھايات خۇددى بەزىدە پەسلەپ، بەزىدە دولقۇنلاۋاتقان دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئادەملەر بولسا ئاشۇ پايانسىز دېڭىزدا ئۈزۈۋاتقان كاراپ. بەزىدە بىز ئۇنىڭ شاۋقۇندىن خالىي تىپتىنچ قوينىدا ھاياتنىڭ لەززىتىدىن بەھرىلەنسەك، بەزىدە ئۇنىڭ رەھىمسىز دولقۇنلىرىغا دۇچ كېلىمىز. بەزىلەر ئوت يۈرەك شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ «دولقۇنلىرىڭنى ياردۇ بىزنىڭ كاراپ» دەپ ئېيتقاندەك، يىللارنىڭ سىناقلىرى قوينىدىن بۈسۈپ چىقىدۇ. يەنە بەزىلەر ھايات ـ ماماتلىق جىددىي ئۆتكەلدە ئۆز ۋىجدانىنى پايخان قىلىپ، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش بەدىلىگە چىقىش يولىغا ئېرىشىدۇ. مانا بۇ ۋىجداننىڭ ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر قەلبىدە تۇتقان ئورنى ۋە قىممىتى.

ۋىجدان — ئۇ ئادىمىيلىك قىممىتى. ئۇ ئادەمنىڭ روھىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئادەمنى ھەقىقىي ئادىمىيلىك پىرامىداسىغا ئېلىپ چىقىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرگەن، شۇنداقلا ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلغان مەشھۇر مائارىپچى، شائىر مەمتىلى ئەپەندى ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسىدۇر. ئۇ خۇراپاتلىق، نادانلىق ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن دەۋردە ئۇيغۇر مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ ئۆگەندى، خەلقى ئۈچۈن چەت ئەللەردە سەرسان ـ سەرگەردان بولدى. يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرى بىر قىسىم جاھىل كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغاندىمۇ، كېچە ـ كېچىلەپ ئىشلەپ جىسمانىي كۈچى خوراپ كەتكەندىمۇ، ئۆز ۋىجدانىغا مۇخالىپ ھالدا قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ قويمىدى. مانا بۇلار ۋىجداننىڭ ھەرىكەتتىكى ھەقىقىي ئىپادىسى.

شۇنىسى ئېنىقكى، «ئادىمىيلىكنىڭ مۇقەددەس پىرامىداسى»غا چىقىش ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر كىشى قەلبىنى «ۋىجدان بۇلىقى»نىڭ پاك، سۈزۈك سۇلىرى بىلەن سۇغىرىشى، شۇنداقلا قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان «ۋىجدان تامچىلىرى»نى قەلبى قاغجىراپ كەتكەن كىشىلەرگە يامغۇر كەبى بەخش ئېتىشى، ئۇنتۇماسلىقى، شۇنداقلا ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى كېرەك.

# ئىككى شاھزادە

قاھارجان ئېزىز
(چۆچەك)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، يىراق شەرقتە بىر مەملىكەت بولغانىكەن. بۇ مەملىكەتنىڭ

پادىشاھنىڭ ئادىللىقى ۋە پاراستى پۈتۈن ئالەمگە داستان ئىكەن. ئۇ خەلقنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى قاتارلىقلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈدىغان بولۇپ، ئادىل سىياسەتلەرنى تۈزۈپ ئىجرا قىلىدىكەن ۋە داۋاملىق ئەل ئىچىدە زىيارەتتە بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى كۆزدىن كەچۈرىدىكەن. شۇڭلاشقا ئەلنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ باي - باياشات، ئىنتايىن خاتىرجەم ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئىككى خانىشى بولۇپ، ئۇلار پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ. بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ ھەم پۈتۈن ئەلنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم ئىكەن. يىل يىلنى، ئاي ئاينى قوغلاپ پادىشاھنىڭ يېشىمۇ ئەللىككە ئۇلىشىپتۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ پادىشاھنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپ بېرىپتۇ. ئوردا تېۋىپلىرى بارلىق ئامالالارنى ئىشلىتىپ باققان بولسىمۇ، زادى داۋا تېپىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن يەنە ئىككى توقال ئېلىش ئۈچۈن زىيارەتكە چىقىپتۇ ۋە ناھايىتى ئۇزۇن تاللاشلاردىن كېيىن ئىككى قىزنى ئەمرىگە ئاپتۇ. دەرۋەقە پادىشاھنىڭ كۈتكىنىدەك، بۇ ئىككى خانىشتىن بىردىن ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. بۇنىڭدىن پادىشاھ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ئەلگە قىرىق كۈن زىياپەت بېرىپتۇ. لېكىن بۇ ئىككى خانىشنىڭ چوڭى ئىنتايىن ھازازۇل، بىشەم ئىكەن. كىچىكى بولسا ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان ئىكەن. چوڭ خانىشنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى جەمىس، كىچىك خانىشنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى جالالىدىن ئىكەن. بۇلار كىچىكىدىن تارتىپ بىرگە ئويناپ، بىرگە ئىلىم تەھسىل قىلىدىكەن. ئۇلار بىر - بىرىگە ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، پەقەت ئۇخلايدىغان ۋاقىتتىلا ئايرىلىدىكەن. چوڭى جەمىس ناھايىتى ئويۇن خۇمار، ئۇششۇق ئىكەن. جالالىدىن بولسا ناھايىتى كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل ئىكەن. جەمىس جالالىدىننى بوزەك قىلغاننىڭ ئۈستىگە، دائىم خان ئاتىسىغا ئىنىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ بېرىدىكەن.

ئاي ئاينى، يىل يىلنى قوغلاپ ئىككى شاھزادە چوڭ بولۇپ نەۋقىران يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. پادىشاھنىڭ يېشىمۇ يەتمىشتىن ئېشىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ئىككى ئوغلىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ:

— باللىرىم، مېنىڭ يېشىممۇ يەتمىشتىن ئاشتى، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. قاچان كۆزۈم يۇمۇلىدۇ ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا ئىككىڭلارنىڭ بىرىنى تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىمەكچى، شۇڭا ئىككىڭلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولغان نوھا مەملىكىتىگە بېرىپ، ئۇ ئەلنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ كېلىڭلار، — دەپ ئۇلارنى يولغا ساپتۇ.

ئىككى شاھزادە سەپەر تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، ئاتىسى ۋە ئانىلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

شاھزادىلەر يۈرۈپتۇ - يۈرۈپتۇ، يۈرگەنسېرى ئىنتايىن مول يۈرۈپتۇ. سەپەر جەريانىدا نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ئاخىر نوھا مەملىكىتىگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى ناھايىتى قانخور ۋە زالىم بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق ئىكەن. جالالىدىن بۇنى كۆرگەندىن كېيىن شاھ ئاتىسىنىڭ بۇ يەرگە ئەۋەتىشىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپتۇ ۋە تەخت ۋارىسى بولسا خەلقنى قانداق ئىدارە قىلىش ھەققىدە ئۇلۇغۋار ئارزۇ - ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. جەمىس بولسا سەپەر ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن تازا ئويناپ

يۈرۈپتۇ ۋە شۇ كەم ئەقىللىكلىكى، ئويۇنچىلىقى سەۋەبلىك پادىشاھنىڭ ئايغاقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قاپتۇ ۋە مەڭگۈلۈك زىندانغا تاشلىنىپتۇ.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە نوھا پادىشاھى بۇ ئىككى شاھزادىنىڭ ئېلىگە تاجاۋۇز قىلماقچى بولۇپ، ئۇلارنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، ئۆز ئېلىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەشنى، ئىپادىسى ياخشى بولسا ئۇلارنى قويۇۋېتىغانلىقىنى، بولمىسا كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. چوڭ شاھزادە ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە پادىشاھنىڭ شەرتىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ياۋ قوشۇنىنىڭ يول باشلىغۇچىسى بولۇپتۇ. كىچىك شاھزادە جالالىدىن بولسا ئۇنداق نامەردلىك، خائىنلىقتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىلىپ زىندانغا تاشلىنىپتۇ ۋە ناھايىتى تېزلا زىنداندىكى مەھبۇسلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ئاماللارنى قىلىپ زىنداندىن قېچىپ چىقىپ، ئۆز ئېلىگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ.

جالالىدىن بىر ھەپتىلىك يولنى بىر كۈندە بېسىپ، ياۋ قوشۇنىدىن بۇرۇن ئۆز ئېلىگە قايتىپ، بولغان ئەھۋاللارنى ئاتىسىغا ئېيتىپتۇ ۋە ناھايىتى تېزلىكتە ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىپ ياۋنى يېڭىپتۇ ۋە ئاكىسى جەمىسنى ئەسىرگە ئېلىپ، شاھ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. ئۆز ئوغلىنىڭ بۇنچە يارامسىز بولۇپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنگەن پادىشاھ ئۆز قولى بىلەن بۇ ئەلنىڭ دۈشمىنىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تاشلاپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ جالالىدىن بۇ ئەلگە پادىشاھ بولۇپ، خەلق ئىنتايىن خاتىرجەم ۋە ئاسايىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئەل تېخىمۇ كۈچىيىپ روناق تېپىپتۇ.

# ۋىجدان — ئادىمىيلىكنىڭ تۈپ ئۆلچىمى

مەريەمگۈل مۇھەممەت
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ۋىجدانسىزنىڭ گۈلى بولغۇچە، ۋىجدانلىقنىڭ قۇلى بول.»*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ۋىجدان — ئادىمىيلىكنىڭ تۈپ ئۆلچىمى. غۇرۇرلۇق، ئەخلاقلىق ئادەملەر ئۈچۈن ۋىجدان ھەر ۋاقىت ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرسا، ئەكسىچە، ئادىمىيلىكتىن چەتنىگەن، غۇرۇرىنى يوقاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ۋىجدان ھەقىقەتەن ناتونۇش بىر ئۇقۇم.

ھەرقانداق بىر كىشى ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، تەرەققىيات جەريانىدا مول تەجرىبە ۋە نەتىجىلەرگە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. لېكىن ھەرقانداق ئىش بىر تۈز سىزىق بويىچە ماڭىدۇ، ئىزچىل شۇنداق تەرەققىي قىلىدۇ دەپ ھېچكىم مۇتلەقلەشتۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئەگرى - توقاي جەريانلاردا ئىشلارنىڭ راۋاجى كىشىلەرنىڭ ۋىجدان تارازىسى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ ۋە بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم

نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ، بىر ئىگىلىكنى ئاران تەستە تىكلىگەندە كۈتمىگەن يەردىن بۇ ئىگىلىك مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالسا، مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ۋىجدان، غۇرۇرلۇق كىشىلەر مەيلى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۇلارنىڭ ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلايدۇ ۋە ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش داۋامىدا، ۋىجدانغا خىلاپلىق قىلماي، ھەر تەرەپتىن مەسىلىنى ئەتراپلىق ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئەكسىچە، ۋىجدانسىز كىشىلەر بولسا. ئۇلارنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىدىن ھۇزۇرلىنىپ، ئۆزىنى بىر چەتكە ئېلىپ تاماشا كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈ قوپالماسلىقىنى تىلەيدۇ.

كىشىلىك ھايات خۇددى شاۋقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئۇ گاھىدا جۇش ئۇرۇپ شاۋقۇنلىسا، گاھىدا تىپتىنچ كۆل سۈيىگە ئوخشاش ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يادروسى بولغان ئادەملەر ئارىسىدا دېڭىز شاۋقۇنىغا دۇچ كەلسە ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغانلار ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئادەم ئاڭلىق ھايۋان بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقانداق ئىشتا ئەقلىنى ئۆزىگە دوست تۇتۇشى، ۋىجدانىغا مۇخالىپ ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسلىقى زۆرۈردۇر.

ۋىجدان — گۈزەل كېلەچەك يارىتىشتا ئەقلى بىلەن ئىش قىلغۇچىلار ئۈچۈن ماياكتۇر. ئەجدادلىرىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار مەيلى قورال بىلەن، مەيلى قەلەم بىلەن جەڭ قىلسۇن ھەرۋاقىت ۋىجدان - غۇرۇرنى ئۆزىگە يولباشچى ھەم ئايرىلماس ھەمراھ قىلغان. ئۇلار غۇرۇرنى دەپسەندە قىلغۇچىلار بىلەن تىغمۇتىغ كۈرەش قىلىپ، ئۆز ۋىجدانىنى نامايان قىلغانلىقى ئۈچۈن تارىختا ئۆچمەس نامى قالغان ھەم بىزگە شۇنداق ئېسىل خىسلەتلەرنى مىراس قالدۇرالىغان.

ۋىجدان قانداقلا ئادەمدە بولسا شۇ ئادەمنىڭ روھىيىتى تاكامۇللىشىدۇ ھەم يۈكسىلىدۇ، ھەرقانداق جايدا ۋە ئىشتا غۇرۇر - ۋىجدانىغا لايىق جاۋابقا ئېرىشەلەيدۇ، شۇنداقلا، ئەتراپىدىكىلەرگە نەمۇنە بولالايدۇ. ئەكسىچە ۋىجدانىنى بىر تىيىنغا سېتىۋېتىدىغانلار دائىم خار - زارلىقتا ياشاپ، ئۆزىگە ئەرزىمەس، چاكىنا ئىشلاردىن خۇشاللىق ئىزدەپ يۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاقىۋەتتە ئەل - جامائەت ئالدىدا شەرمەندە بولىدۇ.

ھەممىيلەنگە مەلۇمكى، ھايات مەنىسىنى بىلگەنلەر ئۈچۈن تېخىمۇ قىممەتلىك. ئادەمگە بىرلا قېتىم كەلگەن ھاياتلىقتىن ئىبارەت بۇ زور بەختكە كىشىلەر يامان نىيەت، بەتقىلىقلار بىلەن مەنە قوشالمايدۇ. ئەكسىچە بىر مىنۇتىنىمۇ ئەۋزەل بىلىپ، ئۆز بەختىنى تېپىش ئۈچۈن ھاياتنىڭ ئەگرى - توقاي داۋانلىرىدا ئۆز ۋىجدانى بىلەن تىنىمسىز ئىلگىرىلەۋاتقانلار ئۈچۈن ھايات تولىمۇ گۈزەل. ئىنسان ھاياتى ئەنە شۇ ۋىجدان ئىگىسى ئۆز غۇرۇرى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا ئۆز مەنىسىنى ھەقىقىي تاپقان بولىدۇ. ئەكسىچە، ۋىجداندىن چەتنەپ، ۋىجدانىنى ئۆزىگە ناتونۇش ھېسابلىغانلار ئۈچۈن بۇ دۇنيا، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاياتىمۇ مەنىسىز.

ئادەم ئۈچۈن، بولۇپمۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ياشايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن، ۋىجدان ھەر ۋاقىت ئۇلارنى ئەقلى بىلەن ئىش قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ۋىجدان بىلەن ئىش قىلىش ئادىمىيلىكنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. ۋىجدانىنى دوست تۇتقانلارنىڭ ماڭغان ئىزلىرى

كېيىنكى ئەۋلادلار ئۆچۈن تەۋەررۈك بولۇپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يادلىنىدۇ. ۋىجدان پەقەت چوڭ - چوڭ ئىشلاردىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى تۇرمۇشتىكى كىچىك - كىچىك، كۆزگە ئىلىنمايدىغان ئىشلاردىمۇ ناھايىتى يۇكسەك ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ۋىجداننىڭ رولىنى سەل چاغلىماسلىق كېرەك.

بۇ دۇنيانىڭ ئېسىل مەئىشەتلىرىدىن بەھرىلىنىپ ياشاۋاتقان ئىكەنمىز، ۋىجدان - غۇرۇرنى ئۆزىمىزگە ھامان دوست تۇتۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق ھاياتىمىزنى خۇش پۇراق گۈللەرگە تولدۇرۇشىمىز كېرەك.

# 2003 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۆلگىلىك ئەسەرلەر

**V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.** (جەمئىي 45 نومۇر بېرىلىدۇ)

بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ، يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

*بىر سودىگەر، بىر مۆتىۋەر ۋە بىر ياش يىگىت سەپەر ئۈستىدە، قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان تاغ ئارىسىدىن سۈپسۈزۈك ھەم زۇمرەتتەك پارقىراپ، ئۆزۈلمەي بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بېشىدا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار جانغا ھوزۇر بېغىشلايدىغان مۇزدەك بۇلاق سۈيىدىن ئىچكەچ، بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇلاق بويىدىكى بىر چوڭ تاش ئۈستىگە:*

*— ئەي ئىنسان، ئادەم بولساڭ، مۇشۇ بۇلاقتەك بول، — دەپ يېزىقلىق تۇرۇپتۇ.*

*ئۇلار بۇ جۈملىنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىپ تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈشۈپتۇ. سودىگەر:*

*— بۇلاق توختىماي ئېقىپ، يىراق جايلارغا بارىدۇ، سەن بىر ئىزىڭدا توختاپ قالما. شۇ چاغدا كۆزلىگەن نىشانىڭغا يېتىسەن، — دەپتۇ. مۆتىۋەر:*

*— بىرىگە ياخشىلىق قىلساڭ، قىلغان ياخشىلىقىڭدىن ھېچكىمگە مىننەت قىلما، — دەپتۇ.*

*— بۇلاق كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئېقىپ، ئۆز ۋۇجۇدىنى پاكىزلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭغا مەپتۇن بولىدۇ. مۇشۇ بۇلاقتا بارلىق مەۋجۇداتنىڭ شولىسى ئەكس ئەتكەندەك، سېنىڭمۇ دىلىڭ پاك، قەلبىڭ نۇرانە بولسۇن، — دەپتۇ كېلىشكەن ياش يىگىت.*

بۇ تېكىستتە ئادەم بولۇشنىڭ پرىنسىپلىرى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سىز بۇ ئۈچ يولۇچىنىڭ كۆزقارىشى ئاساسىدا، بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ. تېمىڭىز بۇ ئۈچ يولۇچىنىڭ كۆزقاراشلىرىدىن يىراقلاپ كەتمىسۇن.

**ئەسكەرتىش:**

①ئۈچ يولۇچىدىن خالىغان بىرىنىڭ كۆزقارىشى ياكى ئۈچەيلەننىڭ كۆزقاراشلىرى ئاساسىدا، نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزىڭىز بېكىتىڭ؛ ②ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ؛ ③ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ؛ ④ھەجمى بىر يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن؛ ⑤خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا بولسۇن؛ ⑥ئادەم ئىسمى ۋە يەرناملىرىنى يېزىشقا توغرا كەلسە × ئارقىلىق ئىپادىلەڭ.

ئۆلگە:

# قەرز

مەنسۇرجان نۇر

(بايان خاراكتېرلىك ماقالە)

قىزىق ئىش، مەن ياخشىلىق قىلغان كىشىلەردىنلا ماڭا يامانلىق يانامدۇ؟ ئەكسىچە مەن ئەزەلدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ دەپ قارىغان كىشىلەردىنلا ماڭا ياخشىلىق تېگەمدۇ؟ بەلكىم بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيادۇ. سەن ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ؟!

مەن ئۆزۈمنى ئانچە ئەستايىدىل دەپ قارىمايمەن، ئەمما بەزى ئىشلارنى خېلى ئىنچىكە ئويلايمەن. باشقىلار دائىم مېنى سەن ئۇنتۇغاق، پەرۋاسىز دەيدۇ. ئەمما مەن ئۇنچىۋالا پەرۋاسىزمۇ ئەمەس. كىشىلەرنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىق - يامانلىقلىرىنى ئېسىمدە ساقلاپ ماڭىمەن. ماڭا ياخشىلىق قىلغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ قايتۇرۇۋەتمىسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. ئەلۋەتتە بەزىدە نۇرغۇن ئىشلار سەۋەبىدىن بۇ نىيىتىم ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىدۇ. مەن نەپرەتلىنىدىغان شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار ھەربىر قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بىر نەرسە تەلەپ قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلار شۇنچىلىك ۋىجدانسىزلىق بىلەن بىر كۈنى كۆز ئالدىڭدا ئۆزىنىڭ ساڭا بەرگەن بىر قاچا تامىقىنى يۈزۈڭگە سالىدۇ، سەن شۇ زامان ئۇنىڭ بىر قاچا تامىقىنى ياندۇرۇپ بەرگۈدەك بولۇپ كېتىسەن. ئامال يوق، كىشىلىك تۇرمۇشتا بىز نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلىمىز، ئۇلار بىلەن باشتا گەپلىرىمىز بىر يەردىن چىققانلىقى ئۈچۈن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قالىمىز. نەتىجىدە يا ئۇ سىزنىڭ تاماق پۇلىڭىزنى تۆلىۋېتىدۇ، يا سىز ئۇنىڭ تاماق پۇلىنى تۆلىۋېتىسىز. ئۇيغۇرلار بۇ جەھەتتە بەكمۇ مەرد كېلىدۇ. ئۇلار ئاغىنىدارچىلىق ئۈچۈن ھەتتا جېنىنى بېرىشتىنمۇ يانمايدۇ. ئەمما، سىز يەنە بەزىدە بۇ ئىككى ياشنىڭ تىللىشىپ، ئۇرۇشۇپ بىر - بىرىگە پىچاق تەڭلەشكىنىنىمۇ كۆرىسىز، ھاي - ھاي، ئۇلارنىڭ بۇرۇن جان - جىگەر ئاغىنە ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىڭىز كەلمەيدۇ.

مەنمۇ شۇنداق ئىشقا يولۇققان. بۇ بىر بايراملىق دەم ئېلىش كۈنى ئىدى. بايرامدا ئۆيى ياقا يۇرتتا بولغان باللار ياتاقتا قېلىپ، ئۆيى يېقىن ئەتراپتىكى باللار ئۆيىگە قايتاتتى. شۇ كۈنى مەن بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدىغان ئاغىنەم سېلىم تۇيۇقسىز مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قالدى.

— ئۆيۈڭمۇ يىراق ئاداش، بەربىر ياتاقتا ئولتۇرىسەن. ئۇنىڭدىن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ كېلەيلى، ئۆينىڭ تامىقىنىمۇ سېغىنىپ قالغانسەن.

دېمىسىمۇ بايرامدا ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ بايرام ئۆتكۈزۈش تولىمۇ زېرىكىشلىك ئىدى.

ئەمما تەكلىپ قىلدى دەپلا بېرىۋالغان بىلەن قاملاشمايدۇ - دە.

— قانداق بولا ئاداش، ئۆيۈڭدىكىلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويارمەنمىكىن.

— ئۇنداق گەپنى قوي، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن، — بارمىساڭ خاپا بولۇپ قالىمەن. بىز دېگەن نەچچە يىللىق ساۋاقداش ھەم ياتاقداش تۇرساق.

شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئاتا - ئانىسى تولىمۇ مېھماندوست، بىلىملىك كىشىلەر ئىكەن. مېنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇ مېنى يەنە بىر - ئىككى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۈچ كۈنلۈك بايرامدا خېلى كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى. دەم ئېلىش توشۇپ ماڭىدىغان چاغدا ئاتا - ئانىسىغا تەشەككۈر ئېيتىپ مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم. ئارقىدىن سىناق، مەۋسۇملۇق ئىمتىھان دېگەنلەر بىلەن ۋاقتىنىڭ قانداق توشقىنىنىمۇ بىلمەي قالدۇق.

تەتىلدىن يېنىپ يېڭى بىر مەۋسۇم باشلانغاندا مەن سېلىم بىلەن يەنە بىر ياتاقتا ياتتىم. ئەمما بۇ ئىشنىڭ ماڭا زور خاپىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ مەۋسۇم باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئاغىنەم مەندىن ھەر خىل نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ ھېلىقى قىلغان ياخشىلىقىغا قانچىلىك قىلسام ئەرزىيدۇ دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىپلا ئۇنى نەچچە قېتىم ئاشخانىغا ئېلىپ چىقىپ مېھمان قىلدىم. قولۇمدىن كېلىشىچە ياردىمىمنى ئايىمىدىم. ھەر قېتىم تەتىل توشۇپ قايتىپ كەلگەندە ئۆيدىن ئەكەلگەن توقاچ، مېۋە - چىۋە دېگەندەك نەرسىلەردىن ئۇنىڭغا بېرىپ تۇردۇم. بىراق مەن يەنىلا بىر مۇساپىر ئوقۇغۇچى - دە. قولۇمدىن كېلىدىغىنىمۇ چەكلىك ئەلۋەتتە. خىيالىمدا ئۇنى كېيىن مەنمۇ يۇرتۇمغا ئېلىپ بېرىپ مېھمان قىلىمەن دېگەن ئۈمىدىم بار ئىدى. لېكىن ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ مېھمان بولۇش ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش دەپ ئويلاپ قالدىمۇ، ھەر ئېغىز گېپىدە ئۆزىنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىنى پۇرۇتۇپ تۇراتتى.

— ياقۇپ ئاداش، سەن بۇ يۇرتتا بۇنداق ياخشى ياساۋاتقىنىڭغا شۈكرى دېسەڭ بولىدۇ. سەن بىزگە جىق قەرزدار جۇمۇ، ئۆمۈر بويى قايتۇرۇپ بولالمايسەن.

ئۇنىڭغا زادى قانچىلىك قەرزدار ئىكەنلىكىمنى بىلمەيتتىم. بەزىدە ئۇنىڭ سۆزىگە شۇنداق ئاچچىقىم كېلەتتىكى، ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغىنىمنى دېمىسەم ئۇنىڭغا قارىغۇمۇ كەلمەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان تىلىم قىسقا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تەنە ئارىلاشقان سېسىق گەپلىرىنى ئاڭلاشقا چىدىغۇچىلىكىم قالمايۋاتاتتى. ئاخىرى بىر كۈنى بۇ ئاچچىق بىراقلا پارتلاپ چىقتى.

شۇ كۈنى كەچتە ياتاققا كىرسەم، ئۇ بىرقانچە ئاغىنىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— ھە مانا ئاغىنىلەر، بىزنى مېھمان قىلىدىغان ئادەم كىردى. بۈگۈن ياقۇپ كۆڭلىنى بىلدۈرمىسە ھېساب ئەمەس.

— بولدى سېلىم، ئاغىنەڭنى ئاۋارە قىلمايلى، — دېدى باللار ئارىسىدىكى ئېغىر بېسىق كۆرۈنگەن بىرەيلەن.

— چىك، ئاي... جىم تۇرۇڭلا، ئۇ ماڭا جىق قەرزدار دەيمەن. قېنى ئاداش، ئاغىنىلىرىم كىرىپ قاپتۇ. كۆڭلۈڭنى قانداق ئىپادىلەيسەن، — ئۇ شۇنداق دەپ ماڭا مەنىلىك قارىدى.

— بۇ، بۇ... چاتاق يوق. مېھمان قىلغۇچىلىكىمىز بارغۇ، — دېدىمەن ئوڭايسىز ھالىتىمنى چاندۇرماي. شۇ چاغدا ئاي ئاخىرى بولۇپ قالغاچقا يېنىمدا ئەتە - ئۆگۈن تاماق يەيدىغانغا ئازراقلا پۇل قالغانىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا سىپايىلىقىمنى، ئۆزۈمنىمۇ ئوسال قىلغۇم كەلمىدى.

— ھەممىمىزنى ئاشخانىغا ئېلىپ چىقىپ مېھمان قىل دېسەك، ھازىر كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدى سېلىم بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە قورساقمۇ توق. ئۇنىڭدىن بىز مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ تۇرايلى. سەن دۇكانغا چىقىپ يەيدىغان نەرسىلەردىن ئەكىرەمسەن. ئالىدىغان نەرسىلەرنى بىلىسەن ھەقاچان. خاتىرجەم بول، مېنىڭ ئاغىنىلىرىم ھاراق - تاماكىدىن يىراق. ئۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرمە - ھە؟

— ماقۇل، سىلەر ئەمسە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، — مەن خۇددى غوجايىنىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت بىلەن جاۋاب قايتۇرغاندەك «چۇشۇپ چىقاي!» دېدىم - دە، سىرتقا ماڭىدىغانغا تەمشەلدىم.

— ئاداش، ئاغىنىمىزنى چىقىمدار قىلىپ قويمايلى، ماۋۇ پۇلنى سالغاچ چىقىپ كېتىڭلار، — ئۇلارنىڭ بىر - ئىككىسى شۇنداق دەپ پورتمانىنى ئېلىشقا قول ئۇزاتتى.

— بولدى سېلىپ قويۇڭلار، ئۇنىڭ يېنىدا پۇل بار. باي نېمە بۇ، — دېدى سېلىم ماڭا قاراپ سىرلىق ھىجىيىپ. مەنمۇ تەكەللۇپ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەت قىلدىم.

— بولدى، يېنىمدا پۇل بار.

مەن ياتاقتىن چىقىپ دۇكان تەرەپكە ماڭغاچ يېنىمنى ئاختۇردۇم. تەلىيىمگە 50 كويغا يېقىن پۇل بار ئىدى. ھازىر مەكتەپ ئاشخانىلىرى تاقىلىپ كەتكەن بولۇپ ئۇلارمۇ تاماق يەۋالغانلىقىنى دېگەنىدى. ئۆزۈم «سورۇن كۆرمىگەن» بالىلاردىن بولغاچقىمۇ نېمە ئېلىشىمنى بىلىپ بولالماي خېلى ھايال بولۇپ قالدىم. ئاخىرى ئۆزۈم بىلىپ، پۇلۇمغا توشلۇق بىرنەچچە كىلو ئۈششاق - چۈششەك يېمەكلىك، مېۋە - چېۋە، سوغۇق ئىچىملىك ۋە تاۋۇز سېتىۋالدىم. خىيالىمدا ئۇلارغا بۇ نەرسىلەر چوقۇم يارايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. مەن سولياۋ خالتىغا قاچىلانغان نەرسىلەرنى ئاران تەستە كۆتۈرۈپ ياتاققا كىرسەم ھەممىسى قولۇمغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. كۆزلىرىم ئىختىيارسىز قولۇمغا قاراپ تۇرغان سېلىمنىڭ ئۆگسۈلى ئۆچكەن چىرايى بىلەن ئۇچراشتى - دە، تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى.

— ئاداش، ئېلىپ كىرگەن نەرسەڭلا مۇشۇلىما؟

قايسى ئىشنى خاتا قىلغىنىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

— بولدى ساقلاپ قويۇپ ئۆزۈڭلا يەڭلا. ئاغىنىلىرىمنى ئۆزۈم مېھمان قىلىمەن، — دەپ ماڭا بىر مەسخىرىلىك ئالىيىپ قويۇپ ئاغىنىلىرىنى قوپۇشقا ئىشارەت قىلدى. باياتىندىن بېرى دۇكان ئايلىنىپ ھېرىپ كەتكەنلىكىمنىڭ ئۈستىگە بۇ گەپلەر ماڭا قاتتىق ئېغىر كەلدى. ئاچچىقىمدا قولۇمدىكى نەرسىلەرنى ئاپارغان پېتى ئۈستەلگە تاشلىدىم - دە، ۋارقىرىدىم:

— كىمگىنى ئەخمەق قىلىسەن!

ھەممىسى قىزىرىپ ئوت بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىمگە قاراپ ئاغزىنى ئىچىپلا قالدى.

— ياقۇپ سەن مىنىڭ ئالدىمدا ئوشۇق گەپ قىلما جۇمۇ؟! — دەپ چىچاڭشىپ ئورنىدىن تۇردى سىلىم. ئۇنىڭ تەھدىت ئارىلاشقان گېپىگە تېخىمۇ ئاچچىقىم كەلدى.

— نېمىدەپ ئوشۇق گەپ قىلمىغۇدەكمەن؟ سېنىڭ ئالدىڭدا گەپ قىلالمىغۇدەك تۆگمەيدىغان قەرزىم بارمىدى؟ بىر قېتىم تامىقىڭنى يەپ قويغانغا سېنىڭ ئالدىڭدا گەپ قىلالمايمەنما؟ بۈگۈن زادى ئىنىق دە. مىنىڭ ساڭا قانچىلىك قەرزىم بار؟

ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايۋاتاتتىم. بۇرۇندىن تارتىپ، ئاچچىقىم ئاسان كەلمەيدۇ، كەلسە بىسىلماي قالاتتى. مەن قوشنا ياتاققا چىقتىم - دە، يەنە بىر ساۋاقدىشىمدىن پۇل قەرز ئىلىپ كىردىم ۋە قولۇمدىكى يۈز يۈەننى ئۇنىڭغا ئاتتىم.

— مانا بۇ سېنىڭ قەرزىڭنى تۆلەيدىغان پۇل. بۇ يەتمىسە ھېسابلاپ قوي، ھەممىنى تۆلەيمەن. — مەن شۇنداق دېدىم - دە، بايا ئىلىپ كىرگەن نەرسىلەرنى ئىلىپ ماڭدىم،

— بۇ نەرسىلەرنى يېمىسەڭلار مەنمۇ يېمەيمەن ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتەي.

— ھاي، ھاي، ئاچچىقىڭلارنى بىسىۋېلىڭلار.

باللار قولۇمدىن ئىتتىك تۇتۇۋالدى ۋە مىنى تارتىپ ئولتۇرغۇزدى.

— قانداق ئىش بولسا چىرايلىقچە دېيىشمەمدۇق. ئەل - ئاغىنە تۇرۇپ بۇنچىلىك قىلىپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى. باشقىلار ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھېلىقى ئىغىر بېسىق كۆرۈنگەن بالا سىلىمغا تەنبىھ بەردى.

— سېنىڭ قىلغىنىڭ ئېشىپ كېتىپ قالدى ئاداش. بۇ ئاغىنىمىز ياخشى كۆڭلى بىلەن بۇ نەرسىلەرنى ئىلىپ كىرگەن تۇرسا، يېمەيمىز دېسەڭ ئەلۋەتتە قاملاشمايدۇ - دە.

سىلىم سەل ياۋاشلاپ قالغاندى. بەلكىم مىنى بۇنچىلىك ئاچچىقى بار دەپ ئويلىمىغان بولغىيتتى.

— ئاغىنىدارچىلىق دېگەن، — دېدى ھېلىقى بالا ئىككىمىزگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىر - بىرىگە قولدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىش دېگەن گەپ. ھەرگىزمۇ مىننەت قىلىشقا بولمايدۇ. قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس.

ياتاق ئىچى جىمىپ كەتتى. سىلىممۇ ئاشۇرۇۋەتكىنىنى سەزگەن بولسا كېرەك باشقا گەپ قىلمىدى. بۇ جىمجىتلىقنى يەنىلا بايامقى ئاغىنىمىز ئۆزگەرتتى.

— بولدى، بولدى، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ئىككىڭلار ياخشى بولۇپ قېلىڭلار. بايامقى ئىش بولمىغان بولسۇن، قېنى ئەكەلگىنە، ئەكىرگەن نەرسىلىرىڭنى بىللە يەيلى.

ئۇلار شۇنداق دەپ ئىلىپ كىرگەن نەرسىلىرىمگە ماختىناچ ئىغىز تەگدى. مەنمۇ خېلى ئىچىلىپ، ئەكىرگەن تاۋۇزۇمنى پىچىپ ئۇلارغا بىر تىلىمدىن سۇندۇم. بۇ ئاخشام مەن ئۇچۇن ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئاخشام بولدى.

شۇ كۈندىن تارتىپ، سىلىممۇ ماڭا ياتاقتا ئوشۇق سىلىق سالمايدىغان بولدى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەك يېقىن بولۇپ كەتمىدىم. مەن شۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتىمكى، دوستلۇق دەرىخىنىڭ ئۆزاققىچە مېۋىلەپ تۇرۇشى ئۇچۇن سەن ئەڭ يېقىن ئاغىنەڭ بىلەنمۇ مۇئەييەن ئارىلىق ساقلىشىڭ، ئۇلاردىن كەلگەن ياخشىلىقنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭ ئۇچۇن

ئامەت دەپ قارىماسلىقنىڭ كېرەك ئىكەن.

## مېھنەتنى قوغلا، مىننەتتىن قاچ

تۇرسۇنگۈل ئابدۇراخمان
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«مېھنەتتىن قاچما، مىننەتتىن قاچ.»*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

مېھنەت ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ تۆھپە يارىتىش، ياخشىلىق قىلىش، ھەسسە قوشۇش دېگەنلىكتۇر.

كونىلاردا «خىزمەت قىلدىڭ، خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ، يوق قىلدىڭ» دەيدىغان گەپ بار. بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، مېھنەت قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم گۈللەپ ياشنىيالمايدۇ، ھاياتى مەنىسىز ئۆتىدۇ، ھاياتىدا ھېچقانداق ياخشى ئىز، ياخشى نام ـ ئاتاق قالدۇرالمايدۇ، ھېچقانداق مېھنەت قىلمىغان، جەمئىيەتكە ئازراقمۇ تۆھپە قوشمىغان، باشقىلارغا ئازراقمۇ ياخشىلىق قىلمىغان ئادەمنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن.

يەنە بەزى ئادەملەر مېھنەت قىلىدۇ ـ يۇ، ئارقىسىدىن قىلغانلىرىغا مىننەت قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا شۇ كىشىنىڭ سىڭدۈرگەن مېھنىتى ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئورنىنىمۇ زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. مانا بۇ ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنى نۆلگە تەڭ قىلغانلىق، ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى ئۆزى سۈپۈرۈپ ماڭغانلىق، يوققا چىقارغانلىق بولىدۇ. شۇڭا ھەربىر ئادەم چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ مېھنەت قىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ قىلغىنىنى داۋراڭ سېلىپ، ئارقىسىدىن مىننەت قىلماسلىقى كېرەك.

ئەتراپىمىزدا مېھنەتكە، ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشۇشقا نۇرغۇن مىساللار بار. ئاددىيسى بۇلاقنى مىسالغا ئالساق، بۇلاق كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئاقىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ مۇزدەك سۈزۈك سۈيىنى قانغۇچە ئىچىدۇ. پەقەت ئادەملەرلا ئەمەس، پۈتۈن جانلىقلار ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشىدۇ، ئۇ ھېچقاچان ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا مىننەت قىلىپ باققىنى يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابىھايات كەۋسەر سۇلىرىنى سېخىيلىق بىلەن كەڭ تەبىئەتكە، ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل روھى ئۆچمەس، مەڭگۈلۈك روھ، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئىنتايىن مۇقەددەس بىلىدۇ.

ئوقۇتقۇچىنى مىسالغا ئالساق، ئوقۇتقۇچىمۇ خۇددى بۇلاققا ئوخشايدۇ، بۇلاق ئۆزىنىڭ جانغا راھەت سۇلىرى ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشىدۇ، ئوقۇتقۇچى بولسا ھاردىم ـ

تالدىم دېمەي، كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى. ۋەتەننىڭ ئۈمىدى بولغان يارىملىق ئەۋلادلارنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى، زېھنىنى، ھەتتا پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلايدۇ. ئەمما، ئۇلار ھېچقاچان ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا مىننەت قىلغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۈ ئۆلمەس روھ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان دەپ تەرىپلىنىدۇ.

يەنە ئېيتىدىغان بولساق. شام روھمۇ بىر خىل ئۆچمەس، ئۇلۇغ روھ، شام ئۆزىنى كۆيدۈرۈش بەدىلىگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ. بۇ قارىماققا ئادەتتىكى ئىشتەك بىلىنىسمۇ، لېكىن چوڭقۇر ئويلانساق شام روھىغا ھەرقانداق ئادەم قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئوقۇتقۇچىنى كۆيۈۋاتقان شامغا ئوخشىتىدۇ.

دېمەك، ئادەم بۇ دۇنيادا ئادەمدەك ياشايمەن دەيدىكەن، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشنى بىلىشى، مېھنەت قىلىشى، ھەرگىزمۇ قىلغىنىغا مىننەت قىلماسلىقى كېرەك.

# كوكۇس مېۋىسىنىڭ بايانى

ئەكرەمجان ئابدۇراخمان

(نەسر)

*«قەدىر - قىممىتىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەيمىز.»*

— رۇسسو

مەن بىر كوكۇس مېۋىسى، دېڭىز ساھىلى مېنىڭ تەقدىرىم. مەن ئەمەس بارلىق كوكۇس دەرەخلىرى ۋە كوكۇس مېۋىلىرىنىڭ تەقدىرى. بەزىدە چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلغۇم كېلىدۇ، لېكىن ئامالىم يوق. چۈنكى تۇغۇلغاندىن ئۆلگۈچە دېڭىز ساھىلى ۋە دېڭىزدىن ئايرىلالمايمەن. شۇڭا بەزىدە ئۆزۈمنى شۇنداق قەدىر - قىممەتسىز ھېسابلايمەن.

— ئانا! جېنىم ئانا! دېگىنە بىز نېمىشقا شۇنچە قەدىرسىز؟

— بالام! سېنىڭچە قەدىر - قىممەت دېگەن نېمە؟

— نۇرغۇن ئىشلارنى قىلسام، شان - شەرەپ بىلەن ياشىسام، باشقىلارنىڭ بىزگە بولغان يۈزەكى قارىشىنى ئۆزگەرتسەم.

— بالام بىر ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ نېمىگە ئېرىشكەنلىكىدە ئەمەس، ھاياتلىققا قانداق تۆھپە قوشقانلىقىدا.

— لېكىن بىز قانداق تۆھپە قوشالىدۇق؟

— بىزنىڭ دۇنياغا قوشقان تۆھپىمىز بەك چوڭ بولمىسىمۇ، ئۆزىمىزگە تۇشلۇق رولىمىز بار. سېنىڭ بەدىنىڭگە بولغان ئېھتىياجلىق رولۇڭ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، نۇرغۇنلىغان كېسەللەرگە شىپا قىلىسەن. مەندىن بولسا ئىنسانلار ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلارنى، ئۆي جاھازلىرىنى ياسايدۇ. بالام سېنىڭمۇ سەيرىگە چىقىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى. مېۋىلىرىمىزدىن دېڭىزغا

چۈشكەنلىرى دېڭىز ئارقىلىق باشقا دېڭىز ساھىللىرىغا لەيلەپ بېرىپ، شۇ يەردە يىلتىز تارتىپ، مانا ماڭا ئوخشاش بىر دەرەخكە ئايلىنىدۇ. گەرچە دېڭىزدىكى كۈنلىرىنىڭ جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن ھامان بىر كۈنى ئۆز قىممىتىگە جارى قىلدۇرالايسەن. «جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق»، توختام سۇ سېسىق بولىدۇ، ئاققان سۇ بەرىكەتلىك بولىدۇ. قەدىرسىزلەر يىقىلسا قايتا ئورنىدىن تۇرۇشى بەسي مۈشكۈلدۇر. قىممەتلىك جەۋھەر بولساڭ، قەدىر - قىممىتىڭ بولسا، غەم قىلما، پەلەك سېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ. يەرگە بىر پارچە خىش چۈشسە ھېچكىم ئۇنىڭغا قارىمايدۇ. لېكىن زەررىچە ئالتۇن چۈشسە ئۇنى چىراغ ياندۇرۇپ ئىزدەيدۇ. ئامان بول بالام! قەدىر - قىممىتىڭنى ئۆزۈڭ يارات، ئۇنى ئەتراپقا ئۆزۈڭ تارات.

ئانامدىن ئايرىلدىم. دېڭىزدا گاھى چۆكىمەن، گاھى لەيلەيمەن. گاھىدا دېڭىز خادىلىرىغا سوقۇلسام، گاھىدا تەكشى دېڭىزدا ئاپتاپ سۈنىمەن. بەزىدە بېلىقلار بىلەن پاراڭلاشسام، بەزىدە ئۆزۈمنى شۇنداق يالغۇز ھېس قىلىمەن. مەن نېمىشقا يەككە - يېگانە؟ نېمىشقا بۇ يېگانىلىق شۇنچە ئازابلىق؟ مەن نېمىشقا باھاردەك ئىللىق ھەم سالقىن؟ نېمىشقا بوۋاقلاردەك ساددا ھەم ئوماق، چۈنكى مەن ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ قەدىر - قىممىتىمنى يارىتىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن.

مانا مەن ھازىر بىر كوكۇس دەرىخىگە ئايلاندىم. قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىم ئانچە ئېسىمدە يوق. لېكىن ئانامنىڭ نەسىھەتى ھېلىھەم قۇلاق تۈۋىمدە. مانا مەن ئاپىرىدە قىلغان بىرنەچچە كوكۇس مېۋىسىنى دورىگەرلەر ئېلىپ كەتتى. نەچچىلىگەن كوكۇس مېۋىلىرى بولسا ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقىغان نۇرغۇن كىشىلەرگە ئارام بەخش ئەتتى. يەنە نەچچىلىرىنى دېڭىزغا يولغا سېلىپ قويدۇم. بەك چوڭ بولمىسىمۇ ھەرھالدا ئۆزۈمنىڭ قەدىر - قىممىتىمنى ياراتتىم.

ئەي يۈزۈمنى سۆيۈپ ئۆتكەن مەيىن شاماللار، ماڭا ئېيتىڭلارچۇ بۇنچە ئالدىراپ قاياققا ماڭدىڭلار؟ نېمە؟ مەن خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن؟ سىلەر راستتىنلا ئانام تەرەپكە ماڭدىڭلارمۇ؟ ئەي قەدىرلىك شامالار، ئۇنداقتا توختاپ تۇرۇڭلار، دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىم بولغان ئانامغا ئۇنى سېغىنىش ئوتىدا كۆيۈپ كاۋاپ بولاي دېگەن يۈرىكىمدىن ئوتلۇق سالىمىمنى ئالغاچ كېتىڭلار. ئەگەر ئۇ يىغلىسا، ياق مەن ئېسىگە كەلسەم چوقۇم يىغلايدۇ. سىلەر مېنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، مەرۋايىتتەك كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويۇڭلار. ماڭا ۋاكالىتەن ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇڭلار، ئۇنى قۇچاقلاڭلار. ئۇنىڭ مېنى سېغىنىش ھىجرانىدا ئۆرتىنىۋاتقان يۈرىكىنى ئۆزۈڭلارنىڭ سالقىنلىقى بىلەن راھەتلەندۈرۈڭلار. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭلار. مەن قەدىر - قىممەتنى چۈشەندىم ۋە ئۆزۈمنىڭ قەدىر - قىممىتىمنى ياراتتىم، تارقاتتىم.

# كۆرەش - گۈزەل ئارزۇلار بوسۇغىسى

نۇرگۈل ھاپىز
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ھاياتنىڭ قىممىتى بىز ئېرىشكەن نەرسىدە ئەمەس، بېغىشلىغان نەرسىدە.»*
— ئېدىسون

ئىنسان ئۈچۈن ھايات ئەڭ قىممەتلىك، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن تويۇنغان ئىلگىرىلەش روھى تېخىمۇ قىممەتلىك. ئەمما پەقەت ئارزۇ بولۇپ، شۇ ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان كۈرەش بولمىسا، پەقەت نىشان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بېسىلغان مۇساپە بولمىسا، قىسقىسى ھاياتلىقتىكى ھەربىر ئىش ئۈچۈن ھەرىكەت بولمىسا، ھايات راستتىنلا ھەقىقىي مەنىسىنى تاپالمايدۇ.

ئۇنداقتا بۇ ھاياتلىقتا بىز زادى قانچىلىك ئەجىرلەرنى سىڭدۈرۈپ، قانداق نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق؟ ھاياتىمىزنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلالىدۇقمۇ - يوق؟ قەلب دېڭىزىمىزدا دولقۇنلاۋاتقان گۈزەل ئارزۇلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا زادى قانچىلىك كۈرەش قىلالىدۇق؟ بۇ دۇنياغا تۈت كۈنلۈك مېھمان بولۇپ تۇرۇقلۇق، باشقىلارغا قىلغان كىچىككىنە ياخشىلىقىمىزدىن مىننەت قىلىپ يۈرگەنلىرىمىز زادى توغرا بولغاندىمۇ؟ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ رېئاللىقىمىز، رىقابەتلىرىمىز بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. بىز بىرەر دۆلەت، بىرەر مىللەت ۋە ياكى بىرەر شەخس مەۋقەسىدە تۇرۇپ ئەتراپىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۆزىمىزنى بىر قېتىملىق كەسكىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بەيگە مەيدانىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز. بەلكىم بەزىدە بۇ مۇسابىقە ئۆزۈڭنى سوزۇلدىغاندەك تەسىر بېرىشى مۇمكىن. مانا بۇنىڭ ئۆزى بىز تۇرۇۋاتقان خىرىسقا تولغان جەمئىيەت. بۇ ۋاقىتتا بىز بۇ جەڭگاھتا بېلىمىزگە باغلانغان ئىرادە كەمىرىمىزنى ئاززاقلا بوشاشتۇرۇپ قويساق، كىچىككىنە قىيىنچىلىقنى يېڭەلمەي، تەۋرىنىپ قالساق، كۆزلىگەن نىشانىمىزغا يېتىشىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىز كۆڭۈل خانىمىزدا ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان گۈزەل كېلەچەك ئۈچۈن تىكلەنگەن ئۇلۇغۋار غايىلىرىمىزنى روياپقا چىقىرىمىز، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزنى گۈل كەبى ئېچىلدۇرۇپ، كەلگۈسى ئىستىقبالىمىز بوستانلىقىنى گۈلزارلىققا ئايلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئىرادە كەمىرىمىزنى بېلىمىزگە چىڭ باغلاپ، بۇ خىرىسقا تولغان جەڭگاھتا مەقسەت - مۇددىئايىمىزغا يېتىش ئۈچۈن مىنىپ كېتىۋاتقان كۈرەش دۇلدۇلىمىزغا ئۇرۇلغان قامچىنى ھەرگىزمۇ توختىتىپ قويماي، يېقىن كەلگۈسىدە بىزگە كەڭ قۇچاق ئېچىپ، بىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان خۇشاللىقلارنى قارشى ئېلىشىمىز، كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن خۇشاللىقلارنىڭ قەلبىمىزنى قۇياش كەبى ئىللىتقان ھوزۇرىدىن بەھرىلىنىشىمىز، شۇ ئارقىلىق بۇ غەلبىدىن كېيىنكى نىشان ئۈچۈن ئاساس

سىلىشىمىز كېرەك.

كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن بېسىلغان قەدەمنىڭ ئۆزى يېرىم مۇۋەپپەقىيەت دېمەكتۇر. پەقەت بىز قەلبىمىزگە پۈكۈلگەن ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم توختاۋسىز تىرىشىشىمىز، كۈرەشچان بولۇشىمىز كېرەك. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلۇغۋار نىشانلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا چىن ئىخلاسىمىز بىلەن كۈرەش قىلساقلا، ئۈمىد شامىنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈپ قويماي، غەيرەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا غەلىبە هامان بىزنى كۈتۈۋالىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت، ئۇلۇغۋار نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ روياپقا چىقىشى هامان بىز كۆزلىگەن نىشاندۇر. بۇنىڭلىق بىلەنلا، بۇلارنى بىردىنبىر مەقسەت نىشانى قىلىپلا بۇ جەرياندىكى ۋاستىلەرگە، تاللىۋالغان ئۇسۇللارغا سەل قارىساق بولمايدۇ. بىز هامان ئىنسان قەلبىدە مېهىر ـ مۇهەببەت ئوتلىرى يالقۇنلاۋاتقان، ساداقەتمەنلىك، ئىخلاسمەنلىك بىخلىرى كۆكلەۋاتقان، ئۆزئارا ياخشىلىق قىلىش، كۆيۈنۈش ئۇرۇقلىرى بىخلاۋاتقان ھەقىقىي ئىنساندۇرمىز. شۇڭلاشقا پەقەت ئۆز ئارزۇلىرىمىزغا يېتىش كويىدا ئىنسانغا يات بولغان ھەسەتخورلۇق، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىش، يۇرتۋازلىق قىلىشنىڭ تار كوچىلىرىغا كىرىپ قالماي، ئۆزئارا مېهىر ـ مۇهەببەتلىك بولۇشىمىز، قىلغان كىچىككىنە ياخشىلىقىمىز ئۈچۈن مىننەت قىلماي، بۇنى ھەقىقىي ئىنسانىي بۇرچ دەپ تونۇپ، قەلبداش، دىلداش بولۇپ، دوستلۇق مېهرىمىزنى يەتكۈزۈشىمىز، دۇنيانىڭ، هاياتلىقنىڭ ئىللىقلىقىنى ئۆزگىلەرگە ھېس قىلدۇرۇشىمىز، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، مىللىتىمىزنىڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، «تۆزىنى يەپ، تۆزلۇقنى چېقىش»تەك ئىشلاردىن خالىي بولۇشىمىز كېرەك.

بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە قەلب ئېتىزىمىزدىن ئورۇن بېرەلىسەك، خۇددى ئىنسان هاياتلىقىنىڭ مەنبەسى بولغان سۈزۈك بۇلاق كەبى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئېقىپ، ئۆز ۋۇجۇدىمىزنى پاكلاپ تۇرساق، ئەل ئۈچۈن مىننەتسىز خىزمەت قىلساق، خەلقىمىز، قان ـ قېرىنداشلىرىمىز بىزدىن پەخىرلىنىدۇ.

كۈرەش دېمەك هايات دېمەكتۇر. مىننەتسىز هايات ھەقىقىي مەنىگە ئىگە هاياتتۇر. دىلى پاك، قەلبى نۇرانە كىشى بولسا ھەقىقىي ئادىمىيلىك پەزىلەت بابىدا تۇرۇۋاتقان ئىنساندۇر. شۇڭلاشقا بىز بۇ قىسقىغىنا هاياتىمىزدا ئارزۇلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىشىمىز، ئىزدىنىش روھىغا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. هاياتىمىزنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مىننەت قىلىشتىن يىراق تۇرۇپ، خالىسانە هالدا ھەربىر ئىشقا ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئادىمىيلىك پەزىلىتىمىزگە داغ تەگكۈزمەي، خەلقىمىز ئۈچۈن بۇلاق كەبى ھۇزۇر ئاتا قىلىشىمىز، دىلىمىز پاك، قەلبىمىز نۇرانە هالدا ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەت قۇچىقىدا داۋاملىق ئەللەيلىنىپ، هاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە، شۇنداقلا خەلق ئارىسىدا ئۇنتۇلماس نام قالغۇدەك ياشاشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.

## مېھنەت ۋە مىننەت

تاشگۈل ئېلى
(نەسر)

مېھنەت ۋە مىننەت ئۇچرىشىپ قاپتۇ. مىننەت دەپتۇ:
— ئەي مېھنەت ئىككىمىز دوست بولايلى.
— ساڭا نەچچە رەت دېدىمغۇ مەن، ئىككىمىز بىر يولدا ماڭالمايمىز، ئەڭ ياخشىسى يولۇڭغا مېڭىۋەر.
— توختا مېھنەت، سەندىن سوراي: سەن مېھنەت قىلىپ نېمىلەرگە ئېرىشتىڭ؟
— مەن...
— بولدى قىل! ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلا مېھنەت. گۈل-گىياھلارغا شۇنچە مېھنەت قىلدىڭ. ئۇلاردىن ساڭا نېمە كەلدى؟ گۈل چاڭلىرىنى، شېرىن تەملىرىنى ساڭا تېتىتتىمۇ؟ بىر بولسا قارا قۇيۇنلار ئېلىپ كەتتى، بىر بولسا ئوغرى ھەرىلەر ئېلىپ قاچتى. ساڭا نېمە قالدى؟
— قارا قۇيۇنلار گۈل-گىياھلارنىڭ خۇش ھىدلىرىنى ئەتراپقا تارقىتىدۇ، يىراق-يىراقلارغا ئېلىپ بارالايدۇ. ھەرىلەر ئەڭ شېرىن تەملەرنى يىغىپ، ئىنسانلارغا سوۋغا قىلىدۇ.
— ھىم... شۇ يەنىلا ساڭا ھېچنەرسە قالمايدىغان گەپكەنغۇ؟
— ئۇلارنىڭ يىلتىزى تۇپراقتا، ئۇرۇقى ھامان تۇپراققا چۈشىدۇ.
— تۇپراق؟... ھا... ھا... ھا... تۇپراق دېگىن؟ ئەخمەقلىق قىلما مېھنەت. مەن بىلەن دوست بولساڭ، نۇرغۇن راھەتكە ئېرىشتۈرىمەن، شۇنچىۋالا قىلىپ نېمە جاۋابقا ئېرىشتىڭ؟
— ئۇلارنىڭ يىلتىزىنىڭ ھامان تۇپراقتا بولۇشى، ئۇرۇقىنى ھامان تۇپراققا تۆكۈشى ماڭا بەرگەن ئەڭ ئېسىل جاۋاب ئەمەسمۇ؟!!!

## بىز ۋە تەقدىر

شېرىنگۈل ئەنەيتۇل
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ھاياتنىڭ قىممىتى — ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن بولۇشىدا ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشىمىزدا.»*

— سەئدى

تەقدىر ھەققىدىكى مۇنازىرە، تالاش-تارتىشلار ئەزەلدىن بولۇپ كەلگەن، ئەمما

ھېچبىر ئايىغى چىقمىغان. بۇنداق مەسىلىلەر ناھايىتى نۇرغۇن. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە نامەلۇم، ئېنىقسىز نەرسىلەر ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشلار دائىم نەتىجىسىز بولىدۇ. بىز ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ تەقدىرىمىز ئۆز ئىلكىمىزدە، تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىمىز، ئۆزىمىز ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ تۆمۈرچىسى. دېگەندەك ئۆز كۆڭلىمىزنى خۇشال قىلىدىغان سۆزلەرگە ئامراق. بىراق ئۆز تەقدىرىمىز ھەققىدە قانچىلىك ئويلاندۇق؟ بۇنى بىرنېمە دېيىش تەس.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىزگە ھەمىشە يولۇقۇپ تۇرىدىغان ئىشلارغا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىمىزدىن ئۆز تەقدىرىمىز ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈش، باش قاتۇرۇش ئېسىمىزدىن چىقىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە بىز كۆڭۈل بۆلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلاردا بىزگە پايدىلىق نۇرغۇن نەرسىلەر يوشۇرۇنغان. بىر تال يوپۇرماق، بىر تامچە سۇغا قەدەر ھەممە نەرسە بىر ھېكمەتلىك دۇنيانىڭ ئىشىكىدىن ئىبارەت. بىراق، بىز ھەمىشە ھېكمەتنى باشقىلاردىن ئىزدەپ قوبۇل قىلىپ كۆنۈپ قالغاچقا، قولىمىزدىكى ھېكمەت ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچىنى تونۇيالماي يۈرىمىز. بۇلارنى ئويلاناسلىقىمىز ھەرگىزمۇ ھەممىنى بىلىپ بولغانلىقىمىزدىن ئەمەس، بەلكى تەقدىر ئۇقۇمىغا بولغان تونۇشىمىزنىڭ تولۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

مېنىڭچە، ئادەمنىڭ تەقدىر ئالدىدىكى بىردىنبىر ۋەزىپىسى ئۇنى چۈشىنىش ياكى چۈشەندۈرۈش. شەرھلەش ئەمەس، تەتقىق قىلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بەلكى ئۇ خىيالىي ئۇقۇمنى كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلە ھەققىدە پىكىر قىلىش، ئۇنى ھەل قىلىش، رېئاللىق ھەققىدە باش قاتۇرۇش. ئادەم دۇچ كەلگەن ئىشنىڭ ئاخىرى تەقدىر ھېسابلىنىدۇ. تەقدىر جەريان ئەمەس، نەتىجىدۇر. تەقدىر دېگەن بۈگۈن دېمەكتۇر، بۈگۈن ئۈچۈن تىرىشىش تەقدىر ئۈچۈن تىرىششتۇر.

ھەربىر ئادەم ئالدى بىلەن ياشاش مەقسىتىنى بىلىشى، ئۆز نىشانىنىڭ كۈچ سەرپ قىلىشقا ئەرزىيدىغان - ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى كېرەك.

نىشانىنى توغرا تاللىغان كىشى ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. چۈنكى ھەركىمنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا، تەقدىرگە تەن بېرىش نومۇس. تەقدىر ھېچكىمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئەمەس ھەم پېشانىسىگە قونىدىغان «بەخت قۇشى»مۇ ئەمەس. «بەخت» پەقەت جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، توسالغۇ بىلەن تىنىماي كۈرەش قىلىدىغان ئالىيجاناب، باتۇر ئەزىمەتلەرگە خاس.

# 2004 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر

**V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.** (جەمئىي 55 نومۇر بېرىلىدۇ)

بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ، يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

*بىر كىشى پۇل تېپىپ بېيىغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن، بىر پەيلاسوپتىن مەسلىھەت سوراپتۇ. پەيلاسوپ ئۇنى دېرىزە ئەينىكى ئالدىغا باشلاپ كېلىپ:*

*— سىرتقا قاراڭ، نېمىلەرنى كۆردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. باي:*

*— نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى كۆردۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پەيلاسوپ ئۇنى يەنە كۆرسىتىش ئەينىكىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپ:*

*— ئەمدى يەنە نېمىلەرنى كۆردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. باي:*

*— ئۆزۈمنىلا كۆردۈم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.*

*— دېرىزە ئەينىكى بىلەن كۆرسىتىش ئەينىكىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئەينەكتىن ياسالغان. ئۇلارنىڭ پەرقى كۆرسىتىش ئەينىكىگە نېپىز بىر قەۋەت كۈمۈش يالىتىلغانلىقىدا. دەل شۇ بىر قەۋەت كۈمۈش سەۋەبىدىن سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىلا كۆرۈپ، باشقىلارنى كۆرەلمەي قالغان — دەپتۇ، پەيلاسوپ.*

ماتېرىيالغا ئاساسەن «ئۆزىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە ئۆزگىنىمۇ كۆرۈش» دېگەن تېمىنى چۆرىدەپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

**تەلەپ:** ①ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى ئاساسىدا نۇقتىئىنەزەر(مەركىزىي ئىدىيە)نى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ؛ ②ژانىرنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ(شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ)؛ ③ئەسەر ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز قويۇڭ؛ ④ماقالىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن ھەم تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن؛ ⑤ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن؛ ⑥خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن؛ ⑦ئادەم ئىسمى ۋە يەر جاي ناملىرىنى × بىلەن ئىپادىلەڭ.

ئۈلگە:

## ئۆزۈڭنى ئەر چاغلساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا

بۈۋىھەجەرگۈل ھاجى
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«يىرىك سۆزلىدىم مەن قېرىنداش قارا،*
*ئاچچىقلانما قىزىرىپ، دىل ئەتمە يارا.*
*دۇرۇس سۆز يىرىكتۇر، كۆڭۈلگە ئاچچىق،*
*سىڭدۈرسە ئۇنىڭ نەپئى بولغاي تاتلىق.»*

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى بەزىدە ئۆزىنى ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ قالتىس ھېسابلاپمۇ قالىدۇ. بۇ خىل قاراش بەزى ھاللاردا كىشىنى ئۈمىدۋار قىلىش رولىنى ئوينىغىنى بىلەن، يەنە بەزى ھالللاردا كىشىنى «گىدىيىش، غادىيىش، چوڭچىلىق قىلىش، باشقىلارنى كەمسىتىش» قاتارلىق ئىللەتلەرگە گىرىپتار قىلىپمۇ قويىدۇ. تارىختىن تا بۈگۈنگە قەدەر بىز بىلگەن ياكى نامى بىزگە قالغان بارچە ئۇلۇغلار بىر ھېكمەتنى يەنى «كەمتەر بولۇش»نى ئۆزىگە مىزان قىلىپ كەلگەچكە خەلق ئارىسىدا غايەت زور ئابرۇي تاپقان ۋە ئۇلارنىڭ نامى، ئەجىر مېۋىلىرى دەۋرلەر ھالقىپ بىزلەرگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. ئەكسىچە ئۆزىنى چوڭ تۇتقان، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىغانلار ئوخشاشلا ئۆزىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن كۆزگە ئىلىنمىغان، ئېتىبارغا ئېلىنماي كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن ئەۋلادلارنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلانغان.

بىر قوشنىمىز بولىدىغان، ئۇ ئۆزى ناھايىتى كېلىشكەن، قاۋۇل يىگىت ئىدى. ئەمما تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۆرلەپ ئوقۇمىغان ياكى بىرەر ھۈنەرمۇ ئۆگىنىمىگەن بولغاچقا، تولىمۇ ئويۇنچى بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنى شۇنچىلىك چوڭ تۇتاتتى، ھەمىشە باشقىلار ئالدىدا پو ئېتىپلا يۈرەتتى. بىر كۈنى ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئۇنىڭ بۇنداق پوچىلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى بىر سىناپ باقماقچى بولدى - دە، ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىتتى، ئەمما ئۇ ساۋاقدىشىمنىڭ تەكلىپىنى ئىلىك ئالمىدى ۋە گېپى بولسا ئۆزى كەلسۇن دەپ خەۋەر ئەۋەتتى. ساۋاقدىشىم ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا تاش كۆتۈرۈشتە مۇسابىقىلىشىش تەكلىپىنى قويدى. مۇسابىقە باشلاندى، قوشنام بىر تونىنا كېلىدىغان تاشنى كۆتۈرۈپ بىر مېتىر يىراقلىققا تاشلايمەن دېدى ۋە كېرىلگىنىچە تاشنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ يان كۆتۈرە - بۇ يان كۆتۈرە، ئۇنىڭ ھەتتا بۇ تاشنى مىدىرلىتىشقىمۇ قۇربى يەتمىدى، ئاخىر ئۇ مەن ئارام ئېلىۋالاي، زىيالىي رىقابەتچىم ئۆزىنى كۆرسەتسۇن دېگەن باھانە بىلەن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ساۋاقدىشىم ئۆزى ئورۇق، ئەمما بويى ئېگىز يىگىت ئىدى. ئۇ ئاستىغا چاق

ئورنىتىلغان كىچىك غالتەكتىن ئىككىنى ئاپىرىپ ھېچ كوچىمەيلا ئۇ تاشنى نەچچە مېتىر يىراقلىققا يۆتكىۋەتتى ۋە ھېچ مەغرۇرلانماستىن مەيداندىن چىقىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مەيداندىكىلەر ھاڭ - تاڭ قېلىشتى، ھەتتا بەزىلەر تۇۋا دەپ ياقا تۇتۇشتى. ئۆزىنى ئەڭ كۈچلۈك سانايدىغان قوشنام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نېمە قىلارنى بىلمەي قالدى ۋە يۈگۈرگىنىچە مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

ناھايىتى ئېنىقكى، كىشى ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەقلى بولمىسا ئۇنىڭ چوڭ ئىشلارنى قىلالىشى ناتايىن. يۇقىرىقى مىسالدىكىگە ئوخشاش بىرى ئۆزىنى كەم تېپىلىدىغان سانىدى، ئەمما ئەقلىگە ئەمەس، بەلكى قارا كۈچىگە ئىشەنگەنلىكتىن، شۇنچە ۋىجىك بىر ئەقىللىك كىشى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئېھتىمال ئاشۇ زىيالىي يىگىتمۇ مەيداندىكى مەلۇم بىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىشى مۇمكىن، ئۇ مەلۇم كىشى ياكى دېھقان، ياكى كاسىپ، ھۈنەرۋەن ۋە ياكى پادىچى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

شۇڭا ئۇلۇغلىرىمىز كەمتەرلىك، دانالىق، ئاقىللىق، كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ. تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىغا چېكىندۈرىدۇ دېگەنىكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقانىدەك، يىرىك بولسىمۇ، ئاچچىق بولسىمۇ دوستلىرىمىزغا شۇنى ئېيتقۇمىز كېلىدۇكى، ھەربىر ئىشقا ئەقىل كۆزىڭ بىلەن قارا، كەمتەر، سەممىي بول، ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ ئۆزگىنى شىر چاغلا. باشقىلار ئالدىدا چوڭ سۆزلەپ مات بولغىنىڭدىن كەمتەر تۇرۇپ باشقىلارنى مات قىلغىنىڭ سەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ غەلىبە.

## ياخشىلىق قىل قولۇڭدىن كەلسە

ئېلياسجان مامۇت
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ياخشىلىق تېرىغان، ياخشىلىق يىغار.»*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ئىنسان دۇنياغا ئاپىرىدە بولغانىكەن، مەلۇم توپ ئىچىدە ياشايدۇ، ھايات كەچۈرىدۇ، «ئادەم — ئادەم بىلەن ئادەم» دېگەنىدەك ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكى قەدىر - قىممەتنى ئۆلچەيدىغان تارازا. بۇ تارازا ئۇنىڭ دۇنيادا قانداق ياشىغانلىقىنى، باشقىلارغا قانچىلىك مەنپەئەت، ياخشىلىق يەتكۈزگەنلىكى، ئەل - يۇرتقا قانچىلىك مەنپەئەت، ياخشىلىق ئېلىپ كەلگەنلىكى، ئاۋام ئارىسىدا قانچىلىك ئېتىبارغا ئېرىشكەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق زامان - زاماندىن بېرى ئەل - يۇرت، قان - قېرىنداشلىرىنى دەپ بىر ئۆمۈر ھارماي - تالماي كۆرەش قىلغان، ئىزدەنگەن، خىزمەت قىلغان ئۇلۇغلىرىمىز ئاز ئەمەس. يەنە مەيلى باشقىلار بىلسۇن - بىلمىسۇن ئازراق بولسىمۇ ياخشىلىق بىلەن ۋە ئازراق بولسىمۇ ياخشىلىق قايتۇرۇش بىلەن ياشىغان ئادەتتىكى ئادەملىرىمىزمۇ ئوخشاشلا شۇنچىلىك سۆيۈملۈك، شۇنچىلىك قەدىرلىك.

«باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئىنسانىيلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى» دەپ ئېيتقانىكەن شەرق ئۆلىمالىرىدىن بىرى. تۇغرا، ياخشىلىق قىلىش بولسا ئىنسانىيلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى، ئادىمىيلىكنىڭ يۈكسەك نۇقتىسى. ياخشىلىقنىڭ چېكى بولمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ. دۇنيادا ھەر خىل ئادەملەر بولىدۇ. ھەر ئادەم بىر دۇنيا، ھەر ئادەم بىر ئالەم. دۇنيا ھەممە ئادەمنىڭ دۇنياسى، دۇنيادا سەنلا ياشىمايسەن، مەنلا ياشىمايمەن، مېنىڭ ساڭا ھاجىتىم چۈشىدۇ، سېنىڭ ماڭا ھاجىتىڭ چۈشىدۇ. سەن ماڭا موھتاج، مەنمۇ ساڭا موھتاج، مەن ساڭا ياخشىلىق قىلىمەن، سەنمۇ ئوخشاشلا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىسەن. شۇندىلا دۇنيا ھەممىمىزگە گۈزەل، سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ. شۇندىلا ئىنسان ئاجايىپ بەختلىك، ئاجايىپ قەدىرلىك بولىدۇ.

يەنە شۇنداق ئىنسانلار دۇنيادىن ئۆتىدۇكى، يۇندىسنى ئىت كۆرمەيدۇ، مورىسىدىن چىققان تۈتۈننى بۇلۇت كۆرمەيدۇ. بۇنداق ئادەم ياخشىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. ياخشىلىق قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. ئەكسىچە، ياخشىلىققا يامانلىق، ۋاپاغا جاپا قىلىدۇ.

ئەل ئارىسىدىكى مۇنۇ ھېكايەت بۇنىڭ مىسالى:

بىر ئادەم بار ئىكەن، ئۇ توختىماي باشقىلارغا ياردەم قىلسام، ئازراق بولسىمۇ كۆڭلۈمنى بىلدۇرۇپ ياخشىلىق قىلسام ئىكەن دەپلا ئويلايدىكەن. كۈننى تىرىشىش، ئىزدىنىش ۋە قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. ھەتتا ھايۋان-ئۇچار قۇشلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ سوغۇقتا تىترەپ توڭلاپ قالاي دېگەن بىر يىلاننى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئىككىلەنمەيلا ئېلىپ قويىنىغا سېلىپ يولىغا راۋان بوپتۇ. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى يىلان ھوشىغا كەپتۇ ۋە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تەبىئىتى بىلەن ھېلىقى كىشىنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر سانجىپتۇ. ئۇ كىشى ئىسست، ئىسست دېگىنىچە جان تەسلىم قىپتۇ.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئارىمىزدا، ئەتراپىمىزدا يىلان تەبىئەتلىك ئادەملەر ھېلىھەم مەۋجۇت. شۇڭلاشقا ياخشىلىقنى قىلىش كېرەك، ئەمما ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ئادەمگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

ئادەمنىڭ ياخشىلىقنى ئۆز يېنىدىن، ئەتراپىدىن باشلىشى تولىمۇ ئاقىلانىلىك. ئاۋۋال ئاتا - ئانا، قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەرگە، ئاندىن ئەل - يۇرت، ئانا تەبىئەتكە قولىدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنى ئايىماسلىقى كېرەك. ھەرقانداق ئىشنى ئۆزىدىن، ئەتراپىدىن باشلىغاندىلا، ئاندىن ئۇ تەدرىجىي كېڭىيىدۇ.

بىر ئادەم ئەۋلىيادىن سوراپتۇ:

— ئى دانىشمەن، مەن ئاۋۋال كىمگە ياخشىلىق قىلسام بولىدۇ؟

دانىشمەن دەپتۇ:

— ئاناڭغا.

ئۇ كىشى يەنە قايتا سوراپتۇ:

— يەنە ئاناڭغا، — دەپتۇ دانىشمەن.

قايتا - قايتا ئۈچ قېتىم سورىسا ئاناڭغا ياخشىلىق قىل دەپ جاۋاب بېرىۋېتىپتۇ دانىشمەن.

— ئاندىن قالسچۇ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

— داداڭغا، — دەپتۇ دانىشمەن.

بۇ ھېكايىدىن ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاۋۋال كىملەردىن، قانداق باشلىنىدىغانلىقىنى، قانداق باشلانغان ياخشىلىقنىڭ مەڭگۈلۈك ياخشىلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئادەمنىڭ ئۆز قەدىر - قىممىتىنى ئۆستۈرىدىغان، ئادىمىيلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئاساسى — ئۇنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە قانچىلىك ياخشىلىق قىلالىغانلىقىدا. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك نەرسە مۇشۇ دۇنيادا، ئەتراپىمىزدا ۋە ئۆزىمىزدە.

بىر ئادەم دانىشمەندىن سوراپتۇ:

— مەن دۇنيادا قانداق ياشىسام بولىدۇ؟

دانىشمەن دەپتۇ:

— سەن دۇنيادا قولۇڭدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىل. خورما چاغلىق نەرسەڭ بولسىمۇ باشقىلارغا بەر. ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ ياخشى سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەت بىلەن باشقىلارغا ياخشىلىق قىل. شۇندىلا سەن ئىككىلا دۇنيادا سائادەتمەن بولۇپ ياشايسەن.

ياخشىلىقنىڭ ئۆلچىمى، شەكلى مەۋجۇت ئەمەس. ئادەملەر بىر - بىرىگە ماددىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ياخشىلىق قىلسا بولىۋېرىدۇ. ئەجدادلار: «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. شۇڭا بىز قانچىلىك قۇربىمىز يەتسە، شۇنچىلىك ياخشىلىق قىلايلى. شۇندىلا دۇنيادا ئۆزىمىزنى ھەقىقىي بەختلىك ھېس قىلالايمىز.

## كىشىلىك ھاياتنى ئۆزگەرتىز يارىتىسىز

مۇنەۋۋەر روزى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*ئاكتىپ بولغان تۇرمۇش پوزىتسىيەسى نىشان ئەمەس، لېكىن ئۇ ھاياتلىقنىڭ يولى.*

— خاتىرەمدىن

ھايات بەئەينى ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشقا ئوخشايدۇ، ھېسابلاشنىڭ يولىنى ئىگىلىمىگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ چۈشىنىكسىز، ناھايىتى مۇرەككەپ تۇيۇلىدۇ، لېكىن يولىنى تاپالىسا ئۇ خېلىلا ئاددىيلىشىدۇ. ھاياتمۇ بەئەينى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يولىنى، قانۇنىيىتىنى بىلىۋالغانلارغا ئاسانلىق ھەم ئوڭۇشلۇق يارىتىپ بېرىدۇ.

كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاددىي ھەم مۇرەككەپ بولۇشىدەك قائىدىنى تۈۋەندىكى ئۇقۇم

ئارقىلىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ، خاتا ھېسابلاپ قويۇشنىڭ ئېھتىماللىقى نەچچە ئون خىل، ھەتتا نەچچە يۈز خىل، توغرا جاۋاب پەقەت بىرلا. توغرا جاۋابنى تاپقاندا، گاڭگىراش پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ، كىشىلىك ھاياتتىكى خىلمۇ خىل مەسىلىلەرنى ماھىرلىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

كىشىلىك ھاياتنىڭ نۇرغۇن پىرىنسىپلىرى بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىن قايسىسىنى تاللاپ ياشاش تامامەن ئۆز ئىختىيارىڭىزدا. ھاياتىڭىزنى قەدىرلەپ مەنىلىك ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلامسىز ياكى بولمىسا ئۈمىدسىزلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ ئاخىردا ھاياتىڭىزنى ۋەيران قىلامسىز؟ بۇنى يەنىلا سىزنىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەڭىز بەلگىلەيدۇ.

قەيسەرلىك ۋە ئىرادىسىزلىك، خۇشاللىق ۋە قايغۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز روھىي ھالىتىڭىز كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەگەر ئىچكى يوشۇرۇن كۈچ جارى قىلدۇرۇلمىسا، ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولمايدۇ، تەرتىپ بىلەن تەدرىجىي ئىلگىرىلىگەن، بىلىم توپلىغاندىلا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئاساس تىكلىگىلى بولىدۇ.

ھەركىم ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى بەرپا قىلىدۇ، ھەرقانداق ئادەم تۇرمۇش، ئۆگىنىش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ھەر خىل مەسىلىلەرگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ، رېئال تۇرمۇشتا بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ساقلىنىش تولىمۇ قىيىن. ئەگەر سىزدە ھاياتىمنى قەدىرلەپ، ھامان غەلىبە قازانغۇچىلاردىن بولىمەن دەيدىغان ئىرادە بولىدىكەن، تۇرمۇشىڭىزدىكى بۇ قىيىنچىلىقلار سىز ئۈچۈن ئۇنچە قورقۇنچلۇق تۇيۇلمايدۇ. ئەگەر سىزدىكى قورقۇنچ توختىماي كۈچىيىپ، ھاياتقا، ياشاشقا بولغان ئىشەنچىڭىزنى بىسىپ كەتسە، ئۈمىد ــ ئارزۇلىرىڭىزنى تەبىئىيلا ئۆزىڭىز توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىسىز، ھاياتلىقتا ئۈمىد ــ ئارزۇسىز ياشاش ئاخىردا ئادەمنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. يەنى بىزگە بېرىلگەن بىر قېتىملىق ياشاش پۇرسىتىنى قەدىرلىمەي بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، نىشانسىز، مەقسەتسىز ياشىساق بۇ قىممەتلىك ھاياتىمىز ۋەيران بولىدۇ.

ھايات ئادەمگە پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدىغان ئەڭ چوڭ ھوقۇق، بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ھەربىر جان ئىگىسىنىڭ تامامەن ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ياشاش ھوقۇقى بولىدۇ، بۇ ھوقۇقنى قانداق ئىشلىتىپ ياشاش سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا، ھاياتىڭىزنى قەدىرلەپ ئەھمىيەتلىك ياشامسىز ياكى قەدىر ــ قىممەتسىز ياشاش يولىنى تاللامسىز؟ بۇ ئۆزىڭىزگە باغلىق. ھايات ھامان چەكلىك بولىدۇ، ئەمما مۇشۇ چەكلىك ھاياتىمىزدا چەكسىز ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن تىرىششىمىز كېرەك، تىرىشىپ ھاياتنىڭ قىممىتىنى يارىتىشىمىز، بىز ئۈچۈن بېرىلگەن بۇ ئالتۇندەك قىممەتلىك پۇرسەتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ، ئاخىردا پۇشايمانغا قالماسلىقىمىز كېرەك.

بىر كۈنى گۇگۇمدا ئورمانلىقتا كېتىۋاتقان بىر ئادەم لەيلىگەكنىڭ ئىنتايىن ئازابلىنىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇ لەيلىگەكتىن:

— نېمىگە بۇنچە ئازابلىنىپ يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ،

— خوتۇنۇم بۈگۈن چۈشتە ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭغا ئازابلىنىپ يىغلاۋاتىمەن — دەپتۇ لەيلىگەك.

— ھازىر گۈگۈم ۋاقتى سەنمۇ ئۆلەي دەپ قالدىڭ، يىغلاۋېرىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟
— دەپتۇ ئۇ ئادەم.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان لەيلىگەك تېخىمۇ بەك قايغۇرۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش ھېلىقى ئادەمگە بەكمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلۇپتۇ، چۈنكى لەيلىگەك سەھەردە تۇغۇلۇپ كەچقۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ چۈشتە ئۆلۈش بىلەن كەچقۇرۇن ئۆلۈشنىڭ نېمە پەرقى، بۇنچىۋالا يىغلاشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ لەيلىگەكنىڭ يېنىدىن كېتىپ قاپتۇ.

توغرا، ئىنسانلارنىڭ نەزەر كۆزى بىلەن قارىغاندا لەيلىگەكنىڭ ھاياتى ناھايىتى قىسقا بولىدۇ، شۇڭا چۈش ۋاقتى بىلەن گۈگۈمنىڭ ھېچقانچە پەرقى بولمايدۇ، لېكىن لەيلىگەكنىڭ كۆزى بىلەن قارىغاندا چۈشتىن تارتىپ گۈگۈمغىچە بولغان ۋاقىت دەل ئۇنىڭ كېيىنكى يېرىم ئۆمرى ھېسابلىنىدۇ، لەيلىگەكنىڭ كېيىنكى يېرىم ئۆمرى ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى يېرىم ئۆمرىگە ئوخشاشلا مۇھىم ھەم ئۇزۇن ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ.

لەيلىگەكنىڭ ھېكايىسى بىزگە ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈش، قىممەتلىك ھاياتنى قانداق قەدىرلەش لازىملىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. گەرچە ھاياتىڭىزنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئۇنچە مەنىلىك، نەتىجىلىك ئۆتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما سىز ھاياتىڭىزنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى قەدىرلەپ، ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلسىڭىز، ئوخشاشلا بىر گۈزەل ھاياتنى بەرپا قىلالايسىز، مۇھىمى سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇپ قەدىرلىشىڭىزدە!

ئويلاپ كۆرەيلى، بەلكىم سىز ئۈمىد قىلىۋاتقان، سىز يېتىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان قارشى قىرغاق سىز ئويلىغاندەك ئۇنچە گۈزەل، ئۇنچە ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن، تۇرمۇشىڭىزمۇ تەبىئەتتەك ئىللىق باھارى، قار - يامغۇرى، ئالتۇن رەڭ كۈز پەسلى ۋە قەھرىتان قىش كۈنلىرى بولىدۇ، ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن ھەسەن - ھۈسەن چىقىدۇ... دولقۇن ئۆرلىگەندىن كېيىن پەسىيىدۇ، قۇياش كۆتۈرۈلۈپ يەنە ئولتۇرىدۇ، بايلىق - نامراتلىق، خۇشاللىق ۋە خاپىلىقمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا راۋاجلىنىپ ماڭىدۇ.

ئەمما، تەبىئەت ھادىسىسى قايتىلانغان بىلەن بىر ئادەمنىڭ ھاياتى قايتىلانمايدۇ، شۇڭلاشقا ئىمكان بار ئەتراپىڭىزدىكى مەۋجۇت نەرسىلەردىن كۈچىڭىزنىڭ بارىچە پايدىلىنىڭ، چۈنكى ئۇلار سىز ئۈچۈن يارىتىلغان، ھاياتىڭىزنى قەدىرلەڭ، باشقىلارغىمۇ ئازار بەرمەڭ ھەم باشقىلارنىڭمۇ سىزگە ئازار بېرىشىگە يول قويماڭ، ھاياتىڭىزنى خۇشال، رەڭدار ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىڭ.

ھەربىر تاڭنىڭ ئېتىشىدىن، ئېرىقلاردىكى سۇزۇك سۇلارنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشىدىن ھاياتقا ئەھمىيەت بېرىشنى، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىڭ. ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ، سىزدە ھاياتقا كۈلۈپ باقالايدىغان كۈچلۈك ئىرادە بولسۇن، ئىلكىڭىزدىكى ھەربىر كۈن، ھەربىر سائەت، ھەربىر مىنۇتنى قەدىرلەڭ.

# ھايات ھەقىقىتى

ماھىنۇر قاسىم
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«كىشىلىك تۇرمۇش قالايمىقان سىزىلغان سىزىق، ئۇنى تۈپتۈز سىزىققا ئايلاندۇرۇش كىشىنىڭ ئۆزىگىلا باغلىق.»*

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دىن

ھايات ئىنسانلار بىلەن گۈزەلدۇر. بۇ گۈزەللىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانداقتۇر بىر خىل كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق، بىر - بىرىنى ئورىغا ئىتتىرىش، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى دەپ باشقىلارنى قۇربان قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، دوست - بۇرادەرلىرى، قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ھەتتا جېنىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولۇشتەك ئالىيجاناب خىسلەتلەر بىلەن گۈزەلدۇر.

ھايات بەئەينى چەكسىزلىككە سوزۇلغان سىرلىق يولدۇر. بۇ يولدا شاھ، گاداي، باي، نامرات، ئەمەلدار، پۇقرا، ياخشى، يامان... كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھايات مەنزىلىگە يېتىش يولىدا ئىتتىك ياكى ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئىز بېسىپ ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھايات مەشئىلى چاقناپ تۇرغان تۈپتۈز يولنى تاللىسا، بەزىلىرى ئەگرى - توقاي، ئاچچىق كەچمىشلەرگە تولغان خالتا كوچىنى تاللايدۇ. پايانى يوق بۇ يولدا ماڭغانلار مېڭىپ ئۇزاپ كېتىۋېرىدۇ، ئۇلارنىڭ بوران - چاپقۇنلاردا ئۆچۈپ كەتكەن ئاشۇ ئىزنى يېڭى يولۇچىلار بېسىپ ماڭىدۇ.

ھايات ئۆزىگە كۆلۈپ باققانلارغا ھامان خۇش چىراي ئاچىدۇ. سىز ھايات مۇساپىڭىزدە قانداق تەدبىر قوللانسىڭىز، ھاياتمۇ سىزگە شۇنىڭغا لايىق مېۋە بېرىدۇ. تۇرمۇشىمىزدا شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بار بولۇپ، رىقابەت ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردىمۇ، ئۇلار ئۆز نىشانى ئۈچۈن كۈرەش قىلماستىن بەلكى قىممەتلىك ۋاقتىنى ئەرزىمەس قۇرۇق غەيۋەت، ناتوغرا ئىشلارغا سەرپ قىلىۋېتىپ، ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى نابۇت قىلىپ يۈرۈشىدۇ.

بۈرۈن سىنىپىمىزدا گۈزەلنۇر ئىسىملىك بىر قىز بار بولۇپ، ئۇ قىز ئۆزىنى جاھاندا پەقەت بىرلا چاغلايتتى، دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى، ھەتتا ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ كۆزىگە ئىلمايتتى. ئۇنىڭ جەمىلە ئىسىملىك بىر دوستى بار بولۇپ، ئۇ ئەخلاقلىق، دەرستە ئەلاچى، بويى زىلۋا، ئىنتايىن چىرايلىق قىز ئىدى. گۈزەلنۇر جەمىلەگە تولىمۇ ھەسەت قىلاتتى، ھەر دائىم ئۆزىنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى.

جەمىلە مىجەزى ئوچۇق، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، دائىم روھلۇق، جۇشقۇن كەيپىيات بىلەن يۈرىدىغان، چىرايىدىن ھەرقاچان تەبەسسۇم يېغىپلا تۇرىدىغان قىز ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆگىنىشتە نەتىجە قازىنىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، بەلكى، تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردىمۇ ئۇنىۋېرسال ساپاغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىزدىنەتتى، تىرىشاتتى. دېگەندەك

ئۇ كېيىن سىنىپىمىزنىڭ ئەڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسىغا ئايلانغانىدى.

گۈزەللۈردىكى جەملەگە بولغان ھەسەتخورلۇق ئاخىر بېرىپ ئۇنى تېگى يوق ھاڭغا ئىتتىرىۋەتتى. ئۇ جەملەگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن مۇھەببەتلەشتى، كېيىن يۈرگەن يىگىتىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئوغرىلىق جىنايىتى شەكىللەندۈرۈپ مەكتەپتىن ھەيدەلدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئاندىن ھاياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەندى. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس... ئۇ ئەمدى كېچىككەنىدى.

شۇنداق، ھايات گويا بىر شاۋقۇنلۇق دەرياغا ئوخشايدۇ، سىز ھەرقانداق ئەھۋالغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، دولقۇنلار يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىگىنىڭىزدىلا، ئاندىن ھايات مەنزىلىڭىزگە يېتەلەيسىز، بەختنىڭ مېغىزىنى بەخىرامان چاقالايسىز. ئەگەر سىز سۇ ئۈزۈشنى بىلمەي تۇرۇپ باشقىلارنىڭ دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىغا قاراپلا سۇغا سەكرىسىڭىز، دەھشەتلىك سۇ دولقۇنلىرى دەقىقە ئۆتمەيلا سىزنى دەريانىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا غەرق قىلىۋېتىدۇ.

ئادەم ھەر خىل مىجەزلىك كىشىلەر توپى ئارىسىدا ياشايدۇ، شۇڭلاشقا كىشىلەرنىڭ سىزگە ياخشى ياكى يامان كۆزقاراشتا بولۇشى تەبىئىي، ھالقىلىق مەسىلە سىزنىڭ ئۇلارغا قانداق قارىشىڭىزدا. كىشىلەرنىڭ سىزگە قانداق قارىشىدىن قەتئىينەزەر سىز چىن يۈرىكىڭىزدىن ئۇلارغا دوستلۇق قولىڭىزنى سۇنسىڭىزلا، سىز ھامان ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ۋە تەرىپلىشىگە مۇيەسسەر بولالايسىز. كونىلاردا «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېيىلگەن گەپ بار. توغرا، يالغۇزلۇق دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر ئازاب. سىز پەقەت باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكىدىن ئىجابىي ساۋاق ئېلىپ، ئىنسانىي بۇرچىڭىزنى ئادا قىلسىڭىزلا، سىز ھامان كىشىلەر قەلبىدە پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب كىشىلەر قاتارىدا مەڭگۈ يادلىنالايسىز. بۇ ئىنسانلار كىشىلىك ھاياتتا چوقۇم بىلىشكە تېگىشلىك ئەقەللىي بىر ھايات ھەقىقىتىدۇر.

## ئۆزىنى سورىغان شەھەر سورايتۇ

مەريەم تۇرەك

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*قېنى ۋىجدان، قېنى نومۇس، تۈگەپ پۈتكەنمۇ ئىنساب؟*
*باشلىرىڭنى تېز كۆتەر، بولماي ئۇنداق نائىنساب.*

*— تۇردى سامساق*

نۇرغۇن كىشىلەر دۇنيانىڭ ئۆزگە تەڭسىز مۇئامىلىدە بولغانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى تەڭرىدىن، پېشانىسىدىن ۋە ئەتراپتىكى مۇھىتتىن كۆرىدۇ. ھەتتا تېخى ئىرسىيەتتىن ئىزدەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ تولىمۇ بىمەنىلىك.

ماركتۋېن ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئاق كۆڭۈللۈك دۇنيادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىلدۇر. ئۇنى ھەتتا ئەمالارمۇ سېزەلەيدۇ، گاسلارمۇ ئاڭلىيالايدۇ». باشقىلارنى چۈشىنىش، باشقىلارنىڭ دەردىگە يېتىش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، شۇنداقلا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىش. باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش، كەڭ قورساق بولۇشتەك گۈزەل ئەخلاق بىباھا گۆھەردۇر. ئۇنداقتا بىز كىشىلىك ھاياتتا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىمىز كېرەك؟ بۇ ھەقتە ئۆزۈمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن مەن تۇرمۇشنى بىرقەدەر مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغان بىرقانچە تۈرلۈك قانۇنىيەتنى ئېنىقلاپ چىقتىم.

ئاق كۆڭۈللۈك — كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ، ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا پاك، سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئاق كۆڭۈللۈك باشتىن - ئاخىر ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇش، ئېتىقادقا چوقۇنۇش بىلەن زىچ باغلانغان تۇرمۇش بىناسىنى قۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى.

ئەلۋەتتە، ھەممە ئادەم ياخشى كۈن كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭ خاتا يېرى يوق، بىراق، ئادەم بەك نەپسانىيەتچى بولۇپ كېتىدىكەن، چوقۇم ياخشى كۈن كۆرەلمەيدۇ. ئۇنداقتا ياخشى كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ رېئال دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەربىر ئادەم مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپ ۋە مۇھىت ئىچىدە ياشايدۇ، شۇنداق ئىكەن، كىشىلەر بىلەن ھەر خىل ئالاقىلەردە ئورتاقلىشىدۇ. بۇ ئالاقىلەرنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن «باشقىلارنى چۈشىنىش»تىن ئىبارەت يەنە بىر مۇھىم ھالقىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بۇ ھالقىنى قانداق قىلغاندا چىڭ تۇتقىلى بولىدۇ؟ ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى چۈشىنىش، ئاندىن باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلاش ياكى باشقىلارنى كۆزىتىشتىن ئىبارەت باسقۇچلار ئارقىلىق بۇ نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ.

كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى يەنە بىر مۇھىم ھالقا كەڭ قورساق بولۇشتۇر. ئىنسانلار ئۆزى ياشىغان ئاشۇ قىسقىغىنا ھايات مۇساپىسىدە ئېجىل - ئىناق، خۇشال - خۇرام ئۆتۈش كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ئازاب ئېلىپ كەلمەسلىكى كېرەك. بۇ دېگەنلىك ھاياتىڭدا پەقەت ياش تۆكمە دېگەنلىك بولماستىن، كەڭ قورساق ۋە ئەپۇچانلىق بىلەن ئۇقۇشماسلىق ۋە ئاداۋەتلەرنى تۈگىتىپ، ھاياتنى خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈش دېگەنلىكتۇر.

ئۆزىنى سوراش — مېنىڭچە كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۆزىنى سورىيالايدىغان ھەرقانداق بىر كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيادا ئۇقۇشماسلىق ۋە ئاداۋەت بولمىسا كېرەك. بىز ئۇيغۇرلاردا بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ماقال - تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر بار. مەسىلەن: «ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ» دېگەن ماقالنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۆزىنى سوراشتىن ئىبارەت پەزىلەتنى چۈشەندۈرۈشتە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنىنى تاپالماسلىقىمىز مۇمكىن.

يەنە بىرسى باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش — بۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ قانىتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى قانىتىمىزنى قانچە كۈچەپ قاقساق، كۆككە شۇنچە ئۆرلىيەلەيمىز ھەمدە كائىناتنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، كىشىلىك تۇرمۇش سەھنىسىدە رول ئېلىۋاتقان ھەرقانداق بىر

ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى، قەيەردىن كېلىپ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى، كۈنىنىڭ سېرىقىنى قانچىلىك كۆرەلەيدىغانلىقىنى ئويلىيالىسىلا، تۇرمۇشنىڭ «سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە كەڭ قورساقلىق، سەممىي - دىيانەتلىك»تىن ئىبارەت يۈكسەكلىكىنىڭ بىرلىكى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. چۈنكى، ھاياتنىڭ ئۆزى بىر خىل سىرلىق تېپىشماق.

## ئىنسان مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج

مەرەمنىسا ئوبۇلقاسىم
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

ھەممە ئادەم «ئۇلۇغ ئانا» دەپ تەرىپلەيدىغان بىر ئانا قىزىنى دەل بەش ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىدە «باللار پاراۋانلىق مەكتىپى» ئالدىدا، ئۆزىنىڭ بىرئاز مۇھىم ئىشى بارلىقىنى، ئۇنى بېجىرىپ كەلگۈچە قىزىنىڭ ھېچ يەرگە كەتمەي مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشىنى ئېيتىپ تاشلاپ كەتتى. قىز پۈتۈن بىر كۈن ساقلىدى، «ئانا» كەلمىدى، قورسىقى ئاچتى، مەكتەپ ئالدىدىكى پىلتا قۇيماق ساتىدىغان باشقا بىر ئانا ئۇنىڭغا قۇيماق بەردى، كەچ بولدى، قاراڭغۇ چۈشتى، قىز قورقتى، بىراق يىغلىمىدى. كېچىدە يامغۇر ياغدى، يېلىڭ كىيىنگەن قىز توڭلاپ قىزىپ قالدى، تاڭ سەھەر قۇيماق ساتىدىغان ئانا مەكتەپ ئالدىغا كەلگەندە قىز ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئۇ قىزنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكەلدى، قىزنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ھوشىغا كەلتۈرۈپ ياخشى كۈتتى، قۇيماق ساتىدىغان ئانىنىڭ ئېرى بىر ھاراقكەش، زوراۋان بولغاچقا قىزنى ئېلىپ قېلىشقا ئۇنىماي ئايالىنى قاتتىق ئۇرۇپ، قىزنى ئۆيدىن چىقىشقا بۇيرۇدى. قۇيماقچى ئانا قىزنى پاراۋانلىق مەكتەپكە تىزىملىتىپ ئەكىرىپ بەردى، بىراق كىچىك قىز: «مەن ئۆيۈمگە كېتىمەن، مەن ئانامنىڭ يېنىغا كېتىمەن» دەپ تۇرۇۋېلىپ، مەكتەپتىن قېچىپ چىقىپ مەكتەپ ئالدىدا يەنە ئانىسىنى ساقلىدى، قۇيماقچى ئانا ئامالسىز ئۇنى يەنە ئۆيىگە ئەكەلدى. ئېرى يەنە ئۇنى ئۇردى، بىراق ئۇ قىزنى تاشلىۋېتىشكە زادىلا كۆزى قىيمىدى. شۇڭا جاھىللىق بىلەن قانچە تاياق يېسىمۇ چىداپ قىزنى ئېلىپ قېلىپ باقتى.

قىزنى تاشلىۋەتكەن ئانا، ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىشىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن قىزنى دائىم ئوغرىلىقچە كېلىپ كۆرۈپ ئۇنىڭ ھالىدىن «خەۋەر» ئالدى، قۇيماقچى ئايالدىن قىزىغا نۇرغۇن پۇل، كىيىم - كېچەك... لەرنى ئەۋەتتى، بىراق قىز ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. «ئانا» نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى بەردى، بىراق بۇ نەرسىلەر ئاشۇ بەش ياشلىق گۆدەك قىزنىڭ قەلبىدىكى مېھىر - مۇھەببەتسىز ئانىلىق مېھرىگە قانمىغان چوڭقۇر ھاڭنى تولدۇرۇپ بولالمىدى.

شۇنداق، مېھىر - مۇھەببەتنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، پۇل، مال - دۇنيا قانچە كۆپ بولسىمۇ نۆۋەتتە كەلگەندە ئادىمىيلىك مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چۈنكى مېھىر - مۇھەببەت شۇنچىلىك ئېغىر، ئۇنى ئۆلچەش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر جانلىقنىڭ پەقەت بىرلا ئانىسى بولىدۇ، بىراق ئىككى ئانىسى بار بەختلىك جانلىقلارنىڭ ئىككىنچى ئانىسى ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلىدىغان بولىدۇ. بالا تۇغۇپ، ئۇنى ئۇزۇقلاندۇرۇپ چوڭ قىلىش پۈتكۈل جانلىق، ھايۋانلاردىمۇ بار بولغان تەبىئىي قانۇنىيەت، بىراق مېھىر - مۇھەببەت بىلەن، چىن ئىشتىياق بىلەن تەربىيەلەپ چىقىش ئادەملەرگە خاس بولغان بىر خىل ئالاھىدىلىك. ئەگەر سىزدىن دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇھەببەت قايسى دەپ سورىسام ناھايىتى تېزلا «ئانا مۇھەببىتى» دەپ جاۋاب بېرىسىز، بۇ دېگىنىڭىز ھەقىقەتەن توغرا. ئانا بىزگە ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ شېرىن، مىننەتسىز، ئەمما مېھنەتلىك مۇھەببەت ئاتا قىلىدۇ. بىراق يۇقىرىقى ھېكايىدىكى ئانا ئۇنداق قىلمىدى، ئۇنداق ئۇلۇغ مۇھەببەتنى ئۇ پۇل، كىيىم - كېچەك، ياخشى تۇرالغۇ بىلەن تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ دەپ ئويلىدى. بىر ئانىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئۇلۇغ مۇھەببەتنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ھەۋىسى ۋە پۇل - مالغا تېگىشتى، ئانىلارنىڭ ئۇلۇغ نامىغا داغ تەگكۈزدى.

ئەمدى ھېلىقى قۇيماقچى ئانىچۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن قىزنى تاشلىۋەتكەن ئانا ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بار؟ ئەلۋەتتە چوڭ ھەم روشەن پەرق بار، بىر ئانا ئۆز قىزنى تاشلىۋەتتى، يات ئانا ئۇ قىزنى بېقىۋالدى، نۇرغۇن خورلۇقلارغا، تاياق - توقماقلارغا، كۈكۈل ئاغرىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، يات بىر قىزغا مېھىر - مۇھەببەتلىك ئىللىق قوينىنى ئاچتى، ئۇنى پەپىلىدى، ئۆز قىزىدەك ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چارە كۆردى. نەتىجىدە ئۆزى مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلغان ئاشۇ يات قىزمۇ ئۇنى ئۆز ئانىسىدەك كۆردى، ئۆز ئانىسى ئەۋەتكەن نەرسىلەرنى ھەرقانچە قىيىن ئەھۋالدا قالسىمۇ قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەۋە ئانا مېھرىنى تارتىۋالغان ئالۋاستى، يىرگىنىشلىك نەرسە ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ باللىق مېھرىنى قۇيماقچى ئانىغا بەردى، ئۆز ئانىسى ئىزدەپ كەلگەندە ئۇنى يات ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇيماقچى ئانىنى چىن مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن قۇچاقلىدى.

مانا بۇ يەردە ئىككى ئانىنىڭ بىر قىزغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى سېلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق ھاياتنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكى، ئىنسانىي پەزىلەت، ئادىمىيلىك ئەخلاق روشەن گەۋدىلەنگەن. بىر ھاياتلىقنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈش، ئۇنى توققۇز، ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، تۇغۇتتىن ئىبارەت ھايات - ماماتلىق زەربىدە غەلىبە قىلىپ، بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان، بەش يېشىغىچە بېقىپ چوڭ قىلغان يۈرەك پارىسىنى تاشلىۋېتىپ، كېيىن ئۇنىڭ يات ئادەم تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، ئۆزى يات ئادەم قاتارىغا ئۆتۈپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق ۋىجدانىي ئازاب بارمۇ دۇنيادا؟ يوق، ئەلۋەتتە يوق.

ئەمەلىيەتتە، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ھەرگىزمۇ قانداشلىق مۇناسىۋەت ئارقىلىقلا بەلگىلەنمەيدۇ، مىسالدىكىدەك ھېچقانداق بىر قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر ئانىنىڭ تاشلىۋەتكەن «يېتىم» قىزغا سۇنغان مېھىر - مۇھەببەتلىك قولى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىمۇ بېسىپ چۈشكۈدەك ھالەتتىكى ئۇلۇغ يېقىنلىقنى، تۇغقانچىلىقنى شەكىللەندۈرگەن.

دېمەك، سىز ئادەملەر ئارىسىدا ياشىغانىكەنسىز چوقۇم ئۇلارغا ھاجىتىڭىز چۈشىدۇ، ئۇلارغا موھتاج بولىدىغان كۈنلەر بولىدۇ. ئەلۋەتتە باشقىلارمۇ سىزگە موھتاج بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئادەم بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق ھەم ئۆزئارا مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتكە ئىگە

بولغان، جۇملىدىن بىر - بىرىگە قەرزدار. شۇڭا سىز كىم بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قەرزى، مەجبۇرىيىتى، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى ئويلاڭ، بۇ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆزىڭىزگە ياردەم قىلغىنىڭىز، ئۆزىڭىز ئۈچۈن يول ئاچقىنىڭىز. دۇنيادا موھتاجلىقتىنمۇ قاتتىق نەرسە بولمايدۇ، ھەرقانداق كىشىگە نىسبەتەن، سىزگە موھتاج بولۇپ ئالدىڭىزغا كەلگەن ئادەم شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سىزگە نىسبەتەن ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ ئارىلىقىڭىز ئەڭ يېقىن، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يىغلىسىڭىز كۆزىڭىزنىڭ يېشىنى كۆز ئالدىڭىزدىكى شۇ ھاجەتمەن سۈرتۈپ قويۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ قولى سىزگە يېتىدۇ. سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەر سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ سەل قارىماڭ، چۈنكى ئۇلار سىزگە ئادىمىيلىك مېھىر - مۇھەببەت بېرىدۇ. شۇڭا سىزمۇ ئۆزىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇلارغا مېھىر - مۇھەببەتلىك قولىڭىزنى سۇنۇپ قويۇڭ، چۈنكى مېھىر - مۇھەببەت بەرگەنگە خورايدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپىيىدىغان، بارغانسېرى ئۇلغىيىدىغان، چوڭقۇرلىشىدىغان تەتۈر تاناسىپلىق شەرت.

سۆيگۈ بېرىپ سۆيگۈ ئالارسەن،
يۈرىكىدە سۆيگۈسى بارلار.

دېمەك، بىز مېھىر - مۇھەببەت بەرسەك، لايىقىدا مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشەلەيمىز. چۈنكى:

يانىدۇرۇپ كۆرسىتەر پەلەك ھەر ئەمەلنى كۆزۈڭگە،
ئۆزگىگە قىلغىنىڭنى قىلغان بولۇرسەن ئۆزۈڭگە.

دېگەن مىسرالار ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان.

## ياخشىلىق ئۇرۇقى چاچ

مىرئادىل مۇختەر
(نەسر)

ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرى ياپراق ۋە بەرگىلەرگە زىننەت بولغانىدەك ياخشىلىق — ئېزگۈلۈك ۋە ۋاپا - سۆيگۈمۇ ئادىمىيلىكىڭگە زىننەتتۇر. قەلبىڭگە ھۆسن قوشقۇسىدۇر.

كۆڭلۈڭگە ياخشىلىق ئۇرۇقى چاچ. يازنىڭ دىلخۇش ئاپتىپىدەك ساڭا مېھىر بەرگەن، سەن مېھىر بەرگەن قوۋم - قېرىنداشلىرىڭغىلا ئەمەس، مۇشۇ ئەزىز تۇپراقتا سەن بىلەن بىرگە نەپەس ئېلىپ ھايات كەچۈرۈۋاتقان كۈللى جانىدارغا ياخشىلىق يامغۇرى بېغىشلا. ياخشىلىق ئەيىامى بەخش ئەت! بىلگىنكى، ئىنسانىنىڭ قەدىر - قىممىتى ياخشىلىق، سەممىيەت، ھالاللىق ۋە توغرىلىقتا بولىدۇ. سەن يۇقىرىقى گۆھەردىن قايسى بىرىنى قولدىن چىقارما، غۇرۇرۇڭغا، پەزىلىتىڭگە مۇخالىپ قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭدىن ئۆزۈڭنى

خالىي تۇت، بۇ تەۋەررۇك ئەگگۈشتەرلەرنىڭ بىرى يوقالسىمۇ سىنىڭ ئادىمىيلىكىڭدىن زىنهار سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

بىراۋ يىقىلىپ چۈشسە، مېھىر بىلەن قولۇڭنى سۇن، ئۇ قەلبىڭدىكى مۇھەببەتتىن ئۆزىنى تاپسۇن. ئاللىكىملەرنىڭ نەرسىلىرى يىتىپ كەتسە، مۇشكۇل كۆرمەي ئىزدىشىپ بەر، تېپىلمىغان تەقدىردىمۇ ئۇ سەندىن خۇرسەن بولىدۇ ھەم مۇشۇ پەزىلىتىڭدىن ئۆزىمۇ بىلىپ - بىلمەي زەرەتلىنىدۇ.

قېرىنداشىم، پۈتكۈل تەبىئەت ھەممە مەۋجۇدات، مەخلۇقاتلار ئۆزئارا چىتىشلىق بولىدۇ. ئارىدا بىرى زەخىم يېدىمۇ بولدى، سۆزسىزكى ساڭىمۇ زەرەرى تېگىدۇ. بۇنى پەقەت سېنىڭ قاردەك نىيىتىڭ، مېھنەت ياخشىلىقىڭ ئارقىلىقلا مۇداپىئە قىلغىلى بولىدۇ، قوغداپ قالغىلى بولىدۇ.

ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئاقىللىقتۇر، پاكلىقتۇر. يورۇق ئالەمگە كۆز ئاچقان ھەربىر بوۋاق ئەسلىدە نۇر ئۈستىگە چۈشكەن بولىدۇ، يەنى كۆز ئاچقان چېغىدا ياخشىلىق، ھالاللىق، مېھرىبانلىق ئىنسان قەلبىدە تېگىدىنلا يىلتىز تارتقان، ئۇل ھازىرلىغان بولىدۇ. شۇڭا، مەن شۇنداق بىر ھەقىقەتكە ئىشىنىمەنكى، ھەرقانچە رەزىل، قارا كۆڭۈل كىشى بولسىمۇ ئۇنى مۇھەببەت كەۋسىرى، ياخشىلىق زەمزىمى بىلەن ئۆز قىنىغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ.

ياخشىلىق قىل، ئۆكسۈتمەي قىل، ئوڭ قولۇڭ قىلغاننى سول قولۇڭ بىلمەي قالسۇن. ھەزەر ئەيلىگىنكى، رىياكارلىق، مىننەتكەشلىك سۈيىدە چايقىلىپ قالما. ئۇ چاغدا جاھاندا سەن كەبى غاپىل، ناكەس ئادەم بولماي قالىدۇ. ئۇلۇغلار ئېيتىدۇ «ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ» دەپ، توغرا، قىلغان ھەربىر ياخشىلىقىڭدىن خۇشاللىق تاپ، ئەمما سۆيۈنچە كۈتمە، بۇمۇ ئىنسانچىلىققا يات ئادەت ھېسابىدا قارىلىدۇ.

بۈگۈن سەن ياشانغان بىر كىشىگە سۇ توشۇپ بەردىڭ، يول قىرىدا ئېچىلىپ تۇرغان كاككۇك گۈللىرى بۇ ئىشىڭدىن سۆيۈندى، يەنە تېخى بىر ئەما كىشىنى يولدىن ئۆتكۈزۈپ قويدۇڭ، كۆكتە ئۇزۇپ يۈرۈشكەن بۇلۇتلار ساڭا قاراپ خۇش تەبەسسۇم ئەيلىدى. دېمەككى، ئەزىزىم ياخشىلىق ھەممىگە ياقىدۇ، ھەممىنى شادلاندۇرىدۇ. سەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم شۇكى، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى قەلبلەرگە چاچ، قەلبىڭدىكىنى بولسا يەنىمۇ باراقسان قىل، ھەممىمىز ياخشىلىققا موھتاج.

# 2005 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر

**V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.** (جەمئىي 55 نومۇر بېرىلىدۇ)

بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ، تەلەپ بويىچە ماقالە يېزىڭ.

*زاۋۇتنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىدا تاشلىنىپ ياتقان ھەر خىل شەكىلدىكى داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر پارچىلىرى پاراڭغا چۈشۈپتۇ:*

*A. مېنىڭ ماشىنا ئادەم بولغۇم بار. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ماڭا ئەڭ ئېھتىياجلىق.*

*B. مېنىڭ بۇرما مىخ بولغۇم بار. نۇرغۇن جايلار ماڭا ئېھتىياجلىق.*

*C. مېنىڭچە، ماشىنا ئادەم بىلەن بۇرما مىخنىڭ قىممىتىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغۇ؟!*

*D. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنلىرىنى ئىزدىمەكتە.*

*ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەمنىڭ تۇتقان ئورنى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى بولىدۇ.*

«ئورۇن ۋە قىممەت» دېگەن تېمىنى چۆرىدەپ بىر پارچە ئەسەر (ماقالە) يېزىڭ.

**تەلەپ:** ①ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى ئاساسىدا نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ؛ ②ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ؛ ③ئەسەر ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز قويۇڭ؛ ④ماقالىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن ھەم تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن؛ ⑤ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن؛ ⑥خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلىرى مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن؛ ⑦ئادەم ئىسمى ۋە يەر جاي ناملىرىنى × بىلەن ئىپادىلەڭ.

ئۆلگە:

# ئورۇن ۋە قىممەت

ئايشەمگۈل ئەنۋەر
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«خىزمەت پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، ھاياتنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر.»*

— چاگار

ھايات دېگەن توختام سۇدەك تىنچ بولمايدۇ. بەلكى شىددەتلىك ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان دەرياغا ئوخشايدۇ. ئىنسانلار مانا مۇشۇنداق توختاۋسىز ھاياتتا كۆڭلىگە تۈرگۈنلىغان ئۇلۇغۋار غايە ۋە ئارزۇ - ئارمانلارنى پۈكۈپ ياشايدۇ ھەم ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىنىمسىز ھەرىكەت ۋە كۈرەش قىلىدۇ. شۇنداقلا، ھەربىر كىشى ئۆز ئەجىر - مېھنىتى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ھاياتلىقتىكى ئورنى ۋە قىممىتىنى يارىتىدۇ.

ئەلۋەتتە، ھاياتلىقتا ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى ۋە ئورنى بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قىممىتى ۋە رولى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ئورنى يۇقىرى بولسا، بەزىلىرىنىڭ تۆۋەن بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى، جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە قىممىتىنىڭ باشقىلاردىن تۆۋەن ئىكەنلىكىدىن نارازى بولۇپ «رەھىمسىز» تەقدىردىن رەنجىيدۇ. تەلىيىنىڭ «كاج»لىقىدىن ئۆكۈنىدۇ. ھەتتا، بەزىلەر ئۆز ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكىنى پۇل - مالغا، ھوقۇققا، «تۇغما تالانت» دېگەندەكلەرگە باغلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ نامراتلىق، ئىقتىدارسىزلىقىدىن ئاغرىنىدۇ. ئومۇمەن، «ھەر كاللىدا ھەر خىيال» دېگەنگە ئوخشاش، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە قىممىتى توغرىسىدا ھەر خىل پەرەز ۋە خىياللارنى قىلىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا مەيلى ئورۇن ياكى قىممەت جەھەتتە بولسۇن بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ. ھەرگىزمۇ بىرسىنىڭ قىممىتى يۇقىرى، بىرسىنىڭ قىممىتى تۆۋەن بولمايدۇ. ئۇنداقتا كىشىلەر ئارىسىدىكى ئورۇن ۋە قىممەت جەھەتتىكى پەرق نېمە سەۋەبتىن شەكىللەنگەن؟ ئەجەبا، راستتىنلا، كىشىلەر ئېيتقاندەك، قىممەت ۋە ئورۇن ئاتالمىش «پۇل - مال، ھوقۇق ۋە ياكى تۇغما تالانت» قاتارلىقلارغا باغلىقمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق ئەمەس، ھاياتلىقتا ھەربىر كىشى ئۆز ھەرىكىتى ۋە ئەجىر - مېھنىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە قىممىتىنى يارىتىدۇ. ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى قىممەت ۋە ئورۇننى قانداقتۇر پۇل، ھوقۇق، مال - دۇنيا، ھەتتا «تۇغما تالانت» قاتارلىقلارغا باغلىۋېلىش بىمەنىلىك. مەسىلىلەرگە يۈزەكىلىك بىلەن قاراش، شەيئىلەرنىڭ ھادىسە قىسمىدىن ماھىيەت قىسمىغا ھالقىيالماسلىقتۇر.

ئىجتىمائىي رېئاللىقتا سىزنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن ئورۇنغا ئىگە بولۇشىڭىز ئانچە

مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى سىزنىڭ ئۆز قىممىتىڭىزنى نامايان قىلىپ، رولىڭىزنى جارى قىلدۇرالايدىغان ياخشى بىر ئورۇنغا ئىگە بولۇشىڭىزدۇر. ئۇنداقتا، بۇ ئورۇنغا قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ بۇ ناھايىتى ئاددىي ھەم ئاسان. پەقەت سىز رېئال تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرگە سەۋرچانلىق بىلەن سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارنى ھەر تەرەپلىمە كۆزىتىشكە ماھىر بولسىڭىزلا كۇپايە، بۇنداق بولغاندا، ھەربىر ئىشقا بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش نەزەرىيەسى بويىچە مۇئامىلە قىلغىلى ۋە باھا بەرگىلى بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، رېئال تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ تۇتقان ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى بولىدۇ. مۇھىمى ھەر بىرىنىڭ قىممىتى ۋە رولىنى بايقاشتۇر. رېئال تۇرمۇشتا سىزنىڭ تۇتقان ئورنىڭىز مەيلى تۆۋەن ياكى يۇقىرى بولسۇن، ئۇنىڭ چوقۇم مۇئەييەن قىممىتى ۋە رولى بولىدۇ. مەسىلەن: بىر كۈنى زاۋۇتنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا تاشلىنىپ ياتقان ھەر خىل شەكىلدىكى داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر پارچىلىرى پارىڭلىشىپ قاپتۇ:

ئا: مېنىڭ ماشىنا ئادەم بولغۇم بار، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ماڭا ئەڭ ئېھتىياجلىق.

ب: مېنىڭ بۇرما مىخ بولغۇم بار، نۇرغۇن جايلار ماڭا ئېھتىياجلىق.

س: مېنىڭچە ماشىنا ئادەم بىلەن بۇرما مىخنىڭ قىممىتىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغۇ؟!

د: ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنلىرىنى ئىزدىمەكتە.

ئەلۋەتتە، بۇ مىسالدىكى ماشىنا ئادەم بىلەن بۇرما مىخنىڭ ئورنى ۋە قىممىتى ئوخشاش ئەمەس. لېكىن، ئاشۇ ماشىنا ئادەمگە باققاندا كىچىككىنە ئورۇننى ئىگىلەيدىغان مىخنىڭ قىممىتىنى تۆۋەن ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى قىممىتى ۋە ئورنى يۇقىرى بولغان ماشىنا ئادەم كىچىككىنە ئورۇننى ئىگىلەيدىغان مىخلارنىڭ ئۆزئارا بىرىكمىسىدىن مۇكەممەللەشكەن. بۇ ئاددىيغىنا مىسال رېئال تۇرمۇشنىڭ كىچىككىنە كارتىنىسى خالاس.

دېمەك، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، گەرچە ھەربىر ئادەمنىڭ تۇتقان ئورنى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى بولىدۇ. خۇددى «ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق» دېگەنگە ئوخشاش بەزى ۋاقىتلاردا بىز ئۆزىمىزنىڭ قىممىتى ۋە ئورنىمىزنى ھېس قىلالماي، باشقىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا ھەۋەسلىنىپ كېتىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئۆزىمىزدىمۇ باشقىلار ھېس قىلىپ يەتمىگەن نۇرغۇنلىغان تەرەپلەر بولۇشى مۇمكىن، بىز پەقەت ئۆزىمىزگە، باشقىلارغا ھەم ئەتراپىمىزدىكى ئىشلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن سەمىمىي مۇئامىلە قىلساقلا، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ئورنى ۋە قىممىتىنى ھەقىقىي تۇردە ھېس قىلالايمىز.

# تارىلىش ئىشچىسى ۋە ئالىم

شاھادەتگۈل مۇھەممەت

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«گۆھەر لاي - پاتقاق ئارىسىدا بولسىمۇ، ئۇ بەربىر گۆھەردۇر، چاڭ - توزان گەرچە*

كۆكتە ئۇچۇپ يۈرسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوقتۇر.»

— سەئىدى

كەچ كۈزنىڭ سوغۇق ئەتىگىنى شەھەر مەركىزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئۇلتۇرۇشلۇق تازىلىق ئىشچىسى ×× بوۋاي ئۆزۈن سۈپۈرگىسى ۋە ئەخلەت توشۇش ھارۋىسىنى سۆرىگىنىچە شەھەر مەركىزىدىكى چوڭ يولنى تازىلاشقا باشلىدى.

ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىدى. بوۋاينىڭ سۈپۈرگە تۇتقان قوللىرى توختىماي تىترەيتتى. سۈپۈرگىنىڭ شارت-شۇرت قىلغان ئاۋازى سەھەر جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. بوۋاي يولنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى سۈپۈرۈپ بولۇپ، ھاسىرىغىنىچە يول بويىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلايتتى. 25 يىللىق ھاياتىنى كوچا سۈپۈرۈش، ئەخلەت توشۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن بوۋاي ئۆزىنىڭ جاپالىق، ئەمما ئەھمىيەتلىك ھايات مۇساپىسىنى ئەسلىگىنىدە ھېچنېمىدىن ئۆكۈنمەيتتى.

يىراق، بوۋاي ئۆزىگە قاراپ كۆز قىسىۋاتقان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە ئېغىر ئۇھسىندى. بوۋاينىڭ كۆزىگە ئاچچىق ياش تولۇپ، بۇرنى ئېچىشىپ كەتتى. چۈنكى بوۋاينىڭ بىردىنبىر ھىمايىچىسى، تايانچى بولغان ئوغلى بىر يىلنىڭ ئالدىدا بوۋايغا تولىمۇ ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنى كەمسىتكەنىدى. مانا توپتوغرا بىر يىل بولدى. ئوغلىنىڭ نەشتەردەك سۆزلىرى ھېلىمۇ بوۋاينىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى...

— تويۇمغا كەلمە بولدى، سەن بىر ئۆمۈر كوچا تازىلىدىڭ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە ئىش قىلالىدىڭ؟ ئەگەر مەن ئۆز ئەقلىم ۋە تىرىشچانلىقىمغا تايانمىغان بولسام، بۈگۈنكىدەك ئورۇن ۋە شان - شەرەپلەرگە ئىگە بولالمايتتىم. سېنىڭ كوچا تازىلىغىنىڭنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى يوق...، سېنىڭ قولۇڭدىن مانا مۇشۇنداق پاسكىنا ئىشلارنى قىلىشتىن باشقا يەنە نېمە كېلىدۇ؟!...

بوۋاي ئوغلىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. توغرا! بوۋاي تازىلىق ئىشچىسى، ئەمما ئوغلى بولسا مەركىزىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ خىمىيە ئالىمى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇنەۋۋەر ئون ياشنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ بوۋاي ئۈچۈن تاغدەك يۆلەك ئىدى. چۈنكى ئىلگىرى بوۋايمۇ ئوغلىغا تاغدەك يۆلەك بولغان ئەمەسمۇ؟!...

راست بوۋاي ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يول تازىلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. تازىلىق ئىشچىسى دېگەنلەر جەمئىيەتتىكى ئورنى تۆۋەن كىشىلەر، ئۇلارنىڭ تۆككەن قان - تەرى ھېچكىمنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ كەتمەيدۇ. بوۋاي شۇلارنى ئويلاپ تۇنجى قېتىم ئۆزىگە نەپرەتلەندى ۋە يەنىلا ئوغلىنىڭ دېگەنلىرىنى توغرىغا چىقاردى. ئەنە بوۋاي ھېلىمۇ يولنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرمەكتە. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا كوچا تازىلاشنى داۋاملاشتۇرماقتا...

ئويلاپ باقايلى! بوۋاينىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىگىنى توغرىمۇ، ئوغلىنىڭ ھاقارەتلىك سۆزلىرى ئورۇنلۇقمۇ - ئەمەسمۇ؟!...

ھەممىمىزگە مەلۇم، جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تېخىمۇ ئېنىق ئايرىلدى. بەزىلەر يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بوۋايغا ئوخشاش جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى جاپالىق، مائاشى ئاز خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بەزىلەر بوۋاينىڭ ئوغلىغا ئوخشاش يۇقىرى مائاشلىق، يۇقىرى قىممەت

يارىتالايدىغان، ھەممە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدىغان خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بەش بارماق تەڭ بولمىغىنىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە شۇغۇللىنىدىغان كەسپى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما مېنىڭچە خىزمەت ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى قانداقتۇر مۇھىم بىر ئۆلچەم بويىچە قىممەت يارىتىش ياكى ياراتماسلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. تازىلىق ئىشچىسىنىڭمۇ، ئالىمنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قىممىتى ۋە ئەجرى بولىدۇ. بىز مەيلى بۇرما مىخ ياكى ئالىي دەرىجىلىك ماشىنا بولايلى، ھەرقايسىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە يارىشا قىممىتىمىز ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىمىز بولىدۇ. ئەنە شۇ ئۇششاق بۇرما مىخلارسىز ئالىي دەرىجىلىك ماشىنا پۈتۈپ چىقالمىغىنىدەك، ئەنە شۇ تازىلىق ئىشچىلىرىسىز مۇھىتىمىز پاكىز ۋە ئازادە بولالمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئالىملارمۇ ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق ئېچىلمىغان سىرلارنى ئېچىپ ئىنسانىيەتنى گۈزەل كېلەچەككە يېتەكلەيدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلغان، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيەسى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان پەيتتە ھەممىمىز تازىلىق ئىشچىسىغىمۇ، ئالىمغىمۇ، ئارتىسقىمۇ...، بۇرما مىخ ۋە ماشىنىلارغىمۇ ئوخشاشلا ئېھتىياجلىق.

بەلكىم تازىلىق ئىشچىسى بوۋايدەك ئاتىلار بولمىغان بولسا، ھېلىقى ياش ئالىمدەك پەرزەنتلەرمۇ يېتىشىپ چىقمىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. سوتسىيالىستىك ئەخلاق قۇرۇلۇشى تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكىدەك كۈندە بىز ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، مەسىلىلەرگە سەۋەب- نەتىجە مۇناسىۋىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز، ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈپ تەھلىل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىشىمىز كېرەك.

ئورۇننىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ھەرگىزمۇ قىممەت يارىتىش - ياراتماسلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزگە خاس قانچىلىك قىممەت يارىتالىغانلىقىمىز بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

## ھەقىقىي ئورۇن قىممەتتىن كېلىدۇ

ئايزىمگۈل مۇھەممەت

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ئىنسان دۇنياغا ياشىغىلى تۇغۇلمايدۇ، ياراتقىلى تۇغۇلىدۇ، بىر كېسەك ياراتساڭمۇ ئىنسانسەن، بىر كۆچەت تىكسەڭمۇ ئىنسانسەن.»*

— زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىن

21 - ئەسىر ئۇچۇر دەۋرى، پەن - تېخنىكا دەۋرى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولۇۋاتقان بىر دەۋر. رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولۇۋاتقان مۇشۇ دەۋردە، ھەربىر ئادەم ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن تېپىش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. چۈنكى، ئورۇن ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئېرىشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي قىممىتىنى نامايان قىلغىلى، قىممەت ياراتقىلى بولىدۇ. لېكىن شۇ ئورۇنغا ئېرىشىشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئۆزىگە لايىق بىر ئورۇنغا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، ھېچقانداق قىممەت

ياراتمسا ئۇ ئورۇننىڭ رولى بولمايدۇ. ئادەم مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولغانىكەن، ئاشۇ ئورۇندا قىممەت يارىتىشى كېرەك.

كىشىلەر دائىم قىممىتى بار نەرسە چوقۇم مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە، قىممىتى يوق نەرسە گەرچە مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولغان بىلەن ئۇنىڭ قىممەت يارىتالىشى ناتايىن دەپ قارايدۇ. مەلۇم قىممەتكە ئىگە نەرسە چوقۇم ئۆزىنىڭ قىممىتىگە لايىق ئورۇنغا ئېرىشەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىدىغان ئورۇننى تاللايدۇ. ئاشۇ ئورۇندا بەلكىم قىممىتىنى نامايان قىلالىشى ۋە ياكى قىلالماسلىقى مۇمكىن. ھەرقانداق ئورۇندىكى، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆز قىممىتى بولىدۇ، بۇ قىممەتلەرنى مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەس دەپ قاراشمۇ بىر تەرەپلىمىلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئورۇن ۋە قىممەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەمنىڭ تۇتقان ئورنى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى بولىدۇ. تۇتقان ئورنىغا قاراپ باھا بەرگەندە، بەلكىم ھەقىقىي باھا بېرىلمەسلىكى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر تازىلىق ئىشچىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، بەلكىم كىشىلەر ئۇ دېگەن بىر تازىلىق ئىشچىسىغۇ دەپ كۆزگە ئىلماسلىقى، ئۇنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن ئويلاپ باقساق ئاشۇ ئاددىي بىر تازىلىق ئىشچىسى قانچىلىك قىممەت يارىتىدۇ؟ ئۇنىڭ قىممىتى بەلكىم بارچە ياراتقان قىممەتتىن ئارتۇقراق قىممەت ھېسابلىنار. يەنە مەسىلەن، بىر تال شامنى ئېلىپ ئېيتساق، شام ئۆز ھاياتى بەدىلىگە كىشىلەرگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئاشۇ كىچىككىنە نەرسىنىڭ قىممىتىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەممىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشكۈچىلەر بەلكىم قىممەت يارىتالماسلىقى، ياراتقان تەقدىردىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەسلىكى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر ئوقۇتقۇچىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەممەيلەننىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر. لېكىن بىلىمى كەمچىل، ئەخلاقى ناچار بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئەخلاقسىز تەربىيەلىشى مۇمكىن. ئاشۇ ئورۇندا تۇرۇپ ھېچقانداق قىممەت يارىتالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە قىممىتىنى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىۋېتىشى مۇمكىن. مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر ئادەمنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن ئاشۇ ئورۇنغا لايىق قىممەت ياراتقاندا ئاندىن ئۇ ھەقىقىي ئورۇنغا ئېرىشكەن بولىدۇ.

## قىممىتىڭىز ئۆز قولىڭىزدا

رەناگۈل باسىت
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئورۇش باشلانغان چاغدا، ئۇ مەلۇم قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.»*

— برۇۋىن

ئىنسان ھاياتلىق سەپىرىگە يول ئالغان مىنۇتتىن باشلاپلا ئۇنى نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلار، مۇۋەپپەقىيەت - نەتىجىلەر، خۇشاللىق - بەختلەر، يەنە شۇنىڭغا ياندىشىپ جاپا - قىيىنچىلىقلار، ئازاب - ئوقۇبەتلەر كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ. شۇنداق، مانا بۇ ھاياتنىڭ گۈزەل مېلودىيەسى. ئەگەر ئىنسان ھاياتىدا خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق، جاپا بىلەن ھالاۋەت، شادلىق بىلەن ئازاب تەڭمۇتەڭ ياندىشىپ ماڭمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ھايات ھايات بولماي قالىدۇ. جەمئىيەت جەمئىيەت بولماي قالىدۇ. پەقەت تەرەققىيات بولغاندىلا، ئاندىن گۈللىنىش بولالايدۇ.

توغرا، مانا مۇشۇ ئېغىر سىناقلار ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇرەككەپ، گۈزەل ھاياتلىق مۇساپىسىدە بىز ئىنسانلارنىڭ تۇتقان ئورنىمىز زادى قانچىلىك؟ بۇ مەسىلە ھەر بىرىمىزنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئىنسان بۇ ھاياتىدا خۇددى كىنو ئارتىسىغا ئوخشاش رول ئالغۇچى. خۇددى كىنودىمۇ ئىجابىي، سەلبىي پېرسوناژ بولغىنىغا ئوخشاش بۇ جەمئىيەتتىمۇ ياخشى - يامان، باي - نامرات كىشىلەرنىڭ بولۇشى ئېنىق. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەمنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، مەنسەپ - ئەملىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن ئىنسانلار بىرقانچە قاتلامغا ئايرىلىپ قالماقتا. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتلىقتا ھېچقانداق رولى يوق دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. قاراڭ! جاپاكەش دېھقانلارغا، ئۇلار كېچە - كۈندۈز، ياز - قىش، ئىسسىق - سوغۇق دېمەي قاپارغان قوللىرى، مۈكچەيگەن بەللىرى بىلەن ئېتىزلىقلاردا ھارماي - تالماي كەتمەن چېپىپ، ئاشلىق تېرىپ ئۆزى ۋە ئۆزگىلەر ئۈچۈن ئوزۇقلۇق تەييار قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. مانا بۇنىڭدىن دېھقانلىرىمىزنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ ئۇلارنى «سەھرالىق تومپاي» دەپ كەمستىشكە قىلچىمۇ ھەققىمىز يوق. ئەكسىچە ئۇلارنى چىن دىلىمىزدىن ھۆرمەتلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ھاياتلىقتىكى مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.

بىر كۈنى زاۋۇتنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقىقىدا تاشلىنىپ ياتقان تۆمۈر پارچىلىرى پاراڭغا چۈشۈپتۇ:

ئا: مېنىڭ ماشىنا ئادەم بولغۇم بار. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ماڭا ئەڭ ئېھتىياجلىق.

ب: مېنىڭ بۇرما مىخ بولغۇم بار. نۇرغۇن جايلار ماڭا ئېھتىياجلىق.

س: مېنىڭچە ماشىنا ئادەم بىلەن بۇرما مىخنىڭ قىممىتىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغۇ؟!

د: ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنلارنى ئىزدىمەكتە.

يۇقىرىقى مىسالغا قارايدىغان بولساقمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھەممىسى ئوخشاش تۆمۈر پارچىسى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنى، ئىشلىتىلىش ئېھتىياجلىرى ھەر خىل.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەمنىڭ تۇتقان ئورنى، يولى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى بولىدۇ. ئادەم ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇننى تاپقاندىلا، ئاندىن ئۆز قىممىتىنى يارىتالايدۇ. مەيلى سىز دېھقان بولۇڭ ۋە ياكى ئالىم بولۇڭ، ئەڭ مۇھىمى ئۆز ئورنىڭىزدا مۇناسىپ قىممەت يارىتىڭ. شۇندىلا تۇرمۇشىڭىز مەنىگە ئىگە بولالايدۇ.

# تۆھپە – ھەقىقىي قىممەتتۇر

ئامانگۈل ئابدۇقادىر
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ئۆزۈڭنى نابۇت قىلىدىغانمۇ ئۆزۈڭ، قەدىر - قىممىتىڭنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانمۇ ئۆزۈڭ.»*

— خاتىرەمدىن

جەمئىيەتنىڭ ئۈزۈلكسىز تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە بولغان كۆز قارىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىدىمۇ ماس ھالدا ئۆزگىرىش بولماقتا. بىر ئادەمنىڭ قىممىتى قانچىلىك بىلىمى بارلىقى، جەمئىيەتكە قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ شۇنداق. بۇرۇن شەيئىلەرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى بىلەن ئۆلچەنگەن بولسا، ھازىر قايسى چوڭ تاللا بازىرىدا سېتىلىشى، قانداق داڭلىق ئادەملەر ئىشلەتكەنلىكى بىلەن ئۆلچەنمەكتە.

مەسىلەن، ئادەتتىكى تاللا بازىرىغا كىرسىڭىز ئوخشاش بىر قۇتا ئىچىملىك ئىككى يۈەن، ئالىي دەرىجىلىك رېستوراندا بولسا 20 يۈەن. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب زادى نېمە؟ بۇنىڭدىكى بىردىنبىر سەۋەب، دەل ئۇلارنىڭ تۇرغان ئورنىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدا. شۇڭا گەرچە ئۇلار ئوخشاش خىل ئىچىملىك بولسىمۇ، لېكىن تۇرغان ئورنى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ باھاسىدا شۇنچىلىك چوڭ پەرق ھاسىل بولغان.

ئەمەلىيەتتە قىممەتنى ئورۇن ئارقىلىقلا ئۆلچەش ئىنتايىن بىمەنە ئىش، ئەگەر ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى بولغان بىلەن جەمئىيەتكە ھېچقانداق تۆھپە قوشالمىسا، دائىم ئۆز ئورنىغا تايىنىپ ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ يۈرسە، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولسۇن؟! باشقىلار ئۇلارنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەتلەپ قايىل بولۇشى ناتايىن. ئەگەر يەنە جەمئىيەتتىكى ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى، ئەجىر - مېھنىتى ئارقىلىق جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشالىسا، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بولغان بولىدۇ. بىر شەيئىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ ئىشلىتىش قىممىتىنى جارى قىلدۇرالىسا، ئاندىن قىممىتى بولغان بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئېگىمىزدىكى ھەقىقىي قىممەت شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇنىڭ قەيەردە سېتىلغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىشلىتىلىش قىممىتى تەرىپىدىن، ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى كېرەك. ئەگەر كىشىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىغا لايىق قىممەت يارىتالىغان بولسا، بۇ جەمئىيىتىمىز تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان بولاتتى.

# ئاخىرقى تاللاش

رىزۋانگۈل تۇرسۇن

(ھېكايە)

مانا شۇ ئىش يۈز بېرىپ توپتوغرا ئون يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ جەرياندا مېنىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرىم گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ نامىمۇ خېلى چىقىپ قالدى، بۇ نەتىجىلەر ئاسان قولغا كەلمىگەن، ئەلۋەتتە. دائىم بىكار بولسام‌لا قابىلىيىتىمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا ئىزدىنەتتىم، قايتا - قايتا پىكىر يۈرگۈزەتتىم، بەزىلىرىنى بولسا ئەستايىدىل خاتىرىلەپ قوياتتىم. ھەتتا ئۆزۈمگە يارىغان ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى يادلاپمۇ ئۆلگۈرەتتىم. چۈنكى بىر يازغۇچى ئۈچۈن سۆز بايلىقى ئىنتايىن مۇھىم - دە. ئەگەر بۈلاردىنمۇ زېرىكىپ قالسام ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن خەتلەرنى كۆرۈپ چىقاتتىم. بۈگۈنمۇ ئادىتىم بويىچە يىغىلىپ قالغان خەتلەرنى كۆرۈشكە باشلىدىم. تۇيۇقسىز قولۇمغا تونۇش بىر پۇچۇركا چىقىپ قالدى. ئەمما قانچە قىلسامۇ خەتنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى پەرەز قىلالمىدىم. ئاخىر خەتنى ئوقۇپ چىقتىم. خەت ئۈچ - تۆت قۇرلا بولۇپ، ناھايىتى ئاددىي يېزىلغانىدى. خەتنى ئوقۇپ، ئىختىيارسىز قوللىرىم تىترەپ كەتتى. يۈرىكىمنى قانداقتۇر بىر نەرسە مۇجۇۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ كەتتىم. ئارقىدىنلا قانداقتۇر بىر ئىللىق سېزىم بايىقى بىئاراملىقنى، پۇشايماننى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ كەتتى. خىيال كەپتەرلىرىم بولسا بۇنىڭدىن ئون يىل ئاۋۋالقى ۋاقىتلارغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

مېنىڭ ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققان ۋاقتىم ئىدى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئاز قالغاچقا بىز جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتاتتۇق. ئەمما كىتابنى قولۇمغا ئالسام‌لا كوچىدا ئېقىپ يۈرگەن مىش - مىش پاراڭلار قاللامغا كىرىۋېلىپ زادىلا دىققىتىمنى يىغالمايۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋاقداشلىرىمنىڭ «بىزغۇ تىرىشىپ ئوقۇۋاتىمىز، جەمئىيەت دېگەندە تايانچ بولمىسا بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. جاننىڭ ئاكىسى پۇل. پۇل بولسىلا نومۇرۇڭ كېمىيىپ قالغان تەقدىردىمۇ پۇل تۆلەپ ئوقۇيدىغان كەسپلەر چىقىپ قالىدۇ. ھازىر دېگەن ئالدى ئىشىكتىن يىگنە پاتمايدۇ، ئارقا ئىشىكتىن تۆگە قاتنايدۇ» دېگەن سۆزلەر قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇراتتى. «پۇل، تايانچ، ئارقا ئىشىك» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىسام‌لا، خىيالىمغا ئاللىنېمىلەر كىرىۋېلىپ مېنى قورقۇنچ باساتتى. چۈنكى ئائىلە ئەھۋالىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ مېنى بۇ يەردە ئوقۇتۇش مەسىلىسى ئۆيدىكىلەرنى خېلى قىيناۋاتاتتى. شۇ ئىشلاردىن كېيىن مېنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىم خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتتى. گەرچە نەتىجىلىرىم خېلى يامان ئەمەس بولسىمۇ، شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن بۇيان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى خىيالىمغا سىغدۇرالمايدىغان بولدۇم. بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەي دېسەممۇ ئەمەلىيەت بۇنىڭغا يول قويمايۋاتاتتى. چۈنكى ئاددىيسى بىزنىڭ مەكتىپىمىزنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، مەكتىپىمىزنىڭ «كۆزنەك سىنىپ» دەيدىغان بىر سىنىپى بولۇپ، بۇ سىنىپتا نەتىجىسى

ئالاھىدە يۇقىرى بولغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيتتى. ئەمما بۇ سىنىپتا نەتىجىسى ياخشى ئەمەس، ئىستىلى ناچار بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارمۇ بولۇپ، ئۇلار دائىملا قارىسا مەكتەپتە جېدەل تېرىپ، ئىش چىقىرىپلا يۈرەتتى. ئاڭلىسام مۇشۇنداق باللارنىڭ كۆپىنچىسى ناھىيەدە خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ، مەلۇم يېزا كادىرلىرىنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باللىرى ئىمىش. شۇڭا ئۇلار ئاشۇنداق خالىغىنىنى قىلالايدىكەن. مانا مۇشۇنداق ئىشلار مېنىڭ كاللامنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈرۈۋەتتى. بىر مەۋسۇم مانا مۇشۇنداق تېگى يوق خىياللار ۋە ئاز - تولا ئۆگىنىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

ئىككىنچى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلاندى. بۇ مەۋسۇمدىن باشلاپ بىز رەسمىي ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق ئىشلىرىنى باشلىۋەتتۇق. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەقلىد قىلىنغان سوئاللاردىن ئىمتىھان ئېلىنىۋاتاتتى. ئەمما نەتىجەم بارغانسېرى تېك سىزىق بويىچە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭغا ھەيران قالمىدىم. چۈنكى مېنىڭ ئوقۇشتىن رايىم قايتىۋاتاتتى. قىزغىنلىقىممۇ كۈندىن - كۈنگە سۇسلىشىۋاتاتتى. مۇئەللىم بىر كۈنى مېنى ئايرىم چاقىرتىپ پاراڭلاشتى. مەن ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى مۇئەللىمگە ئېيتتىم. گەرچە ئوغۇل بالا بولساممۇ، تۈنجى قېتىم ئازاب ۋە ئۆكۈنۈشتىن قىز باللاردەك كۆز يېشى قىلدىم. مۇئەللىممۇ بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان ماڭا كۆپ ياردەم قىلىپ كېلىۋاتاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ مۇئەللىمگە بولغان ھۆرمىتىم، قايىللىق ھېسسىياتتىم ئالاھىدە چوڭقۇر ئىدى. مۇئەللىم بۈگۈن ماڭا كۆپ نەسىھەت قىلدى، مېنى ئاخىر قايىلمۇ قىلدى. شۇ ھەپتىدىن باشلاپ قايتىدىن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىك مۇزاكىرىدە مۇئەللىمدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەت ناھايىتى ئاددىي، ئەمما، مەنىلىك بولۇپ مېنى ھەقىقەتەن ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزۈمگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدىغان بولۇپ كەتتىم. ھەش-پەش دېگۈچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئاخىرلىشىپ چاقىرىق قەغىزىمۇ قولۇمغا تەگدى. ئاشۇ چاغدا يەنە شۇ مۇئەللىمنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ئەسلىدىم ۋە ھېلىقى ئاددىي خېتىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. ئەمما «بىتەلەيگە سۇ كەلسە ئاللاكۇدىن يار كەتتى» دېگەندەك دادام دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. مېنىڭ ئوقۇش ئىشلىرىممۇ سۇغا چىلاشتى. خۇشاللىقىم شامالدا ئۇچقان توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ساۋاقداشلىرىمنى ئۇزۇتۇپ يولغا سالغۇچە كۆزلىرىمدىكى ئاچچىق - ئاچچىق ياشلىرىمنى قانچە قېتىملاپ سىڭدۇرۇۋەتكەنلىكىمنى، ئۇيگە قايتىپ نەچچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. ئەمما يۈرىكىمدە قالغان ئارمانىنىڭ مېنى قانداق ئازابلاۋاتقانلىقىنى بىر ئۆزۈملا بىلەتتىم.

مېنىڭ كىچىكىمدىنلا يېزىقچىلىق قابىلىيىتىم خېلى ياخشى ئىدى. ھەر قېتىم ماقالىلىرىم مەكتەپ گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان مەزگىللەردىمۇ يېزىقچىلىقنى تاشلاپ قويمىدىم، مۇئەللىممۇ مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردى. مانا ئوقۇش پۇتكۈزگىنىمگىمۇ بىر يىلدىن ئېشىپتۇ، بۇ جەرياندا مەن جەمئىيەت بىلەن خېلى تونۇشۇپ قالدىم. دادامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۇچۈن ئۆيدىكى پۇلغا يارايدىغانلىكى بىساتىمىزنى سېتىپ تۈگەتتۇق. ئەمدى بىردىنبىر ئامال مېنىڭ ئىشلەپ پۇل تېپىشىمدا قالغانىدى. چۈنكى مەن باللىنىڭ چوڭى بولغاچقا، ئۆيدىكى ئىشلار ماڭىلا

قاراشلىق ئىدى. ئۇكىلىرىم بولسا كىچىك بولۇپ، چوڭى ئەمدىلا ئون بىر ياشقا كىرگەنىدى. ئامال قانچە، موھتاجلىق ئادەمنى ھەر كويغا سالىدىكەن. تۇۋا تۇرمۇش قاتتىقچىلىقى ئەجەب يامان بولىدىكەن دېسە. بىر كۈنى ئىش ئىزدەپ بازارغا چىقتىم. مەدىكارلار بازىرىدا يېشى ئەڭ كىچىكى مەن ئىدىم. جوغۇم كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايىمدىن باللىقىم چىقىپلا تۇراتتى، ئادەم ئىشلىتىدىغانلار ماڭا ئانچە ئېتىبار قىلىپمۇ كەتمەيتتى. بۇ يەردىنمۇ ئۈيلىغاندەك ئىش تاپالمىدىم. ئىشلەمچىلىكتىنمۇ رايىم قايتىپ كەتتى. كەچكىچە بىرەر تىيىن تاپالمىغانلىقىڭ ئۈستىگە ئاچلىقتىن قورساقلىرىم تارتىشىپ كەتتى. شۇ كۈنى كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتىم. ھازىر مەن ئۈچۈن پۇل تېپىش ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىدى. دادامنىڭ كېسىلى تېخىچە ياخشى بولمىغاچقا ئىش - ئەمگەكتىن قالغانىدى. ئوپېراتسىيە قىلىنىشقا بولسا پۇل كەملىك قىلاتتى. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، دادامنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالاتتى. ئاخىر ئۆزۈم قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بىر ئىشنى ئويلاپ چىقتىم. گەرچە ۋىجدانىم بۇ ئىشقا يول قويمىغان بولسىمۇ، ئەمما رېئاللىقنى، ئەڭ مۇھىمى دادامنى دەپ بۇ ئىشنى قىلىش نىيىتىگە كەلدىم.

قايسى بىر كۈنى بازاردا مەن دېمەتلىك باللارنىڭ بىر - بىرىگە كۆز ئىشارىسى قىلىپ ئادەم كۆپ جايلاردا كىشىلەرنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ قالغانىدىم. ئاخىر ئويلا - ئويلىماي مۇشۇ خىيال كاللامغا كېلىپ قالدى. ئەنە شۇ خىياللار بىلەن مەنمۇ بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇنداق پەسكەش ئىشقا قول تىقماقچى بولۇۋاتىمەن. خەير بوپتىلا، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن. شۇ ئوي بىلەن مەنمۇ تۇنجى «تىجارەت»نىمنى باشلىۋەتتىم. شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. ئەپلەپ - سەپلەپ، يىغلاپ قاقشاپ يىغقان پۇللىرىم ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم، ئەھلە - مەھەللەردىكىلەردىن ئۆتنە ئالغان پۇل بىلەن دادامنى ئوپېراتسىيە قىلدۇردۇم. بەختىمگە يارىشا دادام ساقىيىپ قالدى. دادامنىڭ بالنىستىن چىقىشىغا ئازلا كۈن قالغان ۋاقىتلار ئىدى، مەن يەنە شۇ كونا «تىجارەت» كويى بىلەن بىر يەر ئاستى ماگىزىنىغا كىردىم. كۆزۈم ناھايىتى تېزلا بىرىنىڭ يانچۇقىدىن كۆرۈنۈپ قالغان پۇل قاپچۇقىغا چۈشۈپ قالدى. يۈرىكىم خۇشاللىقتىن سېلىپ كەتتى. مانا ئامەت دېگەن دېدىم - دە، ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭ يېنىغا چۈشتۈم. تەلىيىمگە يارىشا ئۇ ئادەم ئاز يەرگە بېرىپ ئەينەك ئىشكاپ ئىچىدىكى بۇيۇملارغا قاراشقا باشلىدى. مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئاستا ئۇنىڭ يانچۇقىغا قول سالدىم. كىم بىلسۇن، ئامبۇردەك بىر قول قوللىرىمنى چىڭگىدە قىسۋالدى، يۈرىكىم قاتتىق ئەنسىزچىلىككە چۈشتى. بېشىمنى شۇنداق كۆتۈرۈشۈمگە كۆزلىرىم تونۇشلا بىر كۆزگە چۈشۈپ قالدى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، تۇرۇپلا قالدىم. پۈتۈن بەدىنىم لاپپىدە ئوت ئالدى. يۈزلىرىم بۇ ئوتنىڭ تەپتىدە كۆيۈكتە، قۇلاقلىرىم ھېچنېمىنى ئاڭلىمايتتى. ھېلىقى تونۇۋالغان قوللارمۇ قېتىپلا قالغانىدى. ئۇ كىشىنىڭ چىرايىنى قاندىقتۇر بىر خىل ئۆكۈنۈش، ھەسرەت قاپلىۋالغان بولۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقاندەك بىر خىل ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. قاتتىق پۇشايمان ئىلكىدە كۆزلىرىمنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېلىپ قاچتىم ۋە يەرگە قارىۋالدىم. ھېلىقى ئامبۇردەك قول ئىختىيارسىز قوللىرىمنى قويۇۋەتتى. مەن بۇ ۋاقىتتا يا ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشنى، يا بۇ ئادەمگە تونۇشلۇق بېرىشنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. چۈنكى ئالدىمدىكى بۇ كىشى مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا

مەكتەپتىكى ئۈچ يىللىق ئۇستازىم، مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ھۆرمەتلىنىشكە تېگىشلىك، قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان سىنىپ مەسئۇلۇم ئىدى.

ملڭ تەستە ئېغىز ئاچتىم ۋە مۇئەللىمگە سالام بەردىم. مۇئەللىم يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ئىللىق تەبەسسۇمىنى يوقاتمىغان بولۇپ، بايىدىن بېرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك مېنىڭ سالىمىمغا ئىللىققىنا جاۋاب قايتۇردى. مانا شۇ قىسقىغىنا سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئۇ ئېغىز ئاچتى. مەن مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم ۋە ئىككىنچى قېتىم مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا كۆز يېشى قىلدىم. مۇئەللىم مېنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىمنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن ئەپسۇسلاندى. بىز خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئايرىلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ماڭا مۇئەللىم بىلەن قايتا كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىدى. ئەمما شۇ ئىش بولۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن مۇئەللىمنىڭ ئىككىنچى پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ خەتمۇ ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە تاپشۇرۇپ ئالغان خەتتەك شۇنچىلىك ئاددىي ۋە مەنىسى چوڭقۇر ئىدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا يېڭى بۇرۇلۇش بولدى. يېڭى بىر ھايات يولىنى كۆتۈۋالدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ ھېلىقى ئىپلاس، رەزىللىكتىن قول ئۈزۈپ ھالال ياشاپ تۇرمۇشۇمنى قامدىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي داداممۇ دوختۇرخانىدىن چىقتى، زىممەمدىكى يۈك خېلىلا يېنىكلەپ قالدى. ئۇزۇندىن بۇيان يۈرىكىمدە بىر ئوت يېنىپ مېنى ئازابلايتتى. ئۇ بولسىمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغانلىقىم ئىدى. مۇئەللىمنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قىرشۇمچە يېزىقچىلىقنىمۇ ئېلىپ ماڭدىم. دەسلەپتە يازغانلىرىم دېگەندەك ياخشى چىقمىدى. بىرئاز ئۈمىدسىزلەنگەنمۇ بولدۇم. ئەمما مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ يەنە قەتئىي داۋاملاشتۇردۇم. ئاخىر ياخشى يازغانلىرىمنى تاللاپ مەتبۇئاتقا ئەۋەتتىم. تۇنجى ئەسىرىم «مۇئەللىمگە خەت» ئېلان قىلىندى. بۇ ماڭا تېخىمۇ ئىلھام بولدى ۋە نېمە ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئىشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىدىم، ئەجرىم يەردە قالمىدى، ئەمگىكىمگە تۇشلۇق مېۋىگە ئېرىشتىم...

بۇ ئىش يۈز بەرگەنگە مانا توپتوغرا ئون يىل بوپتۇ. ئەمما ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. گەرچە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان بولسامىۇ، بۇ ئون يىل جەريانىدا نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاققا ئىگە بولدۇم. ئەڭ مۇھىمى ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتتىم. نۇرغۇن ئازابلىق ھەم خۇشاللىق ئەسلىمىلەرنى ياراتتىم. بۇ مېنىڭ تۇرمۇش يولۇمنى بېيىتىپ، ئىجادىيىتىم ئۈچۈن يېڭى بىر يول ئېچىپ بەردى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مۇئەللىم مېنىڭ قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانغا ئوخشاش مەنمۇ نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرىم قەلبىدە ئاز ـ تولا تەسىرات قالدۇردۇم. مۇشۇلارنى ئويلىسام مۇئەللىمنى ناھايىتى سېغىنىش ۋە ئېپتىخارلىق ئىلكىدە ئەسكە ئالىمەن.

شارتتىدە قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىم. قارىسام قولۇمدىكى تونۇش بولغان، ئەمما دەماللىققا ئەسكە ئالالمىغان ھېلىقى بىر پارچە سۆيۈملۈك خەت يەردە تۇرۇپتۇ. ئۇنى ئاستا ئاۋايلاپ ئالدىم ۋە ئۇزۇندىن بۇيان ساقلاپ يۈرگەن ھېلىقى ئىككىنچى قېتىم تاپشۇرۇپ ئالغان خەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. سۆز ـ ئىبارىلەر يەنىلا شۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك ۋە دانىمۇ ـ دانە، يېزىلغان، پىكىر ئوچۇق ئىدى. مۇئەللىمنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىلكىدە خەتنى قايتا بىر قېتىم ئوقۇشقا باشلىدىم.

«بىر ئوت - چۆپلەر بىلەن چىرىپ كەتمەسلىكىمىز، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ ھاياتىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىكىمىز، نەمۇنە بولغۇدەك ئىش قىلىشىمىز لازىم، قەدىر - قىممەتلىك بولاي دېسەڭ دۇنيا ئۈچۈن قىممەت يارات. كىشىلىك ھاياتىنىڭ قىممىتى شۇ كىشىنىڭ ئۆزلىرى قىلغان خىزمىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۆز ھاياتىنى باشقىلارنىڭ خاتىرىسىدە قالدۇرالىغاندىلا، بۇ ھايات مەنىلىك ئۆتكەن ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا ھاياتىنىڭ ھەقىقىي قەدىر - قىممىتى بولىدۇ.» بۇ ھېكمەتلەر بىزدىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن پەيلاسوپلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ھايات ھەققىدىكى ھېكمەتلەر ئىكەن. مۇشۇ مىنۇتلاردا ساڭا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشىمنى بىلەلمىدىم. مەنمۇ ساڭا مۇشۇ ھېكمەتلەرنى سوۋغا قىلاي. بۇ سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات مۇساپەڭدە ساڭا ھەمراھ بولغۇسى. خەير، ئىشلىرىڭغا ئۇتۇق تىلەيمەن. مەنزىلىڭ ئۇلۇغ بولسۇن!

ئۇستازىڭ: ××

××× يىلى × ئاينىڭ × كۈنى

ئىككى تامچە كۆز يېشىم ئاشۇ خەت ئۈستىگە دومىلاپ چۈشتى ۋە سىياھلارنى ھەر تەرەپكە تارىتىشقا باشلىدى. «خەير-خوش مۇئەللىم، سىزدىن پەخىرلىنىمەن. سىز ماڭا تۇنجى بولۇپ ھاياتنىڭ قەدرىنى ھېس قىلدۇرغان ئادەم. سىز بولمىغان بولسىڭىز، مېنىڭ بۇ ھاياتىم ئەخلەت دۆۋىسىدىكى چىۋىندەك دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن بىخەۋەر ئۆتەتتى. چىۋىن جىنىدا تەبىئىيكى چىرىندىلەردىكى سېسىق پۇراقنى يوقىتىدىكەن. ئۇ ئاز بولسىمۇ ئىنسانىيەت، تەبىئەت ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدىكەن. ئەمما مەن بەلكىم ئاشۇ چىۋىنچىلىكمۇ بىر ياخشىلىق قىلالماي ئەكسىچە يامان ئاتاقلىرىم قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئىنسان ئۈچۈن بىرلا قېتىم كېلىدىغان بۇ قىممەتلىك ھايات مۇساپەم بەلكىم ئەنە شۇنداق نام-نىشانسىزلا ئاخىرلىشىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما سىز ماڭا ھەقىقىي ھاياتنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلدۇردىڭىز. ياشاشنىڭ نېمىلىكىنى، ئادەم ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۇردىڭىز. سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىزدا مەن ئاز-تولا بولسىمۇ قىممەت يارىتالىدىم دەپ ئويلايمەن، ئەمما مەن بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلەنمەيمەن. ھېچنېمە قىلالمىسام، ئەسەرلىرىم ئارقىلىق كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە تېڭىرقاپ قېلىۋاتقان ئاشۇ بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن روھىي ئوزۇق بولۇپ، ئۇلارغا ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئاز-تولا بولسىمۇ ھېس قىلدۇرۇشنى ئويلايمەن».

# 2006 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۆلگىلىك ئەسەرلەر

**V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.** (جەمئىي 55 نومۇر بېرىلدى)

بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ، يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

*مۇناسىۋەتلىك تارماقلار مەملىكىتىمىزدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش نىسبىتىنىڭ يېقىنقى ئالتە يىلدىن بۇيان تۆۋەنلەپ بارغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، كىتاب ئوقۇش نىسبىتى 1999 ـ يىلى 60.4%، 2001 ـ يىلى 54.2%، 2003 ـ يىلى 51.7%، 2005 ـ يىلى 48.7%كە چۈشۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن كىتاب ئوقۇش نىسبىتى تۇنجى قېتىم 50%تىن تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. كىتاب ئوقۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ بېرىشىنىڭ سەۋەبى كۆپ خىل، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ھازىر كىتاب ئوقۇمايدۇ؟ بۇ مەسىلىدە ئوتتۇرا ياشلىقلار: «كىتاب ئوقۇيدىغان ۋاقىت يوق» دېيىشىدۇ، ياشلار: «كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەنمىگەن» دېيىشىدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا، «كىتاب بەك قىممەت، سېتىۋېلىشقا قۇربىمىز يەتمەيدۇ» ياكى «كىتاب ئارىيەت بېرىدىغان ئورۇن يوق» دەيدۇ.*

*ئەكسىچە، كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەپ بارغان بىلەن، توردا ماتېرىيال كۆرىدىغانلارنىڭ نىسبىتى تېز سۈرئەتتە ئاشقان بولۇپ، 1999 ـ يىلى 3.7% بولغان بولسا، 2003 ـ يىلى 18.3% بولغان، 2005 ـ يىلغا كەلگەندە 27.8%كە يەتكەن.*

يۇقىرىقى ماتېرىيالنى ئەتراپلىق چۈشەنگەن ئاساستا خالىغان بىر نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ، ژانىر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

**تەلەپ:** ①ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى ئاساسىدا نۇقتىئىنەزەر(مەركىزىي ئىدىيە)نى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ؛ ②ژانىرنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ(شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ)؛ ③ئەسەر ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز قويۇڭ؛ ④ماقالىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن؛ ⑤ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن؛ ⑥خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن؛ ⑦ئادەم ئىسمى ۋە يەر-جاي ناملىرىنى × بىلەن ئىپادىلەڭ.

# كىتاب بىباھا گۆھەر

نۇرزادەم ئەركىن
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«كىتاب ھەربىر شەخسنىڭ مەنىۋى فوندى ۋە ئۇنىڭ كامالەت گۇۋاھنامىسى.»*
— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

دەرستىن چۈشۈپ كۇتۇپخانىغا ماڭدىم، كۇتۇپخانىدا كىتاب كۆرۈۋاتقان بىرقانچە ئوقۇغۇچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى، مەن ئالدىدىكى بىرقانچە كىتاب رامكىسىدىن ئۆتۈپ كەينىدىكىرەك كىتاب رامكىسىدىن ئۆزۈمگە لازىملىق ماتېرىياللارنى ئىزدەشكە كىرىشتىم، تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا بوش پىچىرلاشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئەسلىدە ئۇلۇغ بوۋىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ يېزىپ قالدۇرغان ئۇلۇغ ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن سېلىشتۇرما تىلشۇناس بوۋىمىز مەھمۇد قەشقەرى يېزىپ قالدۇرغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» سۆھبەتكە چۈشكەن ئىكەن.

— سىزنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىڭىزغا قانچىلىك بولدى؟ — سورىدى «قۇتادغۇبىلىك» «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن.

— بىرەر ئىككى ئاي بولدىغۇ دەيمەن، ئارىيەتكە ئالىدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك، ھازىر ئالدىدىكى كىتاب جازىلىرىدىكى كىتابلارنىڭ بازىرى ئىتتىك، ئۇلارنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئوقۇيدىغانلار كۆپ، ھەراست سىزنىچۇ؟ —سورىدى «تۈركىي تىللار دىۋانى».

— مېنىڭ ھالىم سىزدىنمۇ ئېغىر، بىرەر ئىككى كۆرۈرمەن قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ قويغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچكىم قاراپمۇ قويمىدى، — دېدى «قۇتادغۇبىلىك».

— بەزىدە بىرەر ئىككى ھەپتە بەكلا ئالدىراش بولۇپ كېتىمەن، قانداق ۋاقىتتا دەمسىز؟ مۇئەللىملەر مېنى ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇشقا بۇيرۇغاندا، بۇنداق ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلار توپ - وپ بولۇپ مەن ۋە باللىرىمنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئوقۇيدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا تازا ئىچ پۇشۇقۇم چىقىپ شۇنداق مۇئەللىملەردىن تولىمۇ مەمنۇن بولىمەن، لېكىن بۇنداق ۋاقىتلار ناھايىتى ئاز، ئىلگىرى تولىمۇ ئەتىۋار ئىدۇق، پادىشاھلار بىزنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى قانۇن دەپ بىلەتتى. ھەرقانداق ئېسىل سورۇنلاردا چوقۇم بىزنىڭ نام-شەرىپىمىز چىقماي قالمايتتى، لېكىن ھازىرچۇ؟!

ئۇلارنىڭ پاراڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خىجىللىقتىن يۈزۈم چىمىلداشقا باشلىدى، راست گەپنى قىلسام مەنمۇ بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتىم. پەقەت ئاچچىقى يامان مۇئەللىمنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كەلگەنىدىم، خېلى كۆپ ئوقۇغۇچىلار شۇنداق ئىدى.

ھازىر كىتاب ئوقۇيدىغانلار، بولۇپمۇ كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغانلار كۈندىن -

كۈنگە ئازلاپ مېڭىۋاتامدۇ ـ قانداق؟ بەزى ياشلىرىمىز ھازىرقىدەك ئۇچۇر، ئالاقە دەۋرىدە كىتاب ئوقۇشنى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانلىق، دەۋرنىڭ كەينىدە قالغانلىق دەپ ئويلامدۇ ـ يە؟ ھەتتا بەزى جايلاردا كىتابخانىلارنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى تورخانىلار ئىگىلىمەكتە. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق ھادىسىنى مۇقەررەرلىك دەپ قارايدىكەن.

ئۇنداقتا كىتابخانىلارنىڭ تاقىلىپ، تورخانىلارنىڭ كۆپىيىشى مۇقەررەرمۇ؟! كىتابخانىلارنىڭ راستتىنلا رولى قالمىدىمۇ؟

مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس. كىتاب ئىنسانلار روھىيىتىنى پاكلايدىغان مەنىۋى ئەگكۈشتەر، نادانلىقنىڭ كۈشەندىسى، قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتۇپ ئىنسانىيەتنىڭ قەلب كۆزىگە روشەنلىك، روھىغا جەڭگىۋارلىق ئاتا قىلغۇچى ماياك. چاڭقىغان دىللارنى ئۆزىنىڭ ئابىھايات كەۋسەر سۈيى بىلەن سۇغىرىپ، دىللارنى ياشناتقۇچى مەنىۋى بۇلاق. بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى كىتاب بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

كىتابسىز تەرەققىياتتىن، گۈللىنىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بىز نەزىرىمىزنى ئۇزاق تارىخقا تىكىدىغان بولساق، قايسى مىللەت كىتابنى ئۆزىگە دوست قىلدى، شۇ مىللەت گۈللىنىپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن شان ـ شەرەپلەرنى قۇچۇپ، يۇقىرى ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. ئەكسىچە، مال ـ دۇنيانى ئۆزىگە باشپاناھ قىلغانلار بولسا خۇددى ماماكاپ گۈلىدەك توزۇپ، ھېچقانداق نام ـ نىشانى يوق دۇنيادىن ئايرىلدى.

ئەتراپىمىزغا نەزەر سالساق، كەسپتە راۋاجلانغان، شەرەپ قۇچقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كىتابنى ئۆزىگە سىرداش دوست قىلغان، كىتاب ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى بىردىنبىر چىقىش نۇقتىسىغا ئايلانغان. شۇنداق بولغاچقىلا ئۇلارنىڭ بۈگۈنى گۈزەل بولۇپ، ئەتىگە پۇختا ئۇلمۇ سالالىغان.

ئەمما، نۆۋەتتە بىر قىسىم ياشلار كىتاب ئوقۇشنى ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق دەپ قاراپ، كۈنلىرىنى تورخانىلاردا، دىسكوخانىلاردا ئۆتكۈزمەكتە، ۋاقىتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلماقتا. داڭلىق يازغۇچى جون دىۋېي «ئادەمنىڭ دۆت ـ ھاماقەت بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى ۋە كېيىنكى نەتىجىسىنى بىلمىگەنلىكىدە» دېگەنىكەن. شۇنداق، بىزنىڭ بەزى ياشلىرىمىزنى ھېچ بولمىسا قاۋاقتا، بەزىمخانىلارغا بارماي، تورخانىلارغا باردى دېسەكمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ھېچبىر مەقسەتسىز ھالدىلا توردا پاراڭلىشىش، ئويۇن ئويناش، كىنو كۆرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كۈنلىرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەكتە. ئەمەلىيەتتە، تور يامان تەرىپىدىن ياخشى تەرىپى كۆپ مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، گەپ ئۇنى ئىجادىي جەھەتتىن پايدىلىنىشنى بىلىشتە.

قىسقىسى، كىتاب ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئالتۇن ئاچقۇچ، كىتابسىز دۇنيا كۈلمەيدۇ، مىللەت گۈللەنمەيدۇ، ئىنسان راۋاجلانمايدۇ. سۇسىز ئىنسانىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغاندەك كىتابسىز ھايات كۈلمەيدۇ. شۇڭا زامانغا ھەقىقىي تۇردە ماسلىشىمىز، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن كىتابنى دوست تۇتۇشىمىز، كۈنلىرىمىزنى كىتابسىز ئۆتكۈزمەسلىكىمىز، كىتاب ئوقۇش، كىتابتىن بىلىم ئىگىلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. دوستلار، كىتاب ئوقۇيلى، كىتابلىرىمىزنى چاڭ بېسىپ قالمىسۇن.

# كىتاب ۋە بىز

بۇئايشەم ئىسرائىل

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«كۆڭۈلدىكىدەك كىتاب ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئاچقۇچى.»*

— لىف تولستوي

كىتاب — بىلىم بۇلىقى، كىتاب — يىراقتىن لىق يۈك قاچىلاپ كېلىۋاتقان پويىز، كىتاب - ئىنسانلارغا مەنىۋى ئوزۇق بېرىدىغان قورال، ئىنسانلارغا توغرا يول، نىشان كۆرسىتىدىغان نۇرلۇق كومپاس. ئىنسانلار ھازىرغا قەدەر ياراتقان ئىلىم - پەن مۆجىزىلىرى، كەشپىيات نەتىجىلىرى كىتابتىن ئىبارەت بۇ قورالسىز روياپقا چىققان ئەمەس. پەن - تېخنىكا ۋە ئىقتىساد كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، تۇرمۇشقا كومپيۇتېر قاتارلىق ئىلغار ئەسلىھەلەر سىڭىپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كىتابقا بولغان قىزىقىشى ۋە ھەۋىسى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ باردى.

مەملىكىتىمىزدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش نىسبىتىنىڭ يېقىنقى ئالتە يىلدىن بۇيان تۆۋەنلەپ بارغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، كىتاب ئوقۇش نىسبىتى 1999 - يىلى 60%. 4، 2001- يىلى 54%. 2، 2003- يىلى 51%. 7، 2005 - يىلى 48%. 7كە چۈشۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن كىتاب ئوقۇش نىسبىتى تۇنجى قېتىم 50%تىن تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. كىتاب ئوقۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ بېرىشىنىڭ سەۋەبى كۆپ خىل، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ھازىر كىتاب ئوقۇمايدۇ؟

بىر كۈنى مەكتەپ قورۇسىدا، ئالدىمدا ماڭغان ئىككى ساۋاقداشنىڭ پاراڭلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— ئاداش، مۇئەللىم بىزگە بىر ژۇرنالدىن ھېكايە ئوقۇپ ئۇنىڭدىن تەسىرات يېزىڭلار دەپ تاپشۇرۇق بەرگەنىدى. بىرەر تال ژۇرنال سېتىۋالمىساق، يە يازغىلى بولمىسا ئۇ بىرنېمىنى، — دېدى بىرى.

— ۋاي ئاداش، ناھايىتى بەش يۈەننىڭ ئىشىغۇ، بىرەر تال ژۇرنال سېتىۋالغانغا نېمە بوپتۇ، — دېدى يەنە بىرى.

— قىزىقكەنسەن ئاداش، بىر قاپ تاماكا ئالغىلى پۇل يوق، كىتابقا نەدە پۇل...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئەجەبا بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يېنىدا بىر تال كىتاب سېتىۋالغۇدەك پۇلى يوقمىدۇ؟ بىر قاپ تاماكا بىر تال كىتابتىن ئۈستۈن تۇرامدىغاندۇ؟ ئەجەبا كىتاب ئۇلارنى يامان يولغا باشلارمۇ؟ كىتاب ئۇلارنىڭ روھىنى پاكلايتتىغۇ؟ زېھنىنى ئاچاتتىغۇ؟ كىتابتىن ئىبارەت بىلىم خەزىنىسىدىن ئوزۇق ئېلىپ،

روھىيتىدىكى مەنىۋى نامراتلىقنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللەتسە، تاماكا چەككەندىن مىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ كىتاب ئەمدىلىكتە بىر قاپ تاماكىدىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، كىتابنى ئۆزىگە قورال، ھەمراھ قىلغان ھەرقانداق مىللەت روناق تاپماي قالمىغان، مەسىلەن، يەھۇدىيلارنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار كىتابنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. 1988 - يىلىدىكى ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىسرائىلىيەدە ھەر يىلى نەشردىن چىقىدىغان كىتاب تۈرى 2000 خىلدىن ئاشىدىكەن. 14 ياشتىن يۇقىرى گىراژدانلار ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر پارچە كىتاب ئوقۇيدىكەن. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاممىۋى كۇتۇپخانىلار ۋە ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى 4000غا يېتىدىكەن. ھەر 100 كىشىگە ئوتتۇرىچە ھېسابتا بىر كۇتۇپخانا توغرا كېلىدىكەن. مەملىكەتتىكى بەش مىليون 800 مىڭ ئاھالە ئىچىدىن كىتاب ئارىيەتكە ئېلىش كىنىشكىسى بېجىرگەنلەر بىر مىليونغا يېتىدىكەن. پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ كىتاب ئىشلىتىش، كىتاب نەشر قىلىش، ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان كىتاب ئوقۇش نىسبىتى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن.

يەھۇدىيلاردا مەيلى مېھماندارچىلىق ۋە ياكى ئورۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەرنى يوقلاشقا بارغاندا ئەڭ ئاۋۋال دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇ ئائىلىدىكى كىتاب ئىشكاپى، كىتابلارنىڭ تۈرى، سانى بولسا، بىزدە دىققىتىنى تارتىدىغىنى ئۆي بېزىشى، ئائىلە سايمانلىرى، كۆركەم گىلەم ۋە مودا بولۇۋاتقان چىنە - قاچا، خىرۇستال - لوڭقىلاردىن ئىبارەت بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن يەھۇدىيلار دۆلىتى دۇنيادىكى قۇدرەت تاپقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. لېكىن بىرچۇ؟ باشقىلار نەلەردە ئۆرلەپ كېتىپ بارىدۇ؟ بىز نەلەردە تېڭىرقاپ يۈرىمىز؟ قاچانغىچە مەنىۋى گادايلىقنى تۇيغۇتمەيمىز؟ بىز مۇشۇنداق ئايىغى چىقماس ئويۇن - تاماشادا ئۆتۈپ كېتەمدۇق؟ باللارنى ئۆگىنىش سورۇنىغا باشلىماي، ئۇلارنىڭ سەبى قەلبىگە ئويۇن - تاماشانى ئورۇن ئالدۇرامدۇق؟ باللار «كىتاب ئېلىپ بەر دېسە، ئەتە ئېلىپ بېرەي» دەپ قاچانغىچە ئەتىمىزنى تۇيغۇتمەيمىز؟ ئاتا - ئانىلارنىڭ كىتابنى ئەتە ئېلىپ بېرەي دېگىنى بىلىم ئېلىشنى بىر يىل ساقلا دېگىنى ئەمەسمۇ؟!...

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تارىختىن بۇيان كىتابنىڭ قەدرىلەشكە ئېرىشىپ، ئەتىۋارلانغان ۋاقتى، ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەلگەن، مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ ياشىنىغان، كىشىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ ئاشقان، تۇرمۇشىنىڭ مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن ۋاقتى. كىتابنىڭ تاشلىنىپ قالغان ۋاقتى ئىلىم - پەن چېكىنگەن، جەمئىيەتنىڭ بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغان ۋاقتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەر ۋاقىت كىتابنى ئۆزىمىزگە قورال قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كىتابتىن ئۆگەنگەن بىلىملەرنى قوللىنىپ، بىلىم سەۋىيەمىزنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كىتابنىڭ تاشلىنىپ، توپا بېسىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز، دۆلىتىمىزنى، جۇملىدىن مىللىتىمىزنى كىتابقا، ئىلىم - پەنگە تايىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

# كىتاب - ئەقىل بۇلىقى

مېھرىگۈل تۇرسۇن
(نەسر)

كىتاب ــ ئۇ بىلىم بۇلىقىدۇر. كىتاب روھىي مەشئەلدۇر، كىتابتىن ئىبارەت مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان بۇ مەشئەل خۇددى ئىلىم-مەرىپەت بۇلىقىدەك ئېقىپ ئابى چەشمىلەردەك ھەر تەرەپكە تارقالغان. ئۇ بىلىمگە ئىنتىزار بولغان، قاغجىرىغان قەلبلەرنى ياشنىتىدۇ.

كىتاب بالىلىقىمدا مەن ئۈچۈن چۆچەكلەر دېگىزى ئىدى. مەن ئۇنىڭ ھېكايە - چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ ئاجايىپ تاتلىق خىياللار دۇنياسىغا جۆر بولغان. ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئاسماندا ئۇچقان، پالۋانلاردەك ئاجايىپ جەسۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن. مەن شۇ كىتابلاردىن يامانلاردىن نەپرەتلىنىشنى ياخشىلارغا قولداش بولۇشنى، مېھىر - مۇھەببەتنى، ئەخلاقنى... ئۆگەنگەن. كەلگۈسۈم ھەققىدە ئاجايىپ شېرىن خىياللارنى سۈرگەن.

ياشلىقىمدا ئۇ مېنىڭ دوستۇملا ئەمەس، ئۇستازىمغا ئايلاندى. مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلماس بولدۇم. تەقدىرنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا، ھاياتنىڭ سىناقلىرىغا دۇچ كەلگەندە كىتابقا مۇراجىئەت قىلدىم. ئۇ ماڭا ھەرقانداق شەيئىگە ئەقىل كۆزى بىلەن قاراشنى، ئادىل مۇئامىلە قىلىشنى، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويماسلىقنى ئۆگەتتى. ئۇ بولغاچقىلا قىيىنچىلىق ئالدىدا تەلۋىلەرچە ۋايساپ يۈرمىدىم. بەلكى تەمكىن ھالدا خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشنى، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن ياشاشنى ئۆگەندىم.

كىتاب! ماڭا يالغۇز قالغاندا مۇڭداشچى دوست بولدى، بوشاشقاندا كۈچ-شىجائەت بەردى، شۇڭا مەن ئۆزۈمنى تەنھا ھېسابلىمايمەن. شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ ئاددىي ھەم مېھنەتسىز، خالىس بەتلىرىگە قاراپ چوڭقۇر ئويغا پاتتىم.

ئەقىللىك بوۋا، مېھرىبان مومىلىرىمىز شاھانە ئەسەرلىرىنى يېزىپ، كۆچۈرۈپ ساقلىغانىكەن. چۈنكى ئۇلار كىتاب ئارقىلىق كائىنات ۋە ئۆزى ھەققىدە يارقىن چۈشەنچىلەرنى تىكلىيەلىگەن. ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى كىتابتىن ئىبارەت ماددىي بۇيۇمغا ئايلاندۇرالىغان.

ئېھ، كىتاب! سەن نېمىدېگەن ئېسىل خىسلەتلىك مەشئەلسەن - ھە! ئاشۇ نۇرانە يورۇقۇڭدا قانچىلىغان پەن ئالىملىرى ساڭا خۇشتار بولۇپ، ئىنسانىيەت، ۋەتەن، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن تەپەككۇر جەۋھەرلىرىدىن گۆھەرلەر سۈزۈپ، نى-نى ئۇلۇغ كەشپىياتلارنى ياراتقان، قانچىلىك مۇنەۋۋەر باغۋەنلەر سەن ئارقىلىق، ياش ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە ئىلىم - پەن نۇرلىرىنى چاچقان، قانچىلىغان كىشىلەر سەن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان - ھە!

ساڭا چەكسىز ھۆرمەت بىلەن قاراۋاتىمەن، سەندە بىلىمنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرەتلىرى، بارلىق ئەقىل - پاراسەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن. سەن بولغاچقىلا پەخىرلىك

ئەجدادلارنىڭ نەمۇنىلىك ئىش - ئىزلىرى، قىممەتلىك ئەسەرلىرى تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان، سەن غايە يولۇمدىكى نىشان كۆرسەتكۈچ نۇرلۇق مەشئەلسەن. ئۆزۈڭ ئاددىي بولساڭمۇ، لېكىن قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگىسەن. سېنىڭ ھېكمىتىڭدىن، ھەربىر قۇرلىرىڭدىن بىلىم جەۋھەرلىرىنى يىغىۋاتىمەن. خۇددى «چىراغ يېقىپ يورۇق ئال، كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئال» دېگەندەك.

توغرا، سەندىن بىلىملا ئەمەس، ئەقىل تاپتىم، ھاياتلىق يولۇمنى تاپتىم، كېيىنكى يولۇمدا مەن ساڭا يەنىلا موھتاجدۇرمەن. سېنىڭ مەدەتلىرىڭگە، يول كۆرسىتىشلىرىڭگە موھتاجمەن. مەن ساڭا يېقىن، سەنمۇ ھەم ماڭا...

# كىتاب - كۈچ

پەزىلەت ئەمەر
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«تۇرمۇشتا كىتابنىڭ بولماسلىقى كۈن نۇرىنىڭ بولماسلىقى بىلەن باراۋەر.»*
— شېكىسپىر

بىزدە كىتاب ساقلاش ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنە. شۇڭا نۇرغۇن قىممەتلىك قولىيازمىلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئاجايىپ ئىشلەنگەن نەپىس مۇقاۋىلارغا، سامان قەغەز بەتلەردىكى جۇلالىنىپ تۇرغان خەتلەرگە قارىسىڭىز دىلىڭىز سۆيۈنىدۇ. ئەپسۇسكى، تولىمۇ قىممەتلىك بۇ يازمىلارنىڭ خەلق ئارىسىدا ساقلىنىشى سىستېمىلاشمىغان، قېلىپلاشمىغان. شۇنداقتىمۇ كىتاب ساقلاشقا ھېرىسمەن بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇقلىرىمىز قولىدىكى ئازراق(ھەتتا بەزىلەرنىڭ بىرنەچچە پارچىلا) كونا كىتابنى تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلاش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى داۋاملىق يىغىپ توپلاپ، مەلۇم دائىرىدە كىتاب ساقلاش كۆلىمى ھاسىل قىلغان.

كىچىك ۋاقتىمدىكى بىر ئىش ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ، باشلانغۇچ مەكتەپكە ئەمدىلا كىرگەن چاغلىرىم ئىدى، ئانام ماڭا «ياغاچ ئات» دېگەن كىتابنى ئېلىپ بەردى. مەن ئۆزۈمنىڭ كىتاب ئوقۇش ھاياتىمنى شۇ «ياغاچ ئات» دېگەن كىتابتىن باشلىغانىدىم. ئۇ كىتابنى ئوقۇغاندىكى ھېسلىرىم ھازىرمۇ يادىمدا. ئۆزۈمنى خۇددى كىتابتا تەسۋىرلەنگەن شاھزادىلەرگە ئوخشىتىپ يۈرەتتىم، شۇ تۈپەيلى ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ «ئۆزۈڭنى نېمانداق چوڭ تۇتىسەن» دېگەندەك گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. ھەتتا ئوقۇتقۇچىلار كۈنىگە نەچچە قېتىم تاپشۇرۇق بېرىپ ئۆگىتىپ بولالمىغان ئېلىپبە ھەرپلىرىنىمۇ شۇ كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق راۋان ئوقۇيالايدىغان بولدۇم. شۇ كىتابنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك مەن كىتابتىن ئايرىلالماس بولۇپ قالدىم. تۇرمۇشۇمدا بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقسام ئۆزۈم ئوقۇغان كىتابلىرىمدىكى ماڭا ئوخشايدىغان پېرسوناژلارغا ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپ كېتىمەن. شۇنىڭ

بىلەن بىرگە ئۆزۈمنىڭ قانداق ئوقۇشسىزلىقلارغا يولۇققانلىقىمنى، قانداق قىلىشىم كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىمەن.

توغرا، كىتاب بىر بىلىم خەزىنىسى، ئۇ بىزگە كىچىكىمىزدىن تارتىپ ئاق-قارىنى تونۇشىمىزغا ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، دۇنيا قارىشى تىكلىشىمىزگە ئۇل ھازىرلاپ بېرىدىغان مەڭگۈلۈك پەن-مەدەنىيەت خەزىنىلىرىنىڭ بىرى.

ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان مەشھۇر ئەدىبلەردىن مەھمۇد كاشغەريي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق بۈيۈكلىرىمىزمۇ كىتابتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەشھۇر قول يازمىلارنى يېزىپ قالدۇرغان. بىز ئەنە شۇ ئەدەبىي مىراسلىرىمىزدىن تا ھازىرغىچە پايدىلىنىپ كېلىۋاتىمىز.

ئەمما، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقى بارا - بارا تۆۋەنلەپ بارماقتا، بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار مەملىكىتىمىزدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش نىسبىتىنىڭ يېقىنقى ئالتە يىلدىن بۇيان تۆۋەنلەپ بارغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان. كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشى ھەر خىل، ئوتتۇرا ياشلىقلار: «كىتاب ئوقۇيدىغان ۋاقىت يوق» دېيىشىدۇ، ياشلار: «كىتاب بەك قىممەت، سېتىۋېلىشقا قۇربىمىز يەتمەيدۇ ياكى كىتاب ئارىيەت بېرىدىغان ئورۇن يوق» دەيدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆزىتىپ باقساق، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، كىتابخانىلارغا قارىغاندا رېستورانلاردا ئويۇن - تاماشا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە؛ خەلقىمىزنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ «ناخشا-ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن مىللەت» دېگەن نامى بار. توغرا، ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلىرىمىز ماختاشقا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، زور ئالقىشقا سازاۋەر بولدى، بىزنى دۇنياغا تونۇتتى...

بىز ئويلاپ باقايلى، بىز ئۆزىمىزنى ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت دەپ پەخىرلىنىپ، ناخشا-ئۇسسۇل بىلەنلا بولۇپ كەتسەك، كېيىنكى ئەۋلادلارغا بىزدىن نېمىمۇ قالىدۇ؟ «ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر» دېگەن قۇرۇق نامىمىز قالارمۇ؟ مېنىڭچە بۇ مەسىلىنى ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

مەلۇم بىر ماتېرىيالدا ئېيتىلىشىچە، يەھۇدىيلارنىڭ مائارىپى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىن تارتىپ كىتابنى ئىنتايىن ئەتىۋارلىغان، يەنى يەھۇدىيلار كىتابقا ھەسەل سۈرتۈپ كىچىك بالىلىرىغا يالىتىدىكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار كىتابتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم بولغان بايلىقنى ئەتىۋارلىغانلىقتىن تەرەققىي قىلالىغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىچە، كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەپ بارغان بىلەن ئەكسىچە توردا ماتېرىيال كۆرىدىغانلارنىڭ نىسبىتى تېز سۈرئەتتە ئاشقان.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇچۇر، تور تېخنىكىسىمۇ تېز سۈرئەتتە راۋاجلانماقتا. ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ راۋاجلىنىشى كىشىلەرگە نۇرغۇنلىغان قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى، ئەمما بۇنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىمۇ خېلى كۆپ جەھەتلەردە ئىپادىلەندى.

بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىش روھى بارا - بارا سۇسلىشىپ، ھۇرۇنلۇققا قاراپ يۈزلەنگەن. مەسىلەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا مۇئەللىم بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى ئاختۇرۇپ ئىزدىنىپ، شۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا ئەستايىدىل ئىشلەپ چىقاتتۇق، ئەمما ھازىرچۇ؟ ئوقۇغۇچىلار توردىنلا ئاختۇرۇپ، تەييار ماقالىلەرنى كۆچۈرۈدىغان ناچار ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالدى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىشقا باشلىدى.

دېمەكچىمەنكى، تورنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىمۇ، زىيانلىق تەرەپلىرىمۇ بار. ئەمما بىز چوقۇم توردىن پايدىلانغاندا ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز، كىتابتىن ئىبارەت ئەڭ قەدىناس دوستىمىزنى يېنىمىزدىن ئايرىماسلىقىمىز لازىم.

## 2007 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۆلگىلىك ئەسەرلەر

**V يېزىقچىلىق تەلىپنى ئورۇنلاڭ.** (جەمئىي 55 نومۇر بېرىلىدۇ)

*داڭلىق ناخشىچى سوڭ فېي يېمەي - ئىچمەي يىغقان ئۈچ مىليون يۈەن پۇلىنى 178 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن بەرگەن. كېيىن ئۆزى ئاغرىپ ھاياتى ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قېلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىينالغاندا، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، مەكتەپ پۈتكۈزۈپ شۇ يەردە خىزمەت قىلىۋاتقان ياشلاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنى يوقلاپ كەلمەيدۇ. بۇ ئىش ئاخبارات ساھەسى تەرىپىدىن ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بىرەيلەن «بۇ ئىش يۈزىمىزنى قويمىدى» دەپ ئاغرىنىدۇ. سوڭ فېي: «ئۇلاردىن ئاغرىنماڭلار، مېنىڭمۇ داۋالىنىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدى» دەيدۇ.*

*يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى شىياۋلى ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى كېرەكسىز بۇيۇملارنى سېتىپ يىغقان پۇللىرىنى مەلۇم ئۇمىد باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىئانە قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي شىياۋلىنىڭ ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىدۇ. ئۇمىد باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭغا ئىئانە يىغىدۇ. 4 - يىللىقتىكى بىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭغا ئون يۈەن ئىئانە قىلىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭدىن: «نېمە ئۈچۈن بايراملىق پۇلۇڭنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئىئانە قىلىۋېتىسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «بۇنىڭغا شىياۋلى ھەدەم ئېيتقان ئاشۇ بىر ئېغىز گەپ كۇپايە قىلىدۇ»، دەيدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە: «ئۇ قانداق گەپ ئىدى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان ياردىمىنى ھەرگىز ئۇنتۇما. باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ئۆگەن دېگەنىدى» دەيدۇ.*

يۇقىرىقى ماتېرىيالنى ئەتراپلىق چۈشەنگەن ئاساستا خالىغان بىر نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ، ژانىر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

**تەلەپ:**

①نۇقتىئىنەزەر (مەركىزىي ئىدىيە)نى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ؛ ②ژانىرنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ(شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ)؛ ③ئەسەر ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز قويۇڭ؛ ④ماقالىڭىز ماتېرىيال مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن؛ ⑤خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملايىڭىز توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن؛ ⑥ئادەم ئىسمى ۋە يەر-جاي ناملىرىنى × بىلەن ئىپادىلەڭ.

# ھاياتنىڭ قىممىتى زادى نەدە

گۈلجەننەت ئابلىز
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«كىشى ياخشىلىققا قىلۇر ياخشىلىق، بىرگە ئون ھەسسە قايتۇرماق ئېنىق.»*
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلىك ھايات — ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان بىر پارچە بوز يەر. ئۇنى قانداق ئۆزگەرتىش، ئۇنىڭغا قانداق مەنىلەرنى بېرىش ئىنساننىڭ ئۆزىگە باغلىق. چەكلىككىنە بۇ ھاياتتا بىزنىڭ زادى قانچىلىك ئورنىمىز، قىممىتىمىز قالدى، قانچىلىك ھوسۇل ياراتتۇق، نېمىلەرگە ئېرىشتۇق، نېمىلەرنى يوقاتتۇق، كىملەرگە بەخت، خۇشاللىق بېرەلىدۇق، كىملەرگە ئازاب ئېلىپ كەلدۇق؟ بۇنىسى ئۆزىمىزگە تولىمۇ ئېنىق.

ھايات — شىددەت بىلەن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر ئېقىن. ئۇ ھەرگىزمۇ توختام سۇدەك تېپتىنچ بولمايدۇ. بۇ ئېقىن گاھى دولقۇنلار ياساپ، ھەيۋەت قىران تاشلارغا غەزەپ بىلەن سوقۇلۇپ ئاقسا، گاھى تىنچلىنىپلا قالىدۇ. بۇ ئېقىن ئۆز ئېقىنىدىن ئاجراپ كەتسە، تۇپراققا ئاسانلا سىڭىپ، ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىشىمۇ ۋە ياكى باشقا ئېقىنلارغا قوشۇلۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن بۇ ئېقىننىڭ قايسى تارماقلارغا بۆلۈنۈشىنى ئالدىنئالا بىلىۋېلىش تولىمۇ تەس. ئەگەر ھايات بۈگۈن جىلغىغا ئوخشاش تېپىزلىشىشقا باشلىسا، شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ئاستىدىكى پۈتۈن ئېدىرلىق كۆرۈنۈپلا قالىدۇ، ئەتىسىلا يەنە غايەت زور تاشقىن بولۇپ ئاقىدۇ. مانا بۇ مۇرەككەپ، چىگىش ھايات بىزلەرگە ھەر خىل قىسمەتلەرنى، سىرمۇ، مەنمۇ ئويلاپ باقمىغان قايغۇلارنى، خۇشاللىقلارنى ئاتا قىلىدۇ. مانا بۇ خۇشاللىق، قايغۇلار سىزنىڭ، مېنىڭ ھايات كارتىنىلىرىمىز بولۇپ، پارچە-پارچە كارتىنىلاردىن بىزنىڭ ھايات ئالبومىمىز پۈتۈپ چىقىدۇ.

قېنى دوستۇم، سەن ھايات ئالبومىڭنى ۋاراقلاپ كۆرگىن، زادى قانچىلىك قايغۇڭ بار، كۈلكەڭ بار، يەنە قانچىلىك ھوسۇل يارىتالىدىڭ، قانچىلىك يوقاتتىڭ؟ ھايات ساڭا نېمىلەرنى سوۋغا قىلدى، سەندىن نېمىلەرنى تارتىۋالدى، بۇنىڭغا سەن ئەيىبلىكمۇ ياكى ھاياتمۇ؟

ياق، بۇنىڭغا ھايات ئەيىبلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭدۇرسەن. قەدىمدىن ھازىرغىچىلىك «يارىلىشىڭ مەندىن، يارالمىشىڭ ئۆزۈڭدىن» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ كەلگەن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ توغرا ئېيتىلغان. ھايات نۇرغۇنلىغان پۇرسەتلەرنى سېنىڭ ئالدىڭغا تاشلايدۇ، ئۇ شامالغا ئوخشاش سېنى ئەگىپ پۇرسەتلەرنى قانداق تۇتۇش، قانداق قەدىرلەشنى ساڭا ھەدىيە قىلىدۇ. مانا مۇشۇ پۇرسەتلەر تۇرتكىسىدە

سىنىڭ قانداق ئادەم بولۇشۇڭ ئۆزۈڭگە باغلىق، بىر ئالىيجاناب ئادەم بولۇپ، ھۆرمەت ۋە يۈكسەك مەرتىۋە شاھىدىغا ئايلىنىپ، بەخت قۇشۇڭنى قولۇڭدا چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، ئۆزۈڭدىن باشقىلارغا ئازراق بولسىمۇ خۇشاللىق، بەخت ئېلىپ كېلىشىڭ ياكى بۇ پۇرسەت سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي مەغلۇبىيەتچىگە ئايلىنىپ، ئۆز قىممىتىڭنى يوقىتىپ، كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشىڭ پۈتۈنلەي ئۆزۈڭگە باغلىق.

ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىۋاتقان بېسىمى ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئەمەس، ياخشىلار تاللىنىپ، ناچارلار شاللىنىدۇ. بۇ مۇرەككەپ تۇرمۇش ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا ئادەملەردىن تەركىب تاپقان بىر توردۇر. بەزىلەر بۇ مۇرەككەپ تور ئىچىدە نىجاتلىق، يورۇقلۇق تېپىش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، ئۆز ئورنى ۋە قىممىتىنى تېپىش ئۈچۈن ھارماي تىرىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆزى روناق تاپقاندا، بەخت شارابىغا تويۇنغاندا باشقىلارغا ئازراق بولسىمۇ خۇشاللىق ئاتا قىلىشنى ئۇنتۇمىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاجىز، يېتىم، يوقسۇزلارنى قولىدىن كېلىشىچە يۆلەيدۇ، سۇنغان دىللارغا خۇشاللىق، قاراڭغۇلاشقان قەلبلەرگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىپ، كىشىلەر قەلبىگە ئۆچمەس ئابىدىلەرنى تىكلىيەلەيدۇ، مەڭگۈ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردىن بولۇپ، جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى يارىتالايدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئادەملەردۇر.

جەمئىيىتىمىز يەنە شۇنداقمۇ ئادەملەردىن تەركىب تاپقانكى، ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە، ئەڭ شەخسىيەتچى، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ئادەملەردۇر، قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقتىدا ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئۇلارغا مېھرلىك قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارنى قاراڭغۇ ھاڭدىن يورۇق دۇنياغا ئېلىپ چىققىنىدا ئۇلار دۇنيانىڭ نۇرىنى كۆرۈپلا «دۇنيا دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆزىدىن باشقا ئادەمنى كۆرەلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ بۇ يورۇقلۇققا قانداق ئېرىشكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالىدىغان كىشىلەردۇر، ئۇلار پۇل تاپقاندا ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇپ، ئاخىرى بېرىپ ئۆز-ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان ئادەملەردۇر، ئۇلار پۇل تاپتى، لېكىن ۋىجدان، غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويدى. يۈز تاپتى، قەدىر ـ قىممىتىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇلار روناق تاپقان كۈنلىرىدە، مۈشكۈل كۈنلەردە بېشىنى سىلىغان مېھرىبان كىشىلەرنى ئۇنتۇپ، تۇزكورلۇق يولىغا مېڭىپ، ئاخىرى ھەممە ئادەمنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ، ئۆز ـ ئۆزىنى تۆگەشتۈرىدۇ، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يوقىتىپ، ئەرزىمەس بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇ ئادەملەر لەنەتكە لايىق ئادەملەردۇر.

ئادەم ياشىغانىكەن، چوقۇم ئادەمدەك ياشىشى كېرەك. قىسقىغىنا بۇ ھاياتىڭدا باشقىلارغا ئازراق بولسىمۇ ياخشىلىق قىلىپ ئۆتسەڭ، ھاياتىڭدا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولماس. بۇنىڭ ساڭا ھەم شۇ سېنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىڭنى قوبۇل قىلغۇچىغا ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىقنى ھېچقانداق بىر خۇشاللىققا تەڭ قىلغىلى بولماس. بۇنداق بولغاندا سېنىڭ ئىشلىرىڭغا تېخىمۇ بەرىكەت ياغقۇسى، ھاياتىڭ تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتكۈسى. سەن ھەم شۇنداقلا باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى، ئېغىر كۈنلەردە ھالىغا يېتىشنى، باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان ياخشىلىقنى قەلبىڭدە مەڭگۈ ساقلاشنى، شۇ مېھرىبان كىشىلەرنىڭ ئەجرىگە خىيانەت قىلماسلىقنى، ھەقىقىي قەدىر ـ قىممىتىڭ بىلەن ياشاشنى ئۆگىنىشىڭ لازىم.

# مېنىڭ دادام

دىلنۇر دىلمۇرات
(ھېكايە)

ئەتىگەندە ئائىلىمىزدىكىلەر ناشتا قىلايلى دەپ ئولتۇراتتۇق، توساتتىن ئىشىك ئالدىدا ماشىنا توختىغانـدەك قىلـدى - دە، بىرقـانچىنى سـىگنال بېرىۋەتكەنـدىن كېيىن، بىرسـى كېلىپ ئىشىكنى چەكتى.

ــ كىمـدۇ ئەمـدى بـۇ، سـەھەردىلا كەلـگەن، ــ ئىشـىككە قـاراپ ماڭـدى دادام غودۇڭشىپ.

دادام بىر ھەپتىدىن بۇيان كەنت مەركىزىدىكى بىنا قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان بولۇپ، ئىشقا چۈشكەن دەسلەپكى كۈنلەردە مەھەللىدىكى بىرگە ئىشلەۋاتقانلار ئۈزئارا بىر - بىرىنى چاقىرىشىپ ماڭدى، كېيىنچە ھەركىم ئۆز ئالدىغا كېتىۋېرىدىغان بولغانىدى.

دادام ئىشىكنى ئېچىپ، بىرقـانچە سېكۇنت تېڭىرقىغانـدەك تـۇردى - دە، گېلىنى يېنىك قىرىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

ــ كىمنى ئىزدەيسىز؟

بىزمۇ بىرقـانچە سېكۇنت تېڭىرقـاپ تـۇرۇپ قالـدۇق، چۈنكى ئىشـىكتىن كىرگىنـى مەھەللىمىزدىكى دادامنىـڭ ئىشداشلىرى بولماسـتىن، باشـتىن - ئاياغ ناھـايىتى ئېسـىل كىيىنگەن، سالاپەتلىك ياشلا بىر كىشى ئىدى، ئۇ بوسۇغىدىلا دادامغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىرقانچە قېتىم تېلېۋىزوردا كۆرگەن چەت ئەلنىـڭ ئېسـىل ماشىنىسى تۇراتتى.

ــ ياخشىمۇ سىز تاغا؟ ــ ئۇ ئەھۋال سورىغىنىچە دادامغا قول ئۇزاتتى، قول سۇنغاندا كۆرۈنگەن ئېسىل سائەت بىلەن نامسىز بارمىقىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكى كۈن نۇرىدا پارقىراپ كەتتى.

بىزدىن بەكرەك، ساۋادىمۇ يوق، بىر ئۆمۈر ئىشلەمچىلىك قىلىپ كۈن ئۆتكۈزگەن دادام تېڭىرقاپ قالدى بولغاي:

ــ سىز؟... ياخشى... ــ دېگىنىچە قولىنى ئۇزاتتى.

ــ سىز مېنى بەلكىم ئۇنتۇپ كەتكەنسىز تاغا... ــ ناتونۇش ئادەم تەبەسسۇم بىلەن شۇنداق دېدى - دە، ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ، بېشى بىلەن ئۆينى ئىشارەت قىلىپ ــ ئۆيگە كىرىپ پاراڭلاشساق قانداق؟ ــ دېدى.

ــ ھە، كىرىڭ! كىرىڭ! ئاۋۋال سىز كىرىڭ! ــ دېگىنىچە ناتونۇش ئادەمنى ئۆيگە باشلىدى دادام.

ئۇ ئادەم دادام بىلەن ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى. ئۇ بىر قۇر ئەھۋال سوراپ بولغانـدىن كېيىن، دادام ئولتۇرغـان ئورۇنـدۇقنىڭ ئالـدىغا كېلىـپ دادامنىـڭ قـولىنى تۇتـۇپ، ئۆرە تۇرۇۋالغىنىغا ئۇنىماي ئولتۇرغۇزدى، بىرھازا چىرايىغا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن گەپ

باشلىدى:

— تاغا، بەلكىم سىز مېنى ئۇنتۇپ كەتكەنسىز، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. 15 يىل ئاۋۋالقى ئۇن نەچچە ياشلىق بىر دىۋانە بالىنى كىممۇ خاتىرىسىدە ساقلاپ، ئەسلەپ يۈرسۇن؟ ئېسىڭىزدىمۇ تاغا، مەن يولۇچىلار بېكىتىدە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە سىزنىڭ ئالدىڭىزغا باردىم. سىز ئالدى - كەينىڭىزگە بىر قارىۋېتىپ، بىرئاز تۇرۇپ كەتتىڭىز-دە، ئاخىرى يانچۇقىڭىزدىن 30 نەچچە يۈەننى چىقىرىپ ماڭا بېرىپ، ئۆزىڭىز بېكەتنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتىڭىز، ئارقىڭىزدىن چىقىپ قاراپ تۇرسام، يېزىغا بارىدىغان چوڭ تاش يولغا مېڭىپ كەتتىڭىز، كېيىن ئويلىسام، سىز ماڭا يېنىڭىزدىكى پۇلنى بېرىۋېتىپ، ئۆزىڭىز پىيادە كېتىپسىز. شۇنىڭدىن كېيىن مەن كۆپ ئويلاندىم، قىلغانلىرىڭىزدىن تەسىرلەندىم، قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، تىلەمچىلىكتىن قول ئۈزۈپ، باشقا ئىش قىلدىم. تىرىشتىم، تىرماشتىم، كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولدۇم، لېكىن بەل قويۇۋەتمىدىم، ئاخىرى مانا مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشتىم...

شۇ چاغدا مەن بىرقانچە كۈن ئاچ قالغانىدىم، سىزنىڭ ماڭا قىلغان ئاشۇ ياخشىلىقىڭىز مېنى مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشتۇردى. سىزگە كۆپ رەھمەت. سىزنى بىرقانچە ئاي ئىزدەپ بۈگۈن ئاخىرى تاپتىم، ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سىرتتىكى ماشىنىغا قاراپ قول پۇلاڭلاتتى، ماشىنىدىن بىر ئادەم بىر چاماداننى كۆتۈرۈپ چۈشتى-دە، ئۆيگە ئەكىردى.

— مانا بۇ سىزگە قىلغان رەھمىتىم بولۇپ قالسۇن...

چامادانىدا لىق پۇل تۇراتتى، بىز پۇلغا قاراپ تۇرۇپلا قالدۇق. بىراق، دادام قاراپمۇ قويمىدى، بېرىپ چامادانىڭ ئاغزىنى ياپتى-دە، كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ ماشىنىغا سېلىپ قويدى.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى دادام ئۆيگە كىرىپ، — مەن تېخى بۇ ۋاقىتقىچە بىرسىگە 30 يۈەن بېرىپ باقمىغان، تېخى شەھەرگىمۇ كىرىپ باقمىغان، سىز چوقۇم خاتالىشىپ قالدىڭىز، كەچۈرۈڭ! مەن ئىشقا كەتتىم.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. ناتونۇش ئادەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى-دە، راستتىنلا خاتالىشىپ قالدىمۇ نېمە دېگەندەك ھەممىمىزگە بىر قۇر قاراپ قويۇپ ئاستا چىقىپ كەتتى. دادام كەچتە ئىشتىن قايتىپ كېلىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋەردى.

بىراق، مېنىڭ ھازىرمۇ ئېسىمدە، بىر يىلى دادام شەھەردىن پىيادە قايتىپ كەلگەنىدى.

## پۇل تاپتۇق، ئەمما...

بۇئايشەم سدىق

(نەسر)

سىز پۇل تاپتىڭىز، مەن پۇل تاپتىم، دېمەك ھەر ئىككىلىمىز «يۈز» تېپىپتىمىز.

سىزنىڭ پۇلىڭىز بار، مېنىڭ پۇلۇم بار، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە دوستلۇققا يارايمىز، دوست بولالايمىز، چۈنكى، پۇل تاپتۇق ئەمەسمۇ؟

پۇل تاپتۇق، ئەمما مىڭ ئەپسۇس...

تاپقىنىمىزدىن يوقاتقىنىمىز كۆپ بولۇپ كەتتى. ئويلاپ باقسام ئېرىشكەنلىرىمىزنى خۇددى ئىت - مۈشۈككە ئوخشاش قۇيرۇق شىپپاڭشىتىپ يوقىتىپ مېڭىپتۇق، سىز بۇنى ھېس قىلالىدىڭىزمۇ؟ ياق، ياق!... بىز تېخىچە ئاشۇ پۇل كويىدا، پۇل تېپىش يولىدا.

بىراق سىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ بىز زادى نېمە ئۈچۈن پۇل تېپىۋاتىمىز. ياشاش ئۈچۈنمۇ؟ زادى نېمە ئۈچۈن!

بىز پۇل تاپتۇق، ئەمما مىڭ ئەپسۇس، مىڭ - مىڭ ئەپسۇس...

ئاشۇ ئاتالمىش «يۈز تېپىش»لەر بىزنى ئاتىسىنى، ئانىسىنى تونۇمايدىغان، ھەتتا ئۆز بالىسىنىمۇ تونۇمايدىغان شەرمەندە يۈزگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى بىز تېخى ھېس قىلمىدۇق، ھېس قىلغىنىمىزدا بەلكىم تولىمۇ كېچىكەرمىز. ئەمما بىز تېخىچە ئاشۇ پۇل رېلىسىنىڭ ئۈستىدىكى غەپلەت ۋاگونىدا، ئەلەڭ - سەلەڭ چۈش كۆرۈپ، كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىپ يۈرۈۋاتىمىز.

بىز پۇل تاپتۇق، ئەمما مىڭ ئەپسۇس، تۈمەن مىڭ ئەپسۇس... «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ»، «پۇلى بارنىڭ يۈزى بار». دوستۇم مەن ھەم سىز بۇ ماقال-تەمسىلنى قاچانلاردىن يۈرىكىمىزگە ئويۇۋالغاندىمىز؟!

دېمەك، ھەممىمىز پۇل تېپىش خىيالىدا،

پۇل تاپتۇق، خېلى كۆپ تاپتۇق، مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ، تۈمەن مىڭلاپ تاپتۇق. ئەمما، مىڭ ئەپسۇس...

پۇل تاپقان بىلەن خەجلەشنى قاچانمۇ ئۆگىنەرمىز، بىزگە كىممۇ ئۆگىتىپ قويار، ياكى بۇ پۇللارنى ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئۆز گېپىمىزنىڭ ئوڭ بولۇشى ئۈچۈن ساقلامدۇق؟!

دېمەك مەن، سەن، ئۇ پۇل تاپتۇق، يۈز تاپتۇق، يول تاپتۇق، پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس دەپ ئاغزىمىزدىن تۈكرۈك چاچرىتىپ مىڭ ۋالاقشىيمىز-يۇ، ئەمما، يەنە شۇ ئويدا بىز، شۇ كويدا بىز.

بىز پۇل تاپتۇق، ئەمما مىڭ ئەپسۇس...

ئادىمىيلىكنى، ئادىمىي ھېسسىياتنى قاچانمۇ تاپارمىز؟ تاپقان پۇلىمىزغا ئاشۇ سىزنىڭ، مېنىڭ نەزىرىمىزدىكى «ئەرزىمەس» ئادىمىيلىكنى سېتىۋالالارمىزمۇ ؟

ئادىمىيلىك، مېھىر - مۇھەببەت قاتتىق ۋارقىرىماقتا:

«— پۇل... مەن ساڭا ئۆچ. سەن قاچانمۇ مېنىڭ قەدرىمگە يېتەرسەن!!!...»

# قول قولنى يۇسا، قول بېرىپ يۈزنى يۇيىدۇ

خاتىگۈل مۇھەممەت
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ياخشىلىق ــ مېھرگىياھ، يامانلىق شۇمبۇيا.»*

ــ ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ھەممىمىزگە مەلۇم، جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، تۇرمۇش بېسىمىنىڭ ئۈرلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت بارغانسېرى سۇسلاشماقتا. كىشىلەردە ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، باشقىلار بىلەن كارى بولمايدىغان شەخسىيەتچىلىك ئىدىيەسى بارغانسېرى ئەۋج ئالماقتا. ئەتراپىمىزغا نەزەر سېلىپ باقايلى، راستتىنلا دۇنيادا ياخشى ئادەملەر، بىر - بىرىگە ياردەم قولىنى سۇنىدىغان، باشقىلارنىڭ غېمىنى مېنىڭ غېمىم دېيەلەيدىغان ئادەملەر ئاز قالمىدىمۇ؟ ياق، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر باشقىلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش بىلەن خۇشاللىق تاپماقتا، باشقىلارنى خۇشال قىلماقتا.

خەلقىمىز ئارىسىدا «قول قولنى يۇسا، قول بېرىپ يۈزنى يۇيىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىسى جاڭ بىلەن ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى كېرەكسىز بۇيۇملارنى يىغىپ سېتىپ تاپقان پۇللىرنى ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىئانە قىلىدۇ. ئۆزۈن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىئانە يىغىدۇ. 4 - يىللىقتىكى بىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭغا ئون يۈەن ئىئانە قىلىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭدىن: «نېمە ئۈچۈن بايراملىق پۇلۇڭنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئىئانە قىلىۋېتىسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «بۇنىڭغا جاڭ ھەدەم ئېيتقان بىر ئېغىز گەپ كۈپايە قىلىدۇ» دېگەن. ئۇلار يەنە: «ئۇ قانداق گەپ ئىدى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان ياردىمىنى ھەرگىز ئۇنتۇما، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ئۆگەن دېگەنىدى» دەيدۇ. جەمئىيىتىمىزگە قارايدىغان بولساق بۇنداق بىر - بىرىگە ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقى دەپ بىلىدىغان كىشىلىرىمىز ناھايىتى كۆپ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، دۇنيا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن گۈزەلدۇر؛ ئۇ چاڭقىغان يۈرەككە بېرىلگەن بۇلاق سۈيى، ھالسىرىغاندا يۆلەيدىغان غايىۋى كۈچ؛ كۆز ياش تۆكۈلگەندە سۇنۇلغان زەر كەشتىلىك قولياغلىق؛ ئۆزۈن سەپەردىكى سادىق قوغدىغۇچى؛ مېھىر - مۇھەببەت چاڭقىغان دىللارغا ئارام بەرگۈچى زەمزەم؛ ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىكى يول كۆرسەتكۈچى مەشئەل؛ قىيىنچىلىق ئالدىدىكى ئىللىق تەبەسسۇم؛ مېھىر - مۇھەببەتلىك قەلبلەرنى قەلبلەرگە تۇتاشتۇرىدىغان خاسىيەتلىك يول؛ ھاياتلىق باياۋانلىرىدا چاڭقىغان قەلبلەرگە ئارام بەخش ئەتكۈچى بۇلاق؛ ياردەمگە موھتاج بولغانلارغا سۇنۇلغان ساخاۋەتلىك قول…

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، رايونىمىزدا ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەر يۈز بەردى. بۇ ئاپەتلەر خەلققە نۇرغۇن زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ زىيانلارنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق كۈچ چىقىرىپ ھەل قىلدى. ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىللىقلىق ئاتا قىلدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئادەم دۇنيادا ياشىغانىكەن، چوقۇم ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەل بىلەن نام قالدۇرۇشى كېرەك. سىز بۈگۈن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلسىڭىز، ئەتە ئۇلار سىزگە ئىللىق قولىنى سۇنۇپ، سىزنى خاتىرجەم قىلىدۇ؛ سىز بۈگۈن ياردەم قىلغۇچى، ئەتە ياردەمگە ئېرىشكۈچى. سىز باشقىلارغا قانچىلىك مېھىر - مۇھەببىتىڭىزنى بېرەلىسىڭىز، باشقىلاردىن ئۇنىڭدىن كۆپرەك مېھىر - مۇھەببەتكە، كۆيۈنۈشكە، ياردەمگە ئېرىشەلەيسىز. شۇڭا دەيمىزكى، «قول قولنى يۇسا، قول بېرىپ يۈزنى يۇيىدۇ».

# ئەي، دۇنيا

قەدىرگۈل سەمەت

(نەسر)

ئەي دۇنيا، مەن ئۈزۈمگە پاتماي قالدىم، سېنىڭ كەڭرى باغرىڭغا پاتمىدىم، ئانامنىڭ باغرىدەك ئىللىق قوينۇڭدا ئەركىلىيەلمىدىم. سەن راستتىنلا مېنى سىغدۇرالمىغۇدەك شۇنچىۋالا تارمۇ؟ ياق دۇنيا، مېنىڭ نەزىرىمدىكى، دوستۇمنىڭ نەزىرىدىكى، دادامنىڭ، پەرزەنتلەرنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيا ئەسلىدە بۇنداق ئەمەس؛ سەن ئوكۇشسىزلىقتىن گاڭگىراپ قالغان ۋاقتىمدا تەسەللى بېرەتتىڭ، كەلگۈسى ئىقبالغا رىغبەتلەندۇرەتتىڭ. مەن تاغدەك قىيىنچىلىق ئىچىدە بەستىمنى يادەك ئېگىپ، ھەسرەتلىنىپ تۇرغىنىمدا، كېلىپ مېنى يۆلەپ مەندە ئۈمىد ئۇچقۇنى چاقنىتاتتىڭ. مەن تۈت كوچا ئېغىزىدا قاياققا مېڭىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرغىنىمدا، ماڭا قاياقتىندۇر يېشىل چىراغ يېقىپ بېرەتتىڭ. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قېلىپ بېشىم پىرقىراپ تۇرغاندا مېنى يورۇقلۇققا چىقىراتتىڭ. پىژ-پىژ ئىسسىقتا ھالسىزلىنىپ تۇرغىنىمدا، ئۇستۇمگە ئادەمنى روھلاندۇرغۇچى سايە چۈشۈرەتتىڭ. مەن خۇشاللىقتىن قىن - قىنىمغا پاتماي، شادلىق يېشىمنى تۆكۈپ تۇرغىنىمدا، چىرايىڭدىن كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك كۈلكە پەيدا قىلاتتىڭ.....

بىر كۈلگەندە ئىچ - ئىچىمىزدىن قاقاقلاپ بىللە كۈلىدىغان، يىغلىغاندا تەڭ يىغلايدىغان، بىر - بىرىمىزگە ئېسىلىپ ئىچ - ئىچىمىزدىن يىغلايدىغانلاردىن ئىدۇق...

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! مانا بۈگۈنگە كەلگەندە سەن يىغلايسەن، مەن كۈلىمەن. مەن ئازابتىن ئۇنسىز تولغىنىمەن، سەن خۇش بولىسەن. سەن غەلىبەڭگە تەنتەنە قىلىسەن، مەن كۆرەلمەيمەن. مەن ئېرىشىمەن، سەن ئەلەملىك نالە قىلىسەن. مېنىڭ ھەربىر قەدىمىمدە سېنىڭ سايەڭ بار، مەن مەمنۇنىيەت ئىلكىدە ساڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىمدە بولسا، سەن ئاللىبۇرۇن مېنى ئۆز قاينىمىڭغا ئېلىپ ئۈلگۈرىسەن...

توۋا دەيمەن دۇنيا، قېنى بىزنىڭ ئارىمىزدىكى كۆيۈنۈش، مېھرى-ۋاپا؟! بىز زادى

نېمە تالىشىۋاتىمىز؟ نېمە ئۈچۈن بۇ رەزىللىكلەر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىۋالىدۇ؟ پاك روھىيىتىمىزنى ئىگىلىۋالىدۇ؟!...

ئەي دۇنيا، مېنى، ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇۋال. مېھرىڭ بىلەن ماڭا قۇچاق ئاچ. دوستلۇق، ساداقەت، مېھرى-ۋاپا بابىدا كۆلۈپ ياشايلى. مېنىڭ ھەربىر ئىشقىمدا سېنىڭ ئەقىدەڭ بولسۇن. كەلگىن سادايىمغا قۇلاق سال؛ مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن!...

## سىزگە يەقىن ئازراق كەمپۈتلا بېرەلەيمەن

تۇخېنىم مۇھەممەتئىمىن

(ھېكايە)

ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. قويۇلۇۋاتقىنى بۈگۈنكى سۆھبەت پىروگراممىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر پۇلدار ئادەمنىڭ بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇش پۇلىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقى ۋە بۇ جەرياندىكى بىر قىسىم ئاددىيغىنا ئىشلار كۆپتۈرۈلۈپ سۆزلىنىۋاتاتتى. ھېلىقى پۇلدار ئادەم قىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئالىلقاندىقتۇر دەرىجىدە نامرات ئىكەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بىرنەچچە قېتىم ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلغانلىقىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي دىكتور قىزغا بايان قىلىپ بېرىۋاتاتتى، ئوقۇغۇچى قىز بولسا ناھايىتى خىجىل ھالەتتە بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى.

پىروگراممىنىڭ ئاخىردا، قىز ئائىلىسىنىڭ ئۆز كەنتىدە ئۇ دەرىجىدە نامرات ھېسابلانمايدىغانلىقىنى دېيەلىدى. پىروگرامما تۈگەپ ئېلان باشلىنىپ كەتتى. لېكىن يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى خۇددى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدى ۋە كىچىك ۋاقتىمدىكى شۇنداق بىر ئىش خۇددى سۈرەت لېنتىسىدەك كۆڭلۈم ئېكرانىدا قويۇلۇشقا باشلىدى.

بىز بۇ يەرگە يېڭىلا كۆچۈپ كەلگەنىدۇق. بىر كۈنى قولىدا پۇچۇق چىنە كۆتۈرگەن بىر ئايال ئۆيىمىزگە كەلدى. ئۇ ئانامغا ئېرىنىڭ ئېغىر كېسەل بىلەن ئۇزۇن يىل يېتىپ قالغانلىقىنى، غەرىبچە دورا ئىچەلمىگەنلىكتىن تېبابەت دورىسىنى ھەر قېتىم تولىمۇ ئازابلىنىپ تۇرۇپ ئىچىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كۆز يېشى قىلدى.

ئايال ئانام بىلەن بىردەم ھال - مۇڭ بولۇشقاندىن كېيىن بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنىڭمۇ ئۆزىنىڭكىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى سەزدى بولغاي ئۇھ تارتقىنىچە مېڭىشقا تەمشەلدى.

ئانام ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ پەس ئاۋازدا:

— ھەدە، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئائىلىمۇ ئانچە باياشات ئەمەس. بىر ئائىلىدىكى ئالتە جان ئازغىنە مائاشقا قاراشلىق، ئۆيدە سىزگە بەرگۇدەك باشقا نەرسىمۇ يوقكەن، ئازغىنە بولسىمۇ، بۇ كەمپۈتلەرنى ئالغاچ كېتىڭ. - دېدى ۋە ئۆيدىكى ئازغىنە كەمپۈتنى ئۇنىڭ قاچىسىغا سېلىپ بەردى.

ئاشۇ يىللاردا كەمپۈت يۇرتىمىزدا كەم ئۇچرايدىغان نەرسە ھېسابلىناتتى. ئانام ئۇنىڭ

ياقىسىدىكى يىڭنىنى كۆردى بولغاي، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— يىڭنىڭىزنى ئۈچ كۈن ئىشلىتىپ تۈرسام بولامدۇ؟ — دېدى.

ھېلىقى ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇئان:

— ئىشلىتىڭ، ئىشلىتىۋېرىڭ سىڭلىم، ئۈچ كۈن ئەمەس، ئۈچ ئاي ئىشلەتسىڭىزمۇ مەيلى! — دېدى.

ئايال كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى بۇلۇتلار تارقاپ كەتكەندەك تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى.

ئۇ چىقىپ كەتتى، ئويلىنىپ قالدىم. ئانامدا بۇنداق يىڭنىدىن ئۈچى بارغۇ؟ ئۇ يەنە نېمىشقا بۇ ئايالدىن يىڭنە سورايدۇ؟

مانا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئانامنىڭ قىلغانلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم. تۇغرا كەمبەغەل ئادەم ئادەملەردىن تېخىمۇ غۇرۇرلۇق، تېخىمۇ سەزگۈر بولىدۇ. باشقىلارغا ياردەم بېرىش باراۋەرلىك ئاساسىدا، قىزغىن كەيپىياتتا بولۇشى كېرەك. چۈنكى ياردەم بېرىش ۋە ياردەمگە ئېرىشىش ئوخشاشلا خۇشاللىنارلىق ئىش ـ تە.

پۇلدارلارنىڭ غۇرۇرى پەقەت بىر خىل شەكىل. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكۈچىنىڭ غۇرۇرى روھىي بورانلارنىڭ توسقۇنى، ئەلۋەتتە.

بۇ توسقۇن ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن تۇرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلار، تەڭسىزلىكلەر، خورلۇقلارنى توسۇپ قالىدۇ.

سىز يەتكۈزگەن مېھرىبانلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئىللىقلىق، ئۈمىد، شۇنداقلا بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھاسىل قىلىشى مۇمكىن.

سىز ئىللىق مېھرىڭىز بىلەن، يەنە بىر قەلبنى ئىللىتىڭ. ئەمما قىلغىنىڭىزنى مىننەت بىلەن يۈيۈۋەتمەڭ!

# 2008 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر

**V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاش.** (جەمئىي 55 نومۇر بېرىلىدۇ)

بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

*2008 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 14 تىن 28 مىنۇت ئۆتكەندە سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنچۈەن، بېيچۈەن... قاتارلىق جايلىرىدا تۇيۇقسىز سەككىز بال قاتتىق يەر تەۋرىدى... كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە نۇرغۇن تۇرالغۇ ئۆي، مەكتەپ، دوختۇرخانا، سودا سارايلار گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ، سانسىز جان خارابىلىك ئاستىدا قالدى... تاشيول، تۆمۈر يول، تونېل، كۆۋرۈكلەر كۈچلۈك يەر تەۋرەش زەربىسىدىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى...*

*ۋېنچۈەندە يەر تەۋرىشى بىلەن پۈتكۈل ۋەتەن تۇپرىقى تىترىدى. ئىنسان ھاياتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن دۆلىتىمىز رەھبەرلىرى خەتەر ۋە ئاپەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان رايونغا دەرھال يېتىپ بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلدى!...*

*پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىققان ھېسداشلىقى ئاپەت رايونىدىكى خەلق جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ماددىي ياردەم ۋە مەنىۋى تەسەللىيلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئاپەت رايونىغا دەريادەك ئاقتى... 1 مىليارد 300 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە بولغان تەنتەنىلىك قەسىدىسىنى ياڭراتتى! 1 مىليارد 300 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قېرىنداشلىق رىشتى تېخىمۇ چىڭ باغلىنىپ، مۇستەھكەم ئىرادە سېپىلى ھاسىل قىلىندى...*

*پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سېخىي قوللىرى ئاپەت رايونىغا سۇنۇلدى. ۋەتەنىنىڭ ئىللىق قوينى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغان باللارغا ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھرىنى بەردى، يۈرەك پارىلىرىدىن ئايرىلغان ئاتا ۋە ئانىلارغا پەرزەنتىنىڭ مېھرىنى بەردى، قان ـ قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلغانلارغا قېرىنداشلىق مېھرىنى بەردى، دوست ـ يارەنلىرىدىن ئايرىلغانلارغا تېخىمۇ چوڭقۇر دوستلۇق مۇھەببىتىنى بەردى...*

*دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر تۇشمۇتۇشتىن جۇڭگونىڭ ئاپەت رايونىغا ئادەم كۈچى ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەم قولىنى سۇندى. ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىسمىتى، ھاياتلىققا بولغان ھۆرمەت دۆلەت چېگراسى، مىللەت ئايرىمىسى، دىنىي ئېتىقاد پەرقىنى بۇزۇپ*

*تاشلىدى. چەت ئەلنىڭ بىر قۇتقۇزۇش ئەترىتى خارابىلىك ئاستىدىن تېپىپ چىققان بىر ئانا بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنىڭ جەسىتى ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ چېگراسى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى...*

ماتېرىيال مەزمۇنىنى ئىگىلەپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

①نۇقتىئىنەزەر(مەركىزىي ئىدىيە) ئېنىق، پىكىر يۆنىلىشىڭىز توغرا بولۇشى كېرەك. ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ، ژانىرنى ئۆزىڭىز تاللاڭ(شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ)؛ ②ئەسىرىڭىز ماتېرىيالدا ئىپادىلەنگەن پىكىر تېمىسىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن؛ ③ماتېرىيالدا بېرىلگەن ئۇچۇرلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ماتېرىيالنى كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشىڭىزگە بولمايدۇ؛ ④ئەسەرنىڭ ئىدىيەسى ساغلام بولۇشى كېرەك؛ ⑤خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملاسى توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن. ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن؛ ⑥سالاھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئادەم ئىسمى ۋە يەر-جاي ناملىرىنى× بىلەن ئىپادىلەڭ.

**ئۈلگە:**

## دۇنيا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن گۈزەل

بۇزۇراگۇل ئابابەكرى
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«تەقدىم قىلىش ھامان ئېرىشىشتىن كۆڭۈللۈك بولىدۇ.»*

— گوركى

مۇنداق بىر ناخشا بار، كىشىلەر ئېيتسا - ئېيتسا تۈگىمەيدىغان ھەم ئېيتىپمۇ ھارمايدىغان، ئۇ مېھىر ناخشىسى. مۇنداق بىر رومان بار، يازغۇچىلار يېزىپ زېرىكمەيدىغان، ئوقۇرمەنلەر ئوقۇپ تېرىكمەيدىغان، ئۇ مېھىر رومانى. ئىنسان بىلەن مەڭگۈ بىللە يۈرىدىغان بىر ھەمراھ بار، ئۇ ھاياتنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن يوقىلىدۇ، مانا بۇ مۇھەببەت. ئىنسان بار يەردە مۇھەببەت بار، ئىنسان بار يەردە مېھىر بار. ئىنسان بار يەردە تەقدىم قىلىش، ئىللىقلىق بار. مەيلى جاھان قانداق ئۆزگەرسۇن، كىشىلەر قەلبى قانچىلىك مۇرەككەپلىشىپ كەتسۇن، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بىر گۈزەللىك بار، ئۇ مېھىر - مۇھەببەت. مۇھەببەت بىز ياشايدىغان تۇپراقنى پاكلىقتا، گۈزەللىككە، مۇقەددەسلىككە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، ئۇ خەلقنىڭ جىسمىنى، روھىيىتىنى، تەپەككۇرىنى ساغلاملىققا ئىگە قىلىدۇ. مېھرىبانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىش- ھەرىكەت كىشىنىڭ يۈزىنى يورۇق، ئوبرازىنى نۇرلۇق قىلىدۇ.

شۇنداق بىر ئىش ھەممەيلەننىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك: 2004 - يىلى، يىل ئاخىردا

ھىندى ئوكيانىدا دېڭىز تاشقىنى يۈز بېرىپ، بىر قىسىم ئاراللارنى سۇ يالماپ يۇتۇۋەتتى، غايەت زور دېڭىز تاشقىنى ئادەملەرنىڭ قىيا- چىيالىرى، ئۆرۈلگەن ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئۆزىگە سىڭدۈردى. 300 مىڭغا يېقىن كىشى بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. گۈزەل ئارال دۆلىتى خانىۋەيران بولدى. مىليونلىغان كىشىلەر يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان - سەرگەردان بولدى. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق تەقدىر - ھە! لېكىن بۇ ئىش گۈزەل ھىندونېزىيەنى يەر شارىدىن يوقىتىۋېتەلمىدى. كۆپ ئۆتمەي ھىندى ئوكيان زۇمرەتتەك سۇلىرى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىپ ئەسلىگە كەلدى. شۇنداق ئېچىنىشلىق تەقدىرگە دۇچار بولغان ھىندونېزىيە نېمىشقا شۇنچە تېز قايتىدىن باش كۆتۈرەلىدى؟ مانا بۇ دەل دۇنيادا ھېچنەرسە ۋەيران قىلىۋېتەلمەيدىغان، شۇنداقلا ئورنىنى ئالالمايدىغان قۇدرەتلىك كۈچ مۇھەببەتنىڭ خاسىيىتىدىن بولغان. بۇ دېڭىز تاشقىنى پۈتۈن دۇنيانى لەرزىگە سالدى، چىن ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەت دۇنيا خەلقىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. دۆلىتىمىزدىن ھەتتا 70 نەچچە ياشلىق بىر موماي ئۆزىنىڭ يېمەي - ئىچمەي ئۆمۈر بويى توپلىغان 10 مىڭ يۈەن پۇلىنى ئىسمىنىمۇ قالدۇرماي ئىئانە قىلىۋەتتى. قىسقىسى، ئەينى چاغدا پۈتۈن دۇنيا مېھىر - مۇھەببەتلىك قولىنى سۇنۇپ تەسۋىرلىگۈسىز ئىنسانپەرۋەرلىكنى نامايان قىلدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ كۆز ياشلىرى سەلدەك ئاقتى. چۈنكى ئاۋام ئۇلارغا ئىقتىسادتىنمۇ مۇھىمراق بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلغانىدى.

توغرا، مۇھەببەتنىڭ چەك - چېگراسى بولمايدۇ. دۇنيادا دۆلەت، مىللەت، ئىرق تەۋەلىكى بولغىنى بىلەن مېھىر - مۇھەببەتنىڭ چېگراسى بولمايدۇ. مەن ئويلايمەن، مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى يوق، ئۇنىڭغا يۇقىرى - تۆۋەن نومۇر قويۇلمايدۇ. مۇھىمى ئۇنىڭ ساپ بولغانلىقىدا. بىزدە «نىيەت ھەممىدىن ئەلا» دەيدىغان گەپ بار. پەقەت نىيىتىمىز توغرا بولسىلا، ئەتراپىمىزدىكى مۇھەببەتكە موھتاج كىشىلەرنى بىلەلەيمىز. ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئىللىق باغرىدا ئەركىلەۋاتقان چېغىمىزدا پاراۋانلىق ئورنىدىكى ئاشۇ مۆلدۈرلەپ تۇرغان جۇپ- جۇپ كۆزلەرنى ئۇنتۇمىساق، ئېسىل نازۇنېمەتكە ئېغىز تەگكەن چېغىمىزدا، بىرقانچە چوكا تەگكۈزمەي يۇندى ئازگىلىغا ئۈزىتىلگان تاماقلارنى كۆرگىنىمىزدە دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىر بۇردا نانغا زار بولۇپ ئازاب تارتىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇمىساق، بەخت پەيزىنى سۈرگەن چېغىمىزدا ھەر خىل ئاپەت سەۋەبىدىن تۇتاشقان قوللارنىڭ بارا - بارا بوشاپ ئاجرىلىۋاتقىنىنى ئۇنتۇمىساق... مانا بۇ ئاددىي ئويلىرىمىز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزمۇ مۇھەببەتكە قەلبخانىمىزدىن ئورۇن بەرگەنلىكىمىزنىڭ نىشانى. چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىۋەرمەيدۇ. بىر دانە چىراغنىڭ خىرە نۇرى قاراڭغۇنى يورۇتالمىسىمۇ قەھرىتان كېچىدە يول ماڭغۇچىغا بىرئاز جۇرئەت ۋە ئىللىقلىق ئاتا قىلالايدۇ. دوستۇم، شۇڭا «دۇنيا مېھىر - مۇھەببەتكە تولسۇن» دېسەك، قولىمىزدىن كېلىدىغان مېھىر - مۇھەببەتنى ئايىماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى ئادەم دۇنيادا يەككە - يېگانە ياشىمايدۇ. «ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم»، «كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىدۇ» ئەمەسمۇ؟! سىز مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشمەي دېسىڭىز، باشقىلارغا مۇھەببەت ئاتا قىلىڭ. چۈنكى ئەتراپىڭىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر نانغا، نۇرغۇن كىشىلەر قانغا، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر جانغا موھتاج. خۇشاللىققا ئېرىشمەي دېسىڭىز، باشقىلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىڭ. چۈنكى

سىز باشقىلارغا بىر كىشىلىك مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىسىڭىز، بىر كىشىلىك خۇشاللىققا ئېرىشىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادىمىيلىكىڭىز ۋە ھۆرمىتىڭىزمۇ كۆنسېرى ئېشىپ بارىدۇ. «ئالىمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» بار ئەمەسمۇ؟ ھەممەيلەن مېھىر گۈللىرىمىز بىلەن ھايات بوستانىمىزنى خۇش پۇراق ۋە رەڭدارلىققا ئىگە قىلساق، دۇنيا تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ كەڭرى ۋە تېخىمۇ ئىللىق بىلىنىدۇ.

## ھاياتلىق كۈيى

جەمىلە ئابلىز

(نەسر)

*مۇھەببەتمۇ ئۇلۇغ بىر مەكتەپ،*
*ئاشىقلىقنى سۆزلەيدۇ ھەق دەپ.*
*يازغانلىرى ۋاپا دەستۇرى،*
*قىلغانلىرى قەدىمدىن ھەق گەپ.*

ــ مۇھەممەتجان راشىدىن

ئەتراپتا تىۋىش يوق، تېپتىنچ سۈكۈناتتا تولغان جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە، ھاياتلىق كۈيىمۇ سۈكۈت ئىچىدە تۇرماقتا.

مەن قولۇمدىكى سازىمنى ياڭرىتىپ بۇ تىمتاسلىققا خاتىمە بەرمەكچى بولدۇم. بۇ سازنى مەن مۇھەببەت بوستانىدىن، بۇلبۇللار ماكانىدىن ئېلىپ كەلگەن. مېنىڭ بۇ ھايات مەنىسگە تەڭشەلگەن كۈي ـ سازىم ناھايىتى مۇڭلۇق. قېنى ئەمسە مەن چالاي، سىز ئاڭلاڭ. مەن ئۇنى سىزگە كۈيلەر ئىچىدىكى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىپادىلەي، قەلبىم قوينىغا پاتمايۋاتقان ھاياجىنىم سىز بىلەن ئورتاقلاشسۇن. بۇ ساز ئوتلۇق مۇھەببەت رىشتىگە قەلبداش، تارىسى ھاياتتىكى ئاشۇ قىممەتلىك مۇھەببەتكە قېرىنداش. بۇ كۈي مۇڭلۇق سازىمدىن، ھايات داۋانلىرىدىن «چۇشەنچە» دۇردانىلىرى تۆكىدۇ.

كامالەت تەختىدە ئولتۇرغان دانا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى يىراق ـ يىراقلارغا تىكىپ خىتاب قىلدى:

ــ مۇھەببەت ــ ھاياتقا ھايات، يېڭى مەنە ئاتا قىلغۇچى قۇدرەت ئىلاھى.

ئىشقى پىراقىنىڭ گۈلخانىدا يۈرىكى پۇچۇلانغان سەۋدايى خورسىندى:

ــ مۇھەببەت ئاراملىق بۇزغۇچى. گۆدەكلىك شادلىقنى ئوغرىلىغۇچى. بىر شادلىقنى قەتل قىلىپ، يەنە بىر شادلىقنى ئاپىرىدە قىلغۇچى لەززەتلىك مەي.

دەرۋىش گەدىنىنى قاشلاپ غۇدۇردى:

ــ مۇھەببەت بىر مەۋھۇم نەرسە، مەۋھۇم نەرسىگە چوقۇنۇش ئوخشاشلا ئەخمەقلىق. مۇھەببەت شەيتان، ئەقىلنى بۇلغاپ، جەننەت ھۇزۇرىدىن تەرك ئەتكۈزگۈچى ئىبلىس.

ئېغىر سوئاللارغا ئىچىدە ئۇلۇغۋار ھېسسىياتقا تولغان ئانىسى بولۇۋاتقان شائىر پىچىرلىدى:
— مۇھەببەت گۈزەللىك ئىلاھىنىڭ مۇقەددەس لىرىكىسى، ناخشىنىڭ بۇلىقى، بەختنىڭ ئانىسى، ھاياتلىقنىڭ ئۆزۈلمەس رىشتىسى.
بىر كىچىك بالا ھەيرانلىق ئىلكىدە ۋارقىرىدى:
— مۇھەببەت يەيدىغان نەرسىمۇ؟
ھەي...
ئاگلا، ئەي ھايات! مېنىڭ قولۇمدا ياڭراۋاتقان بۇ مۇڭلۇق ساز سەن بەرگەن چۈشەنچىدىنمۇ ئۇلۇغ، پاك ھەم مۇقەددەس.
مەن بۇ مۇقەددەس سازىمنى مېھرىبان ئانىنىڭ پەرزەنتىگە باققان مۇلايىم كۆزلىرىگە، ئۇستازنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا بەرگەن ئىللىق تەبەسسۇمىغا، دوستىنىڭ قىيىنچىلىقى ئالدىدا ئۆزىنى بېغىشلىغان پىداكارانە روھقا، نومۇسچان قىزنىڭ يىگىتى ئالدىدا يەرگە تۆۋەن بېقىشلىرىغا، ئانا يۇرتتىن ئايرىلىپ مېڭىشقا قىيمىغان سەپەرچىلەر كۆزلىرىدىكى لىغىرلىغان سۈپسۈزۈك ياشقا قاراپ، ھايات كۆيىدىكى ئەڭ يېقىملىق بولغان مېھىر - مۇھەببەت سازىنى كائىناتقا ياڭرىتىمەن.
ئاڭلىغىن، تازا بېرىلىپ ئاڭلا! ھەربىر مەزمۇندىكى يېقىملىق كۈي-مۇڭلارنى زەن سېلىپ ئاڭلىغىن. بەلكىم سەن مېھىر - مۇھەببەتتىن ئىبارەت مۇڭلۇق سازنى ئۆزۈڭ سەزمەيلا ياقتۇرۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن.
ئانا - بالا مۇھەببىتى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ بۈيۈك مۇھەببەتتۇر. سەن تەپەككۇر تولپىرىڭنى ئەركىن چاپتۇرۇپ كۆرسەڭمۇ ھايات يولۇڭغا كۈي قوشقان بۇنىڭدىن ئارتۇق سازنى تاپالمايسەن.
مەدەنىيەت چولپىنى بولغان ئۇستازلارنىڭ دىلى ھەممىدىن مېھرىبان، چوڭقۇر ۋە پايانسىز. ئۇلارنىڭ يۈرىكى مېھىر - مۇھەببەت نۇر چېچىۋاتقان قۇياشتەك ئىللىق. ئۇستاز قامىتى ئۆزىنىڭ سالماق سىماسى بىلەن سەرۋىدەك كۆرۈنۈپ، كۆزلەرگە زەبەردەسلىك سىماسى بەرسە، باسقان ھەر قەدەم، ھەر سۆزى ئارقىلىق گۈزەل ئەخلاقنى نامايان قىلىدۇ. ئۇستاز روھىنىڭ سىمفونىيەسى مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ ئىزباسارلىرىنى پارلاق كېلەچەككە ئۈندەيدۇ.
قىيىنچىلىق ئالدىدا يار - يۆلەك بولۇپ ماياكلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان دوست ھاياتلىق سەپىرىڭىزدىكى ھەمراھىڭىز. دوستلۇق مېھىر - مۇھەببىتى ھاياتلىق يولىڭىزدىكى نۇرلۇق ئابىدە. ئۇ سىز ئۈچۈن تىنىمسىز سايرىغان ئۆزۈلمەس مۇڭ.

غېرىب دەردىنى غۇربەتتە ئادادىن سورا،
ۋىسال قەدرىنى ئاشىق ئادادىن سورا.
ۋەتەنسىز ھاياتتا نە مەنە، نە تەم،
بۇنى ئۆز ئېلىدىن جۇدادىن سورا.

ئىنسان ئاتالماق ئاسان، ھەقىقىي ئىنسان ئاتالماق بەكمۇ قىيىن. ئانا تۇپراقتا كۆچەت بولۇپ يېتىلمەك ئاسان، ئانا ۋەتەن ئېتىكىگە مېۋە بولۇپ تۆكۈلمەك قىيىن. ۋەتەن

مۇھەببىتى مۇقەددەستۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەربىر ۋەتەن پەرزەنتى ئانا ۋەتىنىنى ئالدىدىكى پەرزىنى ھەم قەرزىنى تولۇق ئادا قىلىشى تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى ئۇ بەك ئۇلۇغ. ۋەتەن قوينىدىن تارالغان كۈي بارلىق بەختنىڭ ئىللىق ئۇۋىسى.

قىز - يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت يىگىتنىڭ ۋىجدان، غۇرۇرى، مەردلىكى، ئېتىقادى بىلەن قىزنىڭ پاك، ساپ قەلب يوغۇرۇلمىسىنىڭ مەھسۇلى. بۇ خىل مېھىر - مۇھەببەت ئەڭ يارقىن، ئەڭ گۈزەلدۇر. بۇنىڭدىن ئۇرغۇغان مېلودىيە ئاجايىپ سېھىرگە تولغان چۈچۈمەل لىرىكا......

ھە، ئەمدى بولدى. قارىغە «مۇھەببەت» چۈشەنچىلىرىگە ئىگە بولغانلارغا! ئۇلار خۇشاللىق، ئىناقلىق، ھەمدەملىك مېھىر - مۇھەببىتى ئۇرغۇغان كۈيلەردىن رازى بولىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىكەنلىكىنى، مۇھەببەتكە تولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئىسسىق مېھىر - مۇھەببەتنىڭ گۈزەل تۇيغۇلارنى جانلاندۇرۇپ ھەمدە قاناتلاندۇرۇپ خۇشاللىقا ئايلاندۇرغانلىقىغا ئاپىرىنلار ئوقۇدى.

گۈزەل مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان دۇنيانى كۆرگەندە، ئۇنىڭ مۇڭلۇق سازىنى ئاڭلىغاندا، ئۇلار قانداقمۇ خۇشال بولماي تۇرالىسۇن؟

بۇ ھايات كۈيىدىكى مېھىر - مۇھەببەت مۇڭلىرى ياڭرىسا جاھاننىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلۇپ، ئىنسانلار خۇشال - خۇراملىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

بۇ مۇڭ ئالەم دەرۋازىسىنى ئېچىپ، چوغدەك قۇياش نۇرى ۋە نازاكەتلىك تولۇن ئاي يورۇقى چاچقۇزالايدۇ؛ قاماپ قويۇلغان بۇلبۇلنى قەپەستىن ئازاد قىلىپ، چاھار باغنىڭ ئىشىكىنى ئۇلۇغ ئېچىپ، شاد - خۇراملىق ئېلىپ كېلىدۇ؛ ئىنسانلار ئەقىل - پاراستى روناق تاپىدۇ. بۇلارسىز ھايات كۈيىگە خۇشاللىق نېسىپ بولمايدۇ.

## ئىنسان مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج

تۇرغۇنجان ئابلىمىت
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«سۆيگۈسىز ئادەم، ئادەم ئەمەس.»*

— قابۇس

كىشىلىك تۇرمۇش دولقۇنلۇق دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئىنسان مۇشۇ دېڭىزدا، دولقۇنلار ئارىسىدا تىنىمسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كېمە. بۇ كېمە سەپەر جەريانىدا قاتتىق بوران - چاپقۇنلارغا، كۈچلۈك دېڭىز دولقۇنىنىڭ سىلكىشىگە ئۇچرايدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ بىر يەلكەنگە موھتاج بولىدۇ، خوش، ئۇنداقتا يەلكەن زادى نېمە؟

بۇ يەردىكى يەلكەن دەل چىن ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتتۇر. چۈنكى ئادەم

ئۇڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا باشقىلارنىڭ تەسەللىسىگە، مېھىر - مۇھەببىتىگە ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاج بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى ئويلايدۇ. ئادەم ئۆزى كۈتكەندەك تەسەللى ۋە مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشەلىسە، ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىدۇ، شۇنداقلا دۇنيادا يەنىلا ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى بولغان ئائىلىدىمۇ شۇنداق، ئاتا - ئانىمىزنىڭ، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە، ئۇلارنىڭ كۆيۈنۈشىگە، غەمخورلۇق قىلىشىغا موھتاج بولىمىز. خۇددى يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» رومانىدا يېزىلغاندەك «بايلىق، مەنسەپ ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولسىمۇ، بەختنىڭ مەنبەسى ئەمەس، نامرات ئائىلىدە بەخت بولىدۇ، ئۇنى مىليون دوللار بىلەنمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، كاتتا ئائىلىدىمۇ بەختسىزلىك بولىدۇ، ئوخشاشلا ئۇنى پۇل بىلەن يوقاتقىلى بولمايدۇ. بەختنىڭ مەنبەسى قەلب. بىر - بىرىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغان جانلار بىر ئۆيگە جەم بولسا، ئۇ ئۆيدە بەخت دەريا بولۇپ ئاقىدۇ، بىر - بىرىنى شوتا قىلىش كويىدىكى ئادەملەر بىر ئۆيگە جەم بولسا، ئۇ ئۆيدە بەخت تامچىسىمۇ بولمايدۇ، بالايىئاپەت كەلكۈن بولۇپ ئاقىدۇ. شۇڭا ھايات، بەخت دېگەنلەر، ھەم مۇرەككەپ، ھەم ئاددىي چۈشەنچە، مۇرەككەپلىكى ئېرىشمەكنىڭ تەسلىكى، ئوڭايلىقى ئۇنىڭ كونكرېت ئىكەنلىكى...»

يەنە مىسالغا ئالساق، بىر كۈنى مۇۋەپپەقىيەت، بايلىق، مېھىر - مۇھەببەت ئۈچى بىرلىكتە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن بىر يەرگە كەپتۇ ۋە مەسلىھەتلىشىپ شۇ يەردە قونۇپ قالماقچى بولۇپ، بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. ئۆيدىن بىر بوۋاي چىقىپ ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپتۇ. مۇۋەپپەقىيەت بوۋايغا ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەردە قونماقچى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرىنىلا تاللىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ. بوۋاي ئۇزاق ئويلىنىپ، مۇۋەپپەقىيەتنى ئېلىپ قالماقچى بوپتۇ، دەل شۇ چاغدا ئۆيدىن بىر موماي چىقىپتۇ ۋە ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن بايلىقنى تاللاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي بىلەن موماي پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەپتۇ - دە، تاللاش ھوقۇقىنى كېلىنىگە بېرىپتۇ، كېلىنى چىقىپلا مېھىر - مۇھەببەتنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىشىگىلا بايلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەتمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۆيگە كىرىپتۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مېھىر - مۇھەببەت بەختنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى. مېھىر - مۇھەببەتسىز بەختنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مېھىر - مۇھەببەت بىزگە دۇنيانىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ. ئۇ ئىنسان قەلبىنى ئىللىتىدۇ، كىشىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا ھەممىمىز مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج.

# مېھىرلىك ئالەم

ئابلىكىم شەمشى

(نەسر)

تۈن كېچە. جىمى مەۋجۇدات غەپلەت ئۇيقۇسىغا بېشچىلا كىرىپ بولغان چاغ. پەقەت دېرىزە كۆزنەكلىرىدىن قىستىلىپ كىرىپ خىياللىرىمنى ئۆزىگە تارتىۋاتقان ئاي نۇرى ۋە مەنلا ئويغاق.

— دۇنيا نېمە بىلەن گۈزەل؟ — سوئال قويىدۇم ئۆزۈمگە. ئىچىمنى بىرھازا تىڭشاپ ياتقان بولساممۇ، لېكىن قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم. شۇ دەمدە چۈچەكلەردىكىدەك ئاپپاق ساقاللىق، ئەۋلىيا سۈپەت بوۋايدىن بىرىگە يولۇقۇپ قالسامچۇ! ئۇنىڭدىن دۇنيانىڭ مەن ھېس قىلىپ يەتمىگەن ئاجايىپ-غارايىپ، سىر ھەقىقەتلىرىنى بىلىۋالسام...

تەسەۋۋۇر كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ئۆزۈممۇ خىيال قىلىپ باقمىغان بىر ياپيېشىل يايلاققا باردىم. سان - ساناقسىز قوي - كاللار مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. لېكىن قوي پادىلىرىنى تۇكلىرى پاخپايغان بىرنەچچە ئىت قورشاۋغا ئېلىپ يۇرۇۋاتاتتى، «توۋا» دېدىم ئىچىمدە.

— سىلەرنىڭ سانىڭلار نېمانچە كۆپ؟ سىلەر مۇشۇنداق كۆپىيىۋەرسەڭلار بۇ چەكلىك يايلاققا قانداقمۇ پاتىسىلەر؟ ئىتلارنىڭ سانى نېمانچە ئاز؟ سىلەر شۇنچە كۆپ تۇرۇپ يەنە ئىككى - تۆت تال ئىتتىن قورقۇپ يۈرىدىكەنسىلەر؟ — دەپ سورىدىم بىر قېرى قويدىن.

— بىزنىڭ سانىمىز بىلەن ئىتلارنىڭ سانىنىڭ بۇنچىلىك پەرقلىق بولۇشىدىكى سەۋەب، قوزا تۇغۇلۇشى بىلەن بىز ئۇنىڭغا مېھىر - مۇھەببەتنى سىڭدۈرىمىز. لېكىن قاتتىق قول كېلىمىز. مەسىلەن، قوزا تۇغۇلۇشى بىلەن ئۇنى بىز بىلەن بىللە مېڭىپ، ھەرىكەت قىلىشقا زورلايمىز. لېكىن ئىتلار بولسا كۈچۈكلىرىنى ئاغزىدا ئۇيىدىن - بۇيانغا يۆتكەپ يۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. قوزىلار ئانىسىنى ئەمگەندە ئانىسىنىڭ ئاستىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ ئېمىدۇ. بۇ ئانىسىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمەتنىڭ تۈرتكىسىدىن بولغان. لېكىن ئىتلارچۇ؟ بىرقانچە كۈچۈك ئانىسىنى تېگىگە بېسىپ تۇرۇپ ئېمىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئىنسانلار تەرىپىدىنمۇ كەمسىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى يامان ئىشلارغا سالىدۇ. ئۇلارنىڭ سانىمۇ كۆپەيمەيدۇ. بىز بولساق كىچىكىمىزدىن شۇنداق ياۋاش، چىقىشقاق بولغاچقا، سانىمىز شۇنداق كۆپ. چۈنكى بىزنىڭ ئارىمىزدا مېھىر - مۇھەببەت بار. بىزنى ئىنسانلار شۇنچە كۆپ ئىستېمال قىلىپ تۇرسىمۇ، يىلدا بىردىن تۇغساقمۇ، بىرنەچچىنى كۈچۈكلەيدىغان ئىتنىڭ ساندىن كۆپ ئېشىپ كېتىمىز. ئەمدى ئۇلارنىڭ قورشاۋىدىن چىقماي يۈرۈشىمىزگە كەلسەك، بىزنىڭ غوجىلىرىمىز بىزنى يىرتقۇچلارنىڭ، قىش-قەھرىتانلاردا سوغۇقنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بەدىلىگە بىزدىن ئانچە - مۇنچە ئىستېمال قىلىپ تۇرىدۇ، بۇ نورمال ئەھۋال. ئىتلار بولسا ئىگىلىرىمىزنىڭ بىزنى ياۋا يىرتقۇچلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن قويغان قوروقچىسى. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ مۇھاسىرىسىدىن چىقماي بىخەتەر ياشايمىز.

قېرى قوينىڭ بايانلىرى خىيالىمنى تەسەۋۋۇر دۇنياسىدىن رېئال دۇنياغا باشلاپ كەلدى. راست بىز ئىنسانلارنىڭ سانىمۇ خىيالىمدا ئەسرالاشقان ئاشۇ قويلارنىڭ سانىدىن قېلىشمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ناھايىتى مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، مېھىر - مۇھەببەتلىك. مەۋھۇم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مېھىر - مۇھەببەتنىڭ تۆرتكىسىدە ئىنسانلار نەچچە مىليون يىللاردىن بۇيان كۆنسېرى كۆپىيىپ كەلدى. لېكىن ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ يەنە شۇ ئىتنىڭ خۇيىنى ئالغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ياشىماقتا. ئەجەبا ئۇلار كىچىكىدە ئانىسىدىن مېھىر - مۇھەببەت تەربىيەسى ئالمىغان بولغىيمىدى؟

خىياللىرىم ئۈزۈلدى. دۇنيا ئاشۇنداق مېھىر - مۇھەببەت ئىچىدىلا ئاندىن گۈزەل بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟!

## دۇنيا مېھىر - مۇھەببەتكە تەشنا

ئابدۇۋەلى ئابلىمىت
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ئەلگە ياخشىلىق قىلغىنىڭ، كۆكتە پەرۋاز قىلغىنىڭ.»*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

دۇنيادا مېھىر - مۇھەببەت بولمىسا، گۈزەل باغۇبوستانلارمۇ، ئازادە، كۆركەم بېزەلگەن ئېسىل تۇرالغۇ - ئۆيلەرمۇ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۈزەل شەھەرلەرمۇ، داڭلىق ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىمۇ گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەلمەيدۇ. ئەگەر ئاشۇ گۈزەل شەھەرلەردە سىز ھېچكىمنى تونۇمىسىڭىز، ھېچكىم بىلەن دوستانە ئۆتمىسىڭىز، ئەتراپىڭىزدا سىزنى ھۆرمەتلەيدىغان، كۆيۈنىدىغان كىشىلەر بولمىسا، شۇنچە چىرايلىق شەھەرمۇ سىزگە گويا لەھەتتەك سوغۇق كۆرۈنىدۇ، بۇ شەھەردە تۇرغىڭىز كەلمەيدۇ. سىز گەرچە ئېسىل تۇرالغۇ ئۆيلەردە ياكى داچىلاردا تۇرسىڭىزمۇ، ئائىلىڭىزنىڭ ئەزالىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز ۋە ئەتراپىڭىزدىكى قوشنا - قولۇملىرىڭىز ئارا ئىناق ئۆتمىسىڭىز، ئاراڭلاردىكى مېھىر - مۇھەببەت سۇس بولسا ياكى بولمىسا، شۇ ئېسىل ئۆيىڭىزمۇ سىزگە مۇدھىش، خارابە كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە سىز نۇرغۇن پۇل خەجلەپ داڭلىق ساياھەت ئورۇنلىرىغا بارغىنىڭىزدا، شۇ يەردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ سىزگە قىلغان مۇئامىلىسى قىزغىن، مۇلازىمىتى ئەتراپلىق، كۆڭۈلدىكىدەك بولسا، ئۇ يەر سىزگە ھەقىقەتەن گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلالايدۇ، كۆرگەنسېرى كۆرگىڭىز كېلىدۇ. ئۇ يەردە تېخىمۇ ئۇزۇنراق تۇرغىڭىز كېلىدۇ، يەنە قايتا كېلىپ ساياھەت قىلغۇڭىز كېلىدۇ، ھەتتا بۇ يەردىن كەتكۈڭىز كەلمەي قېلىشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، قىلغان ساياھىتىڭىزگە، خەجلىگەن پۇلىڭىزغا رازى بولىسىز، ھاردۇقىڭىز چىقىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى ناچار، مۇلازىمىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاندا، ھەرقانداق چىرايلىق مەنزىرىلەرمۇ سىزگە ئادەتتىكىدەك، ھەتتا كۆرۈمسىز

بىلىنىدۇ. ئاجراتقان ۋاقتىڭىزغا، خەجلىگەن پۇلىڭىزغا رازى بولمايسىز، ھاردۇقىڭىزمۇ چىقمايدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەم ھەر ۋاقىت باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە، ئېتىبار بىلەن قارىشىغا موھتاج بولىدۇ. كىشى باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلىسە، شۇنداقلا ئەتراپتىكى مېھىر - مۇھەببەتتىن بەھرىلىنەلىسە، ئاندىن دۇنيا گۈزەل كۆرۈنىدۇ.

ئەگەر بىر كىشىنىڭ شۇنچە كۆپ مال - دۇنياسى بولۇپ، ئۇنىڭ يېقىن ئەل-بۇرادەرلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، باللىرى بولمىسا، ياكى ئۇرۇق - تۇغقان، بالا-چاقىلىرى ئىچىدىكى بىرەرسى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسا، شۇنچە پۇلدار ئادەممۇ ئۆزىنى ئىنتايىن غەمكىن، نامرات ھېس قىلىدۇ، مال - دۇنياسىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلەلمەيدۇ. ئەگەر بىر مېيىپ - ئاجىز ياكى كەمبەغەل كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل-بۇرادەرلىرى ئەتراپىدا پاي - پېتەك بولۇپ، ئۇنى قەدىرلەپ يۆلىسە، ئۇ ئادەم ئۆزىنى يەنىلا بەختلىك، باياشات ھېس قىلىدۇ، بەخت ئاسمىنىدا ئەركىن ئۇچالايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىزدە، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىپ، شۇ جايلاردىكى نۇرغۇنلىغان خەلقنى غايەت زور زىيانغا ئۇچراتتى. نۇرغۇن خەلق ئۆي - ماكانلىرىدىن، بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن، مال - دۇنياسىدىن ئايرىلدى؛ مەسىلەن، 2008 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئېلىمىزنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنچۈەن، بېيچۈەن قاتارلىق جايلىرىدا تۇيۇقسىز سەككىز بال قاتتىق يەر تەۋرەپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە نۇرغۇن تۇرالغۇ ئۆي، مەكتەپ، دوختۇرخانا... قاتارلىقلار گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ، سانسىز جان خارابىلىك ئاستىدا قالدى؛ 2010 - يىلى 4 - ئايدا چىڭخەي ئۆلكىسى يۈشۇ ناھىيەسىدە يەتتە بالدىن ئارتۇق قاتتىق يەر تەۋرەپ، نۇرغۇن خەلق جانلىرىدىن، ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا شۇنداقلا باشقا دۆلەتلەردە ئارقا - ئارقىدىن ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىپ نۇرغۇن خەلقنى زىيانغا ئۇچراتتى.

تەبىئەت رەھىمسىز، ئەمما ئادەملەر رەھىمدىل! شۇنداق! ئاپەت ئۇلارنى ئۆي-ماكانىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىدى. بىراق، مىليونلىغان ئوتلۇق يۈرەكلەر، ئاشۇ بىچارە خەلقنىڭ يۈرىكى بىلەن بىللە سوقتى. ئۇلار ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە پۇل، كىيىم - كېچەك قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى ياردەم قىلدى. ئۇلارنىڭ ياردەم قىلغىنى پۇل قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارلا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى، مىننەتسىز مېھىر - مۇھەببىتى. كەڭ مېھنەتكەش خەلقنىڭ ياردىمى، مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق دۇنيانىڭ ئىللىقلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى ھەمدە بۇنىڭدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ، يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرۇشقا ئاتلاندى. شۇڭا، ھەممىمىز بۇ قىسقىغىنا ھاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزمەكچى بولىدىكەنمىز، ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، بىر - بىرىمىزگە كۆڭۈل بۆلۈپ، مېھىر - مۇھەببەتنى قانات قىلىپ ياشىساقلا، بۇيۈك مەقسەتكە يېتەلەيمىز، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايمىز. چۈنكى، دۇنيا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن گۈزەلدۇر.

# بىز مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج

مېھرىبۇللا مەتبارات
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*مۇھەببەت ۋە مۇرۇۋۋەت ئىنسانلىقتۇر،*
*غەزەپ ۋە خىرىس ھايۋانلىقتۇر.*

— جالالىدىن رۇمى

بىز ئىنسانلار ئورتاق بىر جەمئىيەتتە ياشايمىز، ھېچكىمنىڭمۇ جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەڭ ئاددىيسى خۇددى بىر قازان ئاش ئەتمەكچى بولساق، قۇيمىچىدىن قازان، جۇۋازچىدىن ماي، قاسساپتىن گۆش ئالغىنىمىزدەك، چوقۇم بىر - بىرىمىزگە ھاجەتمەن بولۇپ ياشايمىز، كۈچ - قۇدرىتى ئىنتايىن زور، مال دۇنياسى ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

خوش، ئۇنداقتا كىشىلەرنى مۇشۇنداق بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغۇچى كۈچ زادى نېمە؟ بۇ سوئالغا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بېرىدىغان جاۋابى ئوخشاش ئەمەس، مېنىڭچە بولسا بۇ كۈچ — ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجى بىلەن مەنىۋى ئېھتىياجىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ماددىي ئېھتىياج كىشىلەرنىڭ ياشاش جەريانىدا كېرەك بولىدىغان ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى باشقىلاردىن ئېرىشىشنى ۋە ياكى ئۆز ھاياتىنى قامدىيالايدىغان ئەڭ ئادەتتىكى شارائىتقا ئېرىشكەندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ياشاش، تېخىمۇ راھەتتە ئۆتۈش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ماددىي بۇيۇملارغا ئېرىشىشنى تەقەززا قىلىشتىن ئىبارەت. مەنىۋى ئېھتىياج بولسا كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج بولۇشى، ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن بىر - بىرىدىن مەنىۋى جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈشنى، كۆيۈنۈشنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت بولغان مەنىۋى تەقەززالىق بولۇپ، بۇنى يەنە ئاددىي قىلىپ مېھىر - مۇھەببەتكە بولغان موھتاجلىق دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

ئۇنداقتا كىشىلەرنىڭ ئايرىلماي بىر گەۋدە بولۇپ ياشىشىدا قايسى خىل ئامىلنىڭ رولى ئەڭ چوڭ؟

بىز بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن مۇنداق بىرقانچە مىسالنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: بىر گېزىتتە مۇنداق بىر خەۋەر بېرىلگەن: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياپونىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىنىڭ بىر باشلىقى قول ئاستىدىكى ئۈچ نەپەر ئەسكەرگە ۋىيېتنامدىكى بىر ئورمانلىققا يوشۇرۇنۇپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىشنى، ئۆزىنىڭ رۇخسىتىسىز ھەرگىز ئورمانلىقتىن ئايرىلماسلىقنى بۇيرۇپتۇ، ئەسكەرلەر بۇيرۇق بويىچە ئورماندا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىپتۇ، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ۋىيېتنامدىكى ياپون تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىمۇ تەسلىم بولۇپ دۆلىتىگە قايتىپتۇ. بىراق، ھېلىقى ئۈچ نەپەر ئەسكەرگە ھېچكىم خەۋەر قىلمىغانلىقى ئۈچۈن

داۋاملىق ئۇرۇش قىلىۋېرىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ، يەنە بىرسى ۋىيېتنام ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە قۇربان بوپتۇ، يەنە بىرسى ئۆزىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى قالمىغاندا ئوۋ ئوۋلاپ، ياۋا مېۋىلەرنى يەپ هايات كەچۈرۈپ، 30 يىلغىچە ئورمان ئىچىدە ھەر خىل تۇزاق - قاپقانلارنى قۇرۇپ نۇرغۇن ۋىيېتنام ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپتۇ. بىر ئېكسپېدىتسىيەچى بۇنى بايقىغاندىن كېيىن ئاسماندىن تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ ياپونىيەنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، بىراق بۇ ئەسكەر بۇنىڭغا ئىشەنمەي ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئېكسپېدىتسىيەچى ياپونىيەگە بېرىپ، بىر ئاماللار بىلەن ھېلىقى ھەربىي باشلىقىنى تېپىپ ئۇنى بىللە ئېلىپ كەپتۇ، ھېلىقى ئەسكەر بولسا باشلىقىنىڭ تەسلىم بولۇش بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئورمانلىقتىن چىقىپ تەسلىم بوپتۇ. مانا بۇ يۈكسەك مەسئۇلىيەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتى.

ئەمدى بىز يەنە مۇنداق بىر مىسالنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: مەلۇم تور بېكەتتە ئېلان قىلىنىشىچە، ياپونىيەنىڭ بىر ئورمانلىقىدىن ساقچىلار ھەر يىلى ئۆلۈۋالغان نەچچە يۈز كىشىنىڭ جەسىتىنى تاپىدىكەن، ئامېرىكىدىكى ئالتۇن كۆۋرۈكتىمۇ نۇرغۇن كىشى ھەر يىلى ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈۋالىدىكەن. كورېيەدىمۇ بىرقانچە مەشھۇر چولپانلار مەنىۋى جەھەتتىن يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئانالىز قىلىنىشىچە، ئۆلۈۋالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان، مېھىر - مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولالماي، دۇنيادىن، ھاياتتىن بىزار بولۇپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغانلار ئىكەن.

ئالىملار مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈك ھەم قىزىقارلىق بولغان مۇنداق بىر خىل تەجرىبىسىنى ئىشلىگەن، يەنى ئالىملار ئوخشاش بىر خىل ئىستاكانغا ئوخشاش مىقداردا تەركىبى ئوخشاش بولغان ئىككى ئىستاكان سۇ ئالغاندىن كېيىن، بىرىنچى ئىستاكان سۇغا ناھايىتى ئەدەپلىك، يېقىملىق، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان گەپلەرنى قىلغان، نەتىجىدە بۇ ئىستاكاندىكى سۇنىڭ كىرىستاللىششى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېسىل ھالەتكە كىرگەن. يەنە بىر ئىستاكاندىكى سۇغا ناھايىتى سەت گەپنى قىلىپ، ئۇنى ئاچچىقلاپ تىللىغان، نەتىجىدە بۇ ئىستاكاندىكى سۇ ناھايىتىمۇ بەتتام، كىرىستاللىشىش دەرىجىسىمۇ ئىنتايىن ناچار بىر ھالەتكە كەلگەن.

يېقىندا ئۇلىنىش توردا مۇنداق بىر خەۋەر بېرىلدى: ئەنگلىيەلىك بىر ياش ھىندونېزىيەگە كەلگەندىن كېيىن، بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلەشكەن، بىراق توي قىلىدىغان كۈنى يىگىت مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئۈسۈملۈك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان، رەسمىيەت بېجىرىش ناھايىتى دۈرەككەپ ھەم تەس بولغانلىقتىن، بۇ قىز ئەنگلىيەگە بارالمىغان، ئەمما ھېلىقى يىگىت ئېلىپ كېتىلگەن. قىز بىر كۈنى ناھايىتى ئازابلىنىپ بولغۇسى ئېرىگە تېلېفون قىلغان، ھېلىقى يىگىتنىڭ دادىسى تېلېفوننى ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا تۇتۇپ تۇرغان، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئۈسۈملۈك ئادەم بولۇپ قالغان ھېلىقى يىگىت قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزىدىن ياش ئاققۇزغان، ئالىملار بۇنىڭغا ئىنتايىن ھەيران قالغان ھەمدە بۇنى پەقەت مۇھەببەتنىڭ كۈچى دېيىش مۇمكىن دېگەن.

بۇ مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىشىلىك ھاياتتا ئادەملەر ئۆزىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى بىر ئاماللارنى قىلىپ قامدىيالايدۇ، ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى، قەلبى مۇھەببەتكە تولغانىكەن ئۇ ھامان كۈچ - قۇدرەتكە ئېرىشەلەيدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ مېھر - مۇھەببەتكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرالمىغان كىشىلەر ماددىي جەھەتتىن ناھايىتى باي بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

خەلقىمىز ئارىسىدىمۇ مېھر - مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى، رولىنىڭ چوڭلۇقى ھەققىدە نۇرغۇن ئىبرەتلىك ماقال - تەمسىل، ھېكايە - چۆچەكلەر بار.

مەيلى بىز گاداي ياكى باي بولايلى، بىزدە مېھر - مۇھەببەتلا بولىدىكەن بۇ ئالەم شۇنچە گۈزەل! تۇرمۇشىمىز شۇنچە مەنىلىك بىلىنىدۇ.

# 2009 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر

**V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.** (جەمئىي 55 نومۇر بېرىلىدۇ)

بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

*ئەنگلىيەلىك ئالىم دالتون ئانىسىغا بىر جۈپ پايپاق سوۋغا قىلغاندا ئانىسى: «بۇ يېشىمدا قانداقمۇ قىزىل پايپاق كىيىپ يۈرەلەيمەن» دېگەن. باشقىلارمۇ پايپاقنىڭ قىزىل رەڭدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئەمما، دالتوننىڭ كۆزىگە پايپاق كۆك رەڭدە كۆرۈنگەن. شۇ ۋەقەدىن كېيىن دالتون ئۆزىنىڭ رەڭ سېزىمدە مەسىلە بارلىقىنى ھېس قىلغان. ئۇ ئىككى يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، 1794 - يىلى «كۆرۈش سېزىمىدىكى غەيرىلىك» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ماقالىسىدە بۇ خىل كېسەللىكنى «رەڭ قارىغۇسى كېسەللىكى» دەپ ئاتاپ، تېببىي ئىلىم نەزەرىيەسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان.*

*ياپونىيەلىك ۋەيران بولغان سودىگەر ئەنتىنىڭ بەيغۇ ئۇگرە ئاش سېتىش دۇكىنىنىڭ ئالدىدا كىشىلەرنىڭ داۋاملىق ئۆزۈن ئۆچرەت بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنى قايتا ئىگىلىك تىكلەشنىڭ پۇرسىتى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئون-ماي سېتىۋېلىپ، كىچىككىنە ئۆيىدە كۆنىگە يېگىرمە سائەتلەپ ئىشلەپ، بىر يىل تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئاخىر 1958 - يىلى دۇنيا بويىچە تۇنجى تەييار چۆپنى ياساپ چىقىدۇ. تەييار چۆپنىڭ دۇنياغا كېلىشى يېڭى بىر ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.*

*فرانسىيەلىك ئائىلە خىزمەتچىسى جولى كىيىم دەزماللاۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن كىيىمگە كىرسىن تۆكۈۋەتكەن. بۇ زىياننى تۆلەش ئۈچۈن ئۇ بىر يىل بىكارغا ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان. كېيىن ئۇ كىيىمنىڭ كىرسىن تۆكۈلگەن جايىنىڭ مەينەت بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئىلگىرىكى داغلارنىڭمۇ پاك - پاكىز چىقىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان. بۇ بايقاش ئۇنىڭ قۇرۇق يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى تەتقىق قىلىپ ياسىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەنئەنىۋى كىر يۇيۇش ئۇسۇلىغا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن.*

ماتېرىيال مەزمۇنىنى ئىگىلەپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

**تەلەپ:**

①نۇقتىئىنەزەر(مەركىزىي ئىدىيە) ئېنىق، پىكىر يۆنىلىشىڭىز توغرا بولۇشى كېرەك. ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ، ژانىرنى ئۆزىڭىز تاللاڭ(شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ)؛ ②ئەسىرىڭىز ماتېرىيالدا ئىپادىلەنگەن پىكىر تېمىسىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن؛ ③ماتېرىيالدا بېرىلگەن ئۇچۇرلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ماتېرىيالنى كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشىڭىزگە بولمايدۇ؛ ④ئەسەرنىڭ ئىدىيەسى ساغلام بولۇشى كېرەك؛ ⑤خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملاسى توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن. ھەجمى ئىككى

بەتتىن كەم بولمىسۇن؛ ⑥سالاھىيەتنى ئىپادىلەيدىغان ئادەم ئىسمى ۋە يەر-جاي نامىلىرىنى ×بىلەن ئىپادىلەڭ.

**ئۈلگە:**

## بايقاش — ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت

غېنىجان ئابلىكىم
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«بايقىساڭ تۇچمۇ ئالتۇن.»*

— «ھېكمەتلىك ھېكايەتلەر» دىن

دوستۇم سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ باققانمۇ؟ بۇ سوئالغا ئىككىلەنمەيلا شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىدىڭىز؟ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان نەرسە زادى نېمە؟ بۇ سوئالغا ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ھەر خىل جاۋابلارنى بېرىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا يېتەرلىك ئاساسى بار، ئەلۋەتتە. مېنىڭچە، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ئاساس بولىدىغان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ بايقاش. كىشىلەردە شەيئىلەر ۋە شەيئىلەرنىڭ ھەر خىل ھەرىكىتىگە نىسبەتەن مەلۇم بىر خىل بايقاش بولمىسا مۇۋەپپەقىيەت نەدىن كەلسۇن؟!

تارىختىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ئالىملىرىمىز ۋە داڭلىق شەخسلىرىمىزنىڭ غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى ۋە يېڭى كەشپىياتلارنى ئىجاد قىلىشىنى ئۇلارنىڭ بايقاش ئىقتىدارىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار باشقىلار بايقىمىغاننى بايقىغان، باشقىلار ئويلاپ باقمىغاننى ئويلىغان. بۇ خىل ئويلاش ۋە بايقاش ئۇلارنى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا ئايلاندۇرغان. داڭلىق فىزىكا ئالىمى نيۇتوننىڭ فىزىكا ساھەسىدىكى نەتىجىلىرى پۈتكۈل دۇنيا خەلقىگە تونۇشلۇق. نيۇتوننىڭ يەرنىڭ تارتىش كۈچىنى بايقىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر تەھلىل ئارقىلىق بايقاشتىن بارلىققا كەلگەن تەلىمات. نيۇتون مەلۇم بىر كۈنى ئالما دەرىخىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغاندا، تۇيۇقسىز بىر تال ئالما ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشىدۇ، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا نيۇتوننىڭ كاللىسىدا: بۇ ئالما نېمە ئۈچۈن شاختىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئاسمانغا چىقىپ كەتمەي يەرگە چۈشىدۇ؟ دېگەن ئىنكاس پەيدا بولىدۇ. ئۇ كۆپ ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئاخىرى يەر شارىنىڭ جىسىملارنى تارتىش كۈچىنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ. بۇ خىل بايقاشنى نيۇتون «يەرنىڭ تارتىش كۈچى» دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر نيۇتوننىڭ كاللىسىدا ئاشۇ سوئال شەكىللەنمىگەن بولسا، يەرنىڭ تارتىش كۈچىنى بايقىيالىشى ناتايىن ئىدى.

داڭلىق ئۇيغۇر كارخانىچى، «ئارمان» شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلا

بايقاشقا ماھىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ بىرى. رادىل ئابلا ئوزۇۇقلۇقشۇناسلىق كەسپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن مۇۋاپىق بىر خىزمەت تاپالمىغان. كېيىن جەمئىيەتنى كۆزىتىش ئارقىلىق قۇۋۋەت تالقىنىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ قۇۋۋەت تالقىنىغا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىقىنى، يەرلىك بادام، ياڭاق، ئۆرۈك مېغىزى قاتارلىقلاردىن قۇۋۋەت تالقىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بازارغا سالسا، ئالقىشقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن «ئارمان» نامى بىلەن قۇۋۋەت تالقىنىنى ئاساس قىلىپ دەسلەپكى تىجارىتىنى باشلىغان. ئۇ تىجارەت جەريانىدا نۇرغۇنلىغان مۇھىم ھالقىلارنى تۈزىتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان ۋە كۆپ تىرىشىش ئارقىلىق ئادەتتىكى بىر تىجارەتچىدىن داڭلىق بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورىغا ئايلانغان. ھازىر ئۇنىڭ شىركىتى يالغۇز دۆلەت ئىچىدىلا ئەمەس، چەت ئەللەردىمۇ داڭلىق شىركەت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر رادىل ئابلا قۇۋۋەت تالقىنىنىڭ جەمئىيەت تەرىپىدىن ئالقىشقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بايقىمىغان بولسا، «ئارمان» شىركىتىنىڭ بۈگۈنكىدەك شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى ناتايىن ئىدى.

دېمەك بايقاش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى مۇھىم ھالقا، بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك ئىقتىساد يەر شارىلىشىۋاتقان، رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان دەۋردە بايقاش ۋە بايقاش ئىقتىدارى تولىمۇ مۇھىم. كۆپىنچە كىشىلەر ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىدۇ، بىراق، ئاشۇ خىل ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغانلار تولىمۇ ئاز. ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلار دەل مۇھىم ھالقىنى بايقىيالىغانلار. سىز نېمىلا ئىش قىلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر قىلىۋاتقان ئىش ياكى قىلماقچى بولغان ئىشنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق، باشقىلار بايقىمىغان نەرسىلەرنى بايقاشقا ماھىر بولسىڭىزلا، ئۆزىڭىز ئويلاپمۇ باقمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى بايقاش — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ دەسلەپكى ئاساسى، كىشى قەدىر - قىممىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.

## بايقاش ۋە ئىجادكارلىق

خەيرىنىسا ئابدۇرېھىم

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«پۈتۈن دۇنيادىكى مەغلۇبىيەتنىڭ 75%تى تىرىشسىلا غەلىبىگە ئايلىنىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى بەل قويىۋېتىش، ۋاز كېچىش.»*

— ئېدىسون

ھەممە ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىنتىلىدۇ، بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئالاھىدىلىك. ئەمما، مۇۋەپپەقىيەت ئەگرى - توقاي ۋە مۇشەققەتلىك. ئۇنى يەڭمەك تەس بولۇپ، ئۇنى خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلار توسۇپ تۇرىدۇ، ئىرچىل ئەمگەك قىلىشقا ئېرىنىدىغان، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا كەينىگە داجىيدىغان كىشىلەر بۇ يولدا كۆزلىگەن

مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت باغچىسى قاتمۇقات توسۇقلار بىلەن ئورالغان، ئىرادىسىز قورقۇنچاقلار ئۇنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۆتەلمەيدۇ.

تەۋەككۈلچىلىك ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، تەپەككۇرنى قوزغايدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىپ قەتئىي نىيەت بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ نى-نى ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىدىغانلار كۆپ مىڭ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى تالانت بىلەن بىللە ماگىدىغان ھەققىي باتۇرلار بولسا، بەزىلىرى تەۋەككۈلچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك يېگىلىق ياراتقۇچىلاردۇر، ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق تۇيغۇسى كىشىلەرنىڭ تالانت بىخلىرىنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، فارابى، مەھمۇد كاشغەرىي، نەۋايى ھەمدە ئۇلارغا ئوخشاش ئىجادكار بوۋىلىرىمىز ئەنە شۇنداق پاراسەت، باتۇرلۇق بىلەن ئىنسان تەبىئىتىدىكى پىسخىك ئاجىزلىقلارنى ۋەيران قىلغۇچىلار ئىدى، ئۇلارنىڭ روھى بىزدىن ھەم شۇنى كۈتمەكتە.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار تەقدىرىنىڭ ئىلتىپاتىدىن كۆرە، كۆپرەك تىرىشىش ئارقىلىق كامالەتكە يەتكەچكە، پاراسەت، باتۇرلۇقنى ئۇزۇكسىز تىرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغان. چۈنكى ئادەم باشقا مەخلۇقاتلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى بىلىش ۋە تولۇقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئىنسانلار ئاجىزلىقنى بىلىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆزلىرىنى تولۇقلاپ ماگالىغان.

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان كىچىك ئىشلار دىققەتسىزلىكىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئازراق زېھنىمىزنى قويۇپ ئەستايىدىل بايقاپ، تەكشۈرسەك ئۇلاردىن كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيمىز. بايقاش ــ ئىجادكارلىقنىڭ مۇقەددىمىسى، ئىزدىنىش، تىرىشىش ــ ئىجادكارلىقنىڭ دەسمايىسى.

كولومبو ــ دۇنياغا داڭلىق ئېكسپېدىتسىيەچى، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە نۇرغۇن سىرلارنى يەشكەن. ئىنسانىيەتكە زور تۆھپە قوشقان، بىر قېتىمقى يىغىندا بىر كىشى ئۇنى مەسخىرە قىلغان ھالدا «چوڭ قۇرۇقلۇقنى بايقىغاننىڭ نېمىسى ياخشى؟ ئۇنچىلىك ئىشنى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ» دېگەندە، كولومبو سەل ئويلىنىۋېلىپ بىر تال تۇخۇمنى ئەكېلىپ ئۈستەلگە قويۇپ باشقىلارنىڭ ئۇنى تىكلەپ بېقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن بىرەرىمۇ ئىنكاس قايتۇرالمايدۇ. كولومبو تۇخۇمنىڭ تېگىنى چېقىپلا «ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بىر ئاددىي ئىش، بۇنىمۇ ھەركىم قىلالايدۇ، پەقەت باشقىلارنىڭ قىلغىنىنى كۆرگەندىن كېيىنلا» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. كولومبونىڭ بۇ ھېكمەتلىك گېپى بىزگە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنىڭ ئىجادكارلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئادەم قىسمەن تارىخىي مۇھىت ۋە ئالاھىدە مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنىڭ بەھرىمانچىسى بولغانلىقتىن، ئۇ پەقەت ئالدىغا ئۇچرىغان ئالاھىدە زامان، ماكاندىكى ئالاھىدە مۇھىتتىن ئەقىل تاپىدۇ. بۇنداق مۇقەررەرلىك بىزدىن مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئاساسلىرىمىزنى ئۆگىنىش بىلەن بىر چاغدا، تاللاپ قوبۇل قىلىش، مەقسەتلىك جۇغلاش، قاراتمىلىقى بار ھالدا ئىزدىنىش، پىلانلىق ئىنتىلىش، نىشانلىق يول ئېچىش، قەدەم - باسقۇچلۇق چوڭقۇرلىشىش، پۇختا تەتقىق قىلىش ۋە ئىجادىي ئاڭ بىلەن پاراسەت، باتۇرلۇقنى ئاشۇرۇپ مېڭىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېنىمىزدە بولسۇنكى، بايقاش ــ ئىجادكارلىقتۇر.

# بايقاش – غەلىبە دېمەكتۇر

مۇساجان ياسىن
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ئۈمىدۋارلىق ئاددىي، ئەمما قىلىش تەس ئىش، ئالدى بىلەن ئۆكۈنۈشسىزلىق ئىچىدىن نۇرنى بايقاشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.»*

— كىتاب ئوقۇش خاتىرەمدىن

كىشىلىك تۇرمۇش رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن بېزەلگەن باغچىغا ئوخشايدۇ، بىز بۇ باغچىغا خۇشال قەدەم ئالساق، باغچىمۇ بىزگە خۇشاللىق نەزىرى بىلەن قارايدۇ. ئەگەر بىز بۇ باغچىغا خۇشال قەدەم ئالالمىساق، باغچىمۇ بىزگە ھېچقانداق گۈزەللىك تۇيغۇسى بەرمەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز ھېچقانداق گۈزەللىك تۇيغۇلىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىيالمايمىز. كىشىلىك تۇرمۇش بەئەينى بىر ئەينەككە ئوخشايدۇ، بىز بۇ ئەينەككە كۈلۈپ قارىساق، ئەينەكمۇ بىزگە كۈلۈپ قارايدۇ. ئەگەر بىز بۇ ئەينەككە كۈلۈپ قارىيالمىساق، ئەينەكتىن ھېچقانداق كۈلگەن چىراينى بايقىيالمايمىز. دېمەك مانا مۇشۇنداق «قازانغا نېمە سالساڭ، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دەيدىغان جەمئىيەتتە ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەردىن قانچىلىك خەۋەردار بولدۇق ھەم قانچىلىك خەۋەردار بولماقچى، ئەتراپىمىزدىن قانچىلىك يېڭىلىقلارنى بايقىيالىدۇق ھەم بايقىيالايمىز دېگەن سوئال ھەربىر ئادەم ئويلىنىدىغان مەسىلىگە ئايلاندى. تۆۋەندە مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچى...

بىر كۈنى بىر ئادەم بىرقانچە دوستلىرى بىلەن تاغقا موگۇ تەرگىلى چىقىپتۇ. بۇلار نۇرغۇن تاغ يوللىرىنى بېسىپ بىر ئورمانلىققا كېلىپ توختاپ، موگۇ تەرگىلى كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، بۇ ئادەم بىر تالمۇ موگۇ تاپالماي قۇرۇق قول ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئەمما باشقا دوستلىرى خالتىلاپ، تاغارلاپ موگۇلارنى يۈدۈپ قايتىپ كەپتۇ. بىراق بۇ ئادەم ئۆيىگە قايتىپ كېلىپمۇ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن موگۇ تاپالمىغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ موگۇ تاپالىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتۇ. ھەتتا باشقىلاردىن، تەڭرىدىن رەنجىپ،ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئادەم نېملا ئىش قىلسا مەغلۇپ بولىدىكەن، نېمە ئىش قىلىشنى ئويلىسىلا نەس باسىدىكەن. ئەمما، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن غەلىبە قىلغانلىقىنى ئويلاپ باقمايدىكەن. چۈنكى بۇ ئادەمدە ئۆزىگە نىسبەتەن قىلچىمۇ بايقاش يوق، ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى بايقايدىغان ئىرادە يوق ئىكەن...

دېمەك، غەلىبە — بايقاش دېمەكتۇر، بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ھېكايىدىكى ۋەقەلىكتىمۇ پېرسوناژنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب ئۆزىدىكى بايقاشنىڭ كەمچىللىكىدىن بولغان، دېمەكچىمەنكى، ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرنى ياخشى

بايقىيالىساق، ئۆزىمىزدىكى غەلىبە گۈلىنىڭ بىخ سۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەتراپىمىزدىكى يېڭىلىقلاردىن يىراق تۇرساق، بىزدە ھېچقانداق بايقاش بولمايدۇ. يۇقىرىقى ھېكايىدە بايان قىلىنغاندەك ھەممە ئىشتا ئۆزىمىزدىن ئاغرىنماقتىن باشقا ئىش يوق.

بايقاش — غەلىبە دېمەكتۇر، ئۇ بىزنى رەڭمۇرەڭ باغچىلارغا باشلاپ، قەلب ئېتىزىمىزنى كۆكەرتىدۇ. بايقاش — ئامەت دېمەكتۇر، ئۇ بىزنى غايىۋى دۇنيادىن مەنىۋى دۇنياغا باشلاپ، قەلب قەسىرىمىزنى گۈزەل تۇيغۇلار قايىنمىغا چۆمدۈرىدۇ. بايقاش — ئامەت دېمەكتۇر، ئۇ بىزنى ئەزەلدىن ئىگە بولالمىغان ئامەتلەرگە ئىگە قىلىدۇ. بايقاش — يارىتىش دېمەكتۇر، ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە يېڭى تۇرمۇش يولىنى، يېڭىچە ياشاش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھۆرمەتلىك دوستۇم، بىز كىشىلىك تۇرمۇش سەپىرىمىزدە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنىدەك نۇرغۇنلىغان بايقاشلارغا دۇچ كېلىمىز، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىدىكى تۇسالغۇلارنى بايقىيالىساق، ئاندىن بەخت بىزگە قۇچاق ئاچقۇسى، شۇڭا بىز نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزدىن قەتئىينەزەر دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىمىز، تەبىئەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇن تىلسىملارنى ئۆزىمىزنىڭ بايقىشىغا تايىنىپ ئېچىشىمىز، شۇنداقلا ئۆز بەختىمىزنى بايقىشىمىز كېرەك...

## بايقاش ئىجادىيەت بوسۇغىسى

گۈلنۇر ئوسمان
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ئىجادىيەت ئۆلۈمنى يوقىتىش دېمەكتۇر.»*

— رومىن روللان

ھايات دۇنياغا كۆز ئاچقان دەقىقىدىن باشلاپلا قەدەممۇ قەدەم ئۆلۈم يولىغا قاراپ مېڭىشقا باشلايدۇ. ھەرقانچە قۇدرەتلىك كۈچمۇ بۇ جەريانىنى توسۇپ قالالمايدۇ. شۇڭا بىز پەقەت ئىجادىيەتنىلا تاللىشىمىز كېرەك، ئىجادىيەت بىزنىڭ چەكلىك ھاياتىمىزنىڭ چەكسىز ئۆزىرىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. ئۇنداقتا ئىجادىيەت قانداق بارلىققا كېلىدۇ؟ بايقاش بولسا ئىجاد قىلىشنىڭ ئاساسى، تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن بىلىم ئىگىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق بايقاش ئاساسىدا ھارماي - تالماي تىرىشقان.

نيۇتون ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قالغان، پىشقان ئالمىدىن بىرى نيۇتوننىڭ بېشىغا چۈشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھارماي - تالماي تەتقىق قىلىپ، ئاخىرى «يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى» نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇ نەزەرىيەنى قانداق ئىجاد قىلالىدى دېگەندە، ئۇ بايقاشقا ماھىر بولغان، ئۇ ئۆزىنىڭ «پىشقان ئالما نېمە ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىپ كەتمەي يەرگە چۈشىدىغاندۇ؟» دېگەن ئىبارەت بايقىشى ئارقىلىق دۇنياغا

مەشھۇر ئالىم بولۇپ تونۇلغان. نيۇتون ئالەمدىن ئۆتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېلېكتىر ئىلمىگە ئاساس سالغۇچى فىرانكلىن ئون ئىككى يېشىدىن باشلاپ باسمىخانىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلەپ، بەش يىل ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن، ئۇ كۈچلۈك ئىنتىلىشچان روھى، تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر كەشپىياتچىسى بولۇپ قالغان. ئامېرىكىلىق ئالىم ئېدىسون دۇنيا كەشپىياتچىلىقىنىڭ ئاتىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا تېلېگىرامما، كىنو ئاپپاراتى، ئېلېكتىر لامپىسى، پاتېفون قاتارلىق نۇرغۇن كەشپىياتلارنى يارىتىپ، «كەشپىيات پادىشاھى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. يىراقتىكىنى قويۇپ يېقىنىمىزدىكى كىشىلەرنى مىسال قىلىپ باقايلى: «ئارمان» شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى رادىل ئابلا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە كەسپىدە ئوقۇغان، ھارماي - تالماي ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى غىزالىرىدىن بىرى بولغان تالقاننى بايقاش ئاساسىدا ئۇنى ئىجادىي يېڭىلاپ، خەلقىمىزنىڭ ئەتىگەنلىك ناشتىلىقىدا كەم بولسا بولمايدىغان «ئارمان» قۇۋۋەت تالقىنىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنداقلا «ئارمان» شىركىتىنى بۈگۈنكىدەك زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتۈردى. ھازىر «ئارمان» شىركىتى پۈتۈن شىنجاڭغا مەشھۇر بولۇپلا قالماي، چەت ئەللەر، مەسىلەن: پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەنمۇ سودا قىلىدۇ، سودا رىقابىتىدە داۋاملىق ئالدىدا ماڭىدۇ. ئەگەر «ئارمان» داۋاملىق ئىزدىنىپ، يېڭىلىقلارنى بايقاپ، ئىجادكارلىققا تايانمىغان بولسا، باشقا كارخانىلاردىن كېيىن قېلىشى، شۇنداقلا ۋەيران بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

بىز ھەرقاچان بايقاش ۋە ئىزدىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىنىمىزدىلا ئاندىن كالىلىنىڭ قاتماللىقىدىن، ئۆزىمىزنىڭ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قېلىشىمىزدىن يىراق تۇرالايمىز، بايقاش ئارقىلىق، يەنە مەدەنىيەت ساپايىمىزنى، تەپەككۇرىمىزنى قاناتلاندۇرۇپ، ئىجادىيەت ئارقىلىق ھاياتىمىزنى يۈكسەك قىممەتكە ئىگە قىلالايمىز. قىسقىسى، ئىجادىيەتلا سىزنى ھەم مېنى قۇتقۇزالايدۇ، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە قىلالايدۇ.

# 2010 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل ـ ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۆلگىلىك ئەسەرلەر

**V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.** (جەمئىي 55 نومۇر بېرىلىدۇ)

تۆۋەندىكى ماتېرىيالنى ئوقۇپ يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

بۇ يىلقى دۇنياۋى كىتاب ئوقۇش كۈنىدە، توردا «كۆز يۇگۈرتۈپ كىتاب ئوقۇش» ھەققىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلدى.

A: كۆز يۈگۈرتۈپ كىتاب ئوقۇش دېگەن نېمە؟

B: ئەپلىك، چاققان، يەڭگىللىنى ئوقۇش، ئۆزىگە ياققاننى، قىزىقارلىقنى ئوقۇش دېگەنلىك. بۈگۈنكى كۈندە كۆز يۈگۈرتۈپ كىتاب ئوقۇش مودا بولۇپ قالدى.

C: ھازىرقى دەۋر سۈرەت، رەسىم كۆرۈدىغان دەۋر، كىشىلەر كۆزگە چېلىقىشلىق نەرسىلەرنى ۋە كۆزگە ھۇزۇر بېرىدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈشنى ياقتۇرىدۇ.

D: كۆز يۈگۈرتۈپ كىتاب ئوقۇش خۇددى يېيىشلىك، ئەمما قۇۋۋىتى يوق تەييار تاماققا ئوخشايدۇ، ھېچقانداق بىلىم جۇغلىغىلى بولمايدۇ.

B: ھازىرقى جەمئىيەتتە رىقابەت كۈچلۈك، تۇرمۇش رىتمى تېز ھەم تۇرمۇش بېسىمى ئېغىر، مېنىڭمۇ چوڭقۇرلاپ كىتاب ئوقۇغۇم كېلىدۇ، ئەمما بۇنىڭغا نەدىمۇ ئىمكانىيەت بولسۇن!؟

C: كىتاب ئوقۇشتا ھەركىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئوقۇش ھەۋىسى بولىدۇ. كۆز يۈگۈرتۈپ كىتاب ئوقۇش مودا بولسا، كىتاب ئوقۇش تېخىمۇ خاسلىققا ۋە كۆپ خىللىققا ئىگە بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

D: مەن كىتابخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇپ، كۈننىڭ قانداق كەچ بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەي قالىدىغان ئىلگىرىكى چاغلارنى ئەسلەپ قالىمەن.

A: بىز كۆز يۈگۈرتۈپ كىتاب ئوقۇدۇق دەپ، بەزى نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالدۇقمۇ قانداق؟

ماتېرىيال مەزمۇنىنى ئىگىلەپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

**تەلەپ:**

①نۇقتىئىنەزەر(مەركىزىي ئىدىيە) ئېنىق، پىكىر يۆنىلىشىڭىز توغرا بولۇشى كېرەك. ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ، ژانىرنى ئۆزىڭىز تاللاڭ(شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ)؛ ②ئەسىرىڭىز ماتېرىيالدا ئىپادىلەنگەن پىكىر تېمىسىدىن چەتنەپ كەتمىسۇن؛ ③ماتېرىيالدا بېرىلگەن ئۇچۇرلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ماتېرىيالنى كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشىڭىزگە بولمايدۇ؛ ④ئەسەرنىڭ ئىدىيەسى ساغلام بولۇشى كېرەك؛ ⑤خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملاسى توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن. ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

ئۈلگە:

# بىزنىڭ نىشانىمىز – چوڭقۇرلۇق

بۇلبۇل ئەكرەم
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

«بولاي دېسەڭ يارىملىق، كىتاب كۆرگىن داۋاملىق.»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

چاڭقىغاندا ئىچكەن بىر پىيالە چاي، تارتار ئالەمچە ئىللىق ھارارەت، بېرەر ئۆزگىچە لەززەت، بولۇر تەنگە تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋەت. چوڭقۇر چۈشىنىپ ئوقۇغان كىتابمۇ مانا مۇشۇنداق ئەقىل بۇلىقىمىزنى ئېچىپ، بىزگە تەسۋىرلىگۈسىز روھىي ئوزۇق ۋە ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىدۇ. دادامنىڭ ھەم ئۇستازلىرىمنىڭ كىتاب ئوقۇش تارىخى تولىمۇ ئۆزگىچە ھەم ئەھمىيەتلىك. مەن ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ھەم ئوقۇش ئۇسۇللىرىغا راستتىنلا قول قويىمەن. كىتابنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇش، قولدىن - قولغا ئالماشتۇرۇپ تالىشىپ ئوقۇش، كۆچۈرۈپ ئوقۇش ۋە چوڭقۇر چۈكۈپ ئوقۇش ئەۋج ئالغان شۇ دەملەردە كىرسىن چىراغ، شام يورۇقلىرىدا كىتاب دۇنياسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ كەتكەن ئاشۇ ۋۇجۇدلار كىتاب ھېكمەتلىرىنى تومۇر - تومۇرلىرىغا توختىماستىن سۈمۈرگەن، كىتاب ئۈنچىلىرىنى قانغۇچە ئېچىپ كۆكلىگەن ۋە كۈچلەنگەن. مانا بۇ قىزغىنلىق، مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەت، مانا بۇ ئىشتىياق، مانا بۇ خورىماس كۈچ - قۇۋۋەت. مانا بۇ ئاتىلار يولى، مانا بۇ ئاتىلار ئىزى، مانا بۇ ھەقىقىي كىتابخانلىق ئىدى.

ھازىر كىتابلار كۆپەيدى، كىتاب دەۋرگە كىرىپمۇ بولدۇق. بىزنىڭ ئوقۇشىمىزنى كۈتۈۋاتقان قىممەتلىك كىتابلار شۇنچە كۆپ. ئەمما، بۇنىڭغا ئەگەشكەن ھالدا تۇرمۇش رىتىمىمىز بەكلا تېزلىشىپ كەتتى. قەدەملىرىمىز ئىختىيارسىز ھالدا تەرتىپسىزلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز كىتاب ئوقۇشنىڭ زامانغا لايىق ئۇسۇللىرىنىمۇ ئىجاد قىلىپ، ئاتلاپ ئوقۇش، كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىش، يۈزە ئوقۇش دېگەندەك ئۇسۇللارنى تاللاپ، ئاز ۋاقىتتا كۆپ كىتاب ئوقۇش ئارزۇيىمىزنى قاندۇرۇپ كەلدۇق. ھەتتا بەزىلەر كىتابنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىنى ۋاراقلاپ ئوقۇپ قويۇپلا «بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولدۇم» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ كەلدى، كىتابتا نېمە يېزىلغىنىنى ئومۇمىي جەھەتتىن بىلىۋېلىش بىلەنلا كۇپايىلەندى. كىتابنى يۈزە ئوقۇش ئەۋج ئالغان بۇ بىر دەۋردە بىز قەلب چوڭقۇرلۇقىمىزنى ساقلىشىمىز، ئاتىلار يەتكەن چوڭقۇرلۇققا يېتىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما كۆپىنچىمىز بۇ چوڭقۇرلۇقتىن يانداپ ئۆتۈپ كەتتۇق.

شۇنداق، كىتابنى يۈزەكى ئوقۇشنىڭ ئادىتى، ئىختىيارىي بولۇشى، ئىشلىتىشكە ئەپلىكلىكى كىشىلەرنىڭ تولىمۇ ئالدىراش قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالدى، ئۇلارنىڭ

ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇش ئادىتىگە يېقىندىن ماسلاشتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر كىتابنى يۈزەكى، ئالدىراپ - سالدىراپ ئوقۇش پائالىيىتى ئارقىلىق قەلب تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، تېز رىتىملىق تۇرمۇش قويىنىغا سىڭىپ كەتتى. ئەمما مەن يەنىلا كىتابنى بۇرۇنقىدەك تەپسىلىي ئوقۇش، چوڭقۇر ئوقۇش ئۇسۇلىنى ياخشى كۆرىمەن، چوڭقۇر قاتلاملىق ئوقۇش ئارقىلىق كىتاب مەزمۇنىنى ئۆز بىلىمىمگە ئايلاندۇرۇۋېلىشنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، كىتابنى تەپسىلىي ئوقۇش ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما ئوقۇرمەن قەلبىنى ئۇن - تىنسىز ھالدا لال قىلىپ، ئۇلارغا ئاراملىق ئىچىدە بىلىندۇرمەستىن بىلىم بېرىدۇ، چاڭقاق قەلبلەرنى خۇددى باھار يامغۇرىدەك ياشنىتىدۇ، كىشىگە بەئەينى ياز كېچىسىدىكى يامغۇر ئاۋازىدەك، تومۇزدىكى غەرب شامىلىدەك راھەت ۋە ئاراملىق بېرەلەيدۇ. دېمەك، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاچقان، چاڭقىغان يېرىگە دەل بارالايدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، كىتابنى چوڭقۇر ئوقۇش قەلبكە تېخىمۇ يېقىن بولغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئوقۇش ئۇسۇلىدۇر. شۇنداق، كىتابنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر سۆز، ھەربىر قۇرلىرىغا سىڭىپ كەتكەن مەنە دۇردانىلىرى ۋە تەبىئىي ئاھاڭلارنى تولۇق ئاڭلاپ، جاراڭلىق تاۋۇشلىرىغا تەڭ جۆر بولۇپ، ھەربىر قۇردىن تېمىپ تۇرغان ئابىكەۋسەردىن ھۇزۇرلىنىپ ئوقۇشقا يېتىدىغان يەنە قانداق ئۇنۇملۇك ئوقۇش ئۇسۇلى بولسۇن؟!

كىتابنى ئوقۇش ئەمەلىيەتتە ئاپتور بىلەن قەلب ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئادەتتە بىز دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان قۇرلار ئارىسىدىنمۇ ئاپتورنىڭ شاد كۈلكىسىنى، قەلب زارىنى كۆرۈپ قېلىشىمىز، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ قەلب سادايىمىزنى ئاڭلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا چوڭقۇر ئوقۇغاندا ئاپتورنىڭ قەلب دۇنياسىغا تېخىمۇ چوڭقۇر شۇڭغۇپ كىرگىلى، ئاپتورنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ ماھىيىتىگە تېخىمۇ تولۇق يەتكىلى بولىدۇ. كىتابنى يۈزەكى ئوقۇغاندا پەقەت ئاپتور بىلەن يۈز كۆرۈشكىلىلا بولۇشى مۇمكىنكى، ھەرگىزمۇ چوڭقۇر، ئەتراپلىق پىكىرلەشكىلى بولمايدۇ، بۇ ھالدا شەكسىزكى، ئاپتوردىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىدىغان گەپ. بۇنىڭدىن قارىغاندا كىتابنى يۈزە ئوقۇش ئۇسۇلى بىزنى بارا - بارا نائۇمىدتە قويىدىغاندەك قىلامدۇ - قانداق؟!

كىتابنى چوڭقۇر ئوقۇشنىڭ بىزگە ئېلىپ كېلىدىغانلىرى تېخىمۇ كۆپ، شۇڭا نۆۋەتتە نۇرغۇن كىشىلەر بۇرۇنقى كىتابخانىلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆپ - كۆپ كىتاب ئوقۇغان، دۇنيا بەئەينى شۇ كىتابنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەندەكلا تۇيۇلغان، كىتاب بەتلىرىدىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ ئاپتور بىلەن كۈسۈر - كۈسۈر مۇڭدىشىپ كەتكەن ئاشۇ ۋاقىتلىرىنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاپتور، كىتاب ۋە ئوقۇرمەنلەر ئارا مۇشۇنداق ئۇچرىشىش، مۇڭدىشىش، ئۆز ئارا تەسىرلىنىش، ئېچىنىش، تولۇقلىنىش... (ئۇنىڭدىن كېيىن) مۇڭداش، ئۇنتۇلماس ئەسلىمە ۋە تەسىر قالدۇرۇش يېزىقچىلىقنىڭ تۈپكى مەقسىتى ئىدى. ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى تېزلەشكەن رىتىم، ئالدىراشچىلىق ئېقىمى بۇ تۈپكى مەقسەتنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا بەلگىلىك توسالغۇ ئېلىپ كەلدى.

ھازىر كىتابخانىلار چوڭ، كىتابلارمۇ كۆپ، كىتابلارنى بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، ئاتلاپ ئوقۇش ئۇسۇلىدا ئوقۇپ، بىرەر سائەتتە بىرنەچچە كىتابنى ئوقۇپ بولىدىغانلار تېخىمۇ كۆپ. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ ئارقىلىق ئىگە بولغىنى زادى قانچىلىك؟ كىتابنى يۈزە ئوقۇغاندا ئىگە بولغان تەسىرنىڭمۇ يۈزە بولىدىغانلىقى تەبىئىي. شۇڭا كىتابنى ئاز ئوقۇساقمۇ ساز ئوقۇيلى، تاللاپ ئوقۇيلى، ئەمما تېگى - تەكتىگە چوڭقۇر يېتىپ، تۈز تەمىنى ھەقىقىي

تېتىپ ئوقۇيلى.

كىتابنى تەپسىلىي، چوڭقۇر ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغانلارنى باھار سەيلىسىگە چىققانلارغا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ سەيلىسى ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ شاھانە گۈزەللىكىدىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىدۇ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ھوزۇرلىنىشنى بىلىدىغانلار، ھەقىقىي ھوزۇرنى چۈشىنىدىغانلاردۇر. ئۇلار ياز كېچىسىدىكى ھاشاراتلار ئاۋازىدىن، ھەتتا پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرىدىنمۇ ئۆزگىچە ھوزۇر تاپالايدۇ، كۈزدىكى مول-ھوسۇل شادلىقى، قىشتىكى قېلىن قار ئۇلارنى تېخىمۇ بەك جەلپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھوزۇرلىنىشنى بىلىدۇ. كىتابنى تەپسىلىي، چوڭقۇر ئوقۇشتىن كېلىدىغان ئۆزگىچە ھوزۇرنى دەل مانا مۇشۇنداق تەبىئەت ھوزۇرىغا تەڭلەشتۇرۇشكە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ئوقۇش بىزگە ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن ھوزۇر، ئۆزگىچە ئېستېتىك زوق ئېلىپ كېلىدۇ. تېز رىتىم ئىچىدىكى ئالدىراش قەدەملىرىمىزنى ۋاقىتلىق ئاستىلىتىپ، قەلب دۇنيايىمىزنى خۇددى سۈزۈك سۇدەك پاكلىققا، ئىللىقلىققا تولدۇرىدۇ، ھاياتلىق سەزگۈمىزگە خۇددى ئېقىن سۇدەك ئېقىپ كىرىپ، تەسرات تۇيغۇلىرىمىزنى ئىللىق شامال كەبى سىيپاپ ئۆتىدۇ. مانا بۇ باشقا ئوقۇش ئۇسۇللىرى بېرەلىشكە قادىر بولالمايدىغان ھەقىقىي لەززەت، ئالاھىدە ئۇنۇمدۇر.

كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ لەززىتى ياخشى كۆرۈشتە، بىز كىتابنى سۆيسەك، ئۇمۇ بىزنى سۆيىدۇ، كىتابنى قانچىكى چوڭقۇر چۈشەنسەك، ئۇمۇ بىزنى شۇنچە ئۆزىگە تارتىدۇ. ئېسىمىزدە تۇتايلى، كىتابنى چوڭقۇر ئوقۇشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئېسىل ئادىتىمىز قەلب ئېتىزىمىزنى يەنىمۇ پاكلايدۇ ھەم مول تەسرات ئۈنچىلىرى بىلەن تولدۇرىدۇ!

**باھا:**

ماقالىدە كىتابنى چوڭقۇر ئوقۇش ئۇسۇلى ئالاھىدە مەدھىيەلەنگەن. ئاپتور ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى، خاسلىققا ئىگە تىل ئارقىلىق بايان ۋە تەھلىل ئېلىپ بارغان. مەيلى تەكرارلاش ياكى ئوخشىتىش بولسۇن، لىرىكا ياكى مىسال كەلتۈرۈش بولسۇن، باشتىن - ئاخىر تېما مەقسىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرغان، «چوڭقۇر ئوقۇشنىڭ پايدىسى»نى زور كۈچ بىلەن مەدھىيەلىگەن ھەم «يۈزە ئوقۇش»نىمۇ ئاددىي ھالدا ئىنكار قىلىۋەتمىگەن. بەلكى دىيالېكتىكىلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، قارىسىغىلا ھۆكۈم قىلىشتىن ساقلانغان. ماقالىنىڭ تىلى تاللانغان ھەم ئاھاڭدارلىققا ئىگە. يەنە بىر تەرەپتىن ماقالىدە لىرىكىچانلىق بىلەن پەلسەپىۋىلىك ئۆزئارا كىرىشىپ كەتكەنلىكتىن، بەلگىلىك قايىل قىلىش ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە.

## كىتابسىز دۇنيا ـ مەنىسىز دۇنيا

سالاھىدىن سىدىق

(نەسر)

*«مەن بىر ياخشى كىتابنى ئوقۇغىنىمدا، گويا بىر ياخشى دوست تېپىۋالغاندەك*

*بولىمەن، ئۇنى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇغىنىمدا، گويا كونا قەدىناس دوستۇم بىلەن قايتا كۆرۈشكەندەك بولىمەن.»*

— ۋولىر

ئۆيدە ئولتۇرۇپ جالالىدىن بەھرامىنىڭ «كونا قاپقان» ناملىق رومانىنى ئوقۇۋاتاتتىم، توساتتىن توك كەتتى، كىتابنىڭ ئەڭ قىزىق يېرىگە كەلگەندە يۈز بەرگەن بۇ ئىشقا قارىڭ، دەپ قاتتىق رەنجىدىم.

غۇۋا ئاي يورۇقىدا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز ئاتاقلىق ئالىم، كەشپىياتچى ئېدىسون ھەم ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن تۇڭگەن شام قالدۇقىنى يىغىپ شام ياساپ، ئاشۇ شامنىڭ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇغىنى ئېسىمگە كەلدى، گەرچە مەن ئېدىسوندەك بۈيۈك كەشپىياتچى بولمىساممۇ، قەلبىمدە ئۇنى دوراپ بېقىش ئىستىكى قوزغالدى، مىڭ تەسلىكتە شام تاپتىم، شۇنىڭ بىلەن شام يورۇقىدا كىتاب ئوقۇشقا باشلىدىم...

تاڭ سەھەر، خورازنىڭ چىللىشى مېنى ئويغاتتى، ئېچىقلىق كىتاب قولۇمدا، تۈگىگەن شام يېنىمدا، كىتاب ئوقۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، كۆزلىرىم سەل ئېچىشىپ تۇرسىمۇ، ئاشۇ كىتابنى تۈگىتىپ ئوقۇۋالغىنىمدىن شۇنداق خۇشال بولدۇم، چوڭ دادام داۋاملىق ماڭا:

— كىتاب بىلىم بۇلىقى، كىتاب ئەقىل چىرىغى. كىتاب ئوقۇغان ئادەمگە، يوقتۇر يولنىڭ يىرىقى، — دەپ شېئىر ئوقۇپ بېرەتتى، مەن بۇ شېئىرغا شۇنداق ئامراق ئىدىم، نېمىشقىكىن نەدە كىتاب كۆرسەم ئوقۇغۇم، ئاشۇ كىتابتىكى بىلىملەرنى ئۆگەنگۈم كېلىدۇ، خۇددى كىتابسىز ئۆتكەن ھەربىر كۈنۈم ماڭا مەنىسىز، كىتابسىز تىنىغان ھەربىر تىنىقىم شۇنداق بىھۇدە بىلىنىدۇ، ۋاقتىملا بولسا، كۆزۈم ئاغرىپ كەتمىسىلا كىتاب ئوقۇغۇم كېلىدۇ.

قارىغاندا مەن كىتابقا ئاشىق بولغان ئوخشايمەن، خۇددى تاھىر زۆھرەگە كۆيگەندەك، خۇددى مەجنۇن لەيلىنى سۆيگەندەك، ئاھ كىتاب! سەنسىز ئۆمرۈم شۇنداق مەنىسىز، يۈرىكىم ئارامسىز، تەنلىرىم جانسىز.

ئاھ كىتاب! سەنسىز يوللىرىم ئۇزۇن، قوللىرىم چولاق، تىللىرىم گاچا.

ئاھ كىتاب! سەنسىز ئۆزگە نە ئاشىقىم بولسۇن، پۈتۈن چېھرىڭ بىلەن ماڭا مېھرىڭنى بەر.

كىتاب سېنى سۆيىمەن، سەن ئۈچۈن كۆلىمەن، سېنىڭسىز مەنىسىز بۇ ھايات ماڭا، شۇڭا دەيمەن، كىتابسىز دۇنيا مەنىسىز دۇنيا.

# كىتاب بىزنى چاقىرماقتا

گۈلزار ھېبىبۇللا
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ۋاقىت بىزگە تەجرىبە بېرىدۇ، كىتاب بىلىم بېرىدۇ.»*

— زاڭ كېجا

ھازىرقى دەۋر ئىلىم - پەن دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى، يەنى رىقابەت دەۋرى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىمۇ كۆرسەتكۈچلۈك رول ئويناپ، ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلماقتا.

ئۇنداقتا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى نېمە؟ مېنىڭچە، ئۇ يەنىلا ئوقۇش - ئوقۇتۇش، مائارىپ، يەنى مول بىلىم زاپىسىغا ئىگە بولۇش. كونىلاردا مۇنداق گەپ بار: «بىلىكى چوڭ بىرنى يىقار، بىلىمى چوڭ مىڭنى يىقار». مانا بۇ نۇقتىئىنەزەر ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، بىلىم ئادەمنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىقى، كۈچ - قۇدرىتى.

بىلىم نەدىن كەلگەن؟ قانداق راۋاجلانغان؟ بۇنىڭ ماتېرىيالى زادى نېمە؟ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىدىغان بولساق، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم كۆز قارشى بار، مېنىڭچە، بىلىم كۆپ كىتاب ئوقۇش ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى كۆزىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كەلگەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بولسا، كىتاب ئوقۇش ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن، بىرەر پارچە ھېكايە - پوۋېست ياكى رومانى كومپيۇتېر ئارقىلىق بىرەر قۇر كۆرۈپ قويۇپلا بولدى قىلىدىغان ئەھۋال شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ خۇددى ئۇخشىغان تاماقنى پۇراپ قويۇپ يېمىگەنگە ئوخشاش بىر ئىش. ئەمەلىيەتتە كىتاب ئوقۇشقا سەل قاراشقا بولمايدۇ، كىتاب ئېسىل بىلىملەر، نۇرغۇن ئەقىل - پاراسەتلەر توپلانغان شەربەت بۇلاق، بۇ بۇلاق چاڭقىغانلارنى تولۇق قاندۇرىدۇ، ھەقىقىي ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. كىتاب بىر دېڭىز، بىز بىر غەۋۋاس بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن دېڭىزغا قانچە چوڭقۇر چۆكسەك، دېڭىز ئاستىدىكى بايلىقلارنى تېخىمۇ روشەن بايقىيالايمىز. كىتابمۇ شۇنداق، ئۇنى قانچىكى تەپسىلىي ئوقۇساق، ئۇنىڭ تېگىگە شۇنچە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، سىرلىق مەنە قاتلاملىرىنى ئەركىن كېزەلەيمىز. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئوقۇش داۋامىدا كىتابتىكى ھەربىر سۆز ۋە جۈملىلەرگە «نېمە ئۈچۈن؟»، «نېمىشقا؟» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ، ھەربىر سوئالغا جاۋاب ئىزدەپ ماڭساق، كىتاب مەزمۇنىنى ھەقىقىي يوسۇندا چۈشىنىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

شۇنداق، كىتاب ئوقۇغاندا چوقۇم تەپسىلىي ئوقۇش، چۈشىنىپ ئوقۇش، ھەزىم قىلىپ ئوقۇش ۋە باھالاپ ئوقۇش كېرەك. ھەرگىزمۇ باش ۋە ئاخىرىنى ئوقۇپلا تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. سىز ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىڭىزمۇ؟ ساۋاقداشلىرىڭىز نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟ سىز نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ سىز مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا كىرىپ باقتىڭىزمۇ؟

قارايدىغان بولساق بەزى قىرائەتخانىلاردا تـوم - تـوم قامۇسلار توپا بېسىپ تۇرىدۇ. ئەپسۇس، ئۇ قامۇسلار ئاي، يىللار ئۆتۈپمۇ بىرەر قېتىم ۋاراقلىنىپ قالمايدۇ. بۇ ھال راستلا ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى بولسا كىتاب ئوقۇشقا بولغان كۆز قارىشىمىزنىڭ ناتوغرىلىقى. كىتابتىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا بىزنى كۆچلەندۈرىدىغان، بىزگە تەگداشسىز ئوزۇق بېرىدىغان، بىزنى روناق تاپقۇزىدىغان يېتەكچىمىز بولغان كىتابقا يېقىنلىشايلى. ھەممەيلەن قۇلاق سالايلى، كىتاب بىزنى چاقىرماقتا...

# 2011 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر

**V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.** (جەمئىي 55 نومۇر بېرىلىدۇ)
تۆۋەندىكى ماتېرىيالنى ئوقۇپ يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

*ئامېرىكا يەر شارى تىل تەتقىقات ئورنى يېقىندا 21 - ئەسىردىكى «يەر شارى خاراكتېرلىك ئون چوڭ خەۋەر»نى ئېلان قىلغان. جۇڭگونىڭ ئىقتىساد ۋە سىياسىي جەھەتتە چوڭ دۆلەت سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈشى ھەققىدىكى خەۋەرلەر بىرىنچى ئورۇنغا تىزىلىپ، يېڭى ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ خەۋەر دەپ قارالغان. مەزكۇر تەتقىقات ئورنىنىڭ دۇنيادىكى 750 مىڭ ئاساسلىق گېزىت - ژۇرنال، ھەدىيەلەر ۋە ئىنتېرنېت تورىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە دائىر ئاخبارات خەۋەرلىرى 300 مىليون قېتىمغا يەتكەن.*

*جۇڭگودىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەردە ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش دەپ قاراشقا ئەرزىيدىغانلىرى قايسىلار؟ «جۇڭگودىكى ياشلار گېزىتى» ۋە «سىنا تورى» بۇ ھەقتە جۇڭگو پۇقرالىرى ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە گەۋدىلىك دەپ قارالغانلىرى «ئىقتىسادىي مۆۋەپپەقىيەت»، «خەلقئارالىق تەسىر»، «خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى»، «پەن - تېخنىكا سەۋىيەسى»، «شەھەرلىشىش مۇساپىسى»، «ئېچىۋېتىش دەرىجىسى» قاتارلىقلار بولغان.*

جۇڭگودىكى مۇشۇ ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە سىزنىڭ ئاڭلىغان، كۆرگەن، ھېس قىلغان ۋە ئويلىغانلىرىڭىز قانچىلىك؟ ئەڭ گەۋدىلىك دەپ قارالغان ئۆزگىرىشلەردىن مەلۇم بىرىنى تۇتقا قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

**تەلەپ:**

①نۇقتىئىنەزەر(مەركىزىي ئىدىيە) ئېنىق، پىكىر يۆنىلىشىڭىز توغرا بولۇشى كېرەك؛ ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ، ژانىرنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ(شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ)؛ ②ئەسىرىڭىز ماتېرىيالدا ئىپادىلەنگەن پىكىر يۆنىلىشىنى چىقىش قىلسۇن؛ ③ماتېرىيالدا بېرىلگەن ئۇچۇرلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ماتېرىيالنى كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ ④سالاھىيەتنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلارنى× بىلەن ئىپادىلەڭ؛ ⑤خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملاسى توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن. ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

# بۈيۈك دۆلەتنىڭ باش كۆتۈرۈشى

ئەزىمەتجان ئەخمەت
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ھازىر - ئالەم كۆرسىتىلگەن ئىزىشچانلىق نەتىجىسىز قالمايدۇ.»*
— ئېنگېلس

21 - ئەسىردىكى ئىنسانلار تارىخىنىڭ مۇقەررەر تەرەققىيات يۈزلىنىشى جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈشىدۇر.

شۇنداق، جۇڭگو قەد كۆتۈردى، جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېقىندىن بۇيان يەر شارىدا ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي ئىشلار ۋە پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى كۈچ - قۇدرىتىنىڭ ئاشقانلىقىنىڭ نامايەندىسى. جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم، نوپۇسى كۆپ بولۇپ، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلار راسخوتى تېز سۈرئەتتە ئېشىۋاتقان بولغاچقا، ھەمىشە باشقىلار تەرىپىدىن يوشۇرۇن كۈچى كۈچلۈك بولغان دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت دەپ قارالماقتا. جۇڭگو ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېز بولۇۋاتقان، تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقئارا ئىشلاردا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە، بولۇپمۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەتلەر قاتارىدا تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىماقتا.

شۇنداق، مەملىكىتىمىزنىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى تەسىر كۈچى پەيدىن - پەي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، خەلقئارا ئالاقىسى كۈچەيدى. شەرقىي ئاسىيادىكى تەسىرىدىن قارىغاندا مەملىكىتىمىز ياپونىيە، كورېيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تاشقى سودىدىكى ئەڭ چوڭ ھەمكارلاشقۇچى بولۇپ قالدى؛ ئوتتۇرا شەرقنىڭ مۇقىملىقىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. چۈنكى مەملىكىتىمىز؛ ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ نېفىت زاپىسى مىقدارىنى توغرا مۆلچەرلەپ، دىپلوماتىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزگە نېفىت توشۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئېنېرگىيە ئىمپورتى جەھەتتە ئامېرىكىدىن قالسىلا دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى.

25 يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا 9% لىك سۈرئەت بىلەن ئۆرلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش سۈرئىتى تارىختىكى ئەڭ تېز بولغان ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى. مەسىلەن، ئىستېمال جەھەتتە دۆلىتىمىز ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇپ قالدى.

مەملىكىتىمىزدە چوڭ شەھەرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، 170 شەھەرنىڭ نوپۇسى100 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. چوڭ شەھەرلەر ئارا تېز سۈرئەتلىك تاشيوللار تورلاشتى، چوڭ

شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت ياكى رايونلارنىڭ سىاياھەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. پايتەختىمىز بېيجىڭ بىلەن شاڭخەي شەھىرى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاسىيادىكى مۇھىم ئىقتىسادىي مەركەز بولۇپ قالدى.

ئۆتكەن تۆت يىلدا مەملىكىتىمىزنىڭ تاشقى سودىسى % 29. 5 سۈرئەتتە ئۆرلىدى، 2005 - يىلى ئېكسپورت مىقدارى دۇنيا ئېكسپورت مىقدارىنىڭ 73% نى، ئىمپورت ئومۇمىي مىقدارى دۇنيانىڭ 63%نى ئىگىلىدى، مەملىكىتىمىز ئىلگىرى تاشقى سودىدا دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇراتتى(ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيەدىن قالسىلا). تاشقى پېرېۋوتى جەھەتتە 2007 - يىلى 12 - ئايدا بىر مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى زاپاس ساقلاپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى دۆلەتكە ئايلاندى.

مەملىكىتىمىز دۇنيادىكى ئىككىنچى پەن - تېخنىكا دۆلىتى بولۇپ، بۇ جەھەتتە سېلىنغان مەبلەغ ئامېرىكىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 1970 - يىلى ئېلىمىز تۇنجى قېتىم «شەرق قىزاردى» ناملىق سۈنئىي ھەمراھنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئالەم بوشلۇقىغا چىقاردى. 2003 - يىلى ئادەملىك ئالەم كېمىسىنى ھاۋا بوشلۇقىغا چىقارغان دۇنيادىكى ئۈچىنچى دۆلەت بولۇپ قالدى. 2007 - يىلىغا كەلگەندە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىق ئادەملىك ئالەم كېمىسىنى ئالەم بوشلۇقىغا چىقارغان ئۈچىنچى دۆلەت بولۇپ قالدى. «ئاي پەرىسى1 - نومۇر»لۇق سۈنئىي ھەمراھنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلىشى، دۆلىتىمىزنىڭ ئاللىقاچان ئاي شارى كۆلۈبىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. دۆلىتىمىز 2020 - يىلى ئەتراپىدا ئالەم بوشلۇقىدا بىر بوشلۇق بېكىتى قۇرۇش ۋە ئاي تەكشۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

62 يىللىق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا دۆلىتىمىزدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ئاستىدا مەملىكىتىمىزدىكى ئەمگەكچان، ئەقىللىك ھەر مىللەت خەلقى، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خېيىم - خەتەرلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيانى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنىڭ گۈزەل مېلودىيەسىنى ياڭراتتى. 62 يىللىق بوران - چاپقۇنلۇق جەريان پۈتۈن دۇنياغا ئىقتىسادىي كۈچى، ئومۇمىي دۆلەت كۈچى تېز ئېشىۋاتقان، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىۋاتقان، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان، خەلقئارادىكى ئورنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان جۇڭگونى تونۇتتى.

مانا بۇ نەتىجە، مانا بۇ تەرەققىيات. بۇ شانلىق نەتىجىلەر ھەربىر جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ، ئەلۋەتتە. شانلىق نەتىجىلەر ئالدىدا بىز يەنە خىرىسلارغىمۇ يۈزلىنىشىمىز، بۈيۈك غەلىبىلەر ئالدىدا كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز كېرەك. بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىمىز كېرەككى، ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ۋە خەلق ئامىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەشتە يەنە نۇرغۇنلىغان يوللارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بىزنىڭ يۈكسەك نىشانىمىز شۇكى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولغانغا قەدەر سوتسىيالىزمنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ دۆلىتىمىزنى باي، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، تىنچ

بولغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش. ھالبۇكى، مۇستەھكەم ۋە تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك تۈزۈم نەچچە ئەۋلاد، ئون نەچچە ئەۋلاد، ھەتتا نەچچە ئون ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىغا موھتاج. شۇڭا مەيلى قانداق ئەھۋال ئاستىدا بولسۇن، قىلچە مەغرۇرلانساق، قانائەت قىلىپ تۇرۇپ قالساق بولمايدۇ. بىز ھەر ۋاقىت جاپاغا چىداپ تىرىشىشىمىز، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەۋرەنمەس رەھبەرلىكى بولسىلا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلاشسىلا، ئېگىلمەس - سۇنماس، تەۋرەنمەس ئىرادە تىكلەپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي ماڭساقلا، ئاندىن ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئالغا سۈرۈپ، بۈيۈك گۈللىنىش مۇساپىسىدە تېخىمۇ شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز، يېڭىدىن يېڭى بەتلەرنى توختاۋسىز ئاچالايمىز.

## جۇڭگو ھامان قەد كۆتۈرىدۇ

رەيھانگۈل غوجى
(بايان ماقالىسى)

*«دۇنيادىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش يەتمەكچى بولغان غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش.»*
— سوقرات

60 يىللىق بوران - چاپقۇننى بېسىپ ئۆتتۇق، مانا ئالتۇن كۈزدىكى يەنە بىر ئۆكتەبىر يېتىپ كەلدى، مول-ھوسۇلغا تولغان بۇ سېخى پەسىل ھەممەيلەنگە بەرىكەتلىك قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى. كۈز شامىلى مول-ھوسۇل خۇشاللىقى ئېلىپ كەلگەن بۇ دەقىقىدە جۇڭخۇا زېمىنىنىڭ ھەممىلا يېرى بايرام شادلىقىغا چۆمۈلدى. چۈنكى بىز بۇ قۇتلۇق كۈز پەسلىدە ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى كۈتىۋالدۇق.

تېلېۋىزوردا بېرىلگەن 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مانا 56 مىللەتتىن تەشكىللەنگەن ھۆرمەت توپى 56 مىللەتنىڭ گۈزەل تىلەكلىرىنى پەلەككە يەتكۈزدى، قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازلار پۈتۈن بېيجىڭنى زىلزىلىگە سالدى. دۇنياۋى ئۇلۇغ زات رەئىس ماۋ زېدۇڭ تيەنئەنمېن راۋىقىدا تەنتەنە بىلەن: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بۈگۈن رەسمىي قۇرۇلدى» دەپ جاكارلىدى. ئاشۇ ياڭراق ئاۋاز تۆت مىليون بەش يۈزمىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ قەلبىنى تىترەتتى. سانسىز قىيىنچىلىق، جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ۋەتىنىمىز ئۆزىنىڭ قەيسەر، تەۋرەنمەس روھى بىلەن دۇنيانىڭ شەرقىدە باش كۆتۈردى. بىز بۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز، مەغرۇرلىنىمىز. بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەڭگۈ

دەس تۇرۇشى ئۈچۈن ناخشا ئېيتىمىز.

نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى بېسىپ ئۆتتۇق، تالاي يىل - ئايلار ئارقىمىزدا قالدى، ئېچىلىپ كۈلگەن ۋاقتىمىزمۇ، ياش تۆككەن پەيتلىرىمىزمۇ بولدى. بېيجىڭ شەھرىنىڭ مەركىزىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تيەنئەنمېن راۋىقى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئار-نومۇسى، ياپونغا قارشى كۈرىشى، ئازادلىقى، شەرق گىگانت ئادىمىنىڭ باتۇرلارچە ئورنىدىن دەس تۇرۇشىدەك بوران - چاپقۇنلۇق تارىخنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ تارىخنىڭ شاھىتى، تەرەققىياتنىڭ گۇۋاھچىسى.

ئەنە، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھەيۋەتلىك يېشىل سەددىچىن سېپىلى، يەر بېغىرلاپ ئىلگىرىلەۋاتقان غايەت زور يىلانغا ئوخشاش چاڭئەن كوچىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا سوزۇلغان چاڭئەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە قىسمى، سۇ قۇرۇقلۇق قىسمى، ھاۋا بوشلۇقى قىسمى، بومباردىمانچى قىسىم، 3 - ئارمىيە ئايالار قىسمى، قورالىق قىسىم ئورگىنى، زاپاس قوشۇنلار قىسمى، ئايال خەلق ئەسكەرلەر قىسمىدىن ئىبارەت 14 قىسىم ۋە 30 ئەسكەرلەر قىسمى سەپ تۈزۈپ كەلمەكتە. ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ سەپ بەئەينى تىك تاغلاردەك مۇستەھكەم، سېپىللارغا ئوخشاش ھەيۋەتلىك.

سائەت دەل 10 دا باش شۇجى دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ساليۇتلار ئاسمان قەھرىگە كۆتۈرۈلدى. پۈتۈن بېيجىڭ شەھىرى زىلزىلىگە كەلدى(ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئاۋازلىق ھۆرمەت توپى ساليوتلارنىڭ ھەممىسى خەلقئارانىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىت ئاسراش ئۆلچىمىگە ماس كېلىدىغان بولۇپ مۇھىت بۇلغىمايدىكەن، بۇ ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى ۋە مۇھىت ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىشى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان)، ئارقىدىنلا خەلقنى قاينام تاشقىنلىققا چۆمدۈرىدىغان پىدائىيلار مارشى گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئورۇنلاندى. بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ناخشىغا ئەگىشىپ مەردانىلارچە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، خۇددى مۇئەللەقتە كۆيۈۋاتقان مەشئەلدەك.

10دىن 49 مىنۇت ئۆتكەندە دەبدەبىلىك ئارمىيە مارشى دۆلەت بايرىمىنىڭ تەبرىك يوپۇقىنى ئاچتى. مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئومۇمىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلدى. باش شۇجى بېيجىڭ ئارمىيەسىنىڭ قوماندانىنىڭ قوماندانلىقىدا قىزىل بايراق كۆرەك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، شەرققە قاراپ مېڭىپ، گېنېراللارنىڭ ھۆرمەت سالىمىنى قوبۇل قىلدى. چاڭئەن كوچىسىدىكى 44 يەرلىك ئورگاننى كۆزدىن كەچۈردى. «يولداشلار، ياخشىمۇسىلەر! يولداشلار جاپا چەكتىڭلار!» رەئىسنىڭ سالىمى خۇددى ئىللىق باھار شامىلىدەك ھەربىيلەرنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى. «باشلىق، ياخشىمۇسىز! خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى!» جەڭچىلەرنىڭ جاۋابى پۈتۈن زېمىننى زىلزىلىگە سالدى.

ئارقىدىنلا ھەربىي پارات رەسمىي باشلاندى، كۆزنى چاقنىتىدىغان 8 - ئارمىيە بايرىقىنىڭ يول باشلىشى بىلەن 14 پىيادىلەر قىسمى رەتلىك قەدەملەر بىلەن يەرنى تىترىتىپ كەلمەكتە ئىدى. پاراتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىسلاھات ئېچىۋېتىلىشتىن كېيىن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېڭى بىر ئەۋلاد ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلار شۇ تاپتا دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ۋە ھەربىي قىسىم قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ جانلىنىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلماقتا،

ئارقىدىنلا ھەربىي ماشىنىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش باشلاندى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىلغار ئەسلىھەلىرى قاچىلانغان رەت-رەت كۈرەش ماشىنىلىرى چاڭئەن كوچىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىن تيەنئەنمىن تەرەپكە قاراپ كەلدى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنىڭ زورايغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى.

ئەڭ ئاخىردا كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان پەيتلەر يېتىپ كەلدى. 151 ئايروپىلاندىن تەشكىللەنگەن 12 ھاۋا ئارمىيە ئەترىتى مەيدانغا چىقتى. بۇلارغا دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ ئىلغار ھاۋا ئارمىيە ئەسلىھەلىرى سەپلەنگەن، ئۇلار رەتلىك ھالدا تيەنئەنمىن راۋىقىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. مەن بۇ چاغدا ۋەتىنىمىزنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى، ھەقىقىي قەد كۆتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ھەربىر ئۇلۇغ ئىشقا خەلقىنىڭ تىلىكى مۇجەسسەم بولغان، بۇ تىلەكلەرگە جۇڭخۇانى قۇدرەت تاپقۇزۇش، جۇڭگونى قەد كۆتۈرگۈزۈش روھى سىڭگەن! بىرىدە جاپا - مۇشەققەت بولغان. بىز نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن، بىرىدە جاھىللەرچە ئىنتىلىش بولغان، بىز ھەممىگە بەرداشلىق بەردۇق، ھەممىنى بېسىپ ئۆتتۇق، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلى پۇختىلاندى. بىزنىڭ غايىمىز بولغان، بىزنىڭ قىلچىمۇ تەۋرەنمەيدىغان ئىرادىمىز بولغان، بىزنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان خۇشاللىقلىرىمىز بولغان. بىز ئۆزىمىزنىڭ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، باتۇرلارچە ئالغا ئىنتىلىدىغان، كۈرەشچان روھىمىزدىن پەخىرلىنىمىز. بىز يەنە ۋەتىنىمىزنىڭ مۇشۇنداق پۇختا، كۈچلۈك ئۇلى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمىز.

جۇڭگو ھامان قەد كۆتۈرىدۇ!

## تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە

مەريەمگۈل ئابدۇغۇپۇر
(نەسر)

*«ئاجىزلار پۇرسەت كۈتىدۇ، غالىبلار پۇرسەتنى ئۆزى يارىتىدۇ.»*

— كيۇرى خانىم

جۇڭگو — ھەيۋەتلىك بىر شىر، گەرچە ئۆتمۈشتە ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى جاراھەت ئىزى بىلەن تولغان، چارچاپ ھالى قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۈگۈن ئويغاندى، قايتىدىن باش كۆتۈردى. ئۇ مەردانە قەدەملىرى بىلەن دۇنيا بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى. كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سالاپىتىنى نامايان قىلدى. دۇنيامۇ جۇڭگونى ئۆز قوينىغا ئالدى.

— سەن كىم بولىسەن؟ سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟

— مېنىڭ ئىسمىم جۇڭگو.

— سەن راستتىنلا شىرمۇ؟ مەن قارىسام سەن ھېچبىر شىرغا ئوخشىمايدىكەنسەن،

پۈتۈن بەدىنىڭ يارا ئىزى بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ، ھەتتا بىر كىچىك بۇغىچاقمۇ سىېنى بوزەك قىلالايدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ياق، ئۇ ئىشلار ئۆتمۈشكە ئايلاندى، مەن ھازىر ئويغاندىم. مەن پات ئارىدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىمەن.

— ئەمسە ياخشى، مەن سىېنى ساقلايمەن.

بۇ جۇڭگو بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئابزاس دىيالوگ ئىدى. مانا بۇ تارىخ، مانا بۇ بۈگۈنكى رېئاللىق.

2001 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كەچ، بىر مىليارد 300 مىليون يۈرەك ھاياجان ئىلكىدە سوقتى. چۈنكى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۈتۈۋاتقان ئۈمىد - ئارزۇ ئىستەكلەر مانا مۇشۇ مىنۇتلاردا ھەقىقىي جاۋابقا ئېرىشىش ئالدىدا تۇراتتى. شۇ كۈنى كەچ سائەت 10دا موسكۋا ئولىمپىكقا ئىلتىماس قىلىش زالى ئىچىدە ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ باش رەئىسى سامارانچ تەنتەنىلىك ھالدا 2008 - يىللىق يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش شەرىپىگە ئېرىشكەن شەھەر «بېيجىڭ» دەپ جاكارلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا مەن بۇ شىرنىڭ ھۆركىرىشىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. بۇ ھۆكۈمران ئاۋاز پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە يېتىپ بارغاندەك قىلاتتى. جۇڭگو ھۆركىرەشلىرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى ئىسپاتلاپ دۇنيا بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى. مۇشۇ دەقىقىدە بىر مىليارد 300 مىليون يۈرەك ھاياجان ئىلكىدە سوقتى، 2001 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گوگۇمدا قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز يەنە بىر قېتىم ياڭرىدى. ئۇ ھۆركىرەشلىرى ئارقىلىق دۇنياغا ئۆزىنىڭ قەد كۆتۈرگەنلىكىنى، ئورنىدىن دەس تۇرغانلىقىنى جاكارلاۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈنكى، مۇشۇ دەقىقىدە دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى كامېر قولىدىكى ھۆكۈم دەستىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ جۇڭگونىڭ خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىماقتا ئىدى. شۇ تاپتا بىر مىليارد 300 مىليون خەلقنىڭ ئىسسىق قانلىرى يەنە بىر قېتىم جۇش ئۇردى. جۇڭگو يەنە بىر قېتىم پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، دۇنيا بوسۇغىسىدىن قايتا - قايتا ئاتلىغانلىقىنى جاكارلاپ پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنى ئېتىراپ قىلدۇردى.

جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ شىر ئىلگىرى تالاي قېتىم زەربىگە ئۇچرىغانىدى. مانا بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇنلىغان ئەگرى - توقايلىقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، 100 يىللىق ئار - نومۇسىنى يۇيۇپ تاشلىدى، 5000 يىلدىن بۇيانقى بوران - چاپقۇنلاردا تاۋلىنىپ ئاخىرى دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بىز بۇ شىر بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي ئىزلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى ھېس قىلغاندەك بولىمىز. گەرچە بۇ شىر ماڭغان يوللاردا نۇرغۇنلىغان تىكەنلەر پۇتلىرىغا كىرىپ، چاتقاللار يولىنى توسقان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسىسى ئۇنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىغا پۇتلىكاشاڭ بولالمىدى. ئۇ ئىلگىرىلىدى، توختاۋسىز ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭ تەرەققىياتى بۇرۇن ئۇنى كۆزگە ئىلمىغانلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئۇ شان - شەرەپ قۇچتى، زەپەر قۇچتى، ئۇ خەلقئارانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاراتقۇلاردىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى، ئۇتۇقلىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. شۇ تاپتا «مانا

بۇ جۇڭگو! مانا بۇ بىزنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز!» دەپ تۇۋلىغىمىز كەلدى. بىز سۆيۈندۇق، پەخىرلەندۇق. ئېھ، ئانا ۋەتىنىم جۇڭگو، سەن بىزنىڭ پەخرىمىز!

ئانا ۋەتىنىم سېنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىڭ تېخىمۇ پارلاق. سەن يول ئاچتىڭ، توختاۋسىز ئىلگىرىلىدىڭ، سەن ئاچقان بۇ داغدام يول سېنى تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەككە باشلاپ بارىدۇ. بىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سېنىڭ قوينۇڭدا ئۈسۈپ يېتىلدۇق، بىلىم شەربەتلىرىڭدىن كۈچلەندۇق، بىزنىڭمۇ ساغلام ئالاھىدە سوۋغاتلىرىمىز بار، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىككى قولى ئارقىلىق ساغلام قانات ياساپ، زىممەڭدىكى داغلارنى پاك - پاكىز سۈرتۈپ، سېنى كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرىمىز، دۇنياغا قارىتىپ ئۇچۇرىمىز.

## باھا:

بۇ نەسرنىڭ باشلانمىسى كۈچلۈك سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە. بۇ ھال نەسرنىڭ بەدىئىي رەڭدارلىقىنى ئاشۇرغان. ئارقىدىنلا دىيالوگ شەكلى ۋە ئاددىملەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يېڭىچە ئۇسلۇب يارىتىلغان، يەنى، جۇڭگو بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگ ئارقىلىق نەسرگە تېخىمۇ ئۆزگىچىلىك ھەم جانلىقلىق بەخش ئەتكەن. ئاپتور ئېلىمىزنىڭ ئولىمپىكقا ئىلتىماس قىلىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىككى پاكىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كۆز قارىشى ۋە باھاسىنى قايىل قىلارلىق ئىسپاتلىغان. ئەڭ ئاخىردا ئاپتور يەنە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان قارىشى، غايىسى ۋە ئىرادىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتورنىڭ ئىرادىسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ شىرنى دۇنياغا باشلاپ كىرىپ، دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇزۇشنى ئويلايدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي گۈزەل ئارزۇ، مانا بۇ ھەقىقىي مۇستەھكەم ئىرادە. نەسرنىڭ باش - ئاخىرى ماسلاشقان، مەركىزىي ئىدىيەسى گەۋدىلىك بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىنى ئۇرغۇتىدۇ. مانا بۇ ئاپتورنىڭ ئۆز بەدىئىي تالانتىنى تولۇق ئىشقا سالغانلىقىنىڭ مەھسۇلى.

## پەخرىم جۇڭگو

ئاسىيە ئابلىمىت
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«ياشاش ئۆزلۈكسىز ئالغا تەلپۈنۈش دېمەكتۇر.»*

— جونسون

«ئانىجان تۇغقان ئېلىم جۇڭگو ئۈنىڭ پەرزەنتىمەن، رىشتىگە جىسمىم بىلەن، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندىمەن.» بۇ مىسرالارنى ھەر قېتىم ئېيتقىنىمدا قەلبىمدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق تۇيغۇلىرى، ئانا ۋەتىنىمگە بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت، سۆيگۈ ھېسلىرى ئۇرغۇپ

چىقىدۇ. شۇنداق، مەن جۇڭگو پەرزەنتى، جۇڭگو مېنىڭ ئانام، مەن ۋەتىنىمنى سۆيىمەن، ۋەتىنىمدىن پەخىرلىنىمەن، چۈنكى، مەن تەرەققىي قىلغان، باش كۆتۈرگەن جۇڭگونىڭ پەرزەنتى.

ۋەتىنىم جۇڭگونىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى تەرەققىياتى 1978 - يىلىدىكى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن باشلاندى. شۇنىڭدىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە بولغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان 30 نەچچە يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلىرى، تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ تېز تەرەققىي قىلىشى پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇردى. تەرەققىيات، يۈكسىلىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى «شەرق ئاسىيا كېسەل كۆرپىلىرى» دېگەن نامدىن قۇتۇلدۇرۇپ، دۇنيادا ھەقىقىي قەد كۆتۈرگەن، كۈچلۈك مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇزدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، كىچىكىمدە چوڭلاردىن بۇرۇنقى تۇرمۇش ۋە بۇرۇنقى ئىشلار توغرۇلۇق كۆپ بايانلارنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىدىن تولىمۇ ھەيران قالاتتىم. بوۋامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يېقىنقى يىللارغىچە ماشىنا دېگەننى كۆرۈپ باقماپتىكەن، ناھىيە بازىرىغىمۇ بېرىپ باقمىغانىكەن. چۈنكى، ناھىيەگە بېرىش ئۈچۈنمۇ بىر، ئىككى كۈن پىيادە مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. ئۇ چاغلاردا تېلېۋىزور ۋە باشقا ئېلېكتىر سايمانلىرى تۇرماق، ھەتتا توكمۇ بولمىغاچقا، كىرسىن چىراغ ئىشلىتىپتىكەن. يەيدىغان ئاشلىقى يېتىشمەي كۈنلۈكنى كۈنلۈك ئېلىپ يەپتىكەن. بىراق، ھازىر يېزا يوللىرىدىمۇ ھەر خىل ماشىنىلار ئۈزۈلمەستىن ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. تېلېفون ھەممە ئائىلىلەرگە دېگۈدەك ئومۇملاشتى. ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلار بۇرۇنقى كونا ھەم ئاددىي ئويۇنچۇقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ئەسلىدىكى بىر قېتىم يامغۇر ياغسىلا لاي - پاتقاقتىن ماڭغىلى بولمايدىغان توپا يوللار بولسا ئاسفالت يوللارغا ئۆزگەرتىلدى. رەت - رەت ئېگىز بىنالاردا كىشىلەر ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىدىغان بولدى. كىچىكى ئېلېكتىر چىرىغىدىن تارتىپ چوڭى كومپيۇتېرغىچە ھەممە ئائىلىلەردە ئومۇملاشتى. ھۆكۈمەتنىڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىقى بىلەن نامرات دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى. ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى ۋە ساغلاملىق سۇغۇرتىسى كاپالىتىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغاندا مۇخبىر يېزىلارغا بېرىپ ھەممە ئادەمنىڭ ھۆكۈمەتكە رەھمەت ئېيتىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئاشۇ سەممىي كۈلكىلەر بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ ئىلگىرىلىشى ھېسابلانمامدۇ؟

يەنە جۇڭگوغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، دۆلىتىمىز ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىدى. 1997 - يىلى شياڭگاڭنىڭ، 1999 - يىلى ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى دۆلىتىمىزنى يەنە بىر چوڭ خۇشاللىققا چۆمدۈردى. يەنە 2003 - يىلىدىكى ئالەم كېزەر كېمىمىز ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ تۇنجى قېتىم ئادەملىك ئالەم كېمىسى قويۇپ بېرىشتە ئۇتۇق قازاندۇق. 2005 - يىلى «خاسىيەتلىك كېمە 6- نومۇر» ئادەملىك ئالەم كېمىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق قايتىپ كېلىشى، 2008 - يىلى دۆلىتىمىزنىڭ «ئايپەرى 1 - نومۇر» تۇنجى ئالەم تەكشۈرۈش سۈنئىي ھەمراھىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىشى قاتارلىق بىر قاتار نەتىجىلەر دۆلىتىمىزنى ئالەم تېخنىكىسى يۇقىرى دۆلەتكە ئايلاندۇردى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئايغا چىقىش چۈشىنى ئەمەلگە

ئاشۇردى. 2008 ـ يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى دۆلىتىمىزنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتتى. يېزىلاردا ئائىلىلەرگىچە ھۆددە بېرىشنى ئاساس قىلغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتارلىق بىر قاتار پىلانلار يولغا قويۇلۇپ، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1997 ـ يىلىغا كەلگەندە 70 ھەسسە كۆپەيدى.

بىراق، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش يولى نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. 1998 ـ يىلى جەنۇب تەرەپتە ئاز كۆرۈلىدىغان كەلكۈن ئاپىتى، 2003 ـ يىلىغا بارغاندا ئادەمنى يۈرەكزادە قىلىۋېتىدىغان سارس كېسىلى، 2008 ـ يىلى بىرقانچە ئۆلكىدە يۈز بەرگەن قار ـ مۇز ئاپىتى ۋە ئادەمنى قايغۇغا سالىدىغان ۋېنچۈەندىكى چوڭ يەر تەۋرەش قاتارلىق ئاپەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇردى. لېكىن مەملىكىتىمىز خەلقى خۇددى سەددىچىن سېپىلىدەك مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، بۇ ئاپەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ تاپىنى ئاستىدا قالدۇردى.

كونا جۇڭگو دۆلەت كۈچى ئاجىز، ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان، پەن ـ تېخنىكىسى قالاق، كىشىلەر ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىيالمايدىغان، ئەتىگەنگە تاپسا، كەچلىككە يوق بىر دۆلەت ئىدى. چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن بوزەك قىلىشقا ئۇچرىسىمۇ، ئەمما قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمايتتى. پەقەت ئاچ قالمىسلا، توڭلاپ قالمىسلا چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندىكى جۇڭگو بولسا بىر مۆجىزىگە، ئىلگىرىكى كىشىلەر ئويلاشقا پېتىنالمايدىغان قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن كەلگەن. 30 نەچچە يىللىق ئىسلاھات ئېچىۋېتىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 300 يىللىق نومۇسلۇق تارىخىنى ئۆزگەرتتى، ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم دۇنياغا تونۇتتى.

بىز ئۆزىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئارقىلىق تۈنجى بولۇپ، قوش زۇكمىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇق. بىز ئۆزىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى تاڭ قالدۇردۇق. بىز ئۆزىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئارقىلىق باش كۆتۈرگەن ۋە ئالغا باسقان جۇڭگوغا ئايلاندۇق.

# 2012 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش «تىل - ئەدەبىيات» ئىمتىھان سوئالىنىڭ يېزىقچىلىق تەلىپى ۋە ئۈلگىلىك ئەسەرلەر

**V يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.** (جەمئىي 55 نومۇر بېرىلىدۇ)

بېرىلگەن ماتېرىياللارنى ئوقۇپ يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

*غوجايىن قېيىقنى سىرلاشقا بېرىپتۇ. رېمونتچى قېيىقنى سىرلاۋېتىپ، تېگىدە تۆشۈك بارلىقنى بايقاپ، تۆشۈكنى ئېتىپ قويۇپتۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن غوجايىن رېمونتچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە پۇل تەڭلەپتۇ. رېمونتچى غەلىتىلىك ھېس قىلىپ: «سىز پۇلنى بېرىپ بولغانغۇ؟» دەپتۇ. غوجايىن:*

*— توغرا، ئۇ دېگەن سىرلاش ھەققىڭىز، بۇ دېگەن تۆشۈكنى ئېتىپ قويغانلىقىڭىزغا بىلدۈرگەن تەشەككۈرۈم، — دەپتۇ. رېمونتچى:*

*— ئۇ دېگەن مۇنداقلا قىلىپ قويغان كىچىككىنە بىر ئىش، — دەپتۇ. غوجايىن ھاياجانلانغان ھالدا:*

*— باللار قېيىقنى ھەيدەپ دېڭىزغا كەتكەنىدى، ئۇلار كەتكەندىن كېيىنلا تېگى تەرىپىنىڭ تۆشۈك ئىكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىپتىكەنمەن، باللارنى قايتىپ كېلەلمەسمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. كۆتە - كۆتە ئۇلار ئاخىرى ساق - سالامەت قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدىلا سىزنىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىڭىزنى بىلدىم، — دەپتۇ.*

**تەلەپ:**

①نۇقتىئىنەزەر (مەركىزىي ئىدىيە) ئېنىق، پىكىر يۈنىلىشىڭىز توغرا بولۇشى كېرەك؛ ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ، ژانىرنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ(شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ)؛ ②ئەسىرىڭىز ماتېرىيالدا ئىپادىلەنگەن پىكىر يۈنىلىشىنى چىقىش قىلسۇن؛ ③ماتېرىيالدا بېرىلگەن ئۇچۇرلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ماتېرىيالنى كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ ④سالاھىيەتنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلارنى × بىلەن ئىپادىلەڭ؛ ⑤خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملاسى توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن. ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

# ئۈنتۈلماس ئەقىدە

مۇساجان ياسىن
(نەسر)

«بالام، ياخشى ئوقۇ، كىشىگە يامانلىق قىلما، قولۇڭدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىل، بارلىقىڭنى ئۆز خەلقىڭنىڭ بەختى ئۈچۈن ئاتىغىن. ئېسىڭدە بولسۇن، قىلغان ياخشىلىقىڭ ھەرگىز يەردە قالمايدۇ...»، مەن ئانامنىڭ بۇ سۆزىنى ھازىرغىچە ئېسىمدە ساقلاپ كەلدىم. چۈنكى مەن نۇرغۇن كىشىلەردىن ياخشىلىق كۆردۈم، ئۆمۈر مەنزىللىرىمدە بېلىجانداك تېڭىرقاپ يۈرگىنىمدە، تالاي مېھرلىك قوللار مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ، ماڭا ئىللىق ھارارىتىنى چاچتى. بەخت كارۋانلىرىنى ھەيدەپ چۆللەردە سەرگەردان بولغىنىمدا مېھىر - مۇھەببەت بۇلاقلىرىدىن شەربەتلەر تامچىدى. ياشاش يولىدا نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي يۈرگىنىمدە ئۈمىد مەشئەللىرى قەلب ئاسمىنىمدا چاقنىدى.

مەن مېھىر - مۇھەببەتتىن لەززەت ئالدىم، مېھىر - مۇھەببەت، ياخشىلىق، ئىنسانىيلىق، ئادىمىيلىك گۈللىرى بىلەن قەلب گۈلشەنلىرىمنى بېزەپ كەلدىم. مېھرلىك كىشىلەرنىڭ سىماسىدىن نۇر ئالدىم. مەن مېھىر - مۇھەببەتنى كۈيلەيمەن، ياخشىلىق نۇرلىرىدا ئۈزۈپ ئويناىمەن. بەلكىم بۇلارنى كۈيلەپ داستان يازسامۇ، قوشاقلار قاتسامۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەدەبىيات گۈلزارىدىن بارلىق سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ. چۈنكى ياخشىلىق ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ئەڭ گۈزەل كارتىنىسى، كىشىلەرنىڭ قەلب باغلىرىنى يورۇتۇپ تۇرغان نۇرلۇق مەشئەل، ھاياتلىق ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان نۇرانە يۇلتۇز، قەلبلەرنى سۆيۈندۈرۈۋاتقان ئابىكەۋسەر، كۆڭۈللەر خەزىنىسىدىكى تۈگىمەس بايلىق...

شۇنداق، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئەجىر قىلغانلار مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، باشقىلار ئۈچۈن ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ قەلب ئۆستەڭلىرى قۇرۇپ كەتمەيدۇ، باشقىلارغا مېھىر - مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چاچقانلارنىڭ ئېتىزلىرى مەڭگۈ ھوسۇللۇقتۇر. دوستۇم، ئېسىڭىزدە بولسۇن، ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ، ئەقىدە خارلانمايدۇ، قېنى بىزمۇ ياخشىلىق مەشئەللىرىگە ئوت يېقىپ، ئەقىدە نۇرلىرىنى چاقنىتىپ باقايلى!

# ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ

ئالىمجان بەكرى

(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«مەن ئۆچۈن ئېيتقاندا، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش، غەم - قايغۇدا ۋە شادلىقتا ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشتا.»*

— ئېينىشتېين

دۇنيا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن گۈزەل، باشقىلارغا ياردەم قىلىش، باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئىنساننىڭ ئېسىل خىسلىتى، بىز ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە، بىزنىڭ ئالىيجاناب خەلقىمىز ئەزەلدىن باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ، ھاجىتى چۈشكەن ئادەم قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قولىدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا ياردەم بېرىدۇ. باشقىلارغا ياردەم بېرىشتىكى مەقسەت ھەرگىزمۇ قارشى تەرەپتىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى شۇ خىل ھالەت ئاتا قىلغان خۇشاللىق تۇيغۇسىدىن بەھرىلىنىشتۇر. «چۈنكى باشقىلارغا گۈل سوۋغا قىلغان كىشىنىڭ قولىدا گۈلنىڭ پۇرىقى قالىدۇ» ئەمەسمۇ؟ بۇ گۈلنىڭ پۇرىقى شۇنچە خۇش پۇراق، شۇنچە دىلغا ھۇزۇر.

«ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق» دەيدىغان ماقال بار، بۇ بىرسىگە ياخشىلىق قىلسا ئۆزىگە يانىدىغانلىقىنى، يامانلىق قىلسىمۇ ئوخشاشلا يانىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇيەردىكى «يامانلىققا يامانلىق» دېگىنى ھەرگىزمۇ باشقىلار ساڭا يامانلىق قىلسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىپ ئۆچۈڭنى ئال دېگەنلىك ئەمەس، كونىلاردا «ساڭا يامانلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىل» دەيدىغان ماقالمۇ بار، بىزگە يامانلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلساق، ئۇ ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ تۈزۈلۈشى، ياخشى ئادەم بولۇشى، بىزگە قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىشى، بىزنىڭ قىلغانلىرىمىزدىن تەسىرلىنىپ ئۆزگىرىشى مۇمكىن. بىرسىنىڭ بىزگە قىلغان يامانلىقىنى بىز ھۆكۈم قىلىپ جازاسىنى بەرمىسەكمۇ، ئۇ بىزگە قىلغان يامانلىقىنىڭ جازاسىنى باشقىلاردىن كۆرىدۇ، بىرسىنىڭ بىرسىگە قىلغىنى ئۇنىڭدىن يانمىسا باشقىلاردىن يانىدۇ.

ئېسىمدە قېلىشىچە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ھەر جۈمە كۈنى بايراق چۈشۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى، بۇ ۋاقىتتا بىر ھەپتە جەريانىدا ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ ئىسمى كۆپچىلىك ئالدىدا ئوقۇلۇپ تەقدىرلىنەتتى. بىر قاتار بولۇپ تۇرغان ئورۇندىن مەن بىر تال قەلەمتىراش تېپىۋالدىم، قەلەمتىراچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىرنەچچە قېتىم «بۇ كىمنىڭ؟» دەپ سورىسام سادا چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى سىنىپ مۇدىرىمغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇردۇم. سىنىپ مۇدىرىم قەلەمتىراشنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى، يېنىمدىكى بىر ساۋاقدىشىم قولىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، بايام مەن سورىغاندا ھېچكىم

مېنىڭ دېمىگەن نەرسىنىڭ تۇيۇقسىز «ئىگىسى» پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغىچە سىنىپ مۇدىرىم كۆپچىلىك ئالدىدا ناھايىتى ئۇرغۇلۇق قىلىپ: «بەزىلەر ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلىشتىن يانمايدۇ!» دېدى. مەن بەش مىنۇت ئىچىدە «نامى چىققان» ئوغرىغا ئايلاندىم. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئالدىمغا «ئالتۇن ئۈچىرىسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان» ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈردۈم. ئالدىنقى يىلى مەكتەپ ئاشخانىسىدا بىرسى پۇل قاپچۇقنى ئۇنتۇپ قاپتۇ، مەن قانداق قىلسام بولار دەپ ئىككىلىنىپ قالدىم، خىيالىمدا ئىگىسىگە ئاپىرىپ بەرسەم يەنە «يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ» قالارمەنمۇ دەپ ئويلىدىم. ئىچىنى ئاختۇرسام خېلى كۆپ پۇل، كىملىك، ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسى چىقتى. مەن ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسىدىكى ئادرېس بويىچە ئۇنى ئىزدەپ تاپتىم، يىتىپ كەتكەن نەرسىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەردىم. بۇنى يىتتۈرۈۋەتكەن ساۋاقداش سىنىپىدا جىلە بولۇپ ئولتۇرۇپتىكەن، نەرسىلىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولغىنىدىن ۋارقىراپ كەتتى، ماڭا كۆپ رەھمەت ئېيتتى، ئۇنىڭ خۇشال بولغان ھالىتىنى كۆرۈپ مەنمۇ خۇشال بولۇپ كەتتىم. مانا بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم «ياخشى ئىش» قىلىشىم ۋە باشقىلارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىششىم ئىدى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ مەن باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىپ كېلىۋاتىمەن.

«بالام، باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمە! باشقىلارغا قولۇڭدىن كەلسىلا ياردىمىڭنى ئايىما!» مانا بۇ ئانامنىڭ ماڭا دائىم دەيدىغان سۆزى.

دۇنيادىكى ئادەملەر ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى باشقىلارغا ئىبرەت بولغۇچى، يەنە بىرى، باشقىلاردىن ئىبرەت ئالغۇچى. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى سىنىپ مۇدىرىمنىڭ بىر ئېغىز سۆزىدىن ئىبرەت ئېلىپ ھېچ ئىشقا ئارىلاشماي، «ئالتۇن تېپىۋالسامۇ كۆز قىرىمنى سالماي» ئاتلاپ ئۆتۈپ دېگۈدەك ئۆسمۈرلۈك ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپتىمەن. ھېلىقى ساۋاقدىشىمنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىققان بىر ئېغىز سۆزى مېنى رېئاللىققا قايتۇردى. مېنىڭ نەزىرىمدە، ئوقۇتقۇچۇمدىن ھېلىقى بىر ئېغىز گەپنى ئاڭلىغاندىن تارتىپ، «ياخشىلىققا يامانلىق»لا بار ئىدى، كېيىن، يەنە ھېس قىلسام دۇنيادا مېھىر ـ مۇھەببەت يەنىلا مەۋجۇت ئىكەن، پاك، ئىنساني مۇھەببەت بىلەن قىلىنغان ياردەم باشقىلارنىڭ بىلدۈرگەن رەھمىتىنى ئاڭلىغاندىن بەكرەك كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىكەن. شۇڭا باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمايلى، بۇ ياردەم ھەرگىزمۇ مەلۇم مەقسەت ئۈستىگە قۇرۇلۇپ قالمىسۇن، «ياخشىلىققا ياخشىلىق يانىدۇ.» بۇ ياخشىلىق سىز ياردەم قىلغان ئادەمدىن يانمىسا، باشقىلاردىن يانىدۇ ياكى سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە ئېرىشكۈچىدىن باشقىلارغا يانىدۇ، قەلبىدە مېھىر ـ مۇھەببەت بولمىغان ئادەم باشقىلارغا مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلالمايدۇ. لېكىن ئىنسان يارىلىشىدىنلا تەبىئىتى ئاق كۆڭۈل يارالغان، ئۇنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى مۇھىت بىلەن تەربىيەگە باغلىق، شۇڭلاشقا، باشقىلارغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلايلى، باشقىلارنى بىر تېپىك بىلەن يوققا چىقىرىۋەتمەيلى، چۈنكى بۇ دۇنيا مېھەر ـ مۇھەببەت بولغانلىقى بىلەن گۈزەل.

# ياخشىلىقنىڭ جاۋابى ياخشىلىق

ياسىنجان مەتشىرىپ

(نەسر)

*گۈلشەندە يۈز مىڭلىغان تىكەن بىشنى سوزۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن باھار يامغۇرى ھەربىر تىكەندە گۈل ئۈندۈرىدۇ.*

— نەۋايى «لىسانۇت-تەيىر»دىن

ياخشىلىق پاك قەلبلەر تەشنا دىللارغا ياندۇرغان پەردازسىز نۇرلۇق مەشئەل. ياخشىلىق — ئاجىز، يوقسۇل، جاپاكەش كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئازابىنى يەڭگىللىتىدىغان ۋە ئۈنىڭدىن قۇتۇلدۇرىدىغان كۈرەشتۇر.

ياخشىلىق — ياخشى نىيەتتىن، ياخشى ھەرىكەتتىن، نادانلىقمۇ، داناغىمۇ، كۈچلۈككىمۇ، ئاجىزغىمۇ، بايغىمۇ، يوقسۇلغىمۇ... ئىشقىلىپ ھەربىر قەلبكە ھېچبىر تەمەسىز سۇنۇلغان گۈل چىمەندۇر.

ياخشىلىق — ئادەم تەبىئىتىنىڭ جېنى، پاك قەلبنىڭ ياڭراق ناخشىسى. مەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىز ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ياراتقان ئىلىم - ئېرپان نامايەندىلىرى، پاكلىق، ياخشىلىق، ئەجىر تۆھپىلىرى، كەمتەر، خۇش پېئىللىقىدىن پەخىرلىنىمەن. ئۇلار تارىخنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى، بەھەيۋەت پۈتۈكنامىسى «مەڭگۈ تاشلىرى»، «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»، «خەمسە، نەۋايى»لىرى... خۇددى شۇلارغا ئوخشاش تالاي مىللىي ئىپتىخارلىق، كىملىكى بولغان بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن پەخىرلىنىمەن.

تۆھپە ئۇنتۇلمايدۇ. ئۇلار ئەجىر سىڭدۈردى ۋە ئۇ تاشقا ئويۇلدى. بىز بۈگۈن ئەنە شۇ مۆھۈر كەبى ئويۇقلارنى خۇددى جاۋاھىر كانلىرىنى قازغاندەك قېزىپ، ئۆزىمىزنىڭ «قېنىمىزنى، قاش - كۆزىمىزنى، تىل - دىلىمىزنى» تېپىۋاتىمىز.

ئۆتمۈش بىزگە قاراپ مەنىلىك كۈلدى ۋە ئېيتتى: «مەن جىسمىڭلارنى گۆرگە ئېلىپ كەتتىم، بىراق روھىڭلار نۇرلىنىپ قالدى.»

كەلگۈسى بىزگە قاراپ مەنىلىك كۈلدى ۋە ئېيتتى: «مەن سىلەرنىڭ ياخشىلىققا تولغان، مېھىر - مۇھەببەت نۇر چاچقان، ئۆز تۇپرىقىڭلارغا ئۆچمەس ئىز سالغان روھىڭلارنى ساقلاۋاتىمەن.»

بوۋىلىرىمىز، مومىلىرىمىز بىز ئۈچۈن ياراتقان تالاي مىسرالار ئۇلارنىڭ ھالال نىيىتى، جاپالىق قان - تەرى بەدىلىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىزنىڭ مۇھەببەتلىك كۆزلىرىمىزگە، تىنىمسىز ئىجتىھاتلىرىمىزغىلا تىكىلدى ۋە ئېيتتى: «قەدىرلە ئوغلۇم، قەدىرلە قىزىم، ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن، پەقەت سىلەر ئۈچۈنلا!»

خاتىرجەم بولۇڭلار ئەجدادلىرىم، ئەۋلادلىرىڭلار قەدەم ئىزىڭلارنى ئۆچۈرمەيدۇ. قۇم ئاستىدىكى قەلئە، ھېكمەتلىرىڭلار، تارىم ۋادىسىدىكى «ئالتۇن ئاچقۇچ»ۇڭلار مەڭگۈ ئۆز

پېتى قېلىشۇەرمەيدۇ، بىز جاۋاب قايتۇرىمىز، ياخشىلىقنىڭ جاۋابى ياخشىلىق.

*يۇر ياخشىلىق قىل، ئەي ياخشى كىشى، ئوڭۇشلۇق هامانە ياخشىنىڭ ئىشى.*

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

# ئىككى قىز

مۇكەررەم ئابدۇسەمەت

(چۆچەك)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، مەلۇم بىر مەملىكەتتە هۆسن جامالىدا تەڭداشسىز، ئاق كۆڭۈل بىر مەلىكە ئۆتكەنىكەن. گۈزەل ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەلىكە قىرىق كېنىزىكنى ئەگەشتۈرۈپ، چاھار بېغىنى سەيلە قىلىۋاتقاندا، قۇلىقىغا بوۋاق بالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. مەلىكە ۋە كېنىزەكلەر «بۇ نېمە ئىشتۇ؟» دېيىشىپ چاھار باغنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. بىرهازا ئىزدىگەندىن كېيىن، چاھار باغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر تۈپ ئالما كۆچىتى تۈۋىدە ئەسكى يۆگەككە زاكىلانغان، چىرايى بەتبەشىرە، بىرىنىڭ كۆزى پۈلتىيىپ چىققان، بىرىنىڭ بۇرنى ماكچىيىپ قالغان ئىككى قىز بوۋاق قاتتىق يىغا-زار قىلىشىپ ياتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن كېنىزەكلەر قورققىنىدىن چىرقىرىشىپ كېتىپتۇ. مەلىكمۇ دەسلەپتە چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ. ئەمما، يەنە تۇرۇپلا بۇ بوۋاقلارغا ئىچ ئاغرىتىپ قاپتۇ ۋە مېهرى چۈشۈپتۇ. ئۇ ئاستا باللارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىنى ئانىلىق مېهرى بىلەن سىيلاپتۇ. باللار دەررۇ يىغىسىدىن توختاپتۇ. مەلىكە كېنىزەكلىرىگە باللارنى ئۆزىنىڭ هۇجرىسىغا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. بىراق كېنىزەكلەر باللارنىڭ چىرايىدىن سەسكىنىپ، هېچقايسىسى باللارنى قولىغا ئېلىشقا پېتىنالماپتۇ. بىرقانچىسى بۇ باللارنى ئوردا سىرتىغا تاشلىۋېتىش توغرۇلۇق مەسلىهەت بېرىشىپتۇ. بىراق مەلىكە زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئۇ باللارنى ئوردىغا ئېلىپ كېتىشتە چىڭ تۇرۇپتۇ. ئاخىرى ئارىدىن يۈرەكلىكرەك ئىككى كېنىزەك ئىككى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، مەلىكىنىڭ قەسرىگە ئېلىپ كېلىپتۇ. مەلىكە باللارنى ئۆز قولى بىلەن يۇيۇندۇرۇپ زاكىلاپتۇ. باللارنىڭ قورسىقى ئېچىپ قىرقىراپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بىرقانچە ئىنىكئانىنى تېپىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق هەممىسى باللارنىڭ چىرايىدىن قورقۇپ، ئېمىتىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئاخىرى مەلىكە نەسلىلىك كالىنىڭ سۈتىنى ئەكەلگۈزۈپ باللارنى بېقىپتۇ.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ بەتبەشىرە ئىككى قىز بوۋاقنى بېقىۋالغانلىقى پۈتۈن شەهەرگە پۇر كېتىپتۇ. كىشىلەر سۆز-چۆچەك قىلىشىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ. خانىشمۇ دەرهال مەلىكىنىڭ قەسرىگە بېرىپ، بوۋاقلارنى دەرهال كۆزدىن يوقىتىشنى بۇيرۇپتۇ. بىراق مەلىكە جېنىدىن كەچسىمۇ باللاردىن كەچمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سۆزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. بۇ خەۋەر تارقىلىپ -

تارقىلىپ قوشنا ئەللەرگىمۇ يېتىپ كەپتۇ. مەلىكىنىڭ ئىشقى پىراقىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن نى - نى شاھزادىلەر، سۆلەتلىك بەگزادىلەر خەۋەرنى ئاڭلاپ، مەلىكىدىن رايى يېنىشىپتۇ. ھەتتا بەزىلىرى مەسخىرە قىلىشىپ، مەلىكىنى ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن ھاقارەت قىلىشىپتۇ. شۇنداقتىمۇ مەلىكىنىڭ باللارنى تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماپتۇ. بارلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى ئۇلارغا بېرىپ، ئۆز قولى بىلەن بېقىپتۇ. بارغانسېرى باللارغا مېھرى چۈشۈپ، تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ. شاھ بىلەن خانىشىمۇ مەلىكىنى رايىدىن قايتۇرالماي، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، مەلىكىنىڭ كۈنلىرى باللارنى بېقىش بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى، بۇرۇنقى ھۆسىن جامالىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. مەلىكىنىڭ يېشى چوڭىيىۋېرىپتۇ، باللار يەنە شۇ بوۋاق ھالىتىدە تۇرۇۋېرىپتۇ. بۇنىڭدىن مەلىكىمۇ، ئوردا ئەھلىمۇ ناھايىتى ھەيران بولۇپتۇ. كىشىلەر بۇ توغرىسىدا يەنە ھەرقىسما گەپلەرنى قىلىپ سۆز - چۆچەك قىلىشقا باشلاپتۇ. مەلىكىنىڭ توي قىلماي ئولتۇرۇپ قالغانلىقىمۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن سىرتتا قالماپتۇ. شاھ بىلەن خانىشنىڭ غەم - ئەندىشىسىمۇ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھ ئېغىر ئاغرىپ، سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ. ھەرقايسى جايلاردىن ئۇستا تېۋىپلارنى چاقىرتىپ داۋالاتقان بولسىمۇ، كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن قوشنا ئەل پادىشاھلىرى بۇ ئەلگە ھۇجۇم قىلماق بولۇپتۇ. ئوردا ئىچىدىمۇ بۆلگۈنچىلىك، تەپرىقىچىلىك ئەۋج ئاپتۇ. خانىش بىلەن مەلىكە ئاش - تاماقتىن، گەپ - سۆزدىن قالغان شاھقا قاراپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ.

بىر كۈنى كېچىدە، مەلىكە ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي بۇ يەردىن قىرىق كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر چەشمە زىلال بارلىقىنى، مەلىكىنىڭ باللارنى ئاۋۋال شۇ يەردە پاكىز يۇغاندىن كېيىن، يەنە قىرىق كۈن يول ماڭسا بىر بوستان تاغقا يېتىپ بارىدىغانلىقى، شۇ يەردە مۇشكۈلى ئاسان بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بېرىپتۇ. مەلىكە دەرھال ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، باللارنى ئېلىپ ئوردىدىن چىقىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، قىرىقىنچى كۈنى بىر چەشمە زىلالغا ئۇچراپتۇ. باللارنى بۇلاق سۈيىدە پاكىز يۇيۇپتۇ. شۇ چاغدا بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، باللارنىڭ بەتبەشىرە چىرايى ئۆزگىرىپ بىر - بىرىدىن چىرايلىق، ئوماق قىزلارغا ئايلىنىپتۇ. مەلىكە باللارغا قاراپ ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولۇپ كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ. دەرھال باللارنى ئېلىپ بوستان تاغقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. نۇرغۇن جەبىر - جاپالارنى تارتىپتۇ، تاغ داۋانلاردىن ئېشىپتۇ. قىرىقىنچى كۈنى بوستان تاغقا يېتىپ كەپتۇ. ئەمما ھېچبىر ئادەمزاتنى ئۇچراتماپتۇ. بىر چاغدا قاياقتىندۇر بىر سۇمرۇغ ئۇچۇپ كېلىپتۇ ۋە مەلىكىگە سالام بېرىپتۇ، نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. مەلىكە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. چۈشىدە پەرىشتە سۈپەت بىر بوۋاينىڭ بۇيەرگە كېلىش توغرىسىدىكى بېشارىتىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈپتۇ. شۇندا سۇمرۇغ بىرلا تولغىنىپ كېلىشكەن، مېھرى ئىسسىق بىر ئايالغا ئايلىنىپتۇ ۋە باللارنى باغرىغا بېسىپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ، مەلىكە تېخىمۇ ھەيران بولۇپتۇ. بىر چاغدا ئايال يىغىدىن توختاپ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپتۇ.

ئەسلىدە بۇ سۇمرۇغ بىر پەرىزات ئىكەن. باللار بولسا ئۇنىڭ قوشكېزەك پەرزەنتلىرى ئىكەن، بۇ پەرىزاتنىڭ قولىدا ئاجايىپ سېھىر ـ كارامەتكە ئىگە بىر ئەتىرگۈل بولۇپ، بۇ گۈلگە دىۋىلەر شاھنىڭ كۆزى چۈشۈپ تالىشىپتۇ، ئەمما پەرىزات بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دىۋە باللارنى ئوغرىلاپ، بەتبەشىرە ھالەتتە سېھىر قىلىپ مەلىكىنىڭ بېغىغا تاشلاپ قويغانىكەن. بۇلارنى ئاڭلاپ مەلىكىمۇ كۆز يېشى قىپتۇ. بىر چاغدا ئايال يەنە سۇمرۇغقا ئايلىنىپتۇ. باللارنى بوستان تاغقا قالدۇرۇپ، مەلىكىنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ، بىردەمدىلا مەلىكىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا ياۋ لەشكەرلىرى شەھەر سېپىلىنى قورشاپ بولغان بولۇپ، ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن. سۇمرۇغ ئۇدۇل ئۇچۇپ بېرىپ، شاھنىڭ ھۇجرىسىغا قونۇپتۇ ۋە ئېغىزىدىن سېھىرلىك ئەتىرگۈلنى چىقىرىپ، سۆيىنى چايقاپ شاھقا ئىچۈرۈشنى تاپىلاپتۇ. مەلىكە بىلەن خانىشنىمۇ ئىچىشكە بۇيرۇپتۇ ۋە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. مەلىكە دەرھال ئەتىرگۈلنىڭ ياپراقلىرىنى چىلاپ پادىشاھقا ئىچۈرۈپتۇ. ئۆزى ھەم خانىش ئانىسىمۇ ئىچىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ: شاھ دەرھال ھوشىغا كېلىپ، قىرانلىق چاغلىرىغا قايتىپتۇ. خانىش بىلەن مەلىكىمۇ بىر ـ بىرىدىن گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، قىلىچىنى سۇغارغىنىچە ياۋغا قارشى ئاتلىنىپتۇ. شاھنىڭ ھالقىلىق پەيتتە ئورنىدىن تۇرۇپ، قىلىچ كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى كۆرگەن پۈتكۈل شەھەر خەلقى شاھنىڭ كەينىدىن ياۋغا ئېتىلىپتۇ، قاتتىق جەڭ باشلىنىپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا شاھنىڭ غەلىبىسى بىلەن جەڭ ئاياغلىشىپتۇ. شاھنىڭ بىردەمدە كېسەلدىن ساقىيىپ، ياۋنى يەرگە دەسسەتكەنلىكى ھەممە ئەللەرگە تارقىلىپتۇ. ھېچقايسىسى ئۇلارغا چېقىلالماس بولۇپتۇ. شاھ تەختىگە قايتا ئولتۇرۇپ، بولگۇنچىلىك قىلغان، ياۋغا خەۋەر يەتكۈزگەنلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپتۇ. مەلىكىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ، قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ ۋە ئوردىسىغا ئوماق ئىككى قىز بوۋاقنىڭ ھەيكىلىنى ئالماس ۋە مەرمەر تاشلار بىلەن قاتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا ياخشىلىق قىلسا، ئۆزىگىمۇ ياخشىلىق يانىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپتۇ.

## سەن ياخشى، مەن ياخشى

ھۆرىگۈل تۇرسۇنبەگ
(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا دىلمۇرات ئىسىملىك بىر بالا بولغانىكەن. بۇ بالىنىڭ ئانىسى كىچىك ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا، دادىسى بىلەن بىللە بىر باينىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ياشايدىكەن. باي ناھايىتى پىخسىق بولغاچقا، يىل بويى ئىشلىسىمۇ ئۇلارغا ھېچنېمە بەرمەيدىكەن. دىلمۇراتنىڭ دادىسى جاپالىق شارائىت، ئېغىر ئەمگەك دەستىدىن ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتۇ. دىلمۇرات دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ياخشى قارىغان

بولسمۇ، ئەمما دادىسىنىڭ كېسەللى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ ۋە ئۇغلىغا مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇ:

— بالام، مەن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن، ئەمدى بۇ دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز قالىدىغان بولدۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئىش قىلساڭ ئۆزۈڭگە تايان، باشقىلارغا يامانلىق قىلما، يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇر. چۈنكى ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بايغا ئىشلىمە، باشقا يەرگە بېرىپ، ئۆز كۈچۈڭگە تايىنىپ ھايات كەچۈر، — دەپتۇ - دە، بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ. دىلمۇرات دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ناھايىتى قايغۇرۇپتۇ ھەمدە دادىسىنى يۆيۈپ - ئاراپ يەرلىكىگە قويۇپ، دادىسىنىڭ نەسىھەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ يۇرتتىن چىقىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

ئۇ ئۇزاق يول يۈرۈپتۇ، يول ئازابى، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق قوشۇلۇپ ئۇنى قاتتىق قىيناپتۇ. ئۇ نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، مىڭ بىر جاپادا قۇملۇقتىن چىقىپتۇ ھەمدە قۇملۇق بويىدىكى چوڭ بىر تۈپ دەرەخنى كۆرۈپ، بىردەم ھاردۇق ئالماقچى بولۇپ، دەرەخكە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا قورقۇنچلۇق چۇش كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا دەرەخنىڭ ئارقا تەرىپىدە يوغان بىر يىلان دەرەخنىڭ ئۈستىگە قاراپ خىرىس قىلىۋېتىپتۇ، دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى ئاچىماقتا بىر ئۇۋا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ دانە قۇشقاچ بالىسى قورقىنىدىن چۇرقىرىشىپ تۇرغۇدەك. دىلمۇرات بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ - دە، پەم بىلەن يىلاننى ئۆلتۈرۈپتۇ. بالىلىرىنى قانداق قوغداشنى بىلەلمەي تىت - تىت بولۇپ تۇرغان ئانا قۇشقاچ يىلاننىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپ، شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە تۇيۇقسىز زۇۋانغا كەپتۇ:

— ئەي ياخشى نىيەتلىك ئادەم بالىسى، سەن بالىلىرىمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، ساڭا نېمە كېرەك؟ نېمە تەلىپىڭ بولسا ئېيت، مەن ساڭا تەييار قىلىپ بېرىمەن.

— ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، مەن پەقەت خالىسانە ياردەم قىلدىم، — دەپتۇ دىلمۇرات.

— ئەمسە، — دەپتۇ ئانا قۇشقاچ، — مەن ساڭا بىر تال پېيىمنى يۇلۇپ بېرەي، ياردىمىم لازىم بولغاندا شۇنى كۆيدۈرسەڭ، مەن يېنىڭدا دەرھال ھازىر بولىمەن.

يىگىت رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ، بەرگەن پەينى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، بىر كەنتكە يېتىپ كەپتۇ. ئېتىزدا بىر بوۋاي يەرگە ساپان سېلىۋاتقان بولۇپ، پېژغىرىم ئىسسىقتا تەرلەپ، مۆكچىيىپ كېتىپتۇ. يىگىت بۇنى كۆرۈپ، بوۋاينى ئېتىز قىرىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ساپاننى ئۆزى سېلىشقا باشلاپتۇ. بوۋاي يىگىتتىن شۇنداق سۆيۈنۈپتۇ. ئىچ - ئىچىدىن رەھمەت ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ مېھمان قىپتۇ. بوۋاي ناھايىتى نامرات بولغاچقا، يىگىتكە يوللۇق تۇتقۇدەك ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. شۇڭا ئۆزى ساقلاپ ئىچىدىغان بىر ھېجىر قېتىقنى يىگىتكە بېرىپتۇ. يىگىت يەنە توختىماي يول يۈرۈپ بىر تاغقا كەپتۇ. بۇ يەر قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپ، يىگىتنى سۇر بېسىپتۇ. يىگىت قېتىقنى يەرگە كۆمۈپ قويۇپ بىرئاز يول ماڭغانىكەن بىر ئۆڭكۈرگە دۇچ كەپتۇ ۋە ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ. ئەسلي بۇ ئۆڭكۈردە ناھايىتى چوڭ بىر دىۋە ياشايدىكەن. ئۇ ئادەمزاتنىڭ پۇرىقىنى سېزىپ قېلىپ، دىلمۇراتنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە يېمەكچى بوپتۇ. دىلمۇرات بۇ تاغقا كەلگىنىگە ناھايىتى پۇشايمان قىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۈن - تىنسىز يەم بولغۇسى كەلمەپتۇ.

— سەن بەك نامەرد ئىكەنسەن. ئۆزۈڭ شۇنداق ھەيۋەتلىك تۇرۇپ، مەندەك بىر كىچىك ئادەم بالىسىنى يېمەكچى بولۇۋاتىسەن. ئەگەر نوچى بولساڭ مەن بىلەن بەسلىشىپ باق، يېڭەلىسەڭ ئاندىن مېنى يە، — دەپتۇ دىلمۇرات.

دىۋە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قاپتۇ - دە، ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ.

— سەن ھالىڭنى چاغلىماي مەندەك كۈچلۈك دىۋە بىلەن بەسلەشمەكچىمۇ؟ ئېيت، نېمىدە بەسلىشىمىز؟ ئۆزۈڭنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىڭنى ساڭا بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام.

— ئۆتكۈر مۇۋاپىق جاي ئەمەس، سىرتقا چىقىپ بەسلەشسەك قانداق؟ — دەپتۇ دىلمۇرات.

— چاتاق يوق، — دەپتۇ دىۋە.

ئۇ ئىككىسى ئۆتكۈرنىڭ ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىققا چىقىپتۇ.

— ئىككى قېتىم بەسلىشىمىز، ئەگەر ھەر ئىككى قېتىم مېنى يېڭىۋالساڭ يېسەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ دىلمۇرات، — ئۇ چاغدا باشقا گېپىم يوق.

دىۋە دىلمۇراتنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ. دىلمۇرات كىچىكىدىن تارتىپ ناھايىتى ئەقىللىق بالا بولغاچقا، تېزلا بەسلىشىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىپتۇ.

— ئاۋۋال ئاسمانغا تاش ئېتىشتا بەسلىشەيلى، — دەپتۇ دىلمۇرات.

دىۋە دەرھال قوشۇلۇپتۇ، ئاۋۋال دىۋە باشلاپتۇ. ئۇ بىر پارچە تاشنى ئاسمانغا شۇنداق كۈچەپ ئېتىپتىكەن، تاش ئۇزۇنغىچە چۈشمەپتۇ. ساقلا - ساقلا ئىككى كۈن ساقلىغاندا ئاندىن چۈشۈپتۇ. دىۋە ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ، كېرىلىپ كېتىپتۇ. دىلمۇرات دەرھال قۇشقاچ بەرگەن پەينى كۆيدۈرۈپتۇ. قۇشقاچ شۇئان پەيدا بولۇپ، قانداق ياردەم لازىملىقىنى سوراپتۇ ۋە دىلمۇراتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بوپتۇ. دىلمۇرات تاشنى ئالغاندەك قىلىپ، قۇشقاچنى چىڭ سىقىمداپ، كۈچەپ ئاسمانغا ئېتىپتۇ. ئۇلار ئۈچ كۈن ساقلاپتۇ، ئەمما تاش يەرگە چۈشمەپتۇ. دىۋە دىلمۇراتنىڭ كۈچىگە قايىل بوپتۇ.

— ئەمدى ئىككىنچى قېتىم يەرنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىشتا بەسلىشىمىز، — دەپتۇ دىلمۇرات. دىۋە ماقۇل بولۇپ، يەرگە شۇنداق كۈچەپ تەپكەن ئىكەن، زېمىن تەۋرەپ كېتىپتۇ. لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. نۆۋەت دىلمۇراتقا كەپتۇ. دىلمۇرات دىۋىنى باشلاپ ھېلىقى قېتىقنى كۆمۈپ قويغان يەرگە كەپتۇ - دە، قېتىق كۆمۈپ قويغان يەرگە كۈچەپ دەسسەپتۇ. نەتىجىدە قېتىق دىلمۇراتنىڭ، دىۋىنىڭ بەدىنىگە چاچراپتۇ. دىۋە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئادەمزاتنىڭ كۈچىگە ھەيران قاپتۇ ۋە دىلمۇراتنى قويۇپ بېرىپتۇ. دىلمۇرات باشقىلارغا ياردەم قىلغانلىق سەۋەبىدىن، ئۆزىمۇ ياخشىلىققا ئېرىشىپ ھايات قاپتۇ.

# ئوكيان ھالقىغان تەكلىپ

غوجا مۇھەممەت روزى

(ھېكايە)

*«ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى».*

— «ئۇيغۇر خەلق ماقالى»دىن

بىرىنچى سائەتلىك دەرسىمنى ئۆتۈپ بولۇپ، ئىككىنچى سائەتلىك دەرسىمگە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشخانامدا ئولتۇراتتىم، ئىشىكنىڭ يەڭگىل چېكىلىشى بىلەن ئىشىككە قارىدىم. مەكتەپ پوچتىخانىسىنىڭ يېڭىدىن ئىشقا چۈشكەن خىزمەتچىسى گۈلچىمەن سۇسقىنە تەبەسسۇم بىلەن سالام قىلغاچ:

— سىلىنىڭ تېز يوللانمىلىرى بار ئىكەن، — دېدى - دە، ئۈستەل ئۈستىگە كۆك رەڭلىك پارقىراپ تۇرىدىغان كونۋېرتنى قويۇپ قويغاندىن كېيىن ئىمزايىمنى قويدۇرۇۋېلىپ يېنىك قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتتى. ھەيرانلىق ئىلكىدە دىققىتىمنى كونۋېرتقا ئاغدۇردۇم. كونۋېرت ئۈستىدە ئادرېسلار، مەن ئۇزاقتىن بېرى دېرىكىنى ئاڭلىمىغان ئوقۇغۇچۇمنىڭ ئىسمى «كامال»، ئەڭ ئاخىردا «بىلالدىن مۇئەللىمگە تېگىدۇ» دېگەن خەتلەر تۇراتتى. ھەيرانلىقىم تېخىمۇ ئاشتى. كونۋېرت ئېغىزىنى قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ئاشتىم.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قەدىردان مۇئەللىم قانداق ئەھۋاللىرى؟ خىزمەتلىرى ئۇتۇقلۇق، تۇرمۇشلىرى كۆڭۈللۈك كېتىپ بارامدۇ؟» خەت مانا مۇشۇنداق ئاددىي، ئەمما يېقىملىق، تونۇش، ئەمما سۆيۈملۈك سۆزلەردىن باشلانغانىدى. ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرماقتىمەن. «مۇئەللىم مەن سىلىنى يەنە بىر قېتىم ئاۋارە قىلاي، مەن سىلىنى ‹مۇئەللىم› دەپ ئاتاشتىن ‹ئاكا› دەپ ئاتاشنى توغرا تاپتىم. بولامدۇ ئاكا؟ رۇخسەتلىرىنى ئالماي ئاتاۋەردىم ئەمەسمۇ». مەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىمدا پۈتۈن بەدىنىمنى ھاياجانلىق بىر كەيپىيات ئىگىلىۋالدى. ئوقۇغۇچۇمنىڭ قەلبىدە مەن ئوقۇتقۇچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە «ئاكا»لىقتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ نامغىمۇ مۇناسىپ بىر كىشى ئىدىم.

«ئاشۇ قېتىملىق دەۋەتلىرى، نەسىھەتلىرى بىلەن ئىلىم بېغىغا يەنە بىر قېتىم قايتىپ كەلمىگەن بولسام، ھازىر نەلەردە يۈرەر ئىدىمكىن - تاڭ؟ ۋاقىت نېمانچە رەھىمسىز، ئارىلىقتا شۇنچە يىللار ئۆتۈپتۇ. سىلى بىلەن قانغۇچە بىر پاراڭلىشىشنى نىيەت قىلغان بولسامۇ، بىر خىل ياتسىراش، قورۇنۇش، ئۆزۈمنى كەمسىتىش تۇيغۇسى... قاتارلىق بىرقانچە خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەغەز يۈزىدە بولسىمۇ بىر پاراڭلىشىۋالاي. چۈنكى سالام خەت يېرىم دىدار ئەمەسمۇ؟»

«مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى ئائىلىمىزگە كەلگەن بالايىئاپەت تەقدىرىمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. بىز يۆلىنىدىغان تېغىمىز بولغان دادامدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئۇ ماڭغان يوللار، ئۇ كىيگەن كىيىملەر كۆزۈمگە ئوت كۆرۈنۈپ ئىچىمنى ئاچچىق ھەسرەت - نادامەت قاپلىدى. بىر ئائىلىنىڭ يۈكى ئەمدى ماڭا يۈكلەندى. ئانامنىڭ نەسھەتلىرىگە قۇلاق سالماي ئاكىلىق ھەم ئاتىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇشتىن چېكىندىم. ئانامنىڭ كۆز يېشى قۇرۇمىدى. مەن ئەمدى بەڭباشلارچە ئوينايدىغان، ئانامغا خالىغانچە ئەركىلەيدىغان، شوخ تاپچاقتەك تاقلايدىغان ئەركە بالىدىن يەلكىسىگە ئېغىر مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن ھەم ئاكا، ھەم ئاتىغا ئايلىنىپ، ھەر كۈنى سەھەردە چىرايلىق سومكىلارنى ئاسىدىغان مۇرەمگە ئەپكەش، چىرايلىق قەلەم، ئۆچۈرگۈچلەرنى تۇتىدىغان بۇدرۇق قوللىرىمدا ئەندىۋا، چۆپكۆز قاتارلىقلارنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان تامچى بالىغا ئايلاندىم. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي قەددىم پۈكۈلدى، تۇرمۇش بېسىمى ئالدىدا بوۋايغىلا ئوخشاپ قالغاندىم. تېنىمدە مادار يوق، ھېرىپ - ئېچىپ بىر ئېغىز گەپ قىلىشمۇ خۇشياقمىغان ھالدا ئۆيگە كەلگەن بىر كۈنى سىلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. سىلى ئاتايىن مېنى ئىزدەپ كەلگەن ئىكەنلا.

— ھە يىگىت، نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈسەن، نېمىشقا بارمايمىز مەكتەپكە؟ — دېدىلە قولۇمنى چىڭ سىقىپ.

— شۇ ئوتتەك بارغۇم بار ئىدى، لېكىن... لېكىن شۇ ئاتىلىق مەسئۇلىيەت زىممەمگە يۈكلەندى. ئانامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس. ئۇكىلىرىم بولسا تېخى كىچىك — دېدىمەن سىلىگە قاراپ.

— نېمە، ھازىر بىركىم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىدىغۇ تېخى. قىيىنچىلىق ھازىر كىمدە يوق. ئاشۇ ناچار تۇرمۇشنى كىم ئۆزگەرتىدۇ؟ سەن. شۇڭا سېنىڭ ئوقۇشۇڭ ناھايىتى مۇھىم. بۇ مەڭگۈلۈك قىيىنچىلىق ئەمەس، بەلكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. نېمە غەم قىلىسەن مەن بولغاندىن كېيىن —، مەن شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغىنىمدا خىجىللىق تۇيغۇسىغا ئەسىر بولۇپ يۈزۈم قىزىرىپ كەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ مەكتەپ قوينىغا يەنە قايتىپ كەلدىم. ئىلگىرىكى تىرىشچانلىقلىرىمنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ ئۆگەندىم. سىلىمۇ ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملەرنى ئايىماي كەلدىلە. شۇنداق قىلىپ بىر - بىرىمىزگە يار - يۆلەك بولۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق. سىلى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ پاراڭلىشىپ لازىملىق نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلەتتىلا.

بىر كۈنى مېھمانخانا ئۆيدە ئۆگىنىش قىلىپ ئولتۇراتتىم. ئانامنىڭ سوزۇپ ئېيتقان:

— كەلسىلە بالام، كەلسىلە، سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ ئولتۇراتتۇق ھازىر، — دېگەن گەپلىرى ئاڭلاندى. كىم كەلگەندۇ بۇ كەچتە دېگەن خىيال بىلەن ھويلىغا چىقتىم، قارىسام سىلى ئىكەنلا. قوللىرىدا نۇرغۇن خالتا، بۇ بىزگە ئېلىپ كەلگەن تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر ئىدى.

— ھە، تىنچلىق تۇردىلىمۇ؟ ئوغۇلنىساخان ئانا، قانداق ئەھۋاللىرى؟ سالامەتلىكلىرى ياخشىمۇ؟ ئۇزۇن بولدى ئىشلىرىم كۆپ بولۇپ كېتىپ كېلەلمىدىم، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.

— ئاللاھقا شۈكرى، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. سىلى ئېيىچقىپ بەرگەن دورىلارنى ئىچكەندىن كېيىن كۆپ مەنپەئەت قىلدى. بالام بىلالىدىنجان نېمە تاماق يېگۈلىرى بار،

مەن ئوخشتتىپ ئېيتىپ بېرەي. ئۆي تامىقى سېغىنىپمۇ قالغانلا، — دېدى ئانام داستىخانغا مەزە تىزغاچ.

— ھەر قېتىم كېلىپ سىلەرنى بەك ئاۋارە قىلىۋېتىمەن، ئالدىلىرىدا مەن بەك خىجىل. بۈگۈن مەن ئەڭ ئامراق «ئۈزۈپ تاشلاپ ئاش» ئېيتىپ بەرسىلە. گۆش ئالغاچ كەلگەن. ھە راست تاس قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى، مانا بۇلارنى ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلسىلا، ئازغىنە كۆڭلۈم، بالىلارنىڭ كۆڭۈل خۇشى.

— ۋاي بالام ھەرقېتىم مانا مۇشۇنداق سوۋغاتلارنى ئېلىپ كېلىپ مېنى بەكمۇ خىجىل قىلىدىلا، قۇرۇق قول كېلىۋەرسىلىمۇ بولاتتى، رەھمەت.

مۇئەللىم، ئانام سىلىگە بۇنداق رەھمەتنى كۆپ قېتىم ئېيتتى. كۈنلەر ئۆتۈپ مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتىم. ئائىلىمىز يەنە شۇ سىلىنىڭ ياردەملىرى بىلەن نورمال كۈن كەچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇلارنى ئويلاپ ئوقۇش ماڭا بىرئاز ھار كەلدى. ئوقۇشتىن چېكىنىپ بىرەر سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن بولسامۇ، سىلىنىڭ جاھىللىق بىلەن قىلغان نەسىھەتلىرى بىلەن ئوقۇشنى تاماملىدىم. لېكىن مېنىڭ سىلىگە بولغان بۇرۇنقى ھۆرمىتىم ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتلىرىم بارغانسېرى سۇسلىشىشقا باشلىدى. چۈنكى مەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ مەن توغرىسىدىكى ھەر خىل گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمدىنمۇ، سىلىدىنمۇ گۇمانلىنىشقا باشلىغانىدىم. لېكىن ھازىر ئۆزۈمنىڭ پۈتۈنلەي خاتا قىلغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم، ئازابلاندىم. قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ ئىنسان دېگەن خام سۈت ئەمگەن بەندە ئىكەن، ئۇنى خاتالىقتىن توسۇۋالغىلى بولمايدىكەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇشۇممۇ ھەش-پەش دېگۈچە ئاياغلىشىپ ئالىي مەكتەپلەرگە ئارزۇ تولدۇرۇشقا باشلىدۇق. مەن يەنە سىلىنىڭ قوللىرىغا قاراپ قالماسلىق، ئانامنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن رايونىمىزدىكى ھەقسىز ئوقۇتىدىغان ئالىي مەكتەپنى تاللاشنى قارار قىلدىم. لېكىن سىلى بۇ پىكرىمگە قارشى تۇرغان ھالدا بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىيولوگىيە كەسپىنى تاللاتقۇزۇپ، باشقا تەڭداش ئارزۇغا رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى تولدۇرغۇزدىلا. مەن بۇ قىلغانلىرىغا قەتئىي چىدىمىدىم. سىلى بىلەن تاكاللاشتىم:

— ئوھوي، سىلى كىم ئىدىلە شۇنچە، ناھايىتى شۇ ئوقۇتقۇچىمۇغۇ؟ نېمە دەپ ھەممە ئىشلىرىمنى باشقۇرىلا. خۇددى «ئاكام» دەك. نېمە بار ماڭا ئۇ يەردە؟ ھەقسىز ئۆتىدۇ دېگەن بىلەن شامال يەپ بوران كېكىرىپ يۈرەمدىمەن ئۇ ياقا يۇرتتا. بولدى بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتىلە. ئەمدى مۇشۇ يەردە توختاپ قالسىلا، ئۆزۈم بېجىرەلەيمەن ئىشلىرىمنى — دېدىمەن يۈزسىزلىك قىلىپ. سىلى شۇ چاغدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تۇرۇپ قالدىلا. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇزۇق - تۇغقانلاردىن ياردەم سوراپ يۈردۇم. بىرسى پۇل يوق دېسە، بىرسى يۈزۈمدىن يۈزۈمگە:

— ئوھوي ئۇكام نېمە ھال بۇ سىزگە، پۇلىڭىز بولمىغاندىكىن ئوقۇمايلا قويۇڭە بولدى. ئانىڭىزغا ياردەم قىلىپ ئۆيدىكىلەرنى بېقىڭ، — دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ مېنى ھەسسىلەپ ئۈمىدسىزلەندۈردى ھەم سىلىگە بولغان نەپرىتىمنى كۈچەيتتى. ئىچىمدە سىلىنى غايىۋانە تىللايتتىم. بىر كۈنى ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ تۇتىدىغان، باي ھېسابلايدىغان تۇغقىنىمىزدىن پۇل سوراپ بۇرنۇمغا يەپ، سولاشقان مايسىدەك بولۇپ كېلىۋاتسام، سىلى ئۇچراپ قالدىلا. مەن سىلىنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى

بولغان بولساممۇ، لېكىن سىلىنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئورنۇمدا توختاشقا مەجبۇر بولدۇم:

— ئۇكام كامالىدىن، يەنە باشقىلاردىن پۇل سورىغىلى بېرىپسەن - دە، بىزدە «قول قولنى يۇسا، قول كېلىپ يۈزنى يۇيۇپتۇ» دەيدىغان گەپ بار. سەن بىكار ئاۋارە بولماي ئەڭ ياخشىسى ئىشلىرىڭنى ياخشى قىل. ئىقتىساد مەسىلىسى مەن بولغاندىكىن ھەل بولىدۇ. بىلىمەن سەن مەن قىلغان ياردەملەردىن نومۇس قىلىسەن. سېنى ھەم مېنى كۆرەلمىگەنلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئۆزۈڭنى قىيناۋاتىسەن. ئىشكى يوغان كۆڭلى كىچىك كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىن ساڭا تېرىقچە ياردەم تەگمەيدۇ. ئاڭلا ئۇكام! ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆيۈپ كۈل بولۇشقا رازىكى، بىرەر ئىنساننىڭ كۆزىدىن ياش ئېقىشىغا قاراپ تۇرالمايدۇ. باشقىلار قىينىچىلىققا ئۇچرىسا قاراپ تۇرغان كىشىنى، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىنى ياخشى ئىنسان دېمەيمىز. مەن ساڭا ئوقۇتقۇچىلىق مەجبۇرىيەت ھەم ئاكىلىق مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتىمەن. مانا ماۋۇ كارتىدا خىراجىتىڭگە يەتكۈدەك پۇل بار، سەن ئەڭ ياخشىسى ئاناڭنى خاتىرجەم قىل. ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلما، — سىلى كارتىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ كېتىپ قالدىلا، قولۇمدا كارتا، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. قەلبىمدە شىۋىرغان ھۇۋلىغان چاغدا چېچەك كۆرگەندەك، مۇز ئۇستىدە گۈل ئېچىلغاندەك بىر تۇيغۇ ئويغاندى. خۇددى پېژغىرىم ئىسسىقتا ئۇسسۇزلۇقى قانغان چاڭقاق كىشىدەك بارلىق كۆڭۈل تەشۋىشلىرىم ئاللىقاياقلارغىدۇر غايىب بولۇپ، يەڭگىل ئۇھ تارتتىم. ئۆزۈمنىڭ قىلغان جاھىللىقىمغا، تەتۈرلۈكۈمگە نومۇس قىلدىم.

يوپيۇرماقلار ئالتۇن رەڭگىگە كىرىپ ھاۋا خېلىلا سالقىنلىشىپ قالغان كۈنلەردە ئۆزاقتىن بېرى تەلمۈرگەن، بېرىشنى ئارزۇ قىلغان مەكتەپكە قاراپ يولغا چىقتىم. ئانام كۆزىنى ياشلىغان ھالدا ئىشىك ئالدىدا قالدى. سىلى مېنى تاكى ئۈرۈمچىگىچە ئېلىپ كېلىپ پايتەختكە ماڭىدىغان پويىزغا سېلىۋېتىپ ئاندىن قايتىپ كەتتىلە. شۇ ئارىلىقتا مەن سىلىگە گەپ قىلاي دېگەن بولساممۇ، لېكىن بىر خىل ھېسسىيات تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ، گەپ قىلالمىغانىدىم. سىلىمۇ مېنى ئاياپ، ئارتۇقچە پاراڭ قىلمىدىلا. لېكىن مەن پويىزغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى، كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم ھالدا كېتىپ قالدىم. شۇ چاغدا ھازىرقىدەك ئەقلىم بولغان بولسا كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەن، بويۇنلىرىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىغان بولاتتىم.

ھەش - پەش دېگۈچە ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشۇممۇ پۈتۈپ قالدى. مۇشۇ جەرياندا ئۆيگە ئاران ئىككى قېتىم قايتىپ، ئانام ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن چالا - پۇلا كۆرۈشۈپ سىلى بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت چىقمىدىمۇ ياكى قەستەن كۆرۈشمىدىمۇ يەنە مەكتەپكە قايتىپ ئۆگىنىش، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندىم. ئوقۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۆيگە ۋاقتى - ۋاقتىدا تېلېفون قىلالمايتتىم. سىلى بىلەنمۇ ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالغاندى.

بىر كۈنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە مەن چەت ئەلدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆز كەسپىمدە يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيدىكەنمەن، خىراجەتنى دۆلەت ئۇستىگە ئالىدىكەن. بۇ ئاسان قولغا كەلمەيدىغان پۇرسەت بولغاچقا، جىددىي تەييارلىق كۆرۈشۈمنى، مۇشۇ ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنىۋېرسىتېتقا تىزىمغا ئالدۇرۇشۇم لازىملىقىنى ئېيتتى. يۇرتقا قايتىپ خىزمەت قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن بولساممۇ، لېكىن كەسپىمدە تولۇق ئۇتۇق قازىنىش ۋەسۋەسىسىدە چەت ئەلگە قاراپ ئۇچتۇم، بۇ ئىشنى

سىلەرگە كېيىن خەۋەر قىلدىم. «بالامنىڭ ئوقۇشى پۈتسە خىزمەت قىلىپ پۇل تاپىدۇ، تۇرمۇشتىن قىينالمايمىز» دەپ يۈرگەن ئانامنىڭ كۆزلىرى ياشلانغان بولسا، سىلى خۇشال بولغان ھالدا ماڭا تېلېگرامما يوللىدىلا. كېيىن ئانامدىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئانام ئۆكىلىرىم ئارقىلىق يازغان بۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى، سىلىنىڭ ئانامنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىۋاتقانلىقلىرىنى، ئانامنىڭ مېنى كۆرگۈسى كەلسە سىلىنى چاقىرتىپ سىلى بىلەن پاراڭلىشىدىغانلىقىنى، سىلىنى كۆرسە پەرزەنت ئىشقىدا كۆيگەن يۈرىكىنىڭ ئارام تېپىپ قالىدىغانلىقىنى، ئۆكىلىرىمنىڭمۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، سىلىنىڭ ئۇلارغىمۇ ماڭا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنۈپ ئوقۇتقانلىرىنى ئېيتىپتۇ. ئانامنىڭ بۇ خېتىدىن مەندىن بىرئاز رەنجىگەندەك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. راست گەپنى قىلسام ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەندىن كېيىن ئۆكىلىرىمنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىغانىكەنمەن. ئانامنىڭ خېتىنى كۆرۈپ ئۆكىلىرىمنىڭمۇ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىردىنلا سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇتىيا تۇپراققا بارغۇم كېلىپ كۆزلىرىم نەملەشتى. سىلەرنى تاشلىۋەتكەنلىكىمنى، كارىم بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يۈرىكىم سىقىلدى. بولۇپمۇ ماڭا ئۆز ئاكامدىنمۇ چارە، خۇددى مېھرىبان ئاتىدەك مۇئامىلە قىلغان، مېنىڭ بارلىقىم ئۈچۈن سەكپارە بولۇپ يۈرگەن پەرىشتە سۈپەت ئىنسانغا، ئورۇنسىز ئازار بەرگەنلىكىم، ئەقىلسىزلىك قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئازاب دەرياسىدا تۇنجۇقۇپ، يېگەن - ئىچكىنىم زەھەر بولغان ھالدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق كۆڭۈلسىز يۈردۈم. بىزدە «ئازماس ئاللاھ، ئازغۇن بەندە» دەيدىغان گەپ بارغۇ؟ يەنە تېخى «باشقىلارغا گۈل سۇنغان كىشىنىڭ قولىدا گۈلنىڭ پۇرىقى قالىدۇ. قول قولنى يۇسا قول كېلىپ يۈزنى يۇيىدۇ» دېگەندەك ناھايىتى ئېسىل گەپلەر بارغۇ. مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇ سۆزلەردىن ئىلھاملانمايمەن، خاتالىقىمنى تۈزەتمەيمەن؟! ‹ئاكا› بۇ قېتىم خەت بىلەن قوشۇپ سىلەرگە تەكلىپنامە، يول خىراجىتى قاتارلىق لازىملىق نەرسىلەرنى قوشۇپ ئەۋەتتىم. جالالىدىن بىلەن ئۇيغۇرئاينى ئېلىپ ھەممىڭلار بۇ يەرگە كەلسەڭلار، مەقسىتىم يېقىندا بولىدىغان تويۇمغا سىلەرنى باش قىلىش. قىسقىسى سىلەرنى مۇشۇ يەردە ھاۋالاندۇرۇش، كۈتۈۋېلىش ھەمدە ئۆزۈمنىڭ خاتالىقىنى تونۇۋېلىشىم ئۈچۈن مەيدان ھازىرلاشتىن ئىبارەت. ‹ئاكا› كەچۈرسىلە. مەن خاتالىقىمنى ناھايىتى كېچىكىپ تونۇدۇم. مەن سىلىدىن سەممىيلىك بىلەن يەنە شۇنى ئۆتۈنىمەن، مېنى كەچۈرسىلە، قەلبىڭلاردىكى جاراھەتنى يۇيۇۋېتىپ، خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بۇ ياققا تېزدىن ئاتلىنىشىڭلارنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

چىن دىلىدىن سېغىنىپ سىلەرنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئەقىلسىز ئىنىلىرى:
كامالىدىن»

خەتنى ئاچچىق - تاتلىق، خۇشاللىق - ئازاب ئىچىدە ئارىلاشما ھېسسىيات بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. كۆز يېشىم يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى. بوغۇزۇمغا بىر نەرسە قاپلىشىۋېلىپ، نەپەس ئېلىشىم قىيىنلىشىۋاتاتتى. جىسمىمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىللەپ قالدىم. ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنداق پىچىرلىدىم: «ئۇ چوڭ بوپتۇ، ئەقىل تېپىپتۇ. ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى مېنىڭ قىلغانلىرىمنى تونۇپ يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم. ‹بولىدىغان مايسا كۆكىدىن مەلۇم› دېگەندەك، ئوقۇغانچە زېرەكلىشىپ

كېتىپتۇ...»

بۇ خۇشاللىقنى ئوغۇلنىسا ئانامغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن خۇددى ئۇچقۇر تۇلپاردەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن. قولۇمدا خەت، كۆزۈمدە خۇشاللىق يېشى، يۈزۈمدە تەبەسسۇم...

## ياخشىلىق گۈلزارلىقىغا مەرھابا

راملە ئابلىكىم

(نەسر)

ياخشىلىق گوياكى كۆركەم گۈللەر جۇغلانغان پايانسىز گۈلزارلىققا ئوخشايدۇ. سىنچىلاپ باقسىڭىز بايقايسىزكى، ياخشىلىق گۈلزارلىقىدىكى گۈللەرنىڭ ھۆسنىدار، رەڭدارلىقىلا ئەمەس، مەست قىلار خۇش پۇرىقىمۇ ئەقىل نۇرى بىلەن بېزەلگەن قەلبلەرنى رام قىلىدۇ، زوقلاندۇرىدۇ.

قېنى دوستۇم، مېنىڭ بىلەن بىرگە ئۇشبۇ قۇت باغچىسىغا مەرھابا. قاراڭ، تاڭ ساباسىغا، لەرزان كۈي قېتىۋاتقان رەيھانغا... سىز ئۇنىڭ خۇشبۇيلۇقىدىن نېمىنى بىلدىڭىز؟ ھالاللىق!

توغرا، ھالاللىق رەيھان پۇرىقىدەك ھەممە يۈرەكنىڭ ئىنتىزارى، نىيىتى دۇرۇسلۇق، توغرا سۆزلۈك، دىيانەتلىك، غەرەزسىز بولۇش دەل ھالاللىقنىڭ جۇملىسىدىندۇر. ئەتراپىڭىزدىكى يارۇ-قاياشلىرىڭىزغا، سىزگە تۇرمۇشداش ئاتا - ئانىلىرىڭىزغا ھالاللىق بىلەن، ئىللىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلسىڭىز، بۇمۇ كاتتا ياخشىلىق سانىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ خۇسۇسىيىتى پاكلىق، ھالاللىق. بۇنى پەقەت قەلب ئەينىكىدىلا زاھىر قىلغىلى، ھەرىكەت ئارقىلىق نامايان قىلغىلى بولىدۇ. شەرق ئەللامىسى زەمەخ شەرى: «ھالال، ئىشەنچلىك كىشى تىنچ - ئامانلىقتا بولىدۇ، خىيانەت قىلغۇچى دائىم بىئاراملىق ئىچىدە ياشايدۇ» دېگەنىدى. مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قەلب تەكتىدە ئەسلىدىنلا بار بولغان ھالاللىق بىلەن تۇرمۇشقا يۈزلەنسە ئامان - ئېسەنلىكتە كۈن ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، يېقىشلىق ياز پەسلىمۇ مىسلى قەھرىتانىدەك بىلىنىدۇ. دېمەك، دىيانەتلىك بولۇشمۇ، ھالاللىق بىلەن ھايات كەچۈرۈشمۇ ياخشىلىق شېخىدىكى بىر تال شىرنىلىك مېۋە ھېسابلىنىدۇ.

ئەنە، ئۇپۇقتەك تۇس ئالغان ئەتىرگۈل مېھىر - مۇھەببەتكە، سۆيگۈ - كۆيۈمگە تىمسال. ئۇنىڭ قىزىل رەڭلىك قىزغىنلىقىدىن ئالەمچە ھارارەتنى، لال تەپتىنى ھېس قىلماق تەس ئەمەس. ئەلۋەتتە، ئاتىلار ئېيتقاندەك: «مۇھەببەت ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ، مۇھەببەت ئادەمنى تىرىلدۈرىدۇ» سىز ئىنسانغىلا ئەمەس ئۇچار قاناتلارغا، دەل - دەرەخلەرگە، پۈتۈن كائىناتقا مۇھەببەتلىك يۈرەك بىلەن قاراڭ. شۇندىلا ئۇلارمۇ سىزگە ئەڭ مېھرىبانلىق بىلەن قارايدۇ. سىز كوچا - كويلاردا ئورۇلۇپ - سوقۇلۇپ جان ئېلىۋاتقان نارسىدە باللارغا مېھرىبانلىق بىلەن بىر قاچا تاماق سۇنۇڭ، ئۇلار سىزنى تۇغقانلىرىدىن چارە كۆرىدۇ.

ئادەم كۆيۈنۈشنى ئۆزىدىن باشلىشى كېرەك. سىز ئۆزىڭىزگە كۆيۈنسىڭىز، ئۆز قەدىر - قىممىتىڭىزنى ئاشۇرسىڭىز، ئاندىن باشقىلارغا كۆيۈنەلەيسىز، ئۆزگىلەرگە مۇھەببەت ئاتا قىلالايسىز. ئەمما بۇنداق ۋاقىتتا چوقۇم ھەزەر ئەيلەڭكى، ئۆزىڭىزگە زىيادە كۆيۈنۈپ شەخسىيەتچى، ئۆزىڭىزنى زىيادە قەدىرلەپ تەكەببۇر بولۇپ قالماڭ. بولمىسا سىز ھايۋانىيلىق مەنزىلىگە قاراپ يول ئالغان بولىسىز.

مېھىر - مۇھەببەتنىڭ كۈچى چەكسىز، قۇدرىتى تەڭداشسىز. سىز بىرسىگە كۆيۈنسىڭىز، مېھىر بەرسىڭىز، مۇھەببەت بەخشەندە قىلسىڭىزمۇ ياخشىلىق كىتابىغا بىر خەت چەككەن بولىسىز.

يەنە قاراڭ، كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان لەيلىگە، ئۇنىڭ جىلۋىسى قۇلاقلارغا: «ئۆزىنى سوراش، ھايالىق بولۇش، شوكۇرلۇك ياشاش، ساخاۋەت ئىگىسى بولۇش مانا مەندىن باشلانسۇن» دەپ پىچىرلاپ تۇرۇپتۇ. دېمىسىمۇ، ئادىمىيلىكنىڭ تۈپ مىزانى بولغان يۇقىرىقى خىسلەتلەر، قەلبنى يەنىمۇ چىرايلىق، يەنىمۇ نۇرانە، يەنىمۇ ئالىي قىلىدۇ. بۇلارنى ئەمەلدە نامايان قىلالىغانلار ئالىيجانابلىق، دانالىق، پازىللىق كۇرسىدا قارار تاپقانلار بولىدۇ.

سىز ھاياتىڭىزنى مۇشۇ مەرتىۋىلەر بىلەن زىننەتلىيەلىسىڭىزمۇ، ياخشىلىق گۈلزارلىقىدىن بىر تال گۈلنى ئۆزىڭىزگە يار قىلالىغان بولىسىز.

مەرھابا دوستۇم، ياخشىلىق گۈلزارلىقىغا قەدەم تاشلاڭ. چۈنكى، بىزنىڭ ھايات خۇرىچىمىز — ياخشىلىق. ئادىمىيلىك ئەڭگۈشتەرىمىز — ياخشىلىق. قېنى ھەممىمىز ياخشىلىق گۈلزارلىقىغا قەدەم تاشلايلى.

## ياخشىلىق قىل قولۇڭدىن كەلسە

ئىمامجان تەۋەككۇل
(مۇھاكىمە ماقالىسى)

*«بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق.»*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

«ياخشىلىق» دېگەن بۇ سۆز ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن، چۈنكى بۇ دۇنيا مېھىر - مۇھەببەت، ياخشىلىق بىلەن تولغان. شۇڭلاشقا مەن ھەر دائىم قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىدىغان ئاشۇ كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل كىشىلىرىمىزنى كۆرسەم ئۇلارغا رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ. چۈنكى، ھازىرقىدەك ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، خىرىس، رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان دەۋردە، يەنە بىرقىسىم كىشىلەر تېخىچە ئۇيقۇسىنى ئاچالماي يۈرمەكتە. ئۇلار بۇنداق قېلىۋەرسە قانداقمۇ بىزنىڭ گۈزەل كەلگۈسىمىزدىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ قانداقمۇ ياخشىلىق ئۈستىدە ئىزدەنگىمىز ۋە

باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغۇمىز كەلسۇن؟

مەن بۇرۇن نۇرغۇن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىشىچە، ئاجىزلارنى يۆلەپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بىراق ھازىرقى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان ئاڭ ناھايىتى تۆۋەنلەپ كېتىپ بارىدۇ. دۇنيا ھەقىقەتەن گۈزەل، كىشىلەر ھەقىقەتەنمۇ مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ياشايدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا كىشىلەر يەنىلا بىر ـ بىرىگە ياخشىلىق قىلىدۇ.

خەلقىمىزدە «باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغانلىق ماھىيەتتە ئۆزۈڭگە ياخشىلىق قىلغانلىق» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. سەن باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغان بولساڭ ئۇنتۇپ كەت، ئۇنتۇپ كەتمىسەڭ سەن ياخشىلىق قىلغان ئادىمىڭدىن ياخشىلىق كۈتۈپ تەمەخور بولۇپ قالىسەن.

«بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق» ، بۇ ماقال خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلساڭ، باشقىلار بەلكىم بىر ئۆمۈر ئۇنتالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا سەن باشقىلارغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل. بۇ بىر ئېسىل پەزىلەت ھەم ئۇلۇغ روھ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر مىسال بار:

بىر كۈنى بىر كەپتەر ئۇسساپ كېتىپ دەريا بويىغا سۇ ئىچكىلى كەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا دەريا سۈيى دولقۇنلاپ كېتىپتۇ. كەپتەر ئەمدى سۇ ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا بىر چۈمۈلە «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كەپتەر ئەتراپىغا قاراپ سۇ ئىچىدە تۇرغان بىر چۈمۈلىنى كۆرۈپتۇ. ئەسلىدە دەريادىكى سۇ قىرغاققا ئۇرۇلغاندا سۇ ئىچكىلى كەلگەن چۈمۈلىنى ئېقىتىپ كەتكەنىكەن. كەپتەر ئۇنى سۇدىن ئۆزى ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ چۈمۈلىگە بىر تال يوپۇرماق تاشلاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چۈمۈلە يوپۇرماققا تايىنىپ قىرغاققا چىقىۋاپتۇ. ئارىدىن كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ بىر كۈنى بۇ كەپتەر باسماقتا تۇرغان داننى يەپ بىر ئوۋچىغا تۇتۇلۇپ قاپتۇ. شۇ يەردە ھېلىقى چۈمۈلە بار ئىكەن. كەپتەر ئەمدى ئۆلدۈم دەپ ئويلاپ تۇرغاندا، ھېلىقى چۈمۈلە ئۇ كەپتەرنى تونۇۋاپتۇ ھەمدە كەپتەرنى قۇتقۇزۇشقا تۇتۇنۇپتۇ. چۈمۈلە دەرھال ئوۋچىنىڭ كىيىمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئوۋچىنى تازا چېقىپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان ئوۋچى قولىدىكى كەپتەرنى قويۇۋېتىپ دەرھال بەدىنىنى قاشلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كەپتەر ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بۇ مىسال شۇنىڭ ئۈچۈنكى ئادەم باشقىلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشى كېرەك. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغانلىق ماھىيەتتە ئۆزىڭگە ياخشىلىق قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسان ھاياتى مۇشكۈل سەپەرگە ئوخشايدۇ. ئادەم بۇ ھاياتىدا باشقىلارغا مەڭگۈ موھتاج بولمايمەن ھەم باشقىلارمۇ ماڭا موھتاج بولمايدۇ دېيەلمەيدۇ. بىز ئىنسان ئىكەنمىز، چوقۇم يۈرەكلىك ھالدا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلالىساق، باشقىلارنىڭ ئېغىرچىلىقىنى، مۇشكۈلىنى قىلچىلىكمۇ بولسا ئازايتالىساق ھەم شۇ ئارقىلىق باشقىلارنى بەختكە ئېرىشتۈرەلىسەك ۋە ياكى باشقىلارنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرالىساق، بۇنىڭ ئۆزى ئەڭ زور بەخت ھەم خۇشاللىق.

ئادەم باشقىلارغا ياخشىلىق قىلسا، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا بىز ھەر ۋاقىت باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشىمىز كېرەك. مەيلى كىچىك بولسۇن ۋە ياكى چوڭ

بولسۇن باشقىلارغا ياردەم بېرىپ، باشقىلارنىڭ قىيىن ئىشىنى ئاسان قىلساق، دۇنيا تېخىمۇ گۈزەل ھەم رەڭدار بولىدۇ.

«قول قولنى يۇسا، قول بېرىپ يۈزنى يۇيىدۇ». سەن باشقىلارغا ياخشىلىق قىلساڭ باشقىلارمۇ ساڭا ياخشىلىق قىلىدۇ. تۇرمۇشۇڭ بەختلىك بولىدۇ. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە خۇشاللىق ئىزدەش — ئىنسان روھىيىتىدىكى ئەڭ ئېسىل خىسلەت ۋە پەزىلەت.

## نۇردا ياشاش

ئىمامجان ئوبۇل

(نەسر)

ئۆزۈمچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ، ياخشى ئادەم بولۇش مەقسىتىدە كوچىغا چىقتىم. چۈنكى مەن ياخشىلىق قىلىش ئوبيېكتلىرى كوچىدا دەپ ئويلايتتىم.

كوچا.

ئادەملەر مىغ-مىغ، ھەممەيلەن ئالدىراش. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتا ياخشىلىق قىلىش ئەمەس، ياخشىلىقنى قوبۇل قىلىشقىمۇ ھەپىلىسى يوق. ياخشىلىقنى كىمگە، قانداق شەكىلدە قىلىشنى راستىنىلا بىلەلمەيۋاتاتتىم. سەۋەبى، مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ياخشىلىق قىلىپ باقمىغانىدىم. كىشىلەردىن «ھەربىر ئىنسان بىر - بىرىگە قەرز» دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشىتكەن بولسامۇ، «ناتونۇش كىشىلەر ئۆزئارا قەرزمۇ، مەن ھېچكىمگە قەرز ئەمەسقۇ؟» دېگەندەك سوئاللار بۇ سۆزنى ئىنكار قىلىشقا ئۈندەيتتى. يولدا خىيال بىلەن كېتىۋاتاتتىم، توساتتىن بىرىنىڭ:

— ھوي، خەقتە قەرزىم بارمتى مېنىڭ، نېمشقا يولنىڭ چېتىدە ماڭمىدىكەنمەن؟ — دەپ يۇقىرى ئاۋازدا تىۋىلغىنىنى ئاڭلاپ، مېنىڭمۇ باشقىلاردا قەرزىم يوقلۇقى ئېسىمگە كەلدى. «توغرا، مەن يا قەرزدار بولمىسام، نېمە ئۈچۈن ياخشىلىق قىلماقچى بولىمەن. ياخشىلىق قىلمىسامىمۇ بولارمۇ - يا؟ ئەجەب دىمىق بولۇپ كەتتى، كىرىپ كەتسەم بولامدىكىن.» ئۆزۈمنىڭ ياخشىلىق قىلماقچى بولغانلىقىمدىن ئىككىلىنىشكە باشلىغانىدىم. تىنچىق كوچىدا كېتىۋاتاتتىم، توساتتىن بىرىنىڭ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ:

— خەپ، ئىككىنچى بىرىگە ياخشىلىق قىلىدىغان بولسام ئىسمىمنى يۆتكىۋېتەمىنا، كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق دېگەن مۇشۇكەن ئەمەسمۇ!؟... — دەپ غودۇراۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم. «ياخشىلىققا يامانلىق، ئىزدەپ كەلسە تېپىلار ئىكەن» دېگەندەك، ياخشى بولىمەن دەپ ئازابقا قالغۇچە، ئۆزىنى بىلىپلا يۈرسە بولىدىكەن - دە. نېمىشقىمۇ ياخشىلىق قىلماقچى بولغاندىمەن؟ تۈزۈكلا ياخشىلىق قىلماقچى بولغىنىمغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. لېكىن ياخشىلىق قىلغۇم بار ئىدى.

ئالدىمغا مېڭىۋەردىم. كىشىلەر ئالدىراش ھەم تىنىمسىز ئىدى. مەندىن ئانچە يىراق

بولمىغان بىر جايغا بىر تاكسى كېلىپ توختىدى - دە، ئالدى ئىشىكتىن 18~19 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز چۈشتى، قىز تولىمۇ چىرايلىق ئىدى، بىراق ئۇنىڭ قولتۇقىدا بىر ھاسا تۇراتتى. سول قولىدا بولسا بىرقانچە كىتاب بار ئىدى. ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلماقچى، ئۇنى يۆلىۋالماقچى بولدۇم. ئالدىمغا ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا ماشىنىنىڭ كەينى ئىشىكى ئېچىلىپ 70 ياشلار چامىسىدىكى بىر موماينىڭ ئاجىز گەۋدىسى كۆرۈندى. قىز ئۆزىگە ئانچە ماسلاشمىغان ھەرىكىتى بىلەن مومايىنى قولتۇقلىدى - دە، ئاستاغىنا ماشىنىدىن چۈشۈردى، تولىمۇ ھەيران بولدۇم. قىزنىڭ جىسمانىيىتىدىكى كەملىك ئۇنىڭ روھىدىكى گۈزەللىككە قىلچە نۇقسان يەتكۈزەلمىگەنىدى. ئۆزۈمدىن شۇنداق خىجىل بولدۇم. ئۇلارنىڭ ئورۇق - تۇغقان ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمايمەن.

ئۇ قىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قىياپىتى خۇددى قۇياشتەك چاقناپ كەتكەنىدى.

ئۇ قىز نۇردا ياشاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ قىز نۇردا ياشايتتى.

# ئىت بىلەن توشقان

ئىسمائىلجان روزى

(مەسەل)

بىر ئورمانلىقتا توشقان ئانا ۋە ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئورمانلىقتا باش كۆزلىرىدىن يىرىك ئېقىپ تۇرىدىغان، ۋىجىككىنە بىر ئىت پەيدا بولۇپ قاپتۇ ھەمدە توشقان ئانىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى بىر ۋەيرانە كەپىنى ئۆزىگە ماكان قىلىۋاپتۇ. توشقان ئانا گەرچە بۇ ئىتنى ئانچە ياخشى كۆرمىگەن بولسىمۇ لېكىن قوشنىدارچىلىق يۈزىسىدىن بۇ ئىتنىڭ باش كۆزلىرىدىكى يىرىڭنى يۇيۇپ، دورا سۈرتۈپ، ئاپپاق داكا بىلەن تېڭىپ قويۇپتۇ ھەمدە كۈندە ئۈچ ۋاق قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى ئېتىپ بېرىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئىتنىڭ باش كۆزلىرىدىكى جاراھەتلەر پۈتۈنلەي ساقىيىپ، تۈكلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان چەبدەس بىر تايغانغا ئايلىنىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە توشقان ئانا ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ ياۋا مېۋە تەرمەكچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. توشقان ئانىنىڭ ئۈچ بالىسى ئۆيدە ئانىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتكەچ، ئۆيلەرنى بىر قۇر تازىلاپ ئولتۇرۇپتۇ، كەچ بولۇپتۇ، توشقان ئانا كەلمەپتۇ. توشقان ئانىنىڭ باللىرى بىر تەرەپتىن ئانىسىدىن ئەنسىرەپ، يەنە بىر تەرەپتىن قورقۇشۇپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىت ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ توشقان ئانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ھازىر بولۇپتۇ ھەمدە ئىشىكنى چېكىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن:

— كىم؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئىت جاۋابەن:

— مەن سىلەرنىڭ ئاكاڭلار، ئاپپاق ئۈكىلىرىم، نېمە بولدى؟ نېمىشقا يىغلايسىلەر؟ توشقان ئاچام ئۆيدە يوق ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. توشقان ئانىنىڭ چوڭ بالىسى ئېسەدەپ تۇرۇپ:

— ئىت ئاكا، ئانام ئەتىگەن مېۋە تېرىپ كېلەي دەپ چىقىپ كەتكەنچە تا ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى، بىز بەك ئەنسىرەۋاتىمىز، — دەپتۇ.

ئوتتۇرانچى بۆجەنچاقمۇ گەپ قىستۇرۇپ ئۈلگۈرۈپتۇ:

— ئىت ئاكا، ئانامنى تېپىپ ئەكېلىپ بەرسىڭىز؟ كىچىك بۆجەننىڭ يىغا ئاۋازى پەقەتلا توختىمايۋاتىدۇ.

— ئانا... ھۇ ھۇ... ئانا... ھۇ... ھۇ...

ئىت بىر تەرەپتىن كىچىك بۆجەننى بەزلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا ئانىسىنى چوقۇم تېپىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپتۇ.

ئىت ئالدىراشچىلىقتا ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئىت بارلىق ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ: «توشقان ئاچا، توشقان ئاچا» دەپ توۋلاپتۇ. ئۇنىڭ ئېرىشكىنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسى بوپتۇ. ئىت توۋلاۋېرىپ ئاخىرى ئاۋازىمۇ پۈتۈپ قاپتۇ. بىر چاغدا بىر سېغىزخاننىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئاندىن ئىت ھارغىن قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ سېغىزخان قونغان دەرەخنىڭ ئاستىغا كەپتۇ ۋە ئەدەپ بىلەن سوراپتۇ:

— سېغىزخان بوۋا، مەن بىر ئانا توشقاننى ئىزدەپ كەلگەنىدىم. بىراق ئۇ ئاقتىمۇ، كۆكتىمۇ يوق تۇرىدۇ. سىلى ئۇ ئانا توشقاننى كۆردىلىمىكىن؟

سېغىزخان بوۋاي ئاۋازىنى مۇڭلۇق چىقىرىپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— كۆردۈم، ھەممىنى كۆردۈم. ئۇ بىچارە ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوۋچى قۇرغان قاپقانغا دەسسىۋېلىپ، ئوۋچى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلدى. بۇ چاغقىچە مەززىلىك كاۋاپ بولدى ھەقىچان.

ئىت شۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كېتىپتۇكى، «بۇ مۇمكىن ئەمەس» دېگەن گەپنى توختىماي تەكرارلاۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ئېسىگە كېلىپ، سېغىزخان بوۋايدىن ئۇ ئوۋچىنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى سوراپتۇ. سېغىزخان بوۋاي ئوۋچىنىڭ ئۆيىنى ئىتقا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئىت رەھمەتىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ، ئوۋچىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ.

ئىشىك يوچۇقىدىن قارىسا توشقان ئانا قان ئېقىپ تۇرغان سول پۇتىنى تۇتقىنىچە ۋايجانلاپ ئولتۇرغۇدەك. ئوۋچى بولسا بىر پىچاقنى يوغان تاشقا سۈركەپ بۆلەۋاتقۇدەك. ئىت دەرھال ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئوۋچى چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئىت تەمكىنلىك بىلەن ئوۋچىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئوۋچى تاغا، سەندىن ئۆتۈنەي. بىچارە توشقان ئاچامنى قويۇپ بەرگىن، ئۆيىدە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۈچ بالىسى بار. رەھىم قىلغىن...

ئوۋچى تەرىنى تۈرۈپ ۋارقىراپتۇ:

— قاراڭلار بۇنىڭ تاپقان گېپىنى، ئوتتۇز بالىسى بولسىمۇ قويۇپ بەرمەيمەن. سەن ئەڭ ياخشىسى ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشماي ئۆلۈك ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكىنى غاجىلاپ كۈنۈڭنى ئالغىن. تېزدىن بۇ يەردىن يوقال، بولمىسا تېرەڭنى تەتۈر سويۇپ، بىرجۇپ پىيما تىكىپ كىيمەي يەنە...

ئىتمۇ بوش كەلمەپتۇ:

— نەپسى دېگەن بالادۇر، ھەر كويلارغا سالادۇر. بوپتۇ بۈگۈنغۇ بۇ توشقان ئاچامنى يەسەن، ئەتىچۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

كەچ قويمىغان خۇدايىم ئاچمۇ قويماس. سەن تولا گەپ ئويناتماي، پەيلىم بۇزۇلماستا بۇ ئۆيدىن «غىپپىدە» چىقىپ كېتىۋال.

يۇقىرىدا بولۇنغان گەپلەرنى ئاڭلىغان توشقان ئانا ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇشىدا ئۈمىد يوقلۇقىنى پەملەپ، ئۈچ بالىسىنىڭ ئانىسىز قالىدىغانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ، مىشىلداپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئىت توشقان ئانىغا ئىچىنىپتۇ، ئوۋچىغا نەپرەتلىنىپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ ئاخىرى مۇنداق قارار چىقىرىپتۇ:

— ھەي ئوۋچى، مۇنداق بولسۇن، سەن توشقان ئاچامنى قويۇپ بەرگىن. مەن ساڭا بىر ئۆمۈر چاكار بولاي.

ئوۋچىغا بۇ گەپ يېقىپتۇ ھەمدە توشقان ئانىنى قويۇپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپتۇ. لېكىن توشقان ئانا ئۇنىماپتۇ. ئىت كەسكىنلىك بىلەن:

— توشقان ئاچا، بولدى شۇنداق بولسۇن. ئۈچ بوجەن ئۇكام سىزگە ئېھتىياجلىق، تېزدىن بۇيەردىن كېتىڭ. ئەگەر ئەينى چاغدا سىز مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالمىغان بولسىڭىز، مەنمۇ بۇ چاغقىچە ساق قالمىغان بولاتتىم. شۇڭا سىز ھەرگىزمۇ دېلىغۇل بولماڭ، سالامەت بولساق يەنە كۆرۈشەرمىز، — دەپتۇ.

توشقان تارام - تارام ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئىتقا قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ مېڭىپتۇ. ئۆيگە كەلسە بالىلىرى يىغلىشىپ، بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىشىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار ئانىسىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى ئانىسىغا ئېتىپتۇ. ئانا - بالىلار قايتىدىن جەم بولغانلىقىدىن ئالەمچە سۆيۈنۈپتۇ. توشقان ئانا شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر ھەپتىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، قوشنىسى بولغان ھېلىقى ئىتنى يوقلاپ تۇرۇشنى ئۇنتۇماپتۇ. ئۇلارنىڭ قوشنىدارچىلىق مېھرىدىن تەسىرلەنگەن ئوۋچى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى قاملاشمىغان قىلىقلىرىدىن ئەپسۇسلىنىپ توشقان ئانىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ ھەمدە ئىتنى ئازاد قىپتۇ. ئىت ۋە توشقان ئانا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىلگىرىكى بەختلىك، خۇشال - خۇرام، تۇرمۇشى قايتىدىن باشلىنىپتۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى»، «ياخشىلىققا ياخشىلىق» دېگەن ھېكمەتلەر مانا مۇشۇ مەسەلدىن كېلىپ چىققانىكەن.



## پىكىر يۈرگۈزۈڭ، يېزىپ بېقىڭ

1. ئىككى ئادەم ئورماندا ئالدىراش كېتىپ بارغىنىدا، توساتتىنلا ئالدىدىن يوغان بىر ئېيىق چىقىپ قاپتۇ. ئارىسىدىكى بىرى شۇ ھامان ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى چىڭىتقىلى تۇرۇپتۇ. يەنە بىرى: «بۇنداق قىلغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟ بىز بەرىبىر ئېيىقتىن ئىتتىك يۈگۈرەلمەيمىزغۇ» دېگەنىدە، ئۇ: «مەن ئېيىقتىن ئەمەس، سەندىن تېز يۈگۈرسەملا بولدى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ماس نۇقتىئىنەزەر:

دۇنيا رىقابەت ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ. ئەگەر سەندە كۈچلۈك رىقابەت ئېڭى بولمىسا، باشقىلار تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە ھالاك بولىسەن.

ماس ماۋزۇ:

«رىقابەت — غالىبلار ناخشىسى»(نەسر)، «رىقابەت ۋە تەرەققىيات»، «ياشلاردا رىقابەت ئېڭى بولۇشى كېرەك»، «رىقابەت ۋە يېڭىلىق يارىتىش»، «رىقابەت — مۇۋەپپەقىيەت»، «بىز ۋە رىقابەت»، «رىقابەتتىن يىراقلاشماڭ».

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:

1)بىر ئاتنى يەنە بىر ئات قوغلاپ كەلمىسە، بۇ ئات ئۇچقاندەك چاپمىغان بولاتتى. (نامىسىز) 2) ئاجىزلار پۇرسەت كۈتىدۇ، غالىبلار پۇرسەتنى ئۆزى يارىتىدۇ (كىيۇرى خانىم).

ماس ماقال - تەمسىللەر:

«ئېشەك ئېشەكتىن قالسا، قۇلىقىنى كەس»، «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش».

2. بىر باي چېركاۋغا بېرىپ، باستېرغا ئۆزىنىڭ بەختىنى ھېس قىلالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. باستېر ئۇنى دېرىزە ئالدىدا تۇرغۇزۇپ «نېمىنى كۆردىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. باي: «ئۇيان - بۇيان مېڭىۋاتقان كىشىلەرنى كۆردۈم، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە - ھە!» دەپتۇ. باستېر ئۇنىڭ ئالدىغا باشقا بىر ئەينەكنى قويۇپ يەنە: «نېمىنى كۆردىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. باي: «ئۆزۈمنى كۆردۈم، ئىچىم بەك سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپتۇ.

باستېر: «ساپ ئەينەك ئارقىلىق سىز باشقىلارنى ۋە گۈزەل دۇنيانى كۆردىڭىز، كۈمۈش ئۇۋىقى يالىتىلغان ئەينەكتىن پەقەت ئۆزىڭىزنىلا كۆردىڭىز، مال - دۇنيا قەلب كۆزىڭىزنى توسۇۋالدى، سىز مال - دۇنيارىڭىزنى دەپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى ئۇنتۇپ قاپسىز، ئۆز - ئۆزىڭىزنى قاماپ قويۇپسىز» دەپتۇ.

ماس نۇقتىئىنەزەر:

پۇلى بار، ئەمما مېھىر - مۇھەببىتى كەمچىل ئادەمنى ھەقىقىي بەختلىك دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى مېھىر - مۇھەببەت بەختنىڭ ئاساسى، پۇل بولسا بەختنىڭ ۋاستىسى.

ماس ماقال - تەمسىللەر: «پۇل تاپقۇچە يۈز تاپ».

ماس ماۋزۇ:

«مال - دۇنيا كۆزىڭىزنى توسۇۋالمىسۇن» ، «پۇل ۋە مېھىر - مۇھەببەت» ، «بەخت ، پۇل ۋە مۇھەببەت» ، «مېھىر - مۇھەببەت ئۇنتۇلمىسۇن» . ________________

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەرنى يېزىڭ: ________________

________________

3. بىر كىچىك مىلىچ ماللار دۇكىنىنىڭ ئۇدۇلىدا چوڭ تىپتىكى بىر تاللا بازىرى ئېچىلىپتۇ ھەمدە مىلىچ ماللار دۇكىنىنىڭ سودىسىنى تارتىپ كېتىپتۇ. دۇكانىنىڭ غوجايىنى غەمگە پاتقان ھالدا باستېرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا دەردىنى ئېيتىپتۇ. باستېر: «ھەر كۈنى ئەتىگىنى دۇكىنىڭىزنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۆز تىجارىتىڭىزنىڭ روناق تېپىشىنى تىلە، ئاندىن كەينىڭگە بۇرۇلۇپ، ھېلىقى تاللا بازىرىنىڭمۇ تىجارەتتە روناق تېپىشىنى تىلە، يەنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆز رەقىبىڭنى قۇچاقلا» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىلىچ ماللار دۇكىنى تاقىلىپ قاپتۇ، ئەمما دۇكان غوجايىنى يۇقىرى مائاش بىلەن ھېلىقى تاللا بازىرىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا تەكلىپ قىلىنىپتۇ.

ماس نۇقتىئىنەزەر:

ئۆز رەقىبىنى قۇچاقلىيالىغان ئادەم تەشەببۇسكار ئورۇننى ئىگىلەپ، باشقىلارنى تىزگىنلەش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

ماس ماقال - تەمسىللەر:

«كەڭ بولساڭ، كەم بولمايسەن» ،

ماس ماۋزۇ:

«رەقىبىڭنى قۇچاقلاشنى ئۆگىنىۋال» ، «رەقىبىڭگە كۈلۈپ مۇئامىلە قىل» ، «توغرا رىقابەت ئېڭى توغرىسىدا ئىككى كەلىمە سۆز» ، «كەڭ قورساق بولساڭ، كىچىكلەپ كەتمەيسەن» ، «كەڭ بولساڭ، كەم بولمايسەن» ، «رەقىبىڭىزنى قۇچاقلىيالىسىڭىز...» .

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:

1) ئادەمنىڭ قەلبىنى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ، ئەمما مۇھەببەت ۋە كەڭ قورساقلىققا تايانغاندا بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ(سىبىنوش). 2) باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق قىلالمايدىغان ئادەم باشقىلارنىڭ كەڭ قورساقلىق قىلىشىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ(تۇرگىنىف). 3) بىر ئۇلۇغ ئادەمدە ئىككى يۈرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرسىدە قان ئاقسا، يەنە بىرسىدە كەڭ قورساقلىق ئاققان بولىدۇ(جىبران). 4) رەقىبىڭنى دوستقا ئايلاندۇرساڭ، ئۇنى يېڭىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق.

4. فورد شىركەت تەرىپىدىن ئىشتىن بوشىتىلىپتۇ. بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن گويا «ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاققان» دەكلا ئىش بوپتۇ. ئۇ باشقا يەردىن تۈزۈكرەك خىزمەت تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۆزى ئۇششاق تىجارەت بىلەن شوغۇللىنىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزى بەگ، ئۆزى خان ھالدا ئىش قىلىشى ئىكەن. گەرچە نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنلارغا ئىگە بوپتۇ، رىقابەت ئىقتىدارى ئېشىپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ «ئوچۇق ئاسماندا چېقىلغان چاقماق»تىن كەلگەن يېڭىلىقلار ئىكەن.

ماس نۇقتىئىنەزەر:

ئوكۇشسىزلىق، جاپا ـ مۇشەققەت ئادەمنى چىقىش يولى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئادەم قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ۋە تالانتىنى نامايان قىلىدۇ. ئۆزى تەر تۆكۈپ يېگەن نانىنىڭ لەززىتى شېرىن بولىدۇ.

ماس ماۋزۇ:

«ئوكۇشسىزلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت »، «ئوچۇق ئاسماندا چېقىلغان چاقماقتىن تۇغۇلغان ئويلار»، «ئىشتىن بوشىتىلغاندىن كېيىن...»(بايان ماقالىسى)، «ئاپەت ۋە ئامەت» (بايان ماقالىسى)، «ئوكۇشسىزلىق ئېلىپ كەلگەن بايلىق»، «ئوكۇشسىزلىق ئىرادىگە تەسلىم»، «ئوكۇشسىزلىق مۇۋەپپەقىيەت چىرىغى »...

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:

1) ئىنسان ياشاشقا توسقۇنلۇق قىلغۇچىلارغا قارشى كۈرەش قىلغاندىلا، ئۇنىڭ ھاياتى يەنىمۇ مۇكەممەل ۋە جۇشقۇن بولىدۇ(تولستوي). 2) ئىنسانىڭ بۇرچى ئۆز ـ ئۆزىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق گۈزەللىكنى ئىزدەش(تولستوي). 3) تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن زارلانما، زارلىنىش ئاجىزلارغا خاس(گوركىي). 4) مەن ماڭغانلار بىلەن بىللە مېڭىشنى خالايمەن، ئۆتۈۋاتقانلارغا قاراپ تۇرۇشنى خالىمايمەن(جىبران). 5) شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، شارائىت مۇشەققەتلىك، قىيىن بولغانسېرى جاسارەت ۋە ئىشەنچنى شۇنچە قەتئىيلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ(گوركىي). 6) ئادەم قالتىس ئىشلارنى كۆپ ھاللاردا ئوكۇشسىز شارائىتتا ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ئىدىيە جەھەتتىكى بېسىم، ھەتتا جىسمانىي جەھەتتىكى ئازابمۇ مەنىۋى ئىلھاملاندۇرغۇچى بولالايدۇ(بېيخرىچ).

5. بىر مۇشۈك بار بولۇپ، ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى ھەمىشە پەردازلاپ كۆرسىتىشكە ئامراق ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ چاشقاننى تۇتالماي قاچۇرۇپ قويۇپتۇ ھەمدە «ئۇ بەك ئورۇقكەن، كېيىن سەمرىگەندە بىر گەپ بولار» دەپتۇ. ئاندىن كۆل بويىغا بېلىق تۇتقىلى بېرىپتۇ، كارپ بېلىقى قۇيرۇقى بىلەن ئۇنى بىرنى ئۇرۇپتىكەن، يەنە پېتىدىن چۈشمەي «ئۇنى تۇتقۇم يوق ئىدى، تۇتىمەن دېسەم ئاسانلا تۇتىۋالالايتتىم. مەن پەقەت ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن پايدىلىنىپ يۈزۈمنى يۇيىۋالدىم» دەپتۇ.

كېيىن ئۇ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، ھەمراھلىرى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولغاندا، يەنە ھوشىنى تاپماي: «مېنى خەتەردە قالدى دەپ ئويلاۋاتامسىلەر؟ ياق، مەن سۇغا چۆمۈلۈۋاتىمەن» دەپتۇ ھەمدە گېپىنىڭ ئايىغى چىقمايلا سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. «كېتەيلى» دەپتۇ ھەمراھلىرى بىر ـ بىرىگە، «ئۇ بىزگە سۇغا شۇڭغۇش ماھارىتىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ».

ماس نۇقتىئىنەزەر:

ھەممىدىن مۇھىمى سەمىمىي بولۇش. باشقىلارغا ئۆز كەمچىلىكىڭنى ئارتۇقچىلىق قىلىپ كۆرسەتسەڭ، ۋاقتى كەلگەندە سېنى قۇتقۇزىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. زىيان يەنىلا ئۆزۈڭگە بولىدۇ. شۇڭا رېئاللىققا يۈزلىنىشىڭ كېرەك.

ماس ماقال ـ تەمسىللەر:

«ئاتالمىغان مىلتىقىدىن كۆرۈپتۇ»، «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام».

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:

1) يالغانچىلىق بىلەن ئۆزىنى پەردازلىماسلىق كېرەك. چۈنكى يالغانچىلىق قىلىش تولىمۇ زىيانلىق(ۋ. ئى. لېنىن). 2) ئىنسان ئۆزىنى ساختا پەرداز بىلەن بوياپ

كۆرسەتمىسلا، ئۆز كۈچىگە ئىشىنەلەيدۇ(پ. ئا. پاۋلېنكوۋ). 3) بىلمەسلىكتىن ئەمەس، ساختا بىلەرمەنلىكتىن ھەزەر ئەيلەڭ، دۇنيادىكى ھەممە كۈلپەتلەر ئەنە شۇنىڭدىن كېلىدۇ(ل. ن. تولستوي). 4) چېكىدىن ئاشقان بىلەرمەنلىك نادانلىقنىڭ ئەڭ شەرمەندە كۆرۈنۈشىدۇر(گ. لىختېنبېرگ).

**ماس ماۋزۇ:**

«كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا »، «سەممىي بولۇڭ»، «ئادەم راستچىل بولغىنى ياخشى»، «كەمچىلىكىڭىزنى پەردازلىماڭ»، «ئۆز پۇتىغا پالتا چېپىش»، «بىرنى بىر دېگۈلۈك».

6. بىر بۇددا دىنى مۇرىتى ئىبادەتخانىغا كىرىپ، بۇدساتۋانىڭ ھەيكىلى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ باش ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا ئۇ يېنىدا يەنە بىرسىنىڭ تىزلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ بۇدساتۋاغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىنى بايقاپ، ھەيران بولغان ھالدا: «سىز بۇدساتۋاغا بەكلا ئوخشايدىكەنسىزغۇ» دەپ سوراپتۇ.

«مەن دەل بۇدساتۋا بولىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ ئادەم.

«ئۆزىڭىز بۇدساتۋا تۇرۇپ يەنە نېمىشقا باش ئۇرىسىز؟»

«چۈنكى مەن بىر قىيىن ئىشقا دۈچ كەپقالغانىدىم»، دەپتۇ بۇدساتۋا كۈلۈپ تۇرۇپ، «بىراق باشقىلارغا يېلىنغۇچە ئۆزۈمگە يېلىنىشنى ئەلا كۆردۈم».

**ماس نۇقتىئىنەزەر:**

دۇنيادا باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىشتىن قۇتۇلغاندا، ھاسىنى تاشلىۋەتكەندىلا، ئاندىن ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولغىلى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. ئۆزىگە تايىنىش — مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى.

**ماس ماقال - تەمسىللەر:**

«خەققە يېلىنغۇچە ئۆزۈڭگە يېلىن».

**ماس ماۋزۇ:**

«ئۆزىگە تايىنىش — مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى»، «ئۆزلۈك شىجائەت ئۇرۇقى»، «ئىشەنچ قانات».

**ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

1) ئادەم ئۆزىگە تايانغان چاغدا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ داغدام يولىغا مېڭىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ يۆلىنىۋېلىشنى تاشلىۋەتكەن چېغى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرغان چېغىدۇر(ئورىسون مادېن). 2) ھاياتلىقتىكى ھەقىقىي بەخت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشكەن ئۇتۇقنىڭ خۇشاللىقىدۇر(بىل. گەيتىس). 3) يۆلىنىۋېلىش ئادىتى ئالغا ئىلگىرىلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان تاش، چوڭ ئىش قىلاي دېسەڭ، چوقۇم ئۇنى تېپىۋېتىش كېرەك(بىل. گەيتىس).

7. بىر ئادەم بىر دېھقاندىن: «بۇغداي تېرىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىغانىكەن، دېھقان: «ياق، كۈندە يامغۇر يېغىپ كېتەرمىكىن دەپ قورقتۇم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم يەنە: «ئۇنداقتا كېۋەز تېرىغان ئوخشىمامسىز» دەپ سوراپتىكەن، دېھقان: «ياق، مەن كېۋەزگە قۇرت چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقتۇم» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم: «سىز زادى نېمە تېرىدىڭىز؟» دەپ سوراپتىكەن، دېھقان:

«ھېچنېمە تېرىمىدىم. چۈنكى ماڭا خاتىرجەملىك كېرەك» دەپتۇ.
ماس نۇقتىئىنەزەر:
قورقۇنچاق ئادەمنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. قورقۇنچاقنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك.
ماس ماۋزۇ ۋە ماس ماقال ـ تەمسىللەر:
«گۈل ئۈزمەكچى بولساڭ، تىكىنىدىن قورقما»، «ھەرىدىن قورقمىغان ھەسەل يىغار»، «قۇشقاچتىن قورققان تېرىق تېرىيالماس»، «قورقۇنچاق مۇرادىغا يەتمەس»، «قورقۇنچاق ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپتۇ»، «تۇرمۇشتا يۈرەكلىك ياشاڭ»، «تۇرمۇش ۋە ئىشەنچ»، «قورقۇنچ ــ ئىرادىنىڭ تۈرمىسى»...
ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:
1) ئۈتۈق كۆپىنچە دادىل ھەرىكەت قىلغۇچىلارغا نېسىپ بولىدۇ. ھەدەپ ئاقىۋىتىنى ئويلاۋېرىدىغان جۈرئەتسىز كىشىلەرنىڭ ئىشى تەتۈرىگە ماڭىدۇ(ژ. نېھرۇ). (ئەسلەتمە: «تايچاقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى»). 2) ئەگەر بىر ئۆمۈر تىنچلىق قوغلىشىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ قويۇۋېتىپ، يېڭى نىشان ھەققىدە ئىزدەنمىگەندە، ھاياتلىق ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ، ئاۋۋال جەڭگە كىرىش كېرەك، شۇندىلا نەتىجىنى بىلگىلى بولىدۇ(بىل. گەيتس).
8. بىر ژۇرنال رېداكسىيەسىنىڭ باشلىقى داڭلىق بىر ئالىمنى مەخسۇس ئىستون يازغۇچىسى بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. بىراق ئالىم ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇنىماپتۇ ھەمدە: «مەن سەل تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلەشكە بېرىش ئۈچۈن ئايروپورتقا ئۈلگۈرمىسەم بولمايدۇ» دەپتۇ.
ئالىمنىڭ بۇ كەسكىن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان رېداكسىيە باشلىقى خوشلىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ. 3～4 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئالىم كوچا ئېغىزىغا چىقىپ، ئايروپورتقا بېرىش ئۈچۈن تاكسى كىرا قىلماقچى بوپتۇ ھەمدە ھېلىقى رېداكسىيە باشلىقىنىڭ ماشىنىسىنىڭ تېخىچە كەتمىگەنلىكىنى بايقاپتۇ.
رېداكسىيە باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ: «يۈرۈڭ، ۋاقىت ئاز قالدى، مەن سىزنى ئايروپورتقا ئاپىرىپ قوياي» دەپتۇ. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىنلا، ئۇ ژۇرنالدا ئالىمنىڭ مەخسۇس ئىستونى ئېچىلىپتۇ.
ئەسلەتمە: «يىلان بىلەن لاچىن»، «ئېشەك بىلەن ئات».
ماس نۇقتىئىنەزەر:
باشقىلار ياردەم قىلمىسا، سەن ياردەم قىل. شۇنداق قىلساڭ، قارشى تەرەپنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرەلەيسەن.
ماس ماۋزۇ ۋە ماس ماقال ـ تەمسىللەر:
«ياخشىلىق قىلساڭ، ياخشىلىق كۆرىسەن».
ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:
«كىشى ياخشىلىققا قىلۇر ياخشىلىق، بىرگە ئون ھەسسە قايتۇرماق ئېنىق»(يۈسۈپ خاس ھاجىپ).
9. كارنىگىنىڭ قىبلىنامىسى:

*ئېتىقادىڭ سېنى ياشارتار، گۇمانخورلۇق ھامان قېرىتار.*

*ئىشەنچ بىرەر يېڭى كۈچ ـ دەرمان، قىرىشىڭغا قورقۇنچ سەۋەبكار.*
*ئادەملەرنى ئۈمىد ياشارتار، ئۈمىدسىزلىك قىرتار سىنى.*
*قىزغىنلىقىڭ يوقالسا ئەگەر، يوقىلىدۇ تېنىڭنىڭ جېنى.*

ماۋزۇلار:

«مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئالتە ئەڭگۈشتەر»، «مۇۋەپپەقىيەت قىبلىنامىسى»، «كارنىگىنىڭ قىبلىنامىسىدىن ئويلىغانلىرىم».

ھېكمەتلەر:

1) مۇستەھكەم ئېتىقادنىڭ بولماسلىقى ئەڭ قورقۇنچلۇق دۈشمەندۇر(رۇمىن روللاند). 2) ئەگەر ئۈمىد يوقالسا، ئۇنداقتا كىشىنىڭ كۈرەش قىلىشىغا، كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئىشلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ھەمدە غايە ئۈچۈن ياشايدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ يوقايدۇ(بېل. گەيتس). 3) بىر ئادەم كۈچلۈك ۋە قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن ئىزدەنسىلا، ئاندىن كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ(سېتىندال). 4) ئۈمىد — بەختسىزلەرنىڭ ئىككىنچى جېنىدۇر(گېتى). 5) ئىرادىلىك ئادەملەرلا چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدۇ، ھەممە ئىشقا بىپەرۋا قارايدىغان بوشاڭ ئادەملەر ھېچقانداق ئىشتا غەلىبە قازىنالمايدۇ(سۇنزى). 6) مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېسىڭىز، قەتئىي ئىرادىنى دوست تۇتۇڭ، تەجرىبىدىن مەسلىھەت سوراڭ، ئېھتىيات قېرىنداشىڭىز بولسۇن، ئۈمىد قاراۋۇلىڭىز بولسۇن(ئېدىسون). 7) بىر ئادەمدە ئۆزىنى قۇربان قىلىش قىزغىنلىقى بولمىسا، ئۇ مەڭگۈ بىرەر ئۇلۇغ ئىش قىلالمايدۇ(چېرنىشېۋىسكى).

10. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ خاقانى قەيسەر قوشۇن تارتىپ ئەنگلىيەگە ھۇجۇم قىپتۇ. بارلىق سەركەردە ـ سەرۋازلىرى ئەنگلىيە قورۇقلۇقىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى ئولتۇرۇپ كەلگەن كېمىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ ھەمدە ئەسكەرلىرىگە مۇنداق خىتاب قىپتۇ: «مانا، بارلىق كېمىلەر كۆيدۈرۈۋېتىلدى. دېمەك، بىزگە دۈشمەننى مەغلۇپ قىلماقتىن باشقا چېكىنىش يولى يوق!»

ماس نۇقتىئىنەزەر:

مەقسەتكە يەتمىگۈچە قەتئىي بوشاشماسلىق ئىرادىسىگە ئىگە بولغاندا، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى، ئارىسالدىلىق، قورقۇنچاقلىق قاتارلىق ئاجىزلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قوغلىۋەتكىلى بولىدۇ.

ماس ماۋزۇ ۋە ماس ماقال ـ تەمسىللەر:

«جاننى تىكىپ ئېلىشىش»، «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس»، «غالىبلار يېرىم يولدا ۋاز كەچمەيدۇ»، «ئۆزىڭىزگە چېكىنىش يولى قالدۇرماڭ».

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:

1) ئادەمدە خېيىم ـ خەتەرگە قارىماي ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بولغاندىلا، ھەرقانداق توسالغۇنى يەڭگىلى، ھەرقانداق مۆجىزىنى ياراتقىلى بولىدۇ(گوركىي). 2) مەن شۇنىڭغا ئىقراركى، تەلەي باتۇر كىشىلەرگە بېقىشقا ئامراق(دارۋىن). 3) قەيسەر ئىرادە دۇنيادىكى ھەرقانداق ئېگىز چوققىنىمۇ بويسۇندۇرالايدۇ(دىككېنس). 4) مۇۋەپپەقىيەتنى ئادەم ھاياتتا ئىگە بولغان مەۋقە بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇ مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ

قانداق توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ چىققىنى بىلەن ئۆلچەش كېرەك(ب.ۋاشىنگتون). 5) ھەر ـ قانداق توسقۇنلۇق قەتئىي نىيەت بىلەن بويسۇندۇرۇلىدۇ(لېئوناردوداۋىنچى).

11. بىر ئادەم نەچچە ئون يىل جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر خىل «تاغ يۆتكەش گۇمپىسى»نى يېتىلدۇرۇپ چىقىپتۇ.

بىرسى ئۇنىڭدىن سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دەپ سوراپتۇ: «ئۇستاز، سىز تاغنى قانداق كۈچ بىلەن يۆتكەيسىز؟ قانداق قىلسام مەنمۇ بۇ سېھىرلىك گۇمپىنى ئۆگىنەلەيمەن؟»

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «بۇ گۇمپىنى ئۆگىنىش ناھايىتى ئاسان، تاغ كەلمىسە مەن بارىمەن دېگەن نۇقتىنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتساڭلا بولىدى».

ئەسلەتمە:

«يولۋاس بىلەن يۈگۈرۈش»، «تىمساھ بىلەن سۇ ئۈزۈشنى مەشىق قىلىش»، «ھاۋا بوشلۇقىدىكى ساتىراش»، «زال ئىچى موتوسىكلىت مۇسابىقىسى»...

ماس نۇقتىئىنەزەرنى يېزىڭ: ________________________________

________________________________________________________

________________________________________________________

ماس ماۋزۇ ۋە ماس ماقال ـ تەمسىللەر:

«بەل باغلىغان يول تاپار»، «تىرىشقان تاشقا مىخ قاقار»، «تامغان تامچە تاشنى تېشەر»، «ئىرادىسىز كىشىگە مەنزىل يىراق»، «كۆز قورققاق، قول باتۇر»، «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە»، «غەيرەتلىك ئەردىن تاغمۇ قېچىپ قۇتۇلالماس»، «غەيرىتىڭ بولسا يۈلتۈز سانايسەن»، «خالاپ كۆتۈرگەن يۈكنىڭ ئېغىرى يوق»...

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:

1) پەقەت قىيىنچىلىق بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلىگەن، ئەڭ بېشىدا تۇرۇپ جاپا چېكىشكە جۈرئەت قىلالايدىغانلار ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان پۇرسەتكە ئىگە بولالايدۇ(بېل. گەيتىس). 2) مېنىڭچە، ئادەمدە خېيىم ـ خەتەرگە قارىماي ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بولغاندىلا، ھەرقانداق توسالغۇنى يەڭگىلى، ھەرقانداق مۆجىزىنى ياراتقىلى بولىدۇ(گوركىي). 3) جاسارەت بولسىلا بەختسىزلىكنى كۆكۈم ـ تالقان قىلغىلى بولىدۇ(سىرۋانتىس). 4)خېيىم ـ خەتەر ئىچىدە ئەقلىمىزنى ئۆستۈرەيلى(خوراتىئوس).

12. بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە يۈرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋەزىرىنى خۇشال يۈرىدىغان ئادەمدىن بىرنى تېپىپ ئەكېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. بۇ ۋەزىر ئىزدەپتۇ، ئىزدەپتۇ، ئاخىرى نامرات بىر يېزىغا كېلىپ قاپتۇ ۋە ئۇ كېتىۋېتىپ بىر ئادەمنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناخشا ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراپ ئېتىزدا يەر ھەيدەۋاتقان بىر دېھقاننى كۆرۈپتۇ. ۋەزىر دېھقاندىن:

— سىز خۇشالمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. دېھقان بۇنىڭغا جاۋابەن:

— مېنىڭ خۇشال ئۆتمىگەن بىرمۇ كۈنۈم يوق، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مۇددىئاسىنى دېھقانغا ئېيتىپتۇ. دېھقان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، ئۇ يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بىر كۈنى كوچىدا پۇتى يوق بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالغانغا قەدەر، ئايىغىمنىڭ يوقلۇقىدىن مەيۇسلىنىپ يۈرگەنىدىم.

خۇشاللىق دېگەن نېمە؟ خۇشاللىق ئۆزىڭىز ئىگە بولغان ھەممەتلەرنى قەدىرلەش دېمەكتۇر. دېمەك، خۇشاللىق مۇشۇنداق ئاددىي بولىدۇ.

**ماس نۇقتىئىنەزەر:**

بىز ھايات مۇساپىسىدە ھەمىشە خىلمۇ خىل ئوڭۇشسىزلىقلارغا ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ، خىيالىمىزغا كىرىپ باقمىغان مۇشكۈلاتلارغا پېتىپ قالىمىز. مۇنداق چاغدا ئاسانلىقچە «مېنىڭ ھېچنېمەم قالمىدى» دېمەڭ. بەش ئەزايىدىن ئايرىلىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ، ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالمىغاچقا يەنىلا خۇشال - خۇرام يۈرەلىگەن. ئۈمىد - ئىشەنچ ئادەمنىڭ ئىككىنچى جېنى.

**ماس ماۋزۇ ۋە ماس ماقال - تەمسىللەر:**

«ئۈمىدۋارلىق چوڭ بايلىق»، «ئۈمىد قېرىماس»، «ئۈمىدسىز شەيتان»، «ئۈمىد ئادەمنى ياشارتىدۇ، غەم - قايغۇ قېرىتىدۇ»، «ئۈمىد يوق يەردە ئىرادە يوق»، «مېنىڭ يەنە بىر پۇتۇم بار»، «ئىشەنچ بىلەن ياشاڭ»، «ئىشەنچ مۇۋەپپەقىيەت ئۇلى».

**ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:** (ئۆزىڭىز ئىزدەپ تېپىڭ) ________________________

________________________________________________

________________________________________________

13. بىر ياش ئەنگلىيەدە كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرنال تۈپلەش ئىشىنى قىلىدىكەن. ئۇ ياۋروپادا داڭ چىقارغان خىمىك — داۋىنىنىڭ بىر قېتىملىق نۇتقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نۇتۇق خاتىرىسىنى چىرايلىق تۈپلەپ ۋە مۇقاۋىلاپ، داۋىنغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن داۋىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى مۇڭدىشىشقا چاقىرىپتۇ.

ھېلىقى ياش داۋىنىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا ئىشلەپ قېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، بىراق داۋىن رەت قىلىپ: «بەك ياشكەنسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق مەلۇماتىڭىزمۇ يوق ئىكەن. شۇڭا قايتىپ بېرىپ تۈپلەمچىلىكىڭىزنى قىلىڭ» دەپتۇ.

ھېلىقى ياش داۋىنغا يالۋۇرۇپ: «تەجرىبىخانىڭىزنىڭ تازىلىقىنى بولسىمۇ قىلاي» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ داۋىنىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا تازىلىقچى بوپتۇ. كېيىن تەدرىجىي تىرىشىپ تەجرىبە ياردەمچىسى بولۇپ، بىر يۈرۈش كەشپىياتلارنى يارىتىپتۇ. ئاخىرى داۋىندىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ. بۇ كىشى دەل «ئېلېكتىرنىڭ ئاتىسى» دەپ نام ئالغان داڭلىق ئالىم فارادى ئىكەن.

**ماس نۇقتىئىنەزەر:**

بۈيۈكلۈك ئاددىيلىقتىن كېلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېسەڭ، ئىشنى كىچىكىدىن باشلا، ئىرادە كەمرىڭ ھەرگىزمۇ بوشاپ كەتمىسۇن.

**ماس ماقال - تەمسىللەر:** (ئۆزىڭىز ئىزدەپ تېپىڭ) ________________________

________________________________________________

**ماس ماۋزۇ:** (ئۆزىڭىز يېزىڭ) ________________________

________________________________________________

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:

1) ئــانچىكىم غەم ـ قــايغۇلار دەرھــال تىلغــا ئېلىنىــدۇ، چوڭقــۇر قــايغۇ بولســا جىمجىتتۇر(سېنېكا). 2) بېشىڭغا قايغۇ چۈشكەندە، ئەتراپىڭغا قاراپ ئۆزۈڭنى باس، ساڭا قارىغاندا تەقدىرى ئېغىرراق كىشىلەرمۇ بار(ئېزىپ).

14. بىرەيلەن بىر چايانىڭ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ پىرقىراپ ئايلىنىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۇدىن چىقىۋېلىشىغا ياردەم قىلماقچى بوپتۇ. ئەمما چايانىنى ئەمدى تۇتاي دېيىشىگە چايان ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋاپتۇ. ئۇ نىيىتىدىن يانماي، يەنە چايانىنى تۇتاي دېيىشىگە، چايان يەنە چېقىۋاپتۇ. يېنىدا تۇرغان يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— چاقسىمۇ يەنە قۇتقۇزامسەن؟

— چېقىش چايانىڭ تەبىئىتى، — دەپتۇ ئۇ، — سۆيۈش، مېھىر بولسا مېنىڭ تەبىئىتىم. چايانىڭ چېقىشىنى دەپلا ئۆزۈمدىكى مېھىر ـ كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت ئىنسانىي تەبىئەتتىن كەچسەم قانداق بولغىنى؟

ماس نۇقتىئىنەزەر: (ئۆزىڭىز يېزىڭ)

ماس ماقۇل: (ئۆزىڭىز قويۇڭ)

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:

1) سۆيگۈ ـ مۇھەببەت گــۈزەل ئەخلاقنىــڭ ئــۇرۇقى(دانتــى). 2) ھېسداشــلىق ئــاجىز كىشىلەرگە بۇ دۇنيانى گۈزەل ھېس قىلدۇرىدۇ، قەيسەر كىشىلەرگە بۇ دۇنيانى ئالىيجاناب ھېس قىلدۇرىــدۇ(ئــانۇر). 3) مۇلايىملىــق ۋە ئــۈچ ئــاغرىتىش بىــلەن ئىشــىك چەكسەڭ، ھەرقانچە چوڭ تۆمۈر دەرۋازىمۇ ئېچىلىپ كېتىدۇ(شېكىسپىر).

ماس ماقال ـ تەمسىللەر:

«بىچارىگە رەھىم قىلساڭ، چىققان دۆۋەڭ ئېگىز بولغاي»، «تام ئىچىدە ئېچىلغان گۈل، تام تېشىنى قىزارتىپتۇ».

15. بۇرۇن بىر توپ ئوقۇغۇچىلار بەخت، خۇشاللىق ئىزدەپ يۈرۈپ، تۈرلۈك غەم ـ قايغۇ ۋە ئازابلارغا دۇچار بولۇپ قاپتۇ، ئۇلار ئۇستازى سوقراتتىن:

— بەخت، خۇشاللىق نەدىن كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. سوقرات:

— سىلەر ماڭا ئاۋۋال بىر قولۋاق ياسىشىپ بېرىڭلار، ئاندىن سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ.

ئوقۇغۇچىلار بەخت، خۇشاللىق ئىزدەيدىغان ئىشنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئېگىز ۋە يوغان دەرەختىن بىرنى ھەرىدەپ يىقىتىپ، ئۇنىڭ ئىچىنى ئويۇپ 49 كۈن بولغاندا قولۋاقنى ياساپ پۈتكۈزۈپتۇ.

قولۋاق سۇغا چۈشۈرۈلۈپتۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۇستازىنى قولۋاققا چىقىرىپ، پالاق ئۇرغاچ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. سوقرات:

— بالىلىرىم، سىلەر خۇشالمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوقۇغۇچىلار بىردەك:

— ئىنتايىن خۇشال، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بەخت، خۇشاللىق دېگەن مانا مۇشۇنداق ئىنىق بىر مەقسەت ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەپ باشقا ئىشلارغا چولاڭلار تەگمىگەندە تۇساتتىنلا يېتىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ.

ماس نۇقتىئىنەزەر: ئەمگەك ئارقىلىق بەخت، خۇشاللىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەلۇم مەقسەتتە تىرىشىپ، نىشانغا يېتىشنىڭ ئۆزى بەخت.

ماس ماۋزۇ ۋە ماس ماقال - تەمسىللەر:

«بەخت ئەمگەكتىن كېلىدۇ»، «بەخت ۋە ئەمگەك»، «ئەمگەكنىڭ تېگى راھەت»، «بەخت ئىزدىسەڭ، ئەمگەك قىل»، «بەخت — ماڭلاي تەر». «جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق»، «سۇسىز ھايات بولماس، ئەمگەكسىز راھەت بولماس»، «ئەمگەكنىڭ تېگى راھەت»، «ئىشلەپ يېگەن لەززەتلىك، تىلەپ يېگەن مىننەتلىك»، «ئالتۇن چىقىدۇ يەردىن، بەخت كېلىدۇ تەردىن»، «ئادەمنى ئىش تونۇتار»، «ئەمگىكى ئازنىڭ كۆلكىسى ئاز»، «ئەمگەك قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار»، «بىغەمنىڭ خۇشاللىقى كوسىغا چىققان ساقالچىلىك»، «تەر ئاچچىق، ھوسۇلى تاتلىق»...

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:

1) ھاياتلىقتىكى ھەقىقىي بەخت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشكەن ئۇتۇقنىڭ خۇشاللىقىدۇر(بېل. گەيتىس). 2) زور خۇشاللىققا پەقەت زور ئەمگەك بىلەن ئىگە بولۇش مۇمكىن(گىيوتى). 3) بەختنىڭ ئەڭ زور شەرتى ئەمگەكتۇر(ل. ن. تولستوي). 4) ھۇزۇر-ھالاۋەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەمگەك قىل(روسسو). 5). بەخت ھاۋادىن ئەمەس، ئەمگەكتىن كېلىدۇ(روداكى). 6) ئىنسان ئەمگەك قىلىۋاتقان ۋاقىتدا تولۇق مەنىدىكى ئىنسانغا ئايلىنىدۇ(ۋ. ھيوگو). 7) ئۇلۇغ ئادەملەرنى ئەمگەك يېتىشتۈرىدۇ(سېنېكا). 8) دۇنيادىكى ھەممە شادلىق، ياخشىلىقلارنىڭ مەنبەسى ئەمگەكتۇر(گوركىي).

16. قەدىمكى زاماندا نېمىنىلا كۆرسەتسە شۇنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغان بىر سېھرىگەر ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، بىر دېھقاننىڭ ئىشىكى ئالدىدا يېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ دېھقان ئۇ ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. سېھرىگەر مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ دېھقاننىڭ ئۆيىدىكى ھەممە نەرسىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ، ھەتتا ئۆيىنىمۇ ئالتۇندىن راسلاپ بېرىپتۇ.

ئەمما بۇ دېھقان ئۆيىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋېتىشتىن ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مۇنچىۋالا جىق ئالتۇن ئامەت بولماستىن، بەلكى ئاپەت. ئالتۇنۇم كۆپ بولسا، قاراقچىلار مۇقەررەر كېلىپ بۇلايدۇ، قارا نىيەت كىشىلەر جەزمەن بايلىقىمنى كۆزلەپ قەستلەيدۇ، بالىلىرىممۇ پۇلنى دەپ ھورۇنلىشىپ كېتىدۇ، بىكار يېتىپ يېگەنگە تاغمۇ توشمايدۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنى نابۇت قىلغان بولىمەن. مەن سىزدىن ئازراق ئالتۇن چىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ قويۇشىنىلا تەلەپ قىلماقچى، ئۆيىمىزدە قازان ئاسالمىغان ياكى باشقىلارنىڭ غىزاسىز قالغانلىقىنى كۆرگەن چېغىمدا ئازراقتىن چىقارسامىكىن دەيمەن...

سېھرىگەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇ دېھقانغا ئالتۇن چىقىرىش تېخنىكىسىنى خۇشاللىق

بىلەن ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ دېھقان ھەقىقىي دانىشمەن ئىكەن.

ماس نۇقتىئىنەزەرنى يېزىڭ: ______________________________

______________________________________________________

ماس ماۋزۇ ۋە ماقال ـ تەمسىلنى يېزىڭ: ______________________

______________________________________________________

ماس ھېكمەت تېپىپ يېزىڭ: __________________________________

______________________________________________________

17. بۇرۇنقى زاماندا توپىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغان بىر سېھرىگەر ئۆتكەن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئامىمنىڭ ئالدىدا ماھارەت كۆرسىتىپ يوغان بىر تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر يىگىت ئۇنىڭ ماھارىتىگە ناھايىتى ھەۋەس قىلىپ قاپتۇ، ھېلىقى سېھرىگەر ئۇنىڭ قىزىقىپ قالغانلىقىنى بايقاپ: «ھە! بۇ ئالتۇننى ساڭا بېرەي» دەپتۇ. لېكىن ئۇ يىگىت بېشىنى چايقاپ:

ــ ياق، ماڭا ئالتۇن لازىم ئەمەس، لازىمى سىزنىڭ قولىڭىز، ــ دەپتۇ. سېھرىگەر بۇنى ئاڭلاپ، بېشىنى چايقاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئەتراپتىكىلەر يىگىتنى مازاق قىلىپ:

ــ ئاچ كۆز يىگىت ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىڭمۇ؟ ــ دېيىشىپتۇ. يىگىت ئۇلارغا پەرۋامۇ قىلىپ قويماي، سېھرىگەرنى قوغلاپ يېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كىرىپ ئۇستازىدىنمۇ قالتىس ماھارەتلەرنى ئۆگىنىپتۇ.

ماس نۇقتىئىنەزەر:

بىلىملىك، ھۈنەرلىك بولۇش بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئاساسى.

ماس ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ماس ماۋزۇ:

«ئاتاڭدىن مال ـ دۇنيا قالغۇچە، ھۈنەر قالسۇن»، «ھۈنەر تۈگىمەس بايلىق»، «يېتىپ يېسەڭ تاغمۇ توشۇماس»، «ھۈنەر تۈگىمەس بايلىق»، «پۇل ۋە ھۈنەر»، «پۇل تاپقۇچە، ھۈنەر ئۆگەن»، «ھۈنەر پۇل دېمەكتۇر».

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:

1) سىزگە مال ـ دۇنيا بېرىپ ياردەم قىلغان كىشى ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ ئەڭ ياخشى دوستىڭىز ئەمەس؛ سىزنى ئۆز كۈچىڭىزگە تايىنىشقا رىغبەتلەندۈرگەن كىشىلا ھەقىقىي دوستىڭىز بولالايدۇ(ئورىسون مادېن).

18. بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ، يول ياقىسىدا تۇرغان بىر دۆۋە لاي توپىدىن بىر خىل خۇش پۇراق چىقىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ بۇ توپىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەپتىكەن، ئۆيلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ئۆيىمۇ بىردەمدىلا خۇش پۇراققا تولۇپتۇ.

يولۇچى بۇ ئىشقا قىزىقىپ ھەم ھەيران بولۇپ توپىدىن:

ــ سەن كەم ئۇچرايدىغان پۇراقلىق ماتېرىيالمۇ ياكى باشقا قىممەت باھالىق نەرسىمۇ؟

ــ دەپ سورىغانىكەن، توپا:

ــ ھېچقايسىسى ئەمەس، مەن پەقەت ئادەتتىكى توپا، خالاس، ــ دەپتۇ. يولۇچى:

ـ ئۇنداق بولسا سېنىڭدىن تارقىلىۋاتقان بۇ ئۆتكۈر پۇراق قەيەردىن كەلگەن؟ ــ دەپتىكەن، توپا:

ــ مەن پەقەت ئىلگىرى ئەتىرگۈللۈكتە ئەتىرگۈل بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىل

بىرگە تۇرغان، — دەپتۇ.

يۇقىرىقى ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى بىرگە ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىلىدىن بىرنى ئەسلىتىدۇ. سىز شۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ، بىر پارچە ماقالە يېزىڭ.

19. لوقمان ھەكىم ئوغلىنى ئۆيلەمەكچى بوپتۇ ۋە ئۇنى كوچمۇكوچا ھەيدەپ يۈرۈپ ئۆرۈپتۇ. كۆرگۈچىلەر ئەجەبلىنىپ سورىسا: «بۇيرۇغان ئىشنى قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئارىدا بىر ھويلىدىن قاپاقلىرى تۈرۈلگەن بىر قىز چىقىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي ئاتا، بۇ ئوغۇلنى نېمىشقا ئۆرۈسىز؟

— بۇيرۇغان ئىشنى قىلىدۇ، — دەپتۇ لوقمان ھېكىم جاۋابەن. قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا تازا ئۆرۈڭ، قاچان ئىشنى بۇيرۇتماي، ئۆزى تېپىپ قىلغۇچە ئۆرۈڭ.

«ئىشنى ئۆزىڭىز تېپىپ قىلىڭ» دېگەن تېمىدا ئەسەر يېزىڭ.

20. ماڭلايدىن ئاقمىسا تارام - تارام تەر،
كۆكەرمەس ھېچقاچان باھاردىمۇ يەر.
بىلىم مەنزىلىمۇ تاشلىق، داۋانلىق،
نېچۈن ئالغاي مېدال جەڭدىن قاچقان ئەر؟ (ئا. ئۆتكۈر)

ماس نۇقتىئىنەزەر يېزىڭ: ______________________________

______________________________________________

ماس ماۋزۇ:

«جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق»، «جاپانىڭ تېگى راھەت».

ماس ماقال - تەمسىل: (ئۆزىڭىز يېزىڭ) ______________________

______________________________________________

ماس ھېكمەت يېزىڭ: ______________________________

______________________________________________

21. چىققىنىڭ تاغ ئەمەس، پەقەتلا بىر دۆڭ، ھېس قىلدىڭ چوققىغا چىققاندەك ئۆزۈڭ.

ئېدىرلار ئۈستىدە تاغ بار، ھۆلۈقما، قادالسۇن تېخىمۇ يىراققا كۆزۈڭ.

ماۋزۇلار:

«كەمتەر بولغان ئالغا باسار»، «كەمتەر بولساڭ غالىبسەن»، «كەمتەر بولساڭ ئۇتارسەن، مەغرۇر بولساڭ غۇلارسەن».

ماس نۇقتىئىنەزەرنى يېزىڭ: ____________________________

______________________________________________

ماس ماقال - تەمسىل: (ئۆزىڭىز يېزىڭ) ______________________

______________________________________________

ماس ھېكمەتنى يېزىڭ: ______________________________

______________________________________________

22. بۇرۇن ناھايىتى ئورۇق بىر بالا بولغانىكەن، قامەتلىك كىشىلەرنى كۆرسە، ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەدەن چېنىقتۇرۇش قارارىغا كېلىپتۇ ھەمدە

چېنىقىش پىلانىنى تۈزۈپتۇ. پىلانىنىڭ ئاخىرىغا قاتتىق ئىجرا قىلىش، خىلاپلىق قىلسا قاتتىق جازالاش دېگەنلەرنى يېزىپ قويۇپتۇ. ئىككىنچى كۈنى يامغۇر چېلەكلەپ قۇيغانىدەك يېغىپ كېتىپ، چېنىقىشنى تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى بېشى سەل ئاغرىغاندەك بولۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى ئويغىنىشى بىلەن تەڭ دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنىپتۇ، ئۇ ئالدىنقى كۈنى كېچىچە تەكرار قىلغانىكەن. چارەكلىك ئىمتىھان ئۆلىنىپلا كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چېنىقىش پىلانى ئىشقا ئاشماپتۇ.

نۇقتىئىنەزەر:

باھانە تاپماق تەس ئەمەس، ئادەملەر بەزىدە شۇنداق قىلىدۇ، ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىشقا دۇچ كەلسىمۇ، ھەرگىز قىلغۇسى كەلمەيدۇ، قولاقىقا ياققۇدەك سەۋەبتىن بىرنى تاپىدۇ ـ دە، ئۆزىنى ئاقلايدۇ، ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل پىسخىكىلىق تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتىن ئىبارەت، خالاس. ئىرىنچەكلىكتە سەۋەب ئىزدەش، ئىرادىسى بوششتەك بۇنداق ئىللەت پىسخىك تەڭپۇڭلۇققا ساختا كۆرۈنۈش ياپىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولمىغان، ئاخىرى چىقمىغان ئىش ئىزچىل داۋاملىشىۋەرسە، ئادەمگە نۇرغۇن بېسىم پەيدا قىلىدۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ياشاشمۇ ئېغىر تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. باھانە تېپىش ئاسان، ئەمما ئۇ ياخشى چارە ئەمەس. ئۇنداقتا تېزراق ھەرىكەتكە كېلىڭ، ئۆزىڭىزگە قانداقتۇر باھانە ئىزدىمەڭ، ئۈستىڭىزنى بېسىپ تۇرغان يۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىرغىتىپ تاشلاڭ.

ماس نۇقتىئىنەزەرنى يېزىڭ: ______________________________

______________________________________________

ماس ماقال ـ تەمسىل يېزىڭ: ______________________________

______________________________________________

ماس ھېكمەتنى يېزىڭ: ______________________________

______________________________________________

23. ئامېرىكىنىڭ غەربىدىكى كىچىك بىر كەنتتە ئىنتايىن نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بىر بالا 15 ياشقا كىرگەن يىلى خاتىرىسىگە ئۆمۈرلۈك ئارزۇسىنى مۇنداق پۈتكەن: نىل دەرياسى، ئامازون دەرياسى ۋە كونگو دەرياسىغا بېرىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلىمەن؛ جومولاڭما چوققىسىغا، كىلىمانجارو تېغىغا ۋە مەكىنلىي چوققىسىغا چىقىمەن؛ پىل، تۆگە، تۆگىقۇش ۋە ياۋا ئاتقا مىنىمەن: ماركوپولو ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ماڭغان يوللاردا سەپەر قىلىمەن؛ «ياۋا ئادەم تارزان»غا ئوخشاش كىنودا رول ئالىمەن، ئايروپىلان ھەيدەيمەن، شېكىسپىر، ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىمەن، بىر مۇزىكا ئىشلەيمەن، بىر كىتاب يازىمەن؛ بىرەر نەرسە كەشىپ قىلىپ، پاتېنتقا ئېرىشىمەن، ئافرىقىدىكى باللار ئۈچۈن بىر مىليون دوللار ئىئانە توپلايمەن...

ئۇ شۇ قېتىمدا نۇرغۇن كىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەسكەل، ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان ئارزۇدىن 127 نى يېزىپ چىققان. شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس-يادى ئاشۇ ئۇلۇغۋار ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىلا قالغان. ئۇ ئۆزاققا سوزۇلغان جاپالىق ھايات مۇساپىسىدە نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقنى يېڭىپ، باشقىلار «خام خىيال» دەپ قارىغان ئارزۇلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. بۇ جەرياندا مەغلۇبىيەتنىڭ ئازابى ۋە غەلىبە شادلىقىنىڭ تەمىنى قايتا ـ قايتا تېتىغان ۋە 44 يىلدىن كېيىن 106 ئارزۇسىنى

ئەمەلگە ئاشۇرغان... ئۇ دەل 20 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئېكسپېدىتسىيەچى جون گودارد.

بىز بۇ ھېكايىدىن «ئىشەنچ+تىرىشچانلىق=غەلىبە» دېگەن تەگلىمنى يېزىپ چىقالايمىز.

پايدىسىز ۋە قىيىن كەچۈرمىشلەرگە تېز پۈكمەسلىك — مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى(بىتخوۋىن).

ماس نۇقتىئىنەزەرنى يېزىڭ: ________________________________

________________________________________________

ماس ماۋزۇ يېزىڭ: ________________________________

________________________________________________

ماس ماقال - تەمسىل يېزىڭ: ________________________________

________________________________________________

ماس ھېكمەتنى يېزىڭ: ________________________________

________________________________________________

24. ئىشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، بىر دۆكىنىڭ قاپتىلىدا، ئوتۇن بېسىلغان ھارۋىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر يىگىتكە ئۇچراپ قالدىم.

— بۇرادەر، مالال كۆرمەي ھارۋىنى دۆڭگە ئىتتىرىشىپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى يىگىت ماڭا. مەن ماقۇل بولدۇم.

يىگىت ھارۋىنى سۆرەشكە باشلىغاندا ئىتتىرەي دەۋېتىپ، تۇرۇپلا كاللامغا: «ھارۋىنى ئۆزى يالغۇز سۆرەپ چىقالارمۇ؟» دېگەن خىيال كېلىپ قالدى.

يىگىت ھارۋىنى كۈچەپ تارتىۋاتاتتى. مەن كەينىدىن ماڭغاچ: «قېنى، ھە! يەنە كۈچەڭ!» دەپ ۋارقىرىدىم. ھارۋا ناھايىتى تەستە ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ناۋادا ھارۋا ئارقىسىغا يېنىپ كەتسە، بار كۈچۈم بىلەن ئالدىغا ئىتتىرىمەن، دەپ ئويلىدىم.

يىگىت ھارۋىنى تەستە تارتىپ، ئاخىر دۆڭگە چىقتى ۋە توختاپ ماڭا كەينى - كەينىدىن رەھمەت ئېيتىشقا باشلىدى. مەن كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەرزىمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ھارۋىنى ئۆزىڭىز تارتىپ چىقاردىڭىز، — دېدىم.

— بۇنچە ئېگىز دۆڭدىن ئۆزۈم تارتىپ چىقىرالايمەنمۇ؟ — دېدى يىگىت ئىشەنمەي.

— راست، مەن پەقەت ھارۋىغا ئەگىشىپلا ماڭدىم، ئىتتەرمىدىم، — دېدىم مەن، - ئۆزىڭىزگە ئىشىنىشىڭىز كېرەك.

ماس نۇقتىئىنەزەرنى يېزىڭ: ________________________________

________________________________________________

ماس ماۋزۇ يېزىڭ: ________________________________

________________________________________________

ماس ماقال - تەمسىل يېزىڭ: ________________________________

________________________________________________

ماس ھېكمەتنى يېزىڭ: ________________________________

________________________________________________

25. كېچە، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى. يولدا ئاندا - ساندا كىشىلەر ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

تاياقنىڭ «توك-توك» قىلىپ يەرگە ئۇرۇلغان ئاۋازى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، بىر ئەما كىشى ئېڭىشكىنىچە تاياقنى تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. يولۇچى ئۇنىڭغا:

— ئالدى تەرەپتە يول يوق بولۇشى مۇمكىن، — دەپ ئەسكەرتىش بېرىپ قويدى.

ئەما:

— بۇنى ئالدىنغا قاراپ مېڭىپ باقساق ئۇققىلى بولىدۇ، — دېدى، ئەما كىشى يولۇچىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى.

تاياقنىڭ يەرگە تەگكەن ئاۋازى بارغانسېرى ئاجىزلاپ ئاخىرى ئاڭلانمىدى.

ماس نۇقتىئىنەزەرنى يېزىڭ: ________________________________

________________________________________________

ماس ماۋزۇ قويۇڭ: ________________________________

________________________________________________

ماس ماقال - تەمسىل يېزىڭ: ________________________________

________________________________________________

ماس ھېكمەتنى يېزىڭ: ________________________________

________________________________________________

26. بىر ئادەم سازلىقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. ئالدىدا بىرسىنىڭ ماڭغان ئىزى بولمىغاچقا، خەتەر چىقىش مۇمكىنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئامالسىز ئۇيان - بۇيانغا دەسسەپ بېقىپ، يول ئېچىپ مېڭىپتۇ. بىراق ھېچقانچە ماڭمايلا ئېھتىياتسىزلىقتىن پاتقاققا دەسسىۋېلىپ چۆكۈپ كېتىپتۇ.

يەنە بىر ئادەممۇ سازلىقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئىلگىرىكى ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزىنى كۆرۈپ، بۇ يەردىن چوقۇم ئادەم مېڭىپ بېقىپتۇ، باشقىلارنىڭ ئىزىدىن ماڭسام چاتاق چىقمايدۇ، دەپ ئويلاپ دەسسەپ كۆرسە، دەسسىگەن يېرى راستتىنلا قاتتىق تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتىرجەم مېڭىۋېرىپتۇ، ئاخىرى ھېلىقى بوش يەرگە دەسسىۋېلىپ ئۇمۇ پاتقاققا چۆكۈپ كېتىپتۇ.

ئۈچىنچى بىر ئادەم سازلىقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ، ئالدىنقى ئىككى ئادەمنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ ئىككىلەنمەيلا شۇ ئىزدىن مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى دېمىسەكمۇ ئۆز - ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

يەنە بىر ئادەم سازلىقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. ئۇمۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاياغ ئىزىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە بۇ چوقۇم سازلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە تۇتىشىدىغان يول، بۇ يولدىن نۇرغۇن ئادەم مېڭىپ بېقىپتۇ، مۇشۇ يولنى بويلاپ ماڭسام، چوقۇم سازلىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتەلەيمەن دەپ ئويلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم ھالدا ئالغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئاخىرى ئۇمۇ پاتقاققا چۆكۈپ كېتىپتۇ.

ماس نۇقتىئىنەزەرنى يېزىڭ: ________________________________

________________________________________________

ماس ماۋزۇ قويۇڭ: ________________________________

________________________________________________

ماس ماقال - تەمسىل يېزىڭ: ________________________________

ماس ھېكمەتنى يېزىڭ: ________________

27. ئۈچ پاقا ئېھتىياتسىزلىقتىن سۈت چېلىكىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىرىنچى پاقا:

- بۇ مېنىڭ تەقدىرىم، ساقلاي، تەقدىر مېنى زادى قانداق قىلىدىكىن، — دەپلا پۇتلىرىنى يىغىپ مىدىر - سىدىر قىلماي ئۈن - تىنسىز يېتىپتۇ.

ئىككىنچى پاقا چېلەك ئىچىدە بىردەم ئۈزگەندىن كېيىن ئۈمىدسىزلىنىپ:

— بۇ چېلەك بەك چوڭقۇركەن. ھەرقانچە كۈچىسەممۇ، سەكرەپ چىقىپ كېتەلمەيمەن. مېنىڭ سەكرەش قابىلىيىتىم يار بەرمەيدىكەن. بۈگۈن مېنىڭ ئۆلۈم كۈنۈم ئوخشايدۇ، — دەپ ئازابلىق يىغلىۋەتكەندىن كېيىن چېلەك تېگىگە كىرىپ كېتىپتۇ - دە، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ.

ئۈچىنچى پاقا ئەتراپىنى كۆزىتىپ:

— ھازىر پۇتۇمنىڭ ماغدۇرى بار، سەكرەش ئىقتىدارىمدىن ئېيتقاندا چىقىپ كېتەلمەيمەن. ئەگەر پۇتۇمنىڭ ئاستىغا قويغۇدەك بىر نەرسە تاپسام، چېلەكتىن چىقىپ كېتىشكە ئۈمىد بار، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى پاقا ئۇياق - بۇياققا ئۈزۈپ، پۇتىنىڭ ئاستىغا قويغۇدەك نەرسە ئىزدەپتۇ. پاقا توختىماي ئۈزۈپتۇ. ئەمما ھېچنەرسە تاپالماپتۇ. بىراق سۈت پاقىنىڭ توختىماي ئۈزۈشى بىلەن ئۇيۇپ قايماق بولۇپ شەكىللىنىپتۇ. قايماقنىڭ ياردىمىدە پاقا كۈچەپ بىر سەكرەپ چېلەكتىن چىقىپ كېتىپتۇ.

نۇقتىئىنەزەر:

پاسسىپ، ئۈمىدسىز ئادەملەر پۇرسەت كۈتىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئالىقاچان ئۆلگەن بولىدۇ. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدىگەن ئادەملا مۆجىزە يارىتالايدۇ.

بۇ ماتېرىيالنى چىقىش قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىپ بېقىڭ.

28. بىر پارچە گۆشنى چىشلەپ ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىت سۇدىكى كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ، باشقا بىر ئىت تېخىمۇ يوغان بىر پارچە گۆشنى چىشلەپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاغزىدىكى گۆشنى تاشلاپ، سۇدىكى گۆشكە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككىسى يوق بوپتۇ.

ماس نۇقتىئىنەزەر:

بەزى كىشىلەردىكى ئاچ كۆزلۈك تولا چاغلاردا ئۇلارنى بالايىئاپەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

ماس ماقال - تەمسىللەر:

«ئاچ كۆز ئەجەلدىن بۇرۇن ئۆلەر»، «ئاچ كۆزلۈك ئەقىلدىن ئازدۇرار»، «ئاچ كەلسە ئىمان قېچىپتۇ».

ماس ماۋزۇ يېزىڭ: ________________

ماس ھېكمەتنى يېزىڭ: ________________

29. بىر غورۇلاينىڭ تەن قۇرۇلۇشى ئۆزگىچىرەك بولغاچقا، جەمەتىدىكىلەرنى كۆزگە ئىلماي، قۇزغۇنىنىڭ يېنىغا قاتراپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرمەكچى بوپتۇ. قۇزغۇن غورۇلاينىڭ تەققى - تۇرقى، ئاۋازىنىڭ باشقىچىرەك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنى چوقۇپ قوغلىۋېتىپتۇ. غورۇلاي قۇزغۇندىن ئايرىلىپ، يەنە ئۆز جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار بۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن غەزەپلىنىپ، قاتارغا قوشماپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ غورۇلاي يۇرت - ماكانسىز قاپتۇ.

ماس نۇقتىئىنەزەر:

ئۆز ئەل - يۇرتىنى تاشلاپ، ئۆزگە يۇرتقا پاناھ ئىزدەپ بېرىۋالغانلار ئۆزگە يۇرتتىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولالمايلا قالماي، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭمۇ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.

ماس ماۋزۇ قويۇڭ: ______________________________

______________________________

ماس ماقال - تەمسىل يېزىڭ: ______________________________

______________________________

ماس ھېكمەتنى يېزىڭ: ______________________________

______________________________

30. ئۇستىگە ياغاچ ئارتىلغان بىر ئېشەك سازلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ - دە، ئورنىدىن تۇرالماي يىغلاۋېرىپتۇ. سازلىقنىڭ ئىچىدىكى پاقا ئېشەكنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ:

— ھەي ئاغىنە، يىقىلىپ چۈشكىنىڭگە بۇنچىلىك زارلىنىپ يىغلىساڭ، ماڭا ئوخشاش بۇ يەردە ئۇزاق زامان تۇرغان بولساڭ، قانداق قىلاتتىڭ، — دەپتۇ.

ماس نۇقتىئىنەزەر:

بۇ مەسەل جىگرى يوق، لامزەللە ئادەملەرگە ماس كېلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر خېلى - خېلى مۇشكۈللەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ - يۇ، ئەمما كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ قالسا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:

1) ئانچىكىم غەم - قايغۇلار دەرھال تىلغا ئېلىنىدۇ، چوڭقۇر قايغۇ بولسا جىمجىتتۇر(سېنېكا). 2) بېشىڭغا قايغۇ چۈشكەندە، ئەتراپىڭغا قاراپ ئۆزۈڭنى باس، ساڭا قارىغاندا تەقدىرى ئېغىرراق كىشىلەرمۇ بار(ئېزىپ).

ماس ماۋزۇ قويۇڭ: ______________________________

______________________________

ماس ماقال - تەمسىل يېزىڭ: ______________________________

______________________________

31. ئاغرىپ ياتقان قۇزغۇن ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ: «ئانا، ئۇنداق تولا قايغۇ - ھەسرەت چەكمەي، تولاراق ئىلاھتىن كېسىلىمگە شىپالىق تىلىگىن» دەپتۇ. ئانىسى: «بالام، ساڭا قايسى بىر ئىلاھنىڭ رەھمى كېلەر؟ سەن ھەتتا ئۇلارغا ئاتاپ سەدىقە قىلىنغان گۆشلەرنىمۇ قويماي ئوغرىلاپ يېگەن تۇرساڭ» دەپتۇ.

ماس نۇقتىئىنەزەر:

ئادەتتىكى چاغلاردا كۆپ كىشىلەر بىلەن دۇشمەنلەشسە، بېشىغا كۈن چۈشكەندە بىرەر دوستمۇ تېپىلماي قالىدۇ.

ماس ماقال ـ تەمسىللەر:

«باشقىلارنى رەنجىتكەننىڭ يولى توسۇلار»، «سەن مېنى كىشى دېسەڭ، يانچۇقۇمدا كىشمىشىم: سەن مېنى كىشى دېمىسەڭ، سېنىڭ بىلەن نېمە ئىشىم»، «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت».

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ۋاپاسىز ئادەم قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ياردەمسىز قالىدۇ(ئىزوپ).

32. بىر ئادەمنىڭ بىر ئېشىكى ۋە بىر ئېتى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئادەم ئېشەك ۋە ئاتقا يۈك ـ تاقلارنى ئارتىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئېشەك ھېرىپ قېلىپ ئاتقا:

— مەن بولالمىدىم، يۈكۈمنى ئازراق بولسىمۇ كۆتۈرۈشۈپ بەرسەڭ بولاتتى! — دەپتۇ.

ئات ئېشەككە ياردەم بېرىشنى خالىماپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئېشەك يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. ئارقىدىن غوجايىن ئېشەكنىڭ ھەممە يۈكنى ئاتقا يۆتكەپتۇ ھەمدە ھېلىلا شىلىۋالغان ئېشەك تېرىسىنىمۇ ئاتقا ئارتىپ قويۇپتۇ...

ماس نۇقتىئىنەزەر:

باشقىلارغا ياردەم بەرگەنلىك ئۆزىگە ياردەم بەرگەنلىك.

ماس ھېكمەتلىك سۆزلەر:

1) نۇرغۇن ئادەملەر باشقىلارغا ياردەم قىلىشنىڭ ماھىيەتتە ئۆزىگە ياردەم قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بىر ئادەم باشقىلارغا ياردەم بېرىۋاتقاندا باشقىلار بۇ ياردەمنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلايدۇ، پۇرسەت تاپسىلا ياخشىلىقنىڭ جاۋابىنى قايتۇرسام دەپ ئويلايدۇ(بېل. گەيتىس). 2) باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغان كىشى ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان بولىدۇ. ياخشىلىقتىن ياخشىلىق كۈتۈپ ئەمەس، ياخشىلىق ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىش كېرەك. چۈنكى، بۇنىڭدىن كىشى پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھۇزۇرغا ئېرىشىدۇ(سېنېكا).

ماس ماقال ـ تەمسىللەر:

«بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق»، «ياخشىلىقتىن ئۇرۇق چاچ. يامانلىقتىن يىراق قاچ»، «ياخشىلىق تۆرگە باشلار، يامانلىق گۆرگە»، «ياخشىلىق يېنىپ تۇرغان چىراغ»، «ياخشى كۆڭۈل يەردە قالماس»، «ياخشى ئىشقا ئالقىش ياغار»، «كىشىگە قىلغان ئۆزىگە يانار»، «بىر ياخشىلىق مىڭ بالادىن قۇتقۇزار»، «تاغدەك ئالتۇن بىر ياخشىلىققا ئەرزىمەس»، «تۇزنى يەپ تۇزلۇقنى چېقىپتۇ»، «ئالتۇن يەردە قالماس، ياخشىلىق يولدا قالماس»...

33. شىر بىلەن بۆرە بىر كىچىك بۇغىنى تەڭلا بايقاپ قاپتۇ ھەمدە ئۇنى بىرلىكتە تۇتۇشقا كېلىشىپتۇ. ئىككىسى ناھايىتى ئوبدان ماسلىشىپتۇ، بۆرە بۇغىنى بېسىۋېلىشىغا، شىر ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

بىراق، شۇ چاغدا شىرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، بۇغىنىڭ گۆشىنى بۆرىگە بۆلۈپ بەرگۈسى كەلمەپتۇ ھەمدە ئۇنىمۇ چىشلەپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. بۆرە ئۇنىڭغا جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. شىر ئاخىرقى ھېسابتا بۆرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىمۇ ئېغىر يارىلانغاچقا، بۇغا گۆشىنى مەززە قىلىپ يېيەلمەپتۇ.

ماس نۇقتىئىنەزەر:

ئاچ كۆزلۈك ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

ماس ماقال - تەمسىللەر:

«تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە»، «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك».

ماۋزۇ قويۇڭ: ______

______

ماس ھېكمەتنى تېپىپ يېزىڭ: ______

______

34. ئوتۇنچى بىر ئېيىق بالىسىنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ، ئانا ئېيىق ئۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ مول كەچلىك غىزا تەييارلاپ، ئوتۇنچىنى مېھمان قىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگىنى ئوتۇنچى ئانا ئېيىققا: «مېنى ناھايىتى ئوبدان مېھمان قىلدىڭ. بىراق بەدىنىڭدىكى سېسىق پۇراق كۆڭلۈمنى بەكلا ئېلەشتۈرۈۋەتتى» دەپتۇ. بۇ گەپ ئانا ئېيىقنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا چاندۇرماي: «بۇنىڭ بەدىلىگە مېنى پالتاڭ بىلەن بىرنى چېپىۋالغىن» دەپتۇ. ئوتۇنچى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ.

بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئوتۇنچى ئانا ئېيىقنى يەنە ئۇچرىتىپ قاپتۇ ھەمدە ئۆزى چاپقان يەرنىڭ ساقايغان ياكى ساقايمىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئانا ئېيىق: «دەسلىپىدە بەك ئاغرىپ كەتكەنىدى، ساقايغاندىن كېيىن ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتىم. بىراق سېنىڭ ھېلىقى بىر ئېغىز گېپىڭنى مەن ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايمەن» دەپتۇ.

ماس ماۋزۇ ۋە ماس ماقال - تەمسىللەر:

«پىچاق گۆشتىن ئۆتەر، گەپ سۆڭەكتىن ئۆتەر»، «تىغ يارىسى ساقىيۇر، دىل يارىسى ساقايماس»، «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە». «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن».

ماس نۇقتىئىنەزەرنى يېزىڭ: ______

______

ماس ھېكمەتنى يېزىڭ: ______

______

# ھېكمەتلىك سۆزلەر

1. قەدىر - قىممەتلىك بولاي دېسڭىز، دۇنيا ئۈچۈن قىممەت يارىتىڭ(گېيوتې).

2. كىشىلىك ھايات ھۇزۇر - ھالاۋەت ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن مۇشەققەتلىك خىزمەتتۇر(لېۋ. تولستوي).

3. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش، غەم - قايغۇدا ۋە شادلىقتا ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشتا(ئېينىشتېين).

4. پۈتۈن ئۆمرۈمدە تۇرمۇشقا، كىشىلەرگە ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدىم(گوركىي).

5. لاۋۇلداپ يانمىغان ئادەمدىن پۇرقىراپ ئىسلا چىقىدۇ. بۇ بىر قانۇنىيەت، ياشىسۇن ھاياتلىق يالقۇنى (ئوستىروۋىسكى)!

6. تەقدىرچىلىك — ئىرادىسى ئاجىز ئادەملەرنىڭ باھانىسى(رومىن روللان).

7. يوشۇرۇن دەرد - ئەلەم يۈرەكنى كاۋاپ قىلىۋېتىدۇ(شېكىسپېر).

8. ئادەم بەك غەمكىن بولۇپ كەتسە، ھاياتنىڭ لەززىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ(شېكىسپېر).

9. تۇرمۇشتا ئۆزۈڭنىڭ غالىب ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىشىڭ لازىم(گېيوتې).

10. مەن تەقدىرنىڭ كېكىردىكىدىن بوغىمەن، ئۇ مېنى ھەرگىز بويسۇندۇرالمايدۇ (بېتخوۋېن).

11. ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالى تېپىلىدۇ، ئامالسىز قالىدىغان ئىش يوق، ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ئامالسىز قالغان بولساڭ، ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ دۆتلۈكىڭدىن، ھۇرۇنلۇقىڭدىن كۆر(ئېدىسون).

12. بەختكە نۇرغۇن ۋەھىمە ۋە خاپىلىق ئارىلاشقان بولىدۇ، بەختسىزلىكمۇ نۇرغۇن تەسەللى ۋە ئۈمىد ئارىلاشقان بولىدۇ(بېكون).

13. ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزىڭىزنى تەمكىن ۋە خۇشال تۇتۇشىڭىز كېرەك. تۇرمۇش شۇنداق بولىدۇ. بىزمۇ تۇرمۇشقا شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىمىز، ھەرقانداق ئەھۋالدا قورقماس ۋە خۇشخۇي بولۇشىمىز كېرەك(روزا لىيۇكسېمبۇرۇگ).

14. تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن زارلانما، زارلىنىش ئاجىزلارغا خاس(گوركىي).

15. تۇرمۇش تېتىقسىز ئادەمنىڭ نەزىرىدىلا مەنىسىز ھەم تېتىقسىزدۇر(چېرنىشۋىسكى).

16. ئۆز كويىدىلا يۈرىدىغان ئادەم ئەڭ بىمەنە ئادەمدۇر(لېرمونتوف).

17. مۇستەھكەم ئېتىقادىنىڭ بولماسلىقى ئەڭ قورقۇنچلۇق دۈشمەندۇر(رومىن رولاند).

18. ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە كىشىلا، ھەرقانچە جاپالىق ۋە قىيىن شارائىتتىمۇ ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ(شۈي تېلى).

19. ھېچبىر قۇربان بەرمەيلا بەختكە ئېرىشمەكچى بولۇش ئەپسانىدۇر(شۈي تېلى).

20. كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ھۇزۇر ئىش ھەقىقەت يولىدا كۈرەش قىلىشتۇر(برۇنو).

21. بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما، ئۆزۈڭنىڭ ئىشنى ئۆزگىگە قويما، ئۇلۇغ ئىشلارغا ياش چېغىڭدىلا تۇتۇش قىل(گىيوتې).

22. ھايات بىلەن ئويناشقان ئادەم ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ، ئۆزىگە غوجا بولالمىغان ئادەم مەڭگۈ قۇل بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ(گىيوتې).

23. ئىستىقبال پارلاق تۇرسا، ئازراق توسالغۇلارنى دەپلا نېمە ئۈچۈن توختاپ قالىدىكەنمىز(لۇشۈن)؟

24. يول دېگەن نېمە؟ زېمىندا ئەسلىي يول يوق ئىدى، كىشىلەر مېڭىۋېرىپ يول پەيدا بولغان(لۇشۈن).

25. قارىغاينىڭ جاسارىتى قاتتىق سوغۇقتا بىلىنىدۇ(كوڭزى).

26. ھارماي ـ تالماي كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار ھامان نەتىجىسىز قالمايدۇ(ئىنگېلس).

27. ئوڭۇشسىزلىق ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولى(بايرون).

28. ئادەم قالتىس ئىشلارنى كۆپ ھاللاردا ئوڭۇشسىز شارائىتتا ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ئىدىيە جەھەتتىكى بېسىم، ھەتتا جىسمانىي جەھەتتىكى ئازابمۇ مەنىۋى ئىلھاملاندۇرغۇچى بولالايدۇ(بېيخرېچ).

29. مەن شۇنىڭغا ئىقراركى، تەلەي باتۇر كىشىلەرگە بېغىشقا ئامراق(دارۋىن).

30. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز قىيىن، ئەمما ئۇنىڭ نېمە كارايىتى بولسۇن؟ بىزدە قەتئىي نىيەت، بولۇپمۇ ئىشەنچ بولۇش زۆرۈر! شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، بىز ئاز ـ تولا بولسىمۇ بىرەر ئىش قىلىشقا يارالغانمىز، شۇڭا قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر بۇ ئىشنى جەزمەن قىلىشىمىز كېرەك(كيۇرى خانىم).

31. دۈشمەننى سەل چاغلىغان ئادەم ئاسانلا يېڭىلىپ قالىدۇ(لۇشۈن).

32. قەيسەر ئىرادە دۇنيادىكى ھەرقانداق ئېگىز چوققىنىمۇ بويسۇندۇرالايدۇ(دېككىنس).

33. سەنئەت يولىنى تىكەن قاپلاپ كەتكەن بولىدۇ، بۇمۇ ياخشى ئىش، ئادەتتىكى كىشىلەر بۇ يولغا قاراپ قويۇپلا يانىدۇ، قەتئىي ئىرادىلىك كىشىلەرلا بۇنىڭ سىرتىدا(گىيوگو).

34. دۇنيادىكى ئىشلار مەڭگۈ مۇتلەق بولمايدۇ، نەتىجىسى ئادەمگە بېقىپ ھەر خىل بولىدۇ. جاپا ـ مۇشەققەت تالانت ئىگىلىرى ئۈچۈن پەلەمپەي، قاۋۇللار ئۈچۈن دۆلەت، ئاجىزلار ئۈچۈن تېگى يوق ھاڭدۇر(بالزاك).

35. بالا ـ قازا كۆپ ھاللاردا كىشىگە بىلىم بېرىدۇ(ئېزوپ).

36. مېنىڭ ئەڭ مۇھىم كەشپىياتلىرىم مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئالغاندىن كېيىنلا ئەمەلگە ئاشقان(داۋىد).

37. ئادەمنىڭ تالانتى ئۇچقۇنغا ئوخشايدۇ، ئۇچقۇن ئۆچۈپ قېلىشىمۇ، ئوت ئېلىشىمۇ مۇمكىن، ئۇنى ئوتقا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئەمگەك، يەنە ئەمگەك(گوركىي).

38. دانىشمەنلەر ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ كانى. ئۇلاردىن ھەربىر كىشى ھايات ئۈچۈن پايدىلىق نۇرغۇن پىكىرلەرنى تېپىشى مۇمكىن (فېوكرىت).

39. نەدىمۇ تۇغما تالانت دېگەن نەرسە بولسۇن؟ مەن باشقىلار قەھۋە ئىچىدىغان ۋاقىتنىمۇ ئىشلەيمەن(لۇشۈن).

40. تالانتنىڭ بىر پىرسەنتى چېچەنلىك، 99% ى تەردۇر(ئېدىسون).

41. مەندە مەسىلىنى تېگى - تەكتىگىچە سۈرۈشتۈرۈشتىن باشقا ئىقتىدار يوق (ئېينىشتېين).

42. ئىنسان تەپەككۇرى دېگەن قالتىس بولىدۇ، ئادەم بىرەر ئىشقا كۆڭۈل بېرىدىغان بولسا، چوقۇم ئۆزىمۇ ھەيران قالغۇدەك نەتىجە يارىتالايدۇ(مارك تۋېن).

43. ئىلھام ھورۇنلارنى يوقلاشنى خالىمايدىغان مېھماندۇر(چېرنىشېۋسكى).

44. قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىش+توغرا ئۇسۇل+جاپالىق ئەمگەك = مۇۋەپپەقىيەت (ئېينىشتېين).

45. ئادەم ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلگەنسېرى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان ۋاقتىغا شۇنچە ئېچىنىدۇ(دانتې).

46. ھاياتنى سۆيەمسىز؟ سۆيسىڭىز ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماڭ. چۈنكى ۋاقىت ھاياتنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىلدۇر(فىرانكلىن).

47. بۈگۈن ھاياتتۇر، بۈگۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر، بۈگۈن ھەرىكەتتۇر، بۈگۈن ئىجادىيەتتۇر(لى داجاۋ).

48. ۋاقىتنى تاشلىۋەتكەن ئادەمنى ۋاقىتمۇ تاشلىۋېتىدۇ(شېكىسپېر).

49. ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش ئۆزىنى ئاستا - ئاستا ئۆلتۈرۈۋالغان بىلەن باراۋەر(لۇشۈن).

50. ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويغانغا يېتىدىغان بەختسىزلىك يوق(تۇرگېنېۋ).

51. ھەر خىل ئەخمىقانە قىلىقلار ياخشى كىتابلارنى كۆندە ئوقۇشنىڭ تەسىرى بىلەن گويا ئوتقا قاقلانغان مۇزدەك بارا - بارا ئېرىپ تۈگەيدۇ(گېيوگو).

52. ئادەم كىتابنى قانچە كۆپ ئوقۇسا، روھىي جەھەتتىن شۇنچە ساغلام ۋە باتۇر بولىدۇ(گوركىي).

53. كىتابنى سۆيۈڭ. ئۇ تۇرمۇشىڭىزنى ئازادىلەشتۈرىدۇ، ئاجايىپ مۇرەككەپ ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە ۋەقەلەرنى چۈشىنىشىڭىزگە دوستانە ياردەم بېرىدۇ. باشقىلارنى ۋە ئۆزىڭىزنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىتىدۇ، دۇنيانى، ئىنسانىيەتنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن ئەقىل - پاراسىتىڭىزگە ۋە قەلبىڭىزگە ئىلھام بېرىدۇ(گوركىي).

54. كىتاب شوتىغا ئوخشايدۇ، مەن ھەربىر بالداق ئۆرلىگىنىمدە، ھايۋاندىن ئىنسان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىمەن، گۈزەل تۇرمۇش نۇقتىسىنەزەرىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىمەن(گوركىي).

55. ياخشى كىتابتىن بىرنى ئوقۇسىڭىز، نۇرغۇن ئالىيجاناب ئادەملەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندەك بولىسىز(گېيوتې).

56. ئۆمرىڭىزنى مەنىسىز ئۆتكۈزۈشنى خالىمىسىڭىز، ئۆمۈر بويى ئۆگىنىڭ(گوركىي).

57. قاچانلا ئۆگەنسىڭىز، مەڭگۈ كېچىككەن بولمايسىز(گوركىي).

58. ئۆگىنىشتە ئۆگىتىدىغان ئادەمنىڭ بولۇش - بولماسلىقى مۇھىم ئەمەس، ئاڭلىقلىق ۋە ئىرادىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ھەممىدىن مۇھىم(فابۇر).

59. ياغىدەك گەپ قىلىش، ياغىدەك ۋەدىلەرنى بېرىش ئاسان، باشقا كۈن چۈشكەندىلا، دوستنىڭ چىن قەلبىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ(كرېلوف).

60. دوستۇڭ ئۈمىدىنى ئۈزگەن چاغدا، قۇرۇق گەپ قىلماي، قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ياردەم بېرىشىڭ لازىم(ئىزوپ).

61. سىزنىڭ دائىم گۇمانلىنىپ يۈرىدىغان دوستىڭىز خەتەرلىك پەيتلەردە قۇتۇلدۇرغۇچى بولۇپ قېلىشى، ئىشەنچلىك دوستىڭىز ساتقىن چىقىپ قېلىشى مۇمكىن (ئىزوپ).

62. ۋاپاسىز ئادەم قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ياردەمسىز قالىدۇ(ئىزوپ).

63. ئۆچمەس نام ئەخلاق بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ(پېتراك).

64. مەن دەرۋەقە دائىم باشقىلارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ تۇرىمەن، ھالبۇكى ئۆزۈمنى تېخىمۇ كۆپ ئوپېراتسىيە قىلىپ تۇرىمەن(لۇشۈن).

65. ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۆزىنى بىلىشتە(زۇتاۋفېن).

66. مەيلى ئادەم بار چاغدا بولسۇن ياكى يالغۇز قالغان ۋاقتىڭدا بولسۇن، ئازراقمۇ يامان

ئىش قىلما، ئۆز ئىززىتىنى بىلىش ھەممىدىن مۇھىم(پىفاگور).

67. ھەرقانداق بىر تۈزىتىشنىڭ ئۆزى ئالغا ئىلگىرىلەشتۇر(دارۋىن).

68. توغرا نەتىجە نۇرغۇن خاتالىقلاردىن چىقىدۇ، نۇرغۇن خاتالىقلار پەلەمپەي بولۇپ بەرمىسە، ئاخىرقى توغرا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ(چيەن شۆسېن).

69. غەزەپ ھاماقەتلىكتىن باشلىنىپ، پۇشايمان بىلەن ئاخىرلىشىدۇ(پىفاگور).

70. دۇنيادا ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە نەرسە جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرمەي تۇرۇپ قولغا كەلمەيدۇ(ئېدىسون).

71. مەن كالىغا ئوخشايمەن، يەيدىغىنىم چۆپ بولسىمۇ، سۈت ۋە قان بېرىمەن (لۇشۈن).

72. كىشىنىڭ ياردىمىنى مەڭگۈ ئۇنتۇما، باشقىلارغا بەرگەن ياردىمىڭنى ئەستە ساقلىما (خۇا لوگېن).

73. قانائەتلەنمەسلىك يۇقىرىغا ئۆرلەشنىڭ چاقىدۇر(لۇشۈن).

74. بىزنىڭ تازا كەمتەر ۋاقتىمىز ئۇلۇغلۇققا ئەڭ يېقىنلاشقان ۋاقتىمىزدۇر(تاگۇر).

75. گۈزەل نەرسە تۇرمۇشتۇر(چېرنىشۋىسكى).

76. شياۋلىڭ دىڭ داڭ ھېكمەتلىرى: ★باشقىلارنىڭ ھۆكۈمىگىلا ئىشەنگەن ئادەم ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. ★بىر ئادەمنىڭ مەغلۇبىيىتى ئاۋۋال ئۆزىگە يېڭىلىپ قالغانلىقتىن بولىدۇ. ★ئەتىرگۈلدىن گۈلچەمبىرەك ياسىيمەن دېسىڭىز، ئۇنىڭ تىكەنلىرىدىن قورقماسلىقىڭىز كېرەك. ★خىيال قىلىشقا جۈرئەت قىلىش يېرىم غەلىبە دېمەكتۇر. ★ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ. ★ئۆز ئىشىدىن خۇشاللىق تاپالىغان كىشىلا، مۆجىزە يارىتالايدۇ. ★پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىش غەلىبە

دېمەكتۇر. ★ئاۋۋال سەۋەبنى ئۆزىڭىزدىن ئىزدەڭ. بارلىق باھانە - سەۋەبلەرنى قايرىۋەتكەندىلا، ئىشلىرىڭىزدا ئۇتۇق قازىنالايسىز. ★ھەرقانداق ئىشقا بەل باغلىغاندا، ۋۇجۇدىڭىز بىلەن قەلبىڭىز بىر گەۋدىگە ئايلانسۇن، شۇندىلا غەلىبە دەرۋازىسى سىزگە قۇچاق ئاچىدۇ. ★ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزنى «تىرىشچانلىق» قازىنىغا سېلىڭ، ئاندىن ئۇنى «ئىرادە» ئوتىدا ئاستا - ئاستا تاۋلاڭ. ★بېسىم خۇشامەتچى شەيتانغىلا ئوخشايدۇ. سىز ئۇنىڭدىن قانچە قورققانسېرى، ئۇ سىزنى شۇنچە بوزەك قىلىدۇ. قانچە بوزەك كەلمىگەنسېرى سىزگە شۇنچە ياخشچاق بولۇپ، پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. ★كۆڭ بويى تىرىشىپ - ئىرمىشىپ راھەت - پاراغەتتىن نېرى ياشاۋاتقان كىشىلەرلا ئاخىرقى ھېسابتا ھەقىقىي خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ. ★مەغلۇبىيەت كۆرۈنمەس تورغا ئوخشايدۇ. قايتا سىناپ بېقىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەر بۇ تورغا ئىلىنىپ قالسا، ھەرگىز چىقالمايدۇ. ★كىشىلەر دائىم چارچاش، قىيىنچىلىق، مەغلۇبىيەت، ئىككىلىنىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئارمانلىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

77. بېل. گەيتس ھېكمەتلىرى: ★پەقەت قىيىنچىلىق بارلىقنى بىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلىگەن، ئەڭ بېشىدا تۇرۇپ جاپا چېكىشكە جۈرئەت قىلالايدىغانلار ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان پۇرسەتكە ئىگە بولالايدۇ. ★تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىق ھاياتلىقتا ساقلىنىشقا بولمايدىغان ئىش، بۇ ئوڭۇشسىزلىقلار ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ، ۋاقىت ئازابلىق ھېسسىياتنى يۇيۇپ تاشلايدۇ. ★ئەگەر تۇرمۇشتىكى كىشى قوغلىشىۋاتقان، ئارزۇلاۋاتقان ئۈمىد يوقالسا، ئۇنداقتا كىشىنىڭ كۈرەش قىلىشىغا، كېچە - كۈندۈزلەپ ئىشلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ھەمدە غايە ئۈچۈن ياشايدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ يوقايدۇ. ★ھاياتلىقتىكى ھەقىقىي بەخت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشكەن ئۇتۇقنىڭ خۇشاللىقىدۇر. ★دۇنيادا ھېچقانداق ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ئادەملەر بەك كۆپ، سەۋەبى ئۇلار ناھايىتى ئوڭايلا رازى بولىدۇ. ★ناۋادا سىز دائىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىز ھەققىدە سۆزلەۋەرسىڭىز، باشقىلار سىزدىن بىزار بولۇشى مۇمكىن. ★ئاغرىنىش تەقدىرنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، پەقەت ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلىدۇ. ★ئەگەر بىر ئۆمۈر تىنچلىق قوغلىشىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ قويۇۋېتىپ يېڭى نىشان ھەققىدە ئىزدەنمىگەندە، ھاياتلىق ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ، ئاۋۋال جەڭگە كىرىش كېرەك، شۇندىلا نەتىجىنى بىلگىلى بولىدۇ. ★قىلماقچى بولغاننى دەرھال قىلىڭ. ★بىزنىڭ بىردىنبىر ئىدارە قىلالايدىغىنىمىز مېڭىمىز، ئەگەر بىز ئۇنى باشقۇرالمىساق، باشقا كۈچلەر ئۇنى ئىدارە قىلىدۇ. ★يۆلىنىۋېلىش ئادىتى ئالغا ئىلگىرىلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان تاش، چوقۇم ئۇنى تېپىۋېتىشىمىز كېرەك. ★نۇرغۇن ئادەملەر باشقىلارغا ياردەم قىلىشنىڭ ماھىيەتتە ئۆزىگە ياردەم قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بىر ئادەم باشقىلارغا ياردەم بېرىۋاتقاندا، باشقىلار بۇ ياردەمنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلايدۇ، پۇرسەت بولسىلا ياخشىلىقنىڭ جاۋابىنى قايتۇرسام دەپ ئويلايدۇ.

78. بىلىمنى بۈيۈك، ئەقىل - ئىدراكنى ئۇلۇغ دەپ بىل، بۇ ئىككى نەرسە ئىنساننىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ(يۈسۈپ خاس ھاجىپ).

79. ئىلىم ئېلىشنى كەسىپ قىل، بولمىسا دۇنيانىڭ قىيىن ئىشلىرىنى ھەل قىلغىلى

بولمايدۇ(ئەلىشىر نەۋايى).

81. ئەقىل - ئىدراك قەيەردە بولسا، ئۇلۇغلۇق شۇ يەردە بولۇر، كىمدە بىلىم بولسا، شۇ بۈيۈكلۈك تاپۇر(يۈسۈپ خاس ھاجىپ).

81. بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر(ئەھمەد يۈكنەكى).

82. بىلىملىك ئادەمدىن قالغان مىراس بىلىمسىز ئادەمدىن قالغان مال - دۇنيادىن كۆپ قىممەتلىك(دېمۇكرىت).

83. بىلىمنى بېسىپ چۈشىدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق، بىلىم بىلەن قوراللانغان كىشى يېڭىلمەستۇر(گوركىي).

84. بىلىملا كۈچ - قۇدرەت بولالايدۇ، بىلىملا ئادەمنى باشقىلارغا چىن قەلبىدىن كۆيۈنىدىغان، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۇلۇغ ئەمگەكنىڭ شېرىن مېۋىسىدىن ھەقىقىي لەززەت ئالىدىغان قىلالايدۇ، بىلىملا بىزنى قەتئىي ئىرادىلىك، سەممىي، ئىدراكلىق كىشىلەرگە ئايلاندۇرالايدۇ(گوركىي).

85. بىلىم — يورۇقلۇق، بىلىمسىزلىك — قاراڭغۇلۇقتۇر(تورگىنىف).

86. بىلىمدە بىر قەدەم ئالغا باسساڭ، ھەقىقەتكە يەنە بىر قەدەم يېقىنلىشىسەن (تولستوي).

87. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق يەتمەكچى بولغان غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش(سوقرات).

88. غايە ئالەمدىكى بەختسىزلەرگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ(گوركىي).

89. مەن ئەزەلدىن راھەت - پاراغەتنى تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى قىلمىدىم، بۇ خىل غايىنى مەن چوشقىنىڭ غايىسى قىلىمەن(ئېينىشتېين).

90. ھېچقانداق غايىنىڭ بولماسلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لىڭتاسىملىق قىلىش ئېچىنىشلىق روھىي ھالەتتۇر(بىكون).

91. ئادەمنىڭ تىرىشىش نىشانى قانچە يۇقىرى بولغانسېرى ئۇنىڭ قابىلىيىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، ئۇ جەمئىيەتكە شۇنچە كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ(گوركىي).

92. ھازىرقى ياشلار ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى «گەپ» ئەمەس، ھەرىكەت(لۇشۈن).

93. ھەقىقىي گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەرقانداقىغا كۈرەش قىلىش ۋە قۇربان بېرىش بەدىلىگە كېلىدۇ(چېرنىشېۋسكى).

94. قىيىنچىلىقنىڭ بولۇشى يامان ئىش، شۇنداقلا ياخشى ئىش، قىيىنچىلىق ئادەمنى چارە ئىزدەشكە مەجبۇرلايدۇ، قىيىن شارائىت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ(شۇ تېلى).

95. ئوڭۇشسىزلىق — ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ يولى(بايرون).

96. ئوڭۇشسىزلىقتا ۋە جاپا - مۇشەققەتكە دۇچ كەلگەندىمۇ ئېگىلمەي - سۇنماي ئىلگىرىلەش — مەشھۇر ئەربابلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدۇر(بىتخوۋېن).

97. مېنىڭچە، ئادەمدە خېيىم - خەتەرگە قارىماي ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بولغاندىلا، ھەرقانداق توسالغۇلارنى يەڭگىلى، ھەرقانداق مۆجىزىنى ياراتقىلى بولىدۇ(گوركىي).

98. شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، شارائىت مۇشەققەتلىك، قىيىن بولغانسېرى،

جاسارەت ۋە ئىشەنچنى شۇنچە قەتئىيلەشتۈرۈپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بوشاڭلىقنىڭ زىيىنىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ(گوركىي).

99. مەغلۇبىيەتمۇ ماڭا زۆرۈر، ئۇمۇ مەن ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتكە ئوخشاش قىممەتلىك، خاتا چارىلەرنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىلا، ئاندىن بىرەر ئىشنىڭ ياخشى چارىسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ(ئېدىسون).

100. ئادەم ئالىيجاناب مەقسەت ئۈچۈن توختىماي ئىشلىشى كېرەك. ھەرىكەت ھەرقانچە ئاستا بولسىمۇ، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش كېرەك(ئېينىشتېين).

101. بىر ئادەم كۈچلۈك ۋە قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن ئىزدەنسىلا، ئاندىن كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. (سېتىندال)

102. ئۆزىڭىز توغرا دەپ تاللىۋالغان تۇرمۇش يولىڭىزدا چوڭ قەدەم تاشلاپ باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەڭكى، ھەرگىزمۇ كەينىڭىزگە نەزەر سالماڭ(زولا).

103. جاپا ـ مۇشەققەت ھاياتنىكى ئۇستازدۇر، جاپا ـ مۇشەققەت ئارقىلىق شاد ـ خۇراملىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ(فېتوفى).

104. ئۈمىد — بەختسىزلەرنىڭ ئىككىنچى جېنىدۇر(گېنى).

105. تۇرمۇشتا ئۆزۈڭنىڭ غالىب ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىشىڭ كېرەك(گىيوگو).

106. تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن زارلانما، زارلىنىش ئاجىزلارغا خاس(گوركىي).

107. بىكارچىلىققا ئادەتلىنىش ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر كۈلپەتتۇر(تولستوي).

108. روھسىزلىقتىن ئۈمىدسىزلىك تۇغۇلىدۇ، ئۈمىدسىزلىكتىن ئىككىلىنىش تۇغۇلىدۇ، ئىككىلىنىشتىن مەغلۇبىيەت تۇغۇلىدۇ(بىكون).

109. ھاياتنى دائىم ئۆزۈڭ ئىگە بولالمىغان بىرەر نەرسىگە شەيدا بولۇپ ئۆتكۈزۈشۈڭ كېرەك، ئىنسان يۈكسەكلىككە تەلپۈنگەنسېرى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ(گوركىي).

110. ئىرادىلىك ئادەملەرلا چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدۇ، ھەممە ئىشقا بىپەرۋا قارايدىغان بوشاڭ ئادەملەر ھېچقانداق ئىشتا غەلىبە قازىنالمايدۇ(سۇنزى).

111. ئەڭ زور نامراتلىق — ئىقتىدارسىزلىق، ئەڭ زور پەسكەشلىك ـ ئىرادىسىزلىك (فىلوبىر).

112. تالانت ئىگىلىرى توسالغۇلاردىن خالىي بولالمايدۇ، چۈنكى توسالغۇلار تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ(رومىن روللان).

113. مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېسىڭىز، قەتئىي ئىرادىنى دوست تۇتۇڭ، تەجرىبىدىن مەسلىھەت سوراڭ، ئېھتىيات — قېرىندىشىڭىز، ئۈمىد — قاراۋۇلىڭىز بولسۇن(ئېدىسون).

114. ئۆزىدىن قانائەتلەنمەسلىك — ھەقىقىي تالانت ئىگىلىرىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى (چېخوف).

115. بەختلىك بولۇش ئۈچۈن بەختلىك بولۇش مۇمكىنچىلىكىگە ئىشىنىش كېرەك (تولستوي).

116. باشقىلارنىڭ بەختىنى ئويلاش بىلەن ئۆز بەختىمىزنىمۇ تاپىمىز(پىلاتون).

117. ئادەم ياشاشقا توسقۇنلۇق قىلغۇچىلارغا قارشى كۈرەش قىلغاندىلا، ئۇنىڭ ھاياتى يەنىمۇ مۇكەممەل ۋە جۇشقۇن بولىدۇ.

118. ئۆز يېتىشمەسلىكىڭنى چۈشىنىشىڭ كامالەتكە يېتەكلەيدۇ(گىيوتى).

119. ئىنسان بولۇش — كۈرەشچى بولۇش(گىيوتى).

120. ئۆز ئائىلىسى ئۈچۈنلا ياشاش ھايۋانغا خاس شەخسىيەتچىلىك؛ بىرەر كىشى ئۈچۈنلا ياشاش پەسكەشلىك؛ ئۆزى ئۈچۈنلا ياشاش نومۇسسىزلىق(ئوستروۋسكى).

121. تۇرمۇش يېڭى بىلىملەرگە ئىنتىلىش دېمەكتۇر(مىندىلىق).

122. ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ ئېرىشكىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى بەخش ئەتكىنى بىلەن ئۆلچىنىشى كېرەك(ئېينىشتېين).

123. ئۆزىدىن قانائەتلىنىش، تەكەببۇرلۇق ھەم يېنىكلىك — كىشىلىك ھاياتتىكى ئۈچ چوڭ يوشۇرۇن خادا تاشتۇر(بالزاك).

124. ئۈمىد — چىدامچانلىقنىڭ ھاسىسى، سەۋر - تاقەت — ساياھەت سومكىسى، بۇلارنى بىللە ئېلىپ ماڭغانلار دۇنيانى ئايلىنىپ چىقالايدۇ(روسسو).

125. كۆڭۈلنىڭ ئەڭ زور ھۇزۇر-ھالاۋىتى، ئەڭ يۈكسەك خۇشاللىقى ئۆزۈڭنى ئادەملەرگە كېرەكلىك ۋە يېقىن دەپ ھېس قىلىشىڭدۇر(گوركىي).

126. سىز بەختلىك بولۇشنى خالامسىز؟ ئۇنداق بولسا، ئالدى بىلەن جاپا - مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇڭ(تورگىنىق).

127. ئەڭ قورقۇنچلۇق دۈشمەن كۈچلۈك ئىشەنچنىڭ بولماسلىقىدۇر(رومىن روللان).

128. مېنىڭ باشقىلاردىن كۆپرەك بىلىشىم، ئۆزۈمنىڭ بىلىمسىزلىكىنى بىلىشتىن ئىبارەت، خالاس(سوقرات).

129. جاسارەت بولسىلا، بەختسىزلىكنى كۆكۈم - تالقان قىلغىلى بولىدۇ(سېرۋانتېس).

130. كىتاب يوق ئۆي خۇددى روھسىز تەنگە ئوخشايدۇ(سېترو).

131. دۇنيا پىكىر يۈرگۈزگۈچىلەر ئۈچۈن كومېدىيە، ھېس قىلغۇچىلار ئۈچۈن تىراگېدىيە(خوپۇر).

132. قانائەت قىلماسلىق ئالغا ئىنتىلىشنىڭ چاقى، ئۇ قانائەت قىلمىغان ئىنساننى ھاياتلىق يولىدا ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ(لۇشۈن).

133. پەقەت ھەر كۈنى كۈرەش قىلىدىغان ئادەملا ئەركىنلىك ۋە ھاياتتىن ھۇزۇرلىنالايدۇ(گىيوتى).

134. ئىنساننىڭ بۇرچى ئۆز - ئۆزىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق گۈزەللىكنى ئىزدەش (تولستوي).

135. بىر ئادەمدە ئۆزىنى قۇربان قىلىش قىزغىنلىقى بولمىسا، ئۇ مەڭگۈ بىرەر ئۇلۇغ ئىش قىلالمايدۇ(چېرنىشۋىسكى).

136. سەن بىلەن بىللە كۈلگەن ئادەمنى ئۇنتۇپ كەتسەڭ بولىدۇ، ئەمما سەن بىلەن بىرگە يىغلىغان ئادەمنى مەڭگۈ ئۇنتۇما(جىبران).

137. كىمكى چوڭ بەختسىزلىك پەيتلىرىدە، ۋەتەنگە جان پىدا قىلىشتىن باشقا خىياللارغا بېرىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئازاد دۆلەتتە ياشاش لاياقىتى يوق(كىلىنگېر).

138. دۇنيادا قۇربان بەرمەي، جان ئاغرىتماي، مۇشەققەتسىز ياشىغىلى بولمايدۇ. ھايات تامامەن گۈلگە پۈركەنگەن بوستانلىق ئەمەس(گونچاروۋ).

139. ئۆز كۈچىگە ئىشىنىش ۋە باشقىلار ئۈچۈن ياشاش ئىلىكى قۇدرەتلىك كۈچ(دزېرژىنسكىي).

140. ياشاش ھەرىكەت قىلىش دېمەكتۇر(فرانس).

141. ياشاش ئۈزۈكسىز ئالغا تەلپۈنۈش دېمەكتۇر(جونسون).

142. ياشاش ئۆزۈڭنى كۆرەش، ئىزدىنىش ۋە خەۋپ-خەتەر يانغىنىدا كۆيدۈرگىنىڭدۇر(ۋېرخارن).

143. ئادەم ئىككى قېتىم ياشىمايدۇ، لېكىن بىر قېتىم ياشاشنىمۇ بىلمەيدىغانلار كۆپ(ريوككېرت).

144. بەزى ئادەملەر يۈز ياشتا قەبرىگە كىرىدۇ-يۇ، ئەسلىدە بولسا تۇغۇلۇپلا ئۆلگەن بولىدۇ(روسسو).

145. ئەڭ يېرگىنىشلىكى دۇنيادا نەتىجىسىز ياشاشتۇر(كارامزىن).

146. ياشاش — دائىم كۆرەش قىلىش ۋە دائىم غەلىبە قازىنىش دېگەن سۆز(پىسارېۋ).

147. ئىنساننىڭ تەبىئىتىنىڭ ماھىيىتى — ھەرىكەتتە. قىمىرلىماسلىق — ئۆلۈم دېمەكتۇر(پاسكال).

148. كۆرەشنىڭ توختاپ قېلىشى — ھاياتنىڭ باش پاجىئەسى(ئوستروۋسكىي).

149. جاسارەت كۆرسىتىشنى سۆيگەن ئادەم ھەرقاچان ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ ۋە قەيەردە جاسارەت كۆرسىتىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلىدۇ. ئەگەر بىلسەڭ، ھاياتتا جاسارەت كۆرسىتىشكە ھەمىشە ئورۇن بار(گوركىي).

150. ھاياتتا ئۆز ئورنىڭنى تېپىش ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلمىغان بولساڭ، ياشاش ئاجايىپ قىيىنغا چۈشىدۇ(ۋېنېۋېتنوۋ).

151. ئىنساننىڭ بېشىغا چۈشۈشى مۇمكىن بولغان ئەڭ ئېغىر يوقىتىش ۋاقىتنى قولدىن بېرىشتۇر(تېئوفراست).

152. سائەتنىڭ ھەربىر مىنۇتىنىمۇ قەدىرلە(فرانكلىن).

153. ئادەم تەبىئىي قىزىق يارىتىلغان، بايلىقنى يوقاتسا خاپا بولىدۇ، ئەمما ئۆمرىنىڭ زايا بولۇۋاتقىنىغا پەرۋا قىلمايدۇ(ئابول فاراژ).

154. ۋاقىتنى بىكار كېتىۋاتقاندا تىت-تىت بولىدىغان ئادەم ئەڭ دانا ئادەمدۇر(دانتى).

155. ۋاقىتنىڭ قەدىر-قىممىتىگە يەتمىگەن ئادەمگە شان-شەرەپ نېسىپ بولمايدۇ(ۋوۋېنارگ).

156. ۋاقىتنى قولدىن بېرىش ئۆز-ئۆزىنى قەتلى قىلىش بىلەن باراۋەر(پېيك).

157. ۋاقىتنى ئاقىلانىلىك بىلەن پايدىلىنىش قىممەتنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ(روسسو).

158. ئىلاجىنىڭ بارىچە كۆپرەك ئادەملەرگە بەخت ھەدىيە قىلغان كىشى ئەڭ بەختىيار كىشىدۇر(دىدرو).

159. ھاياتتا بىرلا ھەقىقىي بەخت بار، ئۇ بولسىمۇ باشقىلار ئۈچۈن ياشاشتۇر (تولستوي).

160. بەختلىك بولۇش ئۆچۈن دائىم شۇ بەختكە ئىنتىلىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش كېرەك. بەخت ۋەزىيەتكە ئەمەس، ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق(تولستوي).

161. بوشاڭ ئادەملەرگە بەختنىڭ نېنى تەگمەيدۇ(ساپاكىل).

162. ئىزدىگەن ئاجايىپ نەرسىمىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرغانلىقىنى دائىم كېچىكىپ ھېس قىلىمىز(بىلوك).

163. خۇشاللىق ۋە ئۈمىدكە مايىللىق ھەقىقىي بەختتۇر، خۇدۇكسىرەش ۋە روھىي چۈشكۈنلۈككە بېرىلىش — ھەقىقىي بەختسىزلىكتۇر(د. يوم).

164. بەخت — تاقەتسىز كىشىلەرگە كۆپلىگەن نەرسىلەرنى پۇلغا بېرىدۇ، ئەمما سەۋرلىكلەرگە بىكارغا بېرىدۇ(بېكون).

165. ئىنساننى ھەقىقىي بەختىيار قىلالايدىغان ئىككى نەرسە بار: ئۇ ئادەملەرگە نەپ بېرىش ۋە ساپ ۋىجدانلىق بولۇش(تولستوي).

166. مەن باشقا تەشۋىش چۈشكەندە تەبەسسۇم قىلىدىغان، قايغۇنى يېڭىش جەريانىدا كۈچ ئالىدىغان ۋە تەپەككۇرنى مەردلىكنىڭ مەنبەسى دەپ بىلىدىغانلارنى قەدىرلەيمەن(ت. پېين).

167. قايغۇ يېڭىلىۋاتقان ئادەمنى كۆرسە تېخىمۇ كۈچىيدۇ(شېكىسپېر).

168. بەختسىزلىك پەقەت كۈرەش بىلەن مەغلۇپ بولىدۇ(ئا. شېنىي).

169. ھەرقانداق تۇماندىمۇ يول تېپىپ يۈرۈشكە بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى دادىللىق بىلەن ئالغا بېسىشتۇر(روللان).

170. ئۈمىد ھېچقاچان ئادەم تويمايدىغان بايلىقتۇر(ل. ۋاۋېنارگ).

171. ئادەملەر ئۈچۈن ھەقىقىي خەزىنە — ئەمگەك قىلىشنى بىلىشتۇر(ئىزوپ).

172. ئەڭ قىيىنى ئۆزۈڭنى بىلىشىڭدۇر(فالېس).

173. ئىككىلىنىش كۈچنى يوقىتىش دېمەكتۇر(بالزاك).

174. ئەتە نېمە ئىش قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم بەختسىزدۇر(گوركىي).

175. ئەتىگەن ئورنىڭدىن تۇرۇپ ئۆزۈڭدىن: «نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك؟»، كەچقۇرۇن يېتىشتىن بۇرۇن: «نېمە ئىش قىلدىم؟» دەپ سورا(پىفاگور).

176. يېرىم يولدا ئىشنى چالا تاشلاپ، «بۇنىڭدىن نېمە چىقىدىكىن» دەپ بىر چەتتە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان ئادەم تەنتەك ئادەمدۇر(شىللېر).

177. مۇۋەپپەقىيەتنى ئادەم ئىگە بولغان مەۋقە بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇ مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈۋېتىپ، قانداق توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ چىققىنى بىلەن ئۆلچەش كېرەك(ۋاشىنگتون).

178. سەۋر ئاچچىق، لېكىن مېۋىسى تاتلىق(روسسو).

179. دۇنيادا ئۆزى ئۈچۈن مۇناسىپ ئىش تاپالمىغان ئادەم ئەڭ بەختسىز ئادەمدۇر(ت. كارلېيل).

180. ئەمگەك بىلەن جۇلالىنىپ تۇرمىغان كۈچ سۇسلىشىدۇ(پىسارېۋ).

181. ئىرادە يوق يەردە يولمۇ يوق(شوئو).

182. ئۆز ئۇستۇڭدىن قازانغان غەلىبەڭ ئەڭ بۈيۈك غەلىبىدۇر(كالدىران).

183. بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تەقدىرنىڭ قالدۇرغان بىرەر يوچۇقى بولىدۇ. كۆزدىن ئايرىغان خۇدايىم ھاسىدىن ئايرىماپتۇ(سېرۋانتىس).

184. مۇۋەپپەقىيەت دائىم ئىرادىسى مۇستەھكەم كىشىلەرگە ھەمراھ بولىدۇ، مەغلۇبىيەت بولسا دائىم توخۇ يۈرەك كىشىلەرنىڭ دېرىزىسىنى چېكىدۇ(ماكارېنكو).

185. قەيەردە ئىرادە بولمايدىكەن، شۇ يەردە ھالاكەت بولماي قالمايدۇ(نېتزى).

186. «بۈگۈن بىرەر نەرسە ئۆگەندىمۇ - يوق؟» دېگەن سوئالنى ئۆزۈڭگە قويماي تۇرۇپ، ئۇخلاش ئۈچۈن ياتما(لېختېنبېرگ).

187. بۈشۈكتىن تا قەبرىگىچە ئىلىم ئىزدە(ئەرەب).

188. كىشىلەر ھامان كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالنى شارائىتتىن كۆرىدۇ، مەن شارائىتقا ئىشەنمەيمەن. بۇ دۇنيادا باش كۆتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى كۈرەش قىلغانلار(بېرناد شاۋ).

189. ئەترابىمدا ئۆزلىرىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەي، ئەڭ بىمەنە ئىش ۋە ئويۇن - كۈلكىلەرنى ئويلاپ تېپىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرىدىكەنمەن، قولۇمغا كىتاب ئالىمەن - دە، ئۆز - ئۆزۈمگە: «يالغۇز مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۆمۈر بويى كۇپايىغۇ» دەيمەن (دوستويېۋسكى).

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن تاللانما

## ئا

ئابرۇي ئەقىلدىن كېلەر، ئېغىزدىن كېتەر.
ئاتا - ئانا چۈمۈلىدەك يىغار، بالا توخۇدەك چاچار.
ئاتا - ئاناڭدىن مىراس قالسۇن دېسەڭ، ھۈنىرىڭگە ئىخلاس قىل.
ئاتا - ئاناڭغا چىنىدە بەرسەڭ. پەرزەنتىڭ ساڭا تاغارلاپ بېرەر.
ئاتا - ئاناڭغا نېمە قىلساڭ، بالىلىرىڭدىن شۇنى كۆرىسەن.
ئاتا - ئاناڭنى باقمىساڭ، بالاڭدىن تاما قىلما.
ئاتا - ئاناڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىل، خەلقىڭنىڭ خىزمىتىنى قىل.
ئاتا - ئانا يايرىسا باغ، يۆلەنسە تاغ.
ئاتا بالىسى بولغۇچە، يۇرت بالىسى بول.
ئاتا دۇئاسىدا باغ كۆكلەر، ئانا دۇئاسىدا ئەل كۆكلەر.
ئاتا مېھرى چىراغ، ئانا مېھرى بۇلاق.
ئاتا ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، ئانا ئۆينىڭ يۈرىكى.
ئاتنىڭ زىننىتى ئېگەر، ئەرنىڭ زىننىتى ھۈنەر.
ئاچچىق تەر تۆكسەڭ، تاتلىق تاماق يەيسەن.
ئاچچىق كەلگەندە، ئەقىل قاچار.
ئادەت ئادەمنى باشقۇرماس، ئادەم ئادەتنى باشقۇرار.
ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت، ھالال تېپىپ لازىم ئەت.
ئادەم بولغان ئادەمدە مىڭ كىشىنىڭ ئىشى بار، ئادەم بولمىغان ئادەمدە كىمنىڭ نېمە ئىشى(بار).
ئادەم بولمىساڭ ئەقلىڭ بىلەن، ئەخمەق بولىسەن ساقلىڭ بىلەن.
ئادەم دوستى بىلەن، دەرەخ پوستى بىلەن.
ئادەمدىن ھايا كەتسە، ئورنىغا بالا كېلەر.
ئادەم زىننىتى كىيىم بىلەن، يەر زىننىتى دەرەخ بىلەن، دەرەخ زىننىتى يوپۇرماق بىلەن.
ئادەمنىڭ تەمى سۆز بىلەن، ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن.
ئادەمنىڭ سۆلىتىگە قارىما، ئەمگىكىگە قارا.
ئادەمنىڭ قىممىتى ئۆزىدە، ئۈزۈكنىڭ قىممىتى كۆزىدە.
ئادەمنىڭ كۈنى كۆپ بىلەن، ھايۋاننىڭ كۈنى چۆپ بىلەن.
ئادەمنىڭ ياخشىسى ئەل - يۇرت دەپ ئۆلەر.

ئادەمنى ئۆتكۈر قىلغان ئاڭ، قىلىچنى ئۆتكۈر قىلغان گاڭ.
ئادەم ھاياسى بىلەن، ھايۋان باھاسى بىلەن.
ئاددىي - ساددا ئالقىش ئالار، ھالى يوغان قارغىش ئالار.
ئارقىدا قالغان ئىشىكىغا، قار ياغىدۇ بېشىغا.
ئاز - ئازدىن ئۆگەنسە دانا بولۇر، قەترە - قەترە يىغىلىپ دەريا بولۇر.
ئازاب چەككەننىڭ بىلىدىغىنى كۆپ.
ئاز گەپ ئۈز گەپ، كۆپ گەپ مۈز گەپ.
ئاز يىغساڭمۇ ھالال يىغ.
ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان، توختاپ قالغان يامان.
ئاشقا تەييار، ئىشقا ھەييار.
ئاشلىق بەدەن ئوزۇقى، ئىلىم - پەن ئەقىل ئوزۇقى.
ئاشنىڭ ئالىسى قورساقنى ئاغرىتار، كۆڭۈلنىڭ ئالىسى دىلنى ئاغرىتار.
ئاغزىدا كۈلكە - چاقچاق، قوينىدا پالتا - پىچاق.
ئاغزىدىن ھەسەل تامار، كۆڭلىدىن زەھەر.
ئاغزىڭ قان بىلەن تولسىمۇ، دۈشمەن ئالدىدا تۈكۈرمە.
ئاغىنەڭ ياردەم سورىسا، ئەتىگە قالدۇرما.
ئاقىللاردىن ھېكمەت ياغار، نادانلاردىن تۆھمەت ياغار.
ئاڭلاپ ئىشەنمەي، كۆرۈپ ئىشەن.
ئالەمنى سۇ باسسا، ھۆرۈننى ئۇيقۇ بېسىپتۇ.
ئالتۇن چىقىدۇ يەردىن، بەخت كېلىدۇ تەردىن.
ئالتۇن-كۈمۈش چىققان يەردىن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەل ياخشى.
ئالتۇن يەردە قالماس، يەردە قالسا توپا قونماس.
ئالدىمغا كەلدى دەپ يېمە، ئاغزىمغا كەلدى دەپ دېمە.
ئالقىش ئالغان ئامان، قارغىش ئالغان يامان.
ئالىم بولماق ئاسان، ئادەم بولماق تەس.
ئالىم سۆزلىسە، زالىم جىم بوپتۇ.
ئالىمنىڭ خۇمارى بىلىم، بەگنىڭ خۇمارى چىلىم.
ئانا ئايىغىدا جەننەت بار، ئاتا ئايىغىدا دۆلەت بار.
ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا، بالىنىڭ كۆڭلى تالادا.
ئاھ ئۇرۇپ غەم قىلغۇچە، ئەقىل ئىشلىتىپ پەم قىل.
ئاۋۋال ئىشلە، ئاندىن چىشلە.

## ئە

ئەتلەس كىيسەڭ، بۆز كىيگىنىڭنى ئۇنتۇما.
ئەجىر قىلساڭ تاشقا، ئاغزىڭ تېگەر ئاشقا.

ئەجىر قىلساڭ چۆلگە، پۈركىنىسەن گۈلگە.
ئەجىر قىلساڭ، لوم تۆمۈر يىڭنە بولار.
ئەدەپ-ئەخلاق بازاردا سېتىلماس، ئەدەپسىزگە ھېچ كىشى قېتىلماس.
ئەردىن ئەلگە نەپ، نەپ تەگمىسە كۆتىگە تەپ.
ئەر كۆيگەنگە كۆيمە، ئەل كۆيگەنگە كۆي.
ئەر ئۆزى ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، ئېلى ئۈچۈن ئۆلەر.
ئەر ئۈمىدىنى ئەر ئاقلار. ئەر نامىنى ئەل ساقلار.
ئەر ئېيتماس، ئېيتسا قايتماس.
ئەزمە ئويلانغۇچە، تەۋەككۈلچى مەقسەتكە يېتەر.
ئەسلىڭنى ئۇنتۇدۇڭ، نەسلىڭنى قۇرۇتتۇڭ.
ئەقىل چىرىغىڭنى چاقنىتاي دېسەڭ، بىلىمگە ئاشىق بول.
ئەقىلسىز باشنىڭ جاپاسىنى پۇت تارتىدۇ.
ئەقىلسىزنىڭ پەمى يوق، گەپ - سۆزىنىڭ تەمى يوق.
ئەقىللىك بىلىمگە ئامراق، ئەقىلسىز ئويۇنغا ئامراق.
ئەقىللىك پۇل تاپسا ئايغا مىنەر، ئەقىلسىز پۇل تاپسا لايغا مىنەر.
ئەقىللىك تېپىپ سۆزلەيدۇ، نادان كۆپۈپ سۆزلەيدۇ.
ئەقىللىقنى ئىشدىن بىل، بىلىملىكنى سۆزىدىن بىل.
ئەقىللىك ئويلاپ سۆزلەر، ئەقىلسىز ئويناپ سۆزلەر.
ئەقىللىك ئۆزىنى ئەيىبلەر، ئەقىلسىز ئۆزگىنى ئەيىبلەر.
ئەقىللىك ئۈمىدۋار كېلىدۇ، ھاماقەت خىيالچان كېلىدۇ.
ئەل بار يەردە ئەر خار بولماس.
ئەل بەختىگە كۆيگەندىن ئەل سۆيۈنەر.
ئەل بىر پەرياد چەكسە، سەن مىڭ پەرياد چەك.
ئەلدىن بېشىڭ تارتقىنىڭ، مۇردا بولۇپ قاتقىنىڭ.
ئەل ساڭا غۇنچە تۇتسا، سەن گۈلدەستە تۇت.
ئەل سۆيمىگەن ئەردىن، گىياھ ئۈنمىگەن يەر ياخشى.
ئەل كۆكەرسە، ئەر كۆكىرەر.
ئەل كىرگەن كېچىكتىن يانما.
ئەلگە باقساڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرگىن بېلىڭچە.
ئەلگە بەرسەڭ ئېشىڭنى، ئەل سىلايدۇ بېشىڭنى.
ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن، ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولىسەن.
ئەلگە ئىشلەتمىگەن بىلىم، سۆڭەككە چاپلاشقان يېلىم.
ئەلگە ياخشىلىق قىلغىنىڭ، كۆكتە پەرۋاز قىلغىنىڭ.
ئەل مېھرىنى ئۆتۈنمە، ئوتىدا كۆي، ئۆكۈنمە.
ئەلنى سۆيسەڭ يولۇڭ ئوچۇق، ئەلنى سۆيمىسەڭ كۆتۈڭ ئوچۇق.
ئەلنى سۆيگەن خار بولماس، پەننى سۆيگەن زار بولماس.

ئەلنى سېغىنغان ئايغا باقار، ئەلدىن كەچكەن لايغا پاتار.
ئەمەلدىن كەچ، ئەلدىن كەچمە.
ئەمگەك بىلەن ئەل كۆكىرەر، يامغۇر بىلەن يەر كۆكىرەر.
ئەمگەك بىلەن ھەرىكەت قىلساڭ، ئالتۇن بىلەن بەرىكەت تاپىسەن.
ئەمگەك قىلماي ھالاۋەت يوق، ئىناق بولماي سائادەت يوق.

## ب

باتۇر بىر قېتىم ئۆلەر، قورقۇنچاق مىڭ قېتىم.
باتۇر جېنىدىن كەچسىمۇ ئېلىدىن كەچمەس.
باشقا يۇرتنىڭ سۇلتانلىقىدىن ئۆز ئېلىڭنىڭ گادايلىقى ئەلا.
باشقىنىڭ ئەقلى بىلەن ئاش يېگۈچە ئۆز ئەقلىڭ بىلەن پوق يە.
بايغا يالۋۇرما، ئۆزۈڭگە يالۋۇر، ئىرادە ئالدىدا مۇشەققەت قاچۇر.
بايلىق تېجەشتىن، نامراتلىق چېچىشتىن.
بەتتام قوغۇننىڭ ئۇرۇقى تولا، ئويلانماي قىلغان ئىشنىڭ سورىقى تولا.
بەرگىنىڭنى مىننەت قىلما، ئالغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالما.
بەلگە بولسا يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا سۆزدىن ئازماس.
بولسا ئادەم پىلانسىز، كېتەر ئوقى نىشانسىز.
بېشىڭ كۆككە تاقاشسا، خەلقىڭنى يۇلتۇز بىل.
بىراۋغا ئۆلۈم تىلىگۈچە ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە.
بىر بەت كىتاب ئوقۇساڭ، بىر سەر ئەقىل قوشۇلار.
بىرلىكى بار ئەلدىن قورق.
بىر تۈپ دەرەخ كەسسەڭ، ئون تۈپ كۆچەت تىك.
بىر سەر ئالتۇنۇڭ بولغۇچە بىر مىسقال ئەقلىڭ بولسۇن.
بىر قېتىم جېدەل بولغان ئۆيدىن قىرىق كۈن بەرىكەت قاچار.
بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن مىڭ كۈن ئۆگەن.
بىر مىسقال دۆلەتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مىڭ مىسقال تەمكىنلىك كېرەك.
بىر ئېغىز بىلىمنى مىڭ تىللاغا سېتىپ ئال.
بىكار يۈرمەڭ لاغايلاپ، پۇلنى خەجلەڭ ئاۋايلاپ.
بىلىم ئىشقىدا كۆيسەڭ، ئالتۇن شوتىدا ئۆرلەيسەن.
بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم بولۇر، ئارلىنىپ سورىمىغان زالىم بولۇر.
بىلىككىگە ئىشەنگۈچە بىلىمىڭگە ئىشەن.
بىلىم ئالمىغان ياش— تام تۈۋىدىكى تاش.
بىلىم— تۈگىمەس بۇلاق، ئەقىل — ئۆچمەس چىراغ.
بىلىم — دەسمايىسىز ھۈنەر.
بىلىم دېگەن بىر دۆلەت، كىيىم دېگەن بىر سۆلەت.

بىلىمدىن ئارتۇق دوست يوق، كېسەلدىن ئارتۇق دۈشمەن يوق.
بىلىمسىز ئەردىن ھوسۇللۇق يەر ياخشى.
بىلىمسىز باش يارىدۇ، بىلىملىك تاش يارىدۇ.
بىلىمسىز بولسا زامان، قاراڭغۇ بولۇر جاھان.
بىلىمسىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ئاش يوق.
بىلىمسىزنىڭ تۆرىدىن بىلىملىكنىڭ پەگاسى ياخشى.
بىلىمسىزنىڭ ئېپى يوق، تىڭشىغۇدەك گېپى يوق.
بىلىمسىزنىڭ ئىشى بىر، بىلىملىكنىڭ ئىشى مىڭ.
بىلىم قاچماس تىرىشچاندىن، بەخت قاچماس ئىشچاندىن.
بىلىم كۈندە لازىم، چىراغ تۈندە لازىم.
بىلىملىك ئادەم تاللىنار، بىلىمسىز شاللىنار.
بىلىملىك بېرىلەر، بىلىمسىز كېرىلەر.
بىلىملىك بىلەي دېسە، بىلىمسىز بىلىمەن دەپتۇ.
بىلىملىك بىلىمسىزدىن تۆر تالاشماس.
بىلىملىككە ئامەت كۆپ، بىلىمسىزگە ئاپەت كۆپ.
بىلىملىككە تۆر، بىلىمسىزگە گۆر.
بىلىملىك نۇرلىنار، بىلىمسىز خورلىنار.
بىلىملىكنى قارىلىساڭ، ئۆزۈڭنى خارلايسەن.
بىلىملىكنىڭ چارىسى كۆپ، بىلىمسىزنىڭ باھانىسى كۆپ.
بىلىملىكنىڭ قولدىشى شىجائەت، دۈشمىنى قانائەت.
بىلىملىكنىڭ ۋاپاسى كۆپ، بىلىمسىزنىڭ جاپاسى كۆپ.
بىلىملىك ئىشىدىن مەلۇم، بىلىمسىز گېپىدىن مەلۇم.
بىلىملىك ئىشقا ئىشىنىدۇ، نادان چۈشكە ئىشىنىدۇ.
بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما.
بىلىم ئۆگەنسە كىشى، كۆككە يېتەر بېشى.
بىلىم ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ، بەخت كۈرەشتىن كېلىدۇ.
بىلىمى يوق كىشىنىڭ، بەرىكىتى يوق ئىشىنىڭ.
بىلىم يېنىپ تۇرغان چىراغ، ھۈنەر ئېقىپ تۇرغان بۇلاق.

## پ

پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياغاق چاققاندا ئايرىلدۇق.
پاراسەت بولسا قىلدا پىل باغلىيالايسەن.
پالتاڭ ئىتتىك بولسا، قولۇڭغا دەز كەتمەس.
پەزىلەتنىڭ بۇلغىنىشى بەختسىزلىكنىڭ يىلتىزى.
پەنىنى سۆيگەن زار بولماس، ئەلنى سۆيگەن خار بولماس.

پولات ئوتتا تاۋلىنار، ئادەم مېھنەتتە تاۋلىنار.
پۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا، تىل يۈگۈرۈكى باشقا.
پۇل تاپقۇچە ئەقىل تاپ، ئۆز ئىشىڭغا كېپىل تاپ.
پۇل تاپقۇچە بىرلىك تاپ.
كىشىنىڭ ئەيىبىنى كولىغۇچە ئۆزۈڭنىڭ بۆرىنىنى كولا.
پۇلۇڭغا ئىشەنگۈچە ئەقلىڭگە ئىشەن.
پۇلۇڭ كۆپەيگۈچە دوستۇڭ كۆپەيسۇن.
پۇلۇڭ يۈزگە يەتكۈچە دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن.
پېشىڭ ئۈزارسا پۇتلاشقىنىڭ شۇ، گېپىڭ ئۈزارسا دۆتلەشكىنىڭ شۇ.
پىتنە-پاسات بەتلەكلىك مىلتىقتىن يامان.
پىتنە-ئىغۋا كۆپ بولسا، ئوڭ ئىش تەتۈرگە ئايلىنار.
پىچاق يارىسى ئۈنتۈلار، دىل يارىسى ئۈنتۈلماس.
پىياز پوستى بىلەن، ئادەم دوستى بىلەن.

## ت

تاپماي تۈرۈپ يېمە، بىلمەي تۈرۈپ دېمە.
تاتلىق تىل يىلاننى ئىنىدىن چىقىرار.
تاج كىيسەڭ كونا تۇمىقىڭنى ئۈنتۇما.
تارازىنى لىللا تۇت، ساڭا ياغار بەخت-قۇت.
تارالمىغان چاچنىڭ زىننىتى يوق، دوستىسىز ھاياتنىڭ قىممىتى يوق.
تارتىنساڭ گېپىڭ قالۇر، ئېرىنسەڭ ئىشىڭ قالۇر.
تاغدەك يامانلىقنى تېرىقتەك ياخشىلىق يېڭىپتۇ.
تاغدىن يىقىلغان ھېچ گەپ ئەمەس، ئەل نەزىرىدىن يىقىلغان يامان.
تاغنى تەۋرىتىش ئاسان، ئىرادىنى تەۋرىتىش قىيىن.
تاغنى كۆتۈرگۈدەك كۈچۈڭ بولغۇچە قىلنى يارغۇدەك دىتىڭ بولسۇن.
تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر.
تەر تۆكۈپ چاچساڭ ئۈرۈق، يەر سېنى قويماس قۇرۇق.
تەڭ كۆتۈرگەن يۈك يېنىك.
تەن بىرلىكىنى كۈتمە، دىل بىرلىكىنى كۈت.
تەنقىد ئاقارتىدۇ، ماختاش قاپارتىدۇ.
تەييارغا ئۆگەنسەڭ قەدرىڭدىن كېتىسەن.
قارىغاي سوغۇقتىن قورقماس، قەھرىمان توسۇقتىن قورقماس.
تەييارلىقىڭ ساز بولسا، مۇشەققىتىڭ ئاز بولۇر.
تەييار ئىشنىڭ بېشىغا، ھۇرۇن كېلەر قېشىغا.
توختىسا ھەرىكەت، تۈگەيدۇ بەرىكەت.

توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر.
توغرا قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار، خاتا قىلساڭ چاتىقىڭ چىقار.
توغرا يۈردۈڭ، يەتتىڭ مۇرادقا، ئەگرى يۈردۈڭ، قالدىڭ ئۇياتقا.
توغرا بولساڭ كېلەر ئامىتىڭ، ئەگرى بولساڭ سۇنار قانىتىڭ.
تولا گەپ داغ بولار، قىسقا گەپ ياغ بولار.
تىرىشچان تاشقا مىخ قاقار، بىپەرۋا پۈتىغا پالتا چاپار.
تىرىشچانغا ۋاقىت يەتمەس، ھورۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس.
تىغ بىرگە زەربە، تىل مىڭغا زەربە.
تىكەنسىز گۈل بولماس، جاپاسىز بىلىم.
تىلەپ يېگۈچە ئىشلەپ يە.
تىل بۇزۇلسا ئەل بۇزۇلار.
تىلنى سۆيمىگەن ئەلنى سۆيمەس.
تىلىڭ ئوقۇشقا كەلمىسە، قولۇڭ ھۈنەرگە كەلسۇن.

## ج

جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت يوق، ئىناق بولمىغۇچە سائادەت يوق.
جاپانى كىم تولا چەكسە، گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.
جان دوستۇڭ جىنىدىن كەچسە، مال دوستۇڭ مېلىدىن كەچمەس.
جان راھىتى تەن بىلەن، تەن راھىتى پەم بىلەن.
جانلىق نادان ـــ ئۆلۈك، جانسىز ئالىم ـــ تىرىك.
جاننى كېپەككە سات، ئابرۇيىنى ئالتۇنغا ئال.
جاھاننى سۇ باسسا، ئۆردەكنىڭ قاپتىلىغا كەلمەپتۇ.
جاي بەرگەنگە جان بەر.
ئادەمدىن ھايا قاچسا ئورنىغا بالا كېلەر.
ئەدەپلىك ئويۇننى ئويۇن قىلىدۇ، ئەدەپسىز ئويۇننى قويۇن قىلىدۇ.
جىرىم تىكسەڭ پۈتاپ تۇر، تۇز لىم ئالسەن؛ بىكار بولساڭ كىتاب كۆر، بىلىم ئالسەن.
جىگدىگە يېلىم يارىشار، ئادەمگە بىلىم يارىشار.

## چ

چوڭ قوغۇننىڭ تىلمى كۆپ، كۆپ ئوقۇغاننىڭ بىلىمى كۆپ.
چۈجىنى كۈزدە ساناڭ، چۆچۈرىنى پىشقاندا.
چۈشۈڭگە ئىشەنسەڭ نامرات بولارسەن، ئىشىڭغا ئىشەنسەڭ روناق تاپارسەن.
چۈمۈلە بىرلەشسە شىرنىڭ تېرىسىنى يۈلۈۋالار.
چىدىماسنىڭ نالىسى تولا، ھورۇننىڭ باھانىسى تولا.

چىرايىڭنى ئەينەكتىن بىل، ئابرۇيۇڭنى ئاۋامدىن بىل.
چىشىڭنى سەدەپلىك قىلغۇچە ئىشىڭنى ئەدەپلىك قىل.

## خ

خاتادىن قالساڭ قال، قاتاردىن قالما.
خەقتىن قورققۇچە ھەقتىن قورق.
خەققە ئورا كولىساڭ ئۆز بويۇڭغا ئۆلچەپ قاز.
خەقنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول.
خەق ئۈچۈن ئىشلە، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئۆگەن.
خەققە خىيانەت قىلدىڭ، ئۆزۈڭگە خىيانەت قىلدىڭ.
خەير قىلدىڭ، خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ، يوق قىلدىڭ.
خۇشاللىق ئاستا كېلىپ تېز كېتەر، خاپىلىق تېز كېلىپ ئاستا كېتەر.
خۇشامەتچى بېلىدىن قېرىيدۇ، ماختانچاق ئاغزىدىن قېرىيدۇ.
خىيانەتلىك دوستتىن دىيانەتلىك دۈشمەن خوپ.

## د

دادىسىنى خارلىغان داردا ئۆلەر، ئانىسىنى خارلىغان ياردا ئۆلەر.
دانا بار يەردە تىلىڭنى تارت. ئۇستاڭ بار يەردە قولۇڭنى تارت.
دەرەخ زىننىتى ياپراق، ئىنسان زىننىتى ئەخلاق.
دەرەخ شېخىدىن سۇنار، ئادەم گېپىدىن سۇنار.
دەرەخ مېۋىسى تەنگە، بىلىم مېۋىسى ئەلگە.
دەرەخنىڭ قەد كۆتۈرۈشى غولى بىلەن، ئادەمنىڭ قەد كۆتۈرۈشى بىلىم بىلەن.
دەردلىك باشتا ئەقىل بولماس.
دوست ئاغرىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ.
دوست ئامانلىقنى تىلەر، دۈشمەن يامانلىقنى تىلەر.
دوست بولۇش ئوڭاي، دوستلۇقنى ساقلاش تەس.
دوست تۇتساڭ كەيپ-ساپانى، سېنتۇالىسەن جەبىر-جاپانى.
دوست تۇتۇش ئۈچۈن ئاۋۋال باشقىلارنىڭ دوستى بول.
دوست كەينىڭدە ماختار، دۈشمەن ئالدىڭدا.
دوستنى باشقا كۈن چۈشكەندە سىنا.
دوستنى دۈشمەن قىلار ئاداۋەت، ئادەمنى ھۆرۈن قىلار قانائەت.
دوستىدىن ئەيىب ئىزدىگەن دوستسىز قالار.
دوستى يوقنىڭ ھۆرمىتى يوق.
دۈشمىنىڭگە خىرىس بول، مىللىتىڭگە ھېرىس بول.

دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق، ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق.

## ر

راست سۆزنىڭ خىجالىتى يوق.
راست سۆز ئېغىزدىن چىققۇچە يالغان سۆز داۋان ئېشىپتۇ.
راستقا يالغاننى قاتما، ئابرۇيۇڭنى پۇلغا ساتما.
راست گەپنىڭ تاتلىقى ئاز، يالغان گەپنىڭ ئاچچىقى ئاز.
راستلىقى ئاز كىشىنىڭ دوستلۇقى ئاز.
راست ئېيتساڭ قۇتۇلىسەن، يالغان ئېيتساڭ تۇتۇلىسەن.

## ز

زالىمنىڭ ئوغلى بولغۇچە ئالىمنىڭ قۇلى بول.
زاماندىن ئاغرىنماي ئۆزۈڭدىن ئاغرىن.
زورلۇق بىلەن «ھۆرمەت» تاپساڭ، خورلۇق بىلەن ئۆلىسەن.
زىرائەت تېرىمىسا ئۈنمەس، ئادەم ئۆگەنمىسە بىلمەس.

## س

ساداقەت مۇھەببەتنىڭ كۆۋرۈكى، ۋىجدان مۇھەببەتنىڭ يۈرىكى.
ساغلام بولاي دېسەڭ ھەرىكەت قىل، مول ھوسۇل ئالاي دېسەڭ مېھنەت قىل.
ساق بولاي دېسەڭ گېلىڭنى يىغ، تىنچ بولاي دېسەڭ تىلىڭنى يىغ.
سەپەر قىلغان يول بىلەر، كۆپ كۆرگەن مول بىلەر.
سەن سۆيمىسەڭ ھېچ گەپ ئەمەس، ئەل سۆيمىسە ھالىڭ خاراب.
سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پىشار.
سوراپ - سوراپ بىلىم ئاپتۇ، ئويلاپ - ئويلاپ كېيىن قاپتۇ.
سوراپ - سوراپ ئىلىم ئاپتۇ، ئىزا تارتىپ كېيىن قاپتۇ.
سورا - سورا بىلىم ئاپتۇ، ئوينا - ئوينا كېيىن قاپتۇ.
سۇ بىلەن زېمىن ياشنار، بىلىم بىلەن ئەل ياشنار.
سۇنغان ئەينەك تۈزەلىسمۇ، سۇنغان كۆڭۈل تۈزەلمەس.
سۇ ئىچكەن بۇلاققا تۈكۈرمە.
سۆرەلگەن ئىش بۇزۇلار.
سۆز قىلساڭ ئاستا قىل، تېنىۋالغىلى ياخشى؛ يول ماڭساڭ قاراپ ماڭ، يېنىۋالغىلى ياخشى.
سۆزۈڭ توغرا بولسا، ھۆرمىتىڭ كۆپ بولۇر.
سۆزۈڭ قوپال بولسا، دوستۇڭ دۈشمەنگە ئايلىنار.

سۆزۈڭنى تەكرارلىساڭ تەمى كېتەر.
سۆزىدە تۇرمىغاننىڭ ھۆرمىتى بولماس.
سۆلەت گىرىم بىلەن، گۈزەللىك بىلىم بىلەن.
سىلىق سۆز يىلاننى ئۇۋىسىغا كىرگۈزەر.

ش

شامالنىڭ سايىسى يوق، ئۈمىدسىزنىڭ غايىسى يوق.
شىردەك غەيرەتكە چۈمۈلىدەك تاقەت كېرەك.

غ

غادايغانغا غاداي، بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە؛ ئېگىلگەنگە ئېگىل، بېشىڭ يەرگە يەتكۈچە.
غەيرەت يىغقىن تېنىڭگە، خىزمەت قىلغىن ئېلىڭگە.
غەيرىتىڭ بولسا يۇلتۇز سانايسەن.

ق

قاچساڭ جاپادىن، قالىسەن قاتاردىن.
قارغىش ئالغان يامان بولار، ئالقىش ئالغان ئامان بولار.
قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار.
قانچە مېھنەت قىلساڭ، شۇنچە راھەت كۆرىسەن.
قانچىلىك ئۇخلىساڭ، شۇنچىلىك ئاچ قالىسەن.
قەدرىڭنى ساقلاي دېسەڭ، مېھماندارچىلىقتا ئاز بار.
قەدىرسىز ياشىغاندىن قەدىرلىك ئۆلگەن خوپ.
قەدىرلىسەڭ قەدرىڭ ئاشار.
قورساق ئاغرىقىڭ بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما.
قورسىقى كەڭ ئادەم تاتلىق ئۇخلايدۇ.
قوشنىلار ئىناق بولسۇن، ئاداۋەت يىراق بولسۇن.
قول قولنى يۇسا، قول بېرىپ يۈزنى يۇيىدۇ.
قولۇڭدىن كەلسە ئەلدىن ئايىما.
قۇرۇق چېلەك تاراقشىيدۇ، بىلىمسىز ئادەم ۋالاقشىيدۇ.
قۇش زىننىتى پەي بىلەن، ئادەم زىننىتى بىلىم بىلەن.
قۇشقاچتەك ۋىچىرلىغۇچە چۈمۈلىدەك مىدىرلىغىن.
قۇش قانىتى بىلەن ئۇچار، ئادەم بىلىمى بىلەن ئۇچار.
قۇشنى قانات ئۇچۇرار، ئادەمنى ئۈمىد ئۇچۇرار.

قۇلدەك ئىشلە، بەگدەك يە.
قۇياش تاڭنى يورۇتار، كىتاب ئاڭنى يورۇتار.
قىزنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە، يىگىتنى ئەل ئارىسىدىن ئىزدە.
قىزىڭنى نومۇسچان قىل، ئوغلۇڭنى تىرىشچان قىل.
قىلدىن كەتسەڭ قىرىقتىن كېتىسەن.
قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسار. بىرلىك بۇزۇلسا يات باسار.

## ك

كەچتە ئېشىمغا كەلگۈچە ئەتىگەندە ئىشىمغا كەل.
كەڭ بولساڭ، كەم بولمايسەن.
كەلگەن دوستقا تار بولساڭ، كېلەر دوستقا زار بولىسەن.
كەمبەغەل كەمبەغەل ئەمەس، كەم ئەقىل كەمبەغەلدۇر.
كەم سۆز يىگىت ساز يىگىت، مەدداھ يىگىت ماز يىگىت.
كۆپ سورىساڭ ئاداشمايسەن.
كۆرگەن كۆرگەننى سۆزلەر، ئەخمەق يېگەننى سۆزلەر.
كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، چىغ چورۇقۇڭنى قۇرۇتما.
كۆڭلى بۇزۇق باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەر.
كۆڭلى تۈزنىڭ گېپى تۈز.
كۆۋرۈك جامائەتنىڭ، هاراق هاماقەتنىڭ.
كۆۋرۈكسىز دەريادىن ئۆتمە، نامەردتىن ۋاپا كۈتمە.
كۈچ بىلەكتە ئەمەس يۈرەكتە.
كۈچۈڭنى بىلىكىڭدىن سىنا، ئەقلىڭنى بىلىمىڭدىن سىنا.
كۈچۈڭنى خار قىلساڭمۇ ئۆزۈڭنى خار قىلما.
كۈچۈڭنى يەرگە بەر، بىلىمىڭنى ئەلگە بەر.
كۈچى بار بىرنى يېڭەر، بىلىمى بار مىڭنى (يېڭەر).
كۈچى يوقنىڭ ئاچچىقى يامان، بىلىمى يوقنىڭ غەلۋىسى يامان.
كۈن ئارقىدا قالساڭ، يىل ئارقىدا قالىسەن.
كۈنلۈك ئىش قىلساڭ، سەھەردىن باشلا؛ يىللىق ئىش قىلساڭ، باھاردىن باشلا.
كېچىككەن ئىش — قار باسقان قىش.
كېسەل ئېنىقلانمىسا دورا كېلىشمەس، ئەيىب يوقالمىسا كۆڭۈل سۆيۈشمەس.
كېڭەشلىك ئىش ئۇزار، كېڭەشسىز ئىش توزار.
كىتاب بىلىم بۇلىقى، بىلىم ھايات چىرىغى.
كىرىشتىن ئاۋۋال چىقىشنى ئويلا، مېڭىشتىن ئاۋۋال كېلىشنى ئويلا.
كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە، قاشقا سانىساڭ كۆزگە.
كىشىگە قەست قىلغان ئۆزىنى پەست قىلار.

كىشىگە ئورا كولىساڭ ئۆزۈڭ چۈشىسەن.
كىشىگە يېلىنساڭ ئۆزۈڭنى خار قىلىسەن.
كىشىلەرگە نەرسە بەرسەڭ، ئارقىسىدىن مىننەت قىلما.
كىشىنى بىلگەن ئاقىل، ئۆزىنى بىلگەن دانا.
كىشىنىڭ ئەيىبى تۆگىدەك بولسىمۇ كۆرمەسكە سال.
كىشىنىڭ ئەيىبىنى سۆزلىمەي ياخشىلىقىنى سۆزلە.
كىشىنىڭ ئون «ھە - ھۇ»سىدىن ئۆزۈڭنىڭ بىر غەيرىتى ئەلا.
كىشىنىڭ يۇرتىدا پاختىدا ياتقاندىن ئۆز يۇرتۇڭدا تاختىدا يات.
كىشىنىڭ يېرىگە باغ قىلما، يۈرىكىڭنى داغ قىلما.
كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ، قالدى لېۋىنى چىشلەپ.
كىشىنىڭ يېڭى كىيىمىنى كىيگۈچە ئۆزۈڭنىڭ كونا كىيىمىنى كىي.
كىم ئۆز نەپسىگە زالىم، كەلگۈسى بولۇر ئالىم.
كىيىمدە بەسلەشمەي بىلىمدە بەسلەش.
كىيىمنىڭ ــ سۆلىتىنىڭ، مېھنىتىنىڭ ــ دۆلىتىنىڭ.

## گ

گەپ تولا يەردە ئەقىل ئاز.
گەپ سېتىپ شەرمەندە بولما، بىكار يېتىپ ئارماندا قالما.
گەپنى كۆپ بىلسەڭمۇ ئاز سۆزلە.
گۇناھسىزغا شىلتىغان تايىقىڭ ئۆزۈڭگە تېگەر.
گۆھەرگە سەدەپ لازىم، ئادەمگە ئەدەپ لازىم.
گۆھەرلىك بولۇشتىن ھۈنەرلىك بولۇش ئارتۇق.
گۈزەل يولدا تاشلايدۇ، قاراقچى چۆلدە تاشلايدۇ.
گۈل پۇرىقى بىلەن ئەزىز، ئادەم ئەمگىكى بىلەن ئەزىز.
گۈلنىڭ گۈزەللىكى ھۆسنىدە، ئادەمنىڭ گۈزەللىكى قەلبىدە.

## ل

لەۋزىدە تۇرمىغاننىڭ ئىناۋىتى يوق.

## م

مال-مۈلۈك بايلىق ئەمەس، بىرلىك بايلىق.
مالنىڭ سېمىزلىكى تۇرقىدىن، ئادەمنىڭ ئېسىللىكى خۇلقىدىن.
ماھىرلىق مەشىقتىن كېلۇر.

مەرد بولاي دېسەڭ تەمەخور بولما.
مەرد سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس.
مەشىق — بىلىمنىڭ ئانىسى.
مەقسەتسىز ئادەمنىڭ غەيرىتى زايە، غەيرەتسىز ئادەمنىڭ ھەيۋىتى (زايە).
مەكتەپ كۆرمىگەن بالا، پادا كۆرمىگەن كالا.
مەن-مەن دېگەن زاۋال تاپار، كەمتەر يۈرگەن كامال تاپار.
ھۆرمەت قىلساڭ ئىززەت تاپارسەن، چايناپ يېسەڭ لەززەت تاپارسەن.
موھتاجلىق تاشتىن قاتتىق.
مۇھەببەت ۋاپاسى بىلەن، ھالاۋەت جاپاسى بىلەن.
مېھنەتتە ئالدىدا تۇرغان مىننەتكە قالماس.
مېھنەتتىن قاچما، مەينەتتىن قاچ.
مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ تۇرىدۇ، كىشىلەر ئۇنى يۇتاپ تۇرىدۇ؛ مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ، كىشىلەر ئاڭا تىرەك قويىدۇ.
مىدىرلىغان قىر ئاشار.
مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، بىر كۆرگەندىن بىر ئىشلىگەن ئەلا.
مىننەت قىلغان ئېشىگىدىن قورسىقىمنىڭ ئاچلىقى ياخشى.
مىننەتلىك پولۇدىن مىننەتسىز ئۇماچ ياخشى.

ن

نادان بىلەن گەپ تالاشقۇچە ئىت بىلەن سۆڭەك تالاش.
نادان بىلەن يۈرمە، نومۇسۇڭنى تۆكمە.
نادان دوستۇڭدىن زېرەك دۈشمىنىڭ ياخشى.
نادانلىق نامراتلىقنى چىللايدۇ، ھۇرۇنلۇق مۇشەققەتنى (چىللايدۇ).
نادانغا مەنسەپ تەگسە، ئاۋامغا زەخمەت يېتەر.
ناداننىڭ زىياپىتىدىن دانانىڭ سۆھبىتى ئەلا.
ناشتىلىققا سەل قارىما ئۆمرۈڭنى دەپ؛ دوستلىرىڭدىن ۋاز كەچمە نەپسىڭنى دەپ.
نامەردنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈچە مەردنىڭ دەرياسىدا ئۆل.
نامىم چىقسۇن دېسەڭ ئاتاڭنى كۈت، ئۆز يۇرتۇڭنىڭ يۈكىنى يۈد.
نېمىنى خارلىساڭ شۇنىڭ قەدرى ئۆتىلەر.
نىيەت قىلساڭ مەقسەتكە يېتەرسەن.
نىيىتىڭ تۈز بولسا ئالقىش ياغىدۇ.

ھ

ھاراق بىلەن دوستلاشتىڭ، ئەقىل بىلەن خوشلاشتىڭ.

ھاراققا دۇم چۈشسەڭ بەختىڭ قاچار، پۇلغا دۇم چۈشسەڭ ئەقلىڭ قاچار.
ھاكاۋۇر غادىيىپتۇ، سارغىيىپتۇ؛ كەمتەر ھاللىنىپتۇ، تاللىنىپتۇ.
ھاياتلىق — ھەرىكەتتە.
ھايالىق ئادەم — باھالىق ئادەم.
ھايۋانغا ھەلەپ كېرەك، ئادەمگە ئەدەپ كېرەك.
ھەربىر ئوڭۇشسىزلىق بىر ئەقىل بېرىدۇ.
ھەر كىشى بولمىسا ھۇرۇن، بولۇر باي ھەممىدىن بۇرۇن.
ھەركىمنىڭ قىممىتى ئۆز قولىدا!
ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى.
ھەرىكەتتە بەرىكەت، ھۇرۇندىن نېرى كەت.
ھەرىكەت قىلساڭ بەرىكەت تاپارسەن، ئىخلاس قىلساڭ مەرىپەت تاپارسەن.
ھەرىكىتى يوقنىڭ بەرىكىتى يوق.
ھەقنى ھەق سۆزلە يامان بولمايدۇ، رەڭگىرويۇڭ سامان بولمايدۇ.
ھەممە نەرسە كۆپەيسە ئەرزانلايدۇ، بىلىم قانچە كۆپەيسە شۇنچە قىممەتلەيدۇ.
ھورۇنلۇقتىن بالا كېلەر باشقا، ئىشچانلىقتىن گۈل ئۈنەر تاشقا.
ھورۇنلۇق — خارلىقنىڭ ئىشىكى.
ھورۇننىڭ ئاغرىنمايدىغان ئىشى يوق.
ھورۇننىڭ ئاغزى ئىلدام، ئىشچاننىڭ ئايىغى ئىلدام.
ھورۇنغا قىلدەك ئىش پىلدەك كۆرۈنەر.
ھورۇننىڭ قوپقۇسى كەلمەس، ئىشچاننىڭ ياتقۇسى كەلمەس.
ھورۇننىڭ ھۈنىرى — ئۇيقۇ.
ھورۇننىڭ غەيرىتى ئىش تۈگىگەندە كېلەر.
ھورۇن ئادەم ياتقىنىدىن كۈلەر، ئىشچان ئادەم مېھنىتىدىن كۈلەر.
ھۆرمەت ئالتۇندىن قىممەت.
ھۆرمەت قىلساڭ چوڭغا، ئىشىڭ تارتار ئوڭغا.
ھۈنەر قىلدىڭ — گۈل بولدۇڭ، بىكار يۈردۈڭ — قۇل بولدۇڭ.
ھۈنەرلىك كىشى پۇل تاپار، ھۈنەرسىز كىشى كۈندە خار.
ھۈنەرنى بىر كىشىدىن ئۆگەن، ئىسكەتنى مىڭ كىشىدىن.
ھۈنەر ئېقىپ تۇرغان بۇلاق، بىلىم يېنىپ تۇرغان چىراغ.
ھىممىتى بار كىشىنىڭ، ئۈنۈمى بار ئىشىنىڭ.

## ئو

ئوتقا تەگسەڭ ئۆچەر، قوشناڭغا تەگسەڭ كۆچەر.
ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيەر.
ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئاز.

ئوغۇلنىڭ مەردلىكى ئاتىغا تارلىق، قىزنىڭ چېچەنلىكى ئانىغا تارلىق.
ئوقەتچىنىڭ كۆزى يامان، سۇخەنچىنىڭ سۆزى يامان.
ئوقۇدۇم دېگۈچە بىلدىم دېگىن.
ئوقۇرىنى سېغىنمايدىغان ئات بولماس، ۋەتەنىنى سېغىنمايدىغان زات بولماس.
ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىدىن ئۈلۈغ.
ئوقۇغان يىگىت ئوقلانغان مىلتىق.
ئوقىتىڭنى يوقاتساڭ يوقات، لەۋزىڭنى يوقاتما.
ئون پوچىدىن بىر ئىشلىگۈچى ئەلا.
ئون قېتىم ئويلا، بىر قېتىم سۆزلە.
ئون كۈن ئاچ قالساڭمۇ بىر كۈن نومۇس ساقلا.
ئويناپ ئۆگەنمەي ئويلاپ ئۆگەن.
ئويناپ يۈرگىچە ئويلاپ يۈر.
ئويۇنغا بېرىلگەن ئوڭدا قالار.

# ئۇ

ئۇرۇشقاق ئەلدە بەرىكەت يوق.
ئۇرۇق-تۇغقان بولسا ئەپ، تېگەر ئۇندىن نۇرغۇن نەپ.
ئۇرۇنغا باققانىڭ كۆزى ئۆتكۈر.
ئۇستا بىلەن يېقىن ئۆتسەڭ ئىشىڭ پۈتەر.
ئۇستاز پەقەت باشلامچى بىلىم ئېلىش ئۆزۈڭدىن.
ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرتنىڭ ھۈنىرى كاسات.
ئۇسسۇلۇڭنى كۆرسەتكۈچە ھوسۇلۇڭنى كۆرسەت.
ئۇيۇشقاق ئەلدىن قورق، تەۋرەپ كەلگەن سەلدىن قورق.

# ئۆ

ئۆتەڭگە يەتمەي ناننى تۈگەتمە، ئورما كەلمەي ئېشىڭنى تۈگەتمە.
ئۆتكەن پىچاق قىنىغا قەست، يالغان سۆز جانغا قەست.
ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن سۇ سېنى ئاقتۇرسىمۇ؛ يېمە نامەرد ئېشىنى ئاچلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ.
ئۆتۈكنى ياماشقا چەم كېرەك، ياماننى بابلاشقا پەم كېرەك.
ئۆزۈڭ رۇس بولساڭ سايەڭمۇ رۇس بولىدۇ.
ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ دوستۇڭغا شۇنى بەر.
ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ ئۆزگىنى شىر چاغلا.
ئۆز ئەيىبىنى بىلگەن مەردتۇر.

ئۆزگىنى ئىززەتلىگىنىڭ — ئۆزۈڭنى ئىززەتلىگىنىڭ.
ئۆز نادانلىقىنى بىلگەن ئەخمەق ئەمەس.
ئۆزۈڭدىن ئۆزگىنى خىزىر بىل.
ئۆزۈڭدىن يۇقىرىغا قاراپ پىكىر قىل، ئۆزۈڭدىن تۆۋەنگە قاراپ شۈكرى قىل.
ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۈچۈڭنى خار قىل.
ئۆزۈڭ ئۈچۈن تىرىش، ئەل ئۈچۈن ئۆل.
ئۆزۈڭ ئۈچۈن كۈلەرسەن، يۇرتۇڭ ئۈچۈن ئۆلەرسەن.
ئۆز ئېلىڭ — ئالتۇن بۆشۈك.
ئۆز ئېلىڭدە ئۆتكۈزگەن بىر قىش، يات ئەلدە ئۆتكۈزگەن يۈز باھاردىن ئەلا.
ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنى يە، كېچە-كۈندۈز غېمىنى يە.
ئۆز يۇرت — تۇغقان ئانا، ئۆزگە يۇرت — ئۆگەي ئانا.
ئۆگەنسەڭ ھۈنەر، تېرىساڭ ئۈنەر.
ئۆگەنگەن بىلىم بىكار كەتمەس.
ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۆگەن، ئېلىش ئۈچۈن بەر.
ئۆلسەڭ ئۆل، ۋەتەندە ئۆل.
ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار.
ئۆلۈشتىن قورقما، ئۆلەرمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق.
ئۆلۈمدىن خورلۇق يامان.
ئۆلۈمنى ئۇنتۇغان دۈشمەننى يېڭەر.
ئۆمىلەپ يۈرۈپ ياشىغۇچە ئۆرە تۇرۇپ ئۆل.
ئۆي تارچىلىقىدا ھېچ گەپ يوق، كۆڭۈل تارچىلىقى يامان.
ئۆي تۆرىدىن ئورۇن ئالغۇچە كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئال.
ئۆيدە راھىتى يوقنىڭ كوچىدا پاراغىتى يوق.
ئۆيۈڭدىن ئايرىلساڭمۇ ئېلىڭدىن ئايرىلما.
ئۆيۈڭ كەڭ بولسا ئادەم سىغار؛ كۆڭلۈڭ كەڭ بولسا ئالەم سىغار.

## ئۈ

ئۈگرىنى تاشلاپ تالقان يەپتۇ، يۇرتىنى تاشلاپ ئارمان يەپتۇ.
ئۈنچە - مارجان تاش ئىكەن، ئارپا - تېرىق ئاش ئىكەن؛
ئەجدادلارنىڭ ئېيتقىنى يالغان ئەمەس راست ئىكەن.

## ۋ

ۋەتەنسىز ئادەم، ھاياتى ماتەم.
ۋەتەنسىزنىڭ گۆرى تار.

ۋەتەن قۇدرەت تاپسا، جېنىڭ راھەت تاپىدۇ.
ۋەتەنگە كەلسە پالاكەت، ساڭا كېلەر ھالاكەت.
ۋىجدانسىزنىڭ گۈلى بولغۇچە ۋىجدانلىقنىڭ قۇلى بول.

## ئې

ئېتىزدا ئىزى يوقنىڭ خامانىدا يۈزى يوق.
ئېتىقاد ئىرادىنى چىڭىتار، ئەقىل بۇلقىنى ئاچار.
ئېرىنمەي ئىشلىسەڭ، يىغلىماي چىشلەيسەن.
ئېشىڭدىن بۇرۇن ئىشىڭنى ئويلا.
قىلدەك سەمىمىيلىك پىلدەك ئاتاقتىن ئەلا.
ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ.

## ئى

ئىتتىپاقلىق ئوق ئۆتمەس قالقان.
ئىرادىسىز تەقدىرگە ئىشىنەر.
ئىسراپچىلىق نەدە؟ ئەمگەك قىلمىغان يەردە.
ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ.
ئىش بېشى كۆپ بولسا، ئىش كەينىگە كېتەر.
ئىشتا تەييارلىق بولمىسا، ھەييارلىق كار قىلماس.
ئىشتا ھەييار، ئاشقا تەييار.
ئىشتىن قاچساڭ قورساققا تۇتۇلىسەن.
ئىشچان بولساڭ ئېشىڭنى يەيسەن، ھورۇن بولساڭ بېشىڭنى يەيسەن.
ئىشچاندىن كېسەل قورقىدۇ، ھورۇنغا كېسەل يۇقىدۇ.
ئىشچاننىڭ پۇلى تۈگىمەس، بەتخەجنىڭ قەرزى تۈگىمەس.
ئىشچاننىڭ راھىتى مەڭگۈلۈك، ھورۇننىڭ راھىتى بىر كۈنلۈك.
ئىشچاننىڭ مىننىتى يوق، بېخىلنىڭ ھىممىتى يوق.
ئىشچاننىڭ نېنى كۆپ، ھورۇننىڭ غېمى كۆپ.
ئىشچان ئىشلەپ تاپار، ھورۇن تىلەپ تاپار.
ئىشسىز ئۆتكەن ئۆمۈر، ئوتى ئۆچكەن كۆمۈر.
ئىشلىسەڭ خار بولمايسەن.
ئىككى ياخشى بىر بولسا تىنچلىق تىلەيدۇ، ئىككى يامان بىر بولسا پىچاق بىلەيدۇ.
ئىلىمگە خىيانەت يەتسە، ئەلگە قىيامەت بولۇر.
ئىلىم يولىدا ئەلەم چەككەن ئادەم، بەخت شوتىسىغا قويىدۇ قەدەم.
ئىناق ئەلدە ئاپەت يوق، ئىناقسىز ئەلدە ئامەت يوق.

ئىناق بولماي سائادەت يوق.
ئىناقلىق بولمىسا ئاۋاتلىق بولماس.
ئىناق ئۆتسەڭ ئامەت بار. ئىجەشلىك بولساڭ بەرىكەت بار.
ئىناۋەت تاپاي دېسەڭ توغرا سۆزلە؛ بەخت تاپاي دېسەڭ ئەلنى كۆزلە.
ئىنساب بار يەردە بەرىكەت بار.

## ي

يات يۇرتتا ياقاڭ يىرتىلار.
يات يىگۈچە، تۇغقان ئۆلگۈچە.
ياخشى ئات ئەر قانىتى، ياخشى ئەر ئەل قانىتى.
ياخشى بالا تېپىپ يەيدۇ، يامان بالا سېتىپ يەيدۇ.
ياخشى بولساڭ يولداش مەن، ھەر ئىشىڭغا قولداشمەن.
ياخشى بولسا ئۆزىدىن كۆرەر، يامان بولسا باشقىدىن كۆرەر.
ياخشى بىلەن دوست بولساڭ، ئېچىلار چېچەكلىرىڭ: يامان بىلەن دوست بولساڭ، يېرىلار يۈرەكلىرىڭ.
ياخشى تۇرقىدىن بىلىنەر، يامان قىلىقىدىن (بىلىنەر).
ياخشى گەپ يۈرەكنىڭ يېغى، يامان گەپ يۈرەكنىڭ دېغى.
ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىدىن كېلەر، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىدىن كېلەر.
ياخشىلىق قىلىشنى بىلمىسەڭ ياخشىلارغا قوشۇل.
ياخشىنىڭ قەدرىگە يېتەي دېسەڭ يامانغا يولۇق.
ياخشىنىڭ ياخشىلىقى تېگەر تار يەردە، يامانىنىڭ يامانلىقى تېگەر ھەر يەردە.
ياخشى ئۆلسە ھەممە ئۆلەر، يامان ئۆلسە بىرى ئۆلەر.
ياخشى ياپىدۇ، يامان ئاچىدۇ.
يازدا قىلساڭ ئىشنى، ئويناپ ئۆتكۈزىسەن قىشنى.
يازدا ئويىنغان قىشتا مۆزلاپتۇ.
ياشاش تەس ئەمەس، ئادەم بولۇش تەس.
ياش تۆككۈچە مۈشت تۈگ.
ياش چېغىڭدا تىرىشمىساڭ شىجائەتتە، ياشانغاندا قالىسەن خىجالەتتە.
ياشلىقتا ئالغان بىلىم تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، قېرىلىقتا ئالغان بىلىم قۇمغا مۆھۈر باسقاندەك.
ياشلىقتا بىلىم ئالمىغان قېرىغاندا ھەسرەت چېكەر.
ياشلىقىڭدا بىلىم ئال، قېرىغاندا ئىشقا سال.
ياشلىقىڭدا ئويىنساڭ قېرىغاندا يىغلايسەن.
ياشلىقىڭدا بىلمىدىڭ بىلىم قەدرىنى، قېرىغاندا تارتىسەن ئۇنىڭ دەردىنى.
يالغۇز قالغان قوينى بۆرە يەر.

يالغۇز قىز ئاشقۇچە كۆپ داۋان ئاشار.
يامانغا ئاتا بولغۇچە ياخشىغا ھاسا بول.
يامانغا رەھىم قىلىش — ياخشىغا ئۇۋال قىلىشتۇر.
يامانغا ھاجىتىڭ چۈشسە يوق دەيدۇ، ياخشىغا ھاجىتىڭ چۈشسە خوپ دەيدۇ.
يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار.
يامانىڭ كاساپىتى تېگىدۇ، ياخشىنىڭ شاپائىتى (تېگىدۇ).
يامانىڭ ئىشىغا ئېغىز تەگسەڭ قىرىق يىل ئېغىز كۆيدۇرەر.
يەر كۆركى يېشىل، ئەر كۆركى ئەقىل.
يوپۇرماقسىز دەرەخنىڭ سايىسى بولماس، دوستسىز ھاياتنىڭ لەززىتى بولماس.
يول تاپىنىڭنىڭ ئاستىدا.
يول سورىغان يولدىن ئازماس.
يول كۆرستىش ئۇستازدىن، ئەقىل تېپىش ئۆزۈڭدىن.
يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر.
يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن قايتماس.
يۇرتتىن كەچكەن نومۇستىن ئۆلەر.
يۇرت دېگەن چىمەن، ئاڭا باققان بولۇر دۆلەتمەن.
يۇرت سۆيگەن ئەر سايىسى بار دەرەخ.
يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.
يۇرتنى سۆيگەن ماكانسىز قالماس.
يۇرتىدىن بەزگەن دۈشمەن قولىدا ئۆلۈر.
يۇمشاقنى قاتۇرغان شىلىم، پولاتنى ئۆچۈرغان بىلىم.
يۈز دوست ئاز، بىر دۈشمەن كۆپ.
يۈزىدىكى كىر كېتەر، كۆڭۈلدىكى كىر كەتمەس.
يۈز قېتىملىق ۋەدىدىن بىر قېتىملىق ئىش ياخشى.
يۈزلۈك بولاي دېسەڭ ئىشىڭنى توغرا قىل.
يۈز يىل ئۆمۈر كۆرسەڭمۇ، ئىزدىنىشنى توختاتما.
يېڭى تۇماقنىڭ يىرتىقى يوق، ھالال ئىشنىڭ پۈتىقى.
يىپ ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولار، كۆڭۈل ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولماس.
يىگىتنىڭ زىننىتى مەردلىكتە.

# 2011 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش ئىمتىھان سوئالى ــ «تىل ئەدەبىيات»

## ئىمتىھان قەغىزى I

### I جاۋابنى تاللاڭ

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋاب ئىچىدە پەقەت بىرىلا سوئالنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن. شۇ جاۋابنى تاللاپ، جاۋاب يېزىش كارتوچكىسىدىكى ماس ئۇچۇر نۇقتىسىنى بوياڭ.

1. تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (　　)

A: «ئاتا ـ بوۋامدىن مىراس كونا كېسەلنىڭ دەردىدە، گاھ ئۆلۈپ، گاھ تىرىلىپ كۆپتىن بېرى ئاۋارىمەن» دېگەن كۇپلېتتىكى «كونا كېسەل» نادانلىق، قاششاقلىق، خۇراپاتلىق، ھورۇنلۇق، قۇلچىلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، غايىسىزلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ، شېئىر ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەپئىلون ۋەزنى، ھەرەج بەھرىدە يېزىلغان

B. شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى»ناملىق داستانىدا قايناق ھېسسىيات بىلەن تىلغا ئېلىنىۋاتقان يۇلتۇزلار يۇرتى دېموكراتىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان تۇرپاننى كۆرسىتىدۇ

C. «ئاتىلار سۆزى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى بىر يۈرۈش شېئىرلاردا ئىنساندىكى بىر قاتار ئېسىل خىسلەتلەر مەدھىيەلىنىپ، ئىللەتلەر قامچىلىنىپ، كىشىلەرنى ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەتكە يار قىلىش، بولمىغۇر ئىللەتلەردىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ شېئىر دەۋر جەھەتتىن قاراخانىيلار ئەدەبىياتىغا تەۋەدۇر

D. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق شەۋقى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار ئۆز شېئىرلىرىدا دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، ھۆرلۈكنى تەشەببۇس قىلىش ۋە جاھالەتكە، نادانلىققا ئاكتىپ قارشى تۇرۇش ئىدىيەسى بىلەن «دېموكراتىك شائىرلار» دەپ ئاتالدى

2. نەسرىي ئەسەرلەر ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (　　)

A. «مەيىن شامال خۇددى يىراقتىكى ئېگىز بىنادىن بىردە جاراڭلىق، بىردە سۇس ئاڭلىنىپ تۇرغان ناخشىدەك، گۈپۈلدەپ تۇرغان خۇش پۇراقلارنى دىماققا ئۇرۇپ تۇراتتى» دېگەن پارچە جۈزىچىگىنىڭ «نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى» ناملىق لىرىك نەسرىدىن ئېلىنغان بولۇپ، پارچىدا ئاساسلىقى ئوخشىتىش قوللىنىلغان

B. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى» ناملىق مۇھاكىمىلىك نەسرىدە ئىنساننىڭ تېنى، يەنى جىسمانىيىتى «ئات مىنگەن كىشى»گە، ئىنساننىڭ روھى، يەنى مەنىۋىيىتى «ئات»قا ئوخشىتىلىپ، «ئات مىنگەن كىشى ئاتنى

ياخشى باشقۇرۇشى كېرەك بولغىنىغا ئوخشاش، ئىنساننىڭ روھىيىتى ئۇنىڭ جىسمانىي تەلپىنى كونترول قىلغان ھالدىكى مۇكەممەللىككە ئىنتىلىشى كېرەك» دېگەن ئىدىيەنى ئالغا سۈرگەن

C. «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىدە ئاپتورنىڭ ۋەقەلىكنى ئىپادىلەش، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئۆزگىرىش جەريانىنى بايان نۇقتىسى جەھەتتىن «بىلەرمەنلەرچە كۆرۈش بۇلۇڭى»دىن بايان قىلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ

D. «مەن ئۆزۈمنى ئۇلارغا شۇنداق تونۇتۇپ قويايكى، بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە كىرپىك كۆتۈرۈپ قارىيالمايدىغان بولسۇن». بۇ پارچە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق روماندىن ئېلىنغان بولۇپ، سۆزلەۋاتقان كىشى چىيەن دارىن، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن تەسۋىر قوللىنىلغان

3. قوللىنىش خاراكتېرلىك ئەسەرلەر ھەققىدە ئېيتىلغانلىرىدىن توغرىلىرى تولۇق گۇرۇپپىلانغىنى:(　　　)

①«ئامېرىكا بۇ مۇقەددەس بۇرچقا ھۆرمەت قىلماقتا يوق، ئەكسىچە مەبلەغ يېتىشمەيدۇ دەپ تامغا بېسىلغان بىر دانە قۇيقۇرۇق چەكنى نېگىرلارغا تۇتقۇزۇپ قويدى». بۇ پارچىدا تىلغا ئېلىنغان «قويقۇرۇق چەك» بىر ئەپچىل ئوخشىتىش بولۇپ، ئاپتور بۇ ئارقىلىق ئامېرىكىدىكى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تېخى بىكار قىلىنمىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن؛ ②«يېقىنقى زامان ئىلىم - پېنىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشى ۋە كەلگۈسىگە نەزەر» ناملىق نۇتۇقتا ئاپتور ئىلىم - پەننىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بەش باسقۇچقا بۆلۈپ ئوتتۇرىغا قويغان؛ ③«ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قەشقەر» شۋېتسىيەلىك داڭلىق تۈركولوگ گۇننار يارىڭنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ، بۇنىڭغا 1929～1930 - يىللاردا قەشقەرگە قىلغان تۇنجى سەپىرىنىڭ خاتىرىسى ۋە 1978 - يىلىدىكى قەشقەرگە قىلغان قايتا سەپىرىنىڭ خاتىرىسى كىرگۈزۈلگەن؛ ④«بىر فىزىكنىڭ تەربىيەلىنىش جەريانى» ناملىق ئەسەردە ئاپتور سازاڭ-بېلىق دۇنياسى تەسەۋۋۇرىدىن ئىنسانلارنىڭ كۆزىتىش بوشلۇقىدىكى چەكلىملىكنى تونۇپ يەتكەن ھەمدە بۇ ئارقىلىق يۇقىرى ئۆلچەملىك بوشلۇق مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىمكانىيىتىنى ھېس قىلغان، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشىدە نۇرغۇن چەكلىملىكلەر ۋە ئىمكانىيەتلەرنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بەرگەن؛ ⑤ئەدەبىي تەرجىمىھال مەلۇم تارىخىي ۋە رېئال شەخسلەرنىڭ ھاياتىدىكى تىپىك ئىش-پائالىيەتلىرىنى پاكىت ئاساسىدا جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان، بەدىئىيلىك ئارقىلىق تەرجىمىھال گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەسەر بولغاچقا، مەلۇم دەرىجىدە مۇبالىغە قىلىشقا ۋە توقۇلما قىلىشقا بولىدۇ؛ ⑥«كىيىم - كېچەك مىللەتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى» ناملىق ماقالە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا كىيىم - كېچەكنىڭ بىر مىللەتنى تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن باشقا مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم سىمۋوللۇق بەلگە ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۇنى ئەتىۋارلاپ، قەدىرلەپ كىيىشنى داۋاملاشتۇرۇش ھەمدە زامانغا لايىقلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان؛ ⑦«ھەۋزىخان خاراكتېرى — ھەقىقىي رېئالىزملىق روھنىڭ مەھسۇلى» ناملىق ئوبرازدا ئاپتور خاراكتېر يارىتىشتا «ئىجابىي»، «سەلبىي»دىن ئىبارەت قېلىپنى بۇزۇپ تاشلاپ،

ئادەملەرنى مۇرەككەپ ھەم خاسلىققا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەشنى تەكىتلىگەن.

A.④⑥⑦　　B.②③⑦　　C.①④⑥　　D.②④⑤

**تۆۋەندە بېرىلگەن تېكىستنى ئوقۇپ 4~6 سوئاللارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.**

يەر شارىنىڭ قېلىن يېپىنچىسى ئاتموسفېرا:

يەر شارىنىڭ ئەتراپىنى قېلىن بىر قەۋەت يېپىنچا ــ ئاتموسفېرا ئوراپ تۇرىدۇ، ئىنسانلار ئەنە شۇ ئاتموسفېرا قاتلىمىنىڭ ئاستى قىسمىغا ئورۇنلاشقان. كۆرگىلى ۋە تۇتقىلى بولمايدىغان ئاتموسفېرا قاتلىمىدا خىلمۇخىل قىزىقارلىق تەبىئىي ھادىسىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بۇلار ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئاتموسفېرانىڭ تەركىبى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئوكسىگېن، ئازوتتىن باشقا يەنە ھىدروگېن، كاربون(VI) ئوكسىد، گېلىي، نېئون، ئارگون، كرىپتون، كسېنون، ئوزون قاتارلىق گازلار بار. ئازوت بىلەن ئوكسىگېن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھاۋا ئومۇمىي ھەجىمىنىڭ 78%ۋە 21% نى ئىگىلەيدۇ. باشقا گازلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى ھاۋا ئومۇمىي ھەجىمىنىڭ 1% ىگىمۇ يەتمەيدۇ.

ئاتموسفېرا قاتلىمىدا يەنە مۇئەييەن مىقداردا سۇ ۋە ھەر خىل چاڭ - توزان ئارىلاش ماددىلار بار، بۇلار بۇلۇت، يامغۇر، تۇمان، قارنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ماددىلاردۇر.

ئاتموسفېرادىكى ھاۋانى گەرچە كۆرگىلى بولمىسىمۇ، بىراق ماسسىسىنىڭ چوڭلۇقىغا ئادەم ھەيران قالىدۇ. ئالىملارنىڭ تەخمىنىي ھېسابلىشىچە، پۈتكۈل يەر شارىنىڭ ئەتراپىدىكى ھاۋانىڭ ئېغىرلىقى 500 مىليارد توننىدىن ئاشىدىكەن. ئەگەر ئادەم تېنىدە سىرتقا قارىتا بېسىم كۈچى بولمىغان بولسا، مىجىلىپ كەتكەن بولاتتى. يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئاتموسفېرا ماسسىسىنىڭ 9/10 قىسمى يەر يۈزىگە يېقىن بولغان 16 كىلومېتىر دائىرىدىكى ئاتموسفېرا قاتلىمىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ. يەر يۈزىدىن قانچە ئېگىزلىگەنسېرى ھاۋا شۇنچە شالاڭلاپ بارىدۇ.

يەر شارى ئاتموسفېراسىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 2~3 مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاتموسفېرانىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېگىزلىكلەردىكى ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، مېتېئورولوگلار ئاتموسفېرانى بىرقانچە قەۋەتكە ئايرىپ چىققان. يەر يۈزىگە ئەڭ يېقىن قەۋەت تىروپوسفېرا دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى ئوتتۇرا كەڭلىك رايونىدا 10~12 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئېكۋاتور رايونىدا 16~18 كىلومېتىر، ئىككى قۇتۇپ رايونىدا 7~10 كىلومېتىر كېلىدۇ. تىروپوسفېرانىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، تېمپېراتۇرا ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەيدۇ. يەر يۈزىدىن قانچە يىراق بولسا، تېمپېراتۇرا شۇنچە تۆۋەنلەيدۇ. تىروپوسفېرادىكى ھاۋادا كۈچلۈك بولغان ۋېرتىكال ۋە گورىزونتال كونۋېكسىيە ھەرىكىتى بولغانلىقتىن، سۇنىڭ ئۈچ خىل ھالەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بىر قاتار فىزىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىنى ھاسىل قىلىدۇ. شامال، قىرۇۋ، يامغۇر، قار، بۇلۇت، تۇمان، مۆلدۈر قاتارلىق ھەر خىل ئۆزگىرىشچان ھاۋارايى ھادىسىلىرى بۇ قەۋەتتە يۈز بېرىدۇ.

تىروپوسفېرادىن يۇقىرىغا قاراپ 50 كىلومېتىرغىچە بولغان بوشلۇق ستراتوسفېرا بولۇپ، بۇ جايدا ھاۋا شالاڭ، سۇ پارى ۋە چاڭ - توزان ئىنتايىن ئاز، ھاۋا ئېقىمى گورىزونتال ھەرىكەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى مۇقىم بولغانلىقى ئۈچۈن،

ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىغا ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ستراتوسفېرادىن يۇقىرىغا قاراپ 85 كىلومېتىرغىچە بولغان بوشلۇق مېزوسفېرا بولۇپ، بۇ قەۋەتتىكى تېمپېراتۇرا ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەيدۇ. ئەڭ ئېگىز ئورۇندىكى تېمپېراتۇرا تەخمىنەن نۆلدىن تۆۋەن 90 سېلسىيە گرادۇسقا يېتىدۇ. مېزوسفېرانىڭ يۇقىرى قىسمىدا ئاز مىقداردا سۇ تەركىبى بار، بەزىدە كۈمۈش رەڭ پارقىراق بۇلۇتنى كۆرگىلى بولىدۇ. 85 كىلومېتىردىن 500 كىلومېتىرغىچە بولغان قەۋەت تېرموسفېرا دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، تېمپېراتۇرا ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ يۇقىرىلاپ بارىدۇ. يەر يۈزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 400 كىلومېتىر بولغان يۇقىرى بوشلۇقتا تېمپېراتۇرا 3000～4000 سېلسىيە ئەتراپىدا، بۇ قەۋەتتىكى ئوكسىگېن ئاتومى بىلەن ئازوت ئاتومى ئىيون ھالىتىدە بولغانلىقتىن، ئىيونوسفېرا دەپ ئاتىلىدۇ. يەر يۈزىدىكى مەلۇم جايدىن كەلگەن رادىيو دولقۇنلىرى ئىيونوسفېرانىڭ قايتۇرۇشى ئارقىلىقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلالايدۇ.

تېرموسفېرانىڭ يۇقىرىسى ئاتموسفېرانىڭ سىرتقى قەۋىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىنقى چېگراسى 800～1000 كىلومېتىر ئەتراپىدا، ئۈستۈنكى چېگراسى 3000 كىلومېتىرغىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ جاي يەر شارى ئاتموسفېراسى بىلەن يۇلتۇزلار ئارا بوشلۇقنىڭ ئۆتكۈنچى بەلۋېغىدۇر. بۇ قەۋەتتە ھاۋا ئىنتايىن شالاڭ، تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغانلىقتىن، يۇقىرى سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىدىغان بىر قىسىم ھاۋا مولېكۇلالىرى ۋە ئاتوملىرى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىدىن ئىرىشىپ قۇتۇلۇپ ئالەم بوشلۇقىغا قېچىپ بارىدۇ، شۇڭا بۇ قەۋەت تارىلىش قەۋىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

4. تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. ئاتموسفېرانىڭ تەركىبى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئازوت بىلەن ئوكسىگېن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھاۋا ئومۇمىي ھەجىمىنىڭ % 78 ۋە % 21نى ئىگىلەيدۇ

B. ئاتموسفېرادىكى ھاۋانىڭ ماسسىسى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، پۈتكۈل يەر شارىنىڭ ئەتراپىدىكى ھاۋانىڭ ئېغىرلىقى 500 مىليارد توننىدىن ئاشىدىكەن

C. ئاتموسفېرا قاتلىمىدا ھاۋا ئومۇمىي ھەجىمىنىڭ %1 نى‌مۇ يەتمەيدىغان ھەر خىل گازلار بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى خىلمۇخىل ھاۋارايى ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم ماددىلاردۇر

D. يەر يۈزىگە ئەڭ يېقىن بولغان تىروپوسفېرا قەۋىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، تېمپېراتۇرا ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەيدۇ.

5. تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، تۆۋەندە ئېيتىلغانلارنىڭ توغرىسى: ( )

A. تىروپوسفېرانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى ستراتوسفېرا بولۇپ، بۇ جايدا ھاۋا زىچ، سۇ پارى ۋە چاڭ - توزان ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىغا تازا مۇۋاپىق كېلىدۇ

B. مېزوسفېرا قەۋىتىنىڭ تىروپوسفېرا قەۋىتىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ جايدا ئېگىزلىكنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ تېمپېراتۇرىمۇ يۇقىرىلاپ بارىدۇ

C. تېرموسفېرا قەۋىتىدە ئوكسىگېن ئاتومى بىلەن ئازوت ئاتومى ئىيون ھالىتىدە بولغانلىقتىن، ئىيونوسفېرا دەپمۇ ئاتىلىدۇ

D. تېرموسفېرانىڭ يۇقىرىسى ئاتموسفېرانىڭ سىرتقى قەۋىتى بولۇپ، بۇ قەۋەت ئاساسەن ئاتموسفېرانىڭ سىرتىغا جايلاشقان

6. تۆۋەندىكىلەردىن تېكىست مەزمۇنىغا ماس كەلمەيدىغىنى: (　　)

A. يەر شارىنىڭ ئەتراپىنى قېلىن بىر قەۋەت يېپىنچا ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ يېپىنچا قەۋىتى ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ

B. تېرموسفېرانىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى ئوتتۇرا كەڭلىك رايونىدا 10~12 كىلومېتىر، ئېكۋاتور رايونىدا 16~18 كىلومېتىر، ئىككى قۇتۇپ رايونىدا 7~10 كىلومېتىر كېلىدۇ

C. يەر شارى تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە ئاتموسفېرا ماسسىسىنىڭ زور كۆپ قىسمى يەر يۈزىگە يېقىن بولغان 16 كىلومېتىر دائىرىدىكى ئاتموسفېرا قاتلىمىغا مەركەزلەشكەن، بۇ جايدا ھاۋانىڭ زىچلىقى ناھايىتى يۇقىرى

D. تىروپوسفېرادىكى ھاۋادا كۈچلۈك بولغان ۋېرتىكال ۋە گورىزونتال كونۋېكسىيە ھەرىكىتى بولىدۇ. بۇ سۇنىڭ ئۈچ خىل ھالەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەر خىل ئۆزگىرىشچان ھاۋارايى ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ

7. ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (　　)

A. «ئىنسان قەلبى ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە تولغان. ئۇنىڭ مېھرى ئالەمنى ئىللىتىپ، كىشى ئەقلىنى لال قىلىدۇ...» دېگەن جۈملىدە ئۈچ ئورۇندا تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن. تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش، قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلمىگەن

B. ئۇيغۇر تىلىدا ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئى، ئې»لار بىلەنلا تۈزۈلگەن بارلىق سۆزلەرگە قارىتا ئېيتقاندا تەركىبىدە «ك، گ» تاۋۇشلىرى بولسا، قوشۇمچىنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن شەكلى ئۇلىنىدۇ

C. «دانىشمەن ۋە ئالىملارنىڭ خىسلەتلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىش، ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، يامان ئادەتنى يوقىتىدۇ.» دېگەن جۈملىدە تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى تۆت ئورۇندا كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئورۇندىكى«ئە» تاۋۇشىنىڭ بىرى «ئې» تاۋۇشىغا، يەنە بىرى «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان. ئىككى ئورۇندىكى «ئا» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان

D. ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشتا پەيدا بولىدىغان تەلەپپۇزدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يېزىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ

8. ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسى ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (　　)

A. «تەكەببۇرلۇق ھېچبىر ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى زىيادە قىلمايدۇ» دېگەن جۈملىدىكى جۈپ سۆز ئىككى مەنىداش سۆزنىڭ قاتار ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلگەن. جۈملىدە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆز يوق

B. «كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى تىلدۇر ۋە ئول خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى تىلدۇر» دېگەن مىسرادىكى «قۇلۇپ، ئاچقۇچ، خەزىنە» دېگەن سۆزلەر كۆچمە مەنىدە قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدۇ

C. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى ئارىسىدا مۇئەييەن باغلىنىش بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل باغلىنىش بولمىسا ئۇنداق سۆزلەر ئارىسىدا ئەسلىي مەنە ۋە كۆچمە مەنە مۇناسىۋىتىمۇ بولمايدۇ

D. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئوخشىمىغان تىل شارائىتىدا ئوخشىمىغان مەنە بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر سۆز دەپ قاراشقا بولمايدۇ

9. مورفولوگىيە ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن تولۇق گۇرۇپپىلانغان توغرىلىرى: ( )

①سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەي، مەلۇم گىراماتىكىلىق مەنە قوشىدىغان قوشۇمچە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ يېزىلىدۇ.

②«ياخشىلار بىلەن سۆھبەتتە بولساڭ ئىشلىرىڭ ياخشىلىقتىن روناق تاپار» دېگەن جۈملىدە سۈپەتتىن ئىككىسى بار بولۇپ، ھەر ئىككى سۈپەت ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغان.

③«باشقىلارنىڭ ئەيىبىگە نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭ ئىبرەت ئال» دېگەن جۈملىدە ئۈچ ئالماش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى كۆرسىتىش ئالمىشى، بىرى شەخس ئالمىشى، يەنە بىرى ئۆزلۈك ئالمىشىدۇر.

④«ئاۋۋال بىلىپ، ئاندىن سۆزلە، ئاۋۋال تېپىپ، ئاندىن خەجلە» دېگەن بۇ جۈملىدە جەمئىي سەككىز سۆز بار بولۇپ، بۇلاردىن تۆتى پېئىل. بۇ پېئىللارنىڭ ئىككىسى شەخسلىك پېئىل، ئىككىسى شەخسسىز پېئىلدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۆت رەۋىش بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىت رەۋىشىدۇر.

⑤«راستچىللىقنىڭ شېرىن ئىكەنلىكىنى تېتىمىغان ياكى تېتىشنى خالىمىغان كىشى ئۇنى سۆيمەيدۇ» دېگەن جۈملىدە ياسالما سۆزدىن ئىككىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ياردەمچى سۆزدىن ياسالغان.

⑥«بىلىمىم كۆپەيسۇن دېسەڭ كۆپ كىتاب كۆر.» دېگەن جۈملىدىكى ئىككى ئىسىمنىڭ بىرىگە تەۋەلىك قوشۇمچىسى ئارقىمۇئارقا قوشۇلغان.

A.①③⑥ B.①③④ C.②③⑤ D.③⑤⑥

10. سىنتاكسىس ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: ( )

A. «ئەگەر ھايات ئالدىسا سېنى،
زەخمەت چەكمە بولما بىئارام.
تىنچلانماق لازىم قايغۇدا،
قۇۋناق كۈنلەر كېلىدۇ ھامان».

دېگەن شېئىرىي پارچىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى مىسراسى مەزمۇن جەھەتتىن باش جۈملە بولۇپ، تۈزۈلۈش جەھەتتىن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىدۇر

B. «ئىدىيە تەشەببۇسى ئوخشاش بولمىسا، پىكىر ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ.» دېگەن جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتىن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، باش جۈملىسى ئىگىلىك، تولۇق، يېيىق ئاددىي جۈملىدۇر

C. «ياخشىلىق بىلەن سېخىيلىق ئاتا بىلەن ئانىغا ئوخشايدۇ» دېگەن جۈملىدە ئىككى ياسالما ئىسىم تەڭداش باغلىنىشتا كېلىپ ئىگە بولغان

D. «شېرىن - شېكەر سۆزلەر ئادەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى نابۇت قىلىدۇ. كىچىك

ئىشلاردا ئۆزىنى تۇتالمسا، چوڭ ئىشلارنى بۇزۇپ قويىدۇ» دېگەن جۈملە ئۈچ ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، كېيىنكى ئىككى ئاددىي جۈملىسى ئىگىسىز ئاددىي جۈملىدۇر

## ئىمتىھان قەغىزى II

II **بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ** (ھەربىر بوش ئورۇنغا بىردىن، جەمئىي ئون نومۇر بېرىلىدۇ)

11. كىشىدە ئىككى ئات، بۇ تىلدا يۈيۈر،
بىر ياخشى، بىر ئەسكى جاھاندا قالۇر.
بالا - زورلۇق ۋاقتىدا قىل ياخشىلىق،
تىلىڭ ھەم قولۇڭدىن يۈيۈنسۇن خەلق.

بۇ شېئىرىي پارچە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ (　　　　)شەكلىدە يېزىلغان. بۇ خىل شېئىرلارنىڭ قاپىيەلىنىش شەكلى (　　　　)بولىدۇ. (ئىككى نومۇر)

12. «ئېتىمولوگىيە» (سۆز تېگى، سۆز كۆكى ئىلمى) ئەسلىي قەدىمكى گىرېكچە سۆز بولۇپ، سۆزلەرنىڭ ئېتىنىك مەنبەلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ (　　) ۋە (　　) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. (ئىككى نومۇر)

13. سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئاچچىق كۈز شاملى سېرىق ياپراقلارنى شاخلاردىن قېقىپ چۈشۈرۈپ، قۇملارنى ئۇچۇرۇپ، نېمىگىدۇر نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتقان ئانا تۇپراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماقتا ئىدى.

بۇ پارچىدا ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن (　　　　)، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن (　　　　) بىلەن (　　　　) قوللىنىلغان.

14. كەچكى شەپەق جۇلالىنىشقا باشلىدى. دەرەخ ئۇچلىرىغا قىزغۇچ جىيەك تۇتۇلۇشى بىلەن دەرەخ تۈۋى سۇس قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم بولدى. تولۇنئاي قۇياش ئورنىدا بالقىشقا تەييارلاندى. دەرەخلەرنىڭ ئەڭ ئېگىز شاخلىرىغا چۈشۈپ تۇرغان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىمۇ خىرەلەشتى.

پارچىدا ياسالما سۈپەتتىن ئىككىسى بار بولۇپ (　　　　)، (　　　　) دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت. پارچىدىكى ئاستى سىزىلغان بىرىكمە بېقىندى باغلىنىشنىڭ (　　　　) مۇناسىۋىتىدە باغلانغان.

III **كۆنۈكمە ئىشلەش سوئالى**(20 نومۇر)

15. تۆۋەندىكى كىلاسسىك شېئىرلاردىن ئېلىنغان پارچىلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى يېزىڭ. (ھەربىر تارماققا ئىككىدىن، جەمئىي تۆت نومۇر بېرىلىدۇ)

1. ئەلگە شەرەف بولمادى جاھۇ نەسەف
لىك شەرەف كەلدى ھەياۋۇ ئەدەپ

2. بەگىمىسىنمەيۈك بەگ بولسار بەلتىر سايۇ بەلگە سالۇر،
ئاتا قىمسىنما يوق ئاتىغ بولسا ئارت سايۇ مايافا يۇر.

16. تەلەپلەر بويىچە جۈملە تۈزۈڭ: (سەككىز نومۇر)

1) كېچە مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ «يۇلتۇز» دېگەن سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئوخشىتىش قوللىنىلغان ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە تۈزۈڭ. (ئۈچ نومۇر)

2) تاڭ سەھەردىكى مەيىن شامالنى تەسۋىرلەپ، جانلاندۇرۇش قوللىنىلغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ. (ئۈچ نومۇر)

3) ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ شەخسسىز پېئىل بولغان ئاددىي جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ (بەش نومۇر).

17. تۆۋەندىكى پارچىلارغا ئاساسەن تەلەپنى ئورۇنلاڭ (بەش نومۇر)

1) «تۇۋى يۇمشىتىلىپ ئوبدان ئوغۇتلانغان، تازا ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ سۇغىرىلغان يەرلەرگە تېرىلغان گۈل ئۇرۇقى تېزلا ئۈنۈپ چىققىنى بىلەن بوران - چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى يېزىڭ. (ئىككى نومۇر)

2) «تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا دەريا ئېقىنى 320 كىلومېتىر قىسقىراپ كەتتى. سۇ يۈزى(كۆللەر) 50 يىل ئىلگىرى 9700 كىۋادرات كىلومېتىر ئىدى، ھازىر 4748 كىۋادرات كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالدى. دېمەك، كۆللەر %49 كىچىكلەپ كەتتى».

تەلەپ: بۇ پارچىدىكى مەزمۇننى لىرىكا ئارقىلىق ئىپادىلەڭ. (ئۈچ نومۇر)

18. «ئۇيغۇرلار كېسەلنى تاماق بىلەن داۋالاشتا، كېسەلگە مۇۋاپىق تاماقنى ئۈچكە بۆلىدۇ: ①غىزايى مۇتلەق: ئوزۇقلۇق رولىنىلا ئوينايدىغان يېمەكلىكلەردۇر؛ ②داۋائى غىزايى: ئالدى بىلەن داۋالاش رولىنى، كېيىن ئوزۇقلۇق رولىنى ئوينايدىغان داۋالىق يېمەكلىكلەردۇر؛ ③غىزايى داۋائى: ھەم ئوزۇقلۇق، ھەم داۋالىق رولىنى ئوينايدىغان يېمەكلىكلەردۇر».

تەلەپ: ئۇيغۇرلاردىكى يۇقىرىقىدەك ئادەت ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ قايسى تۈرىگە تەۋە؟ نېمە ئۈچۈن؟

Ⅳ **تەھلىل قىلىش سوئالى**(15 نومۇر)

19. تۆۋەندە بېرىلگەن پارچىنى ئوقۇپ، سوئال تەلىپىنى ئورۇنلاڭ. (يەتتە نومۇر)

— مەن يەڭدىم! يالغۇز بىر ئۆزۈم پۈتكۈل زور قوشۇننى يەڭدىم! جانىجان قەبىلىلىرىم، ئانىجان تۇپرىقىمنىڭ رىزقىغا چاڭ سالغۇچى ئاچ كۆز ياغى! ئەنە كۆر، بۇ - ئۇلۇغ تەكلىماكان قۇملۇقى، سەن ھازىر دەل شۇ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتىسەن. تۆت تەرەپنىڭ قايسىسىغا ماڭساڭمۇ، بەرىبىر يەتتە كۈنلۈكتىن ئارتۇق يول. ئوزۇقۇڭ، سۇيۇڭ تۈگىدى. ئەمدى خالىغان تەرەپكە ماڭ، بەرىبىر ھالاك بولىسەن. مېنى ۋەدەڭگە ئەمەل قىلمىدىڭ دەمسىنا! مەن ئۆز خەلقىم، ئانا ۋەتىنىم ئالدىدا قىلغان ۋەدەمگە ئەمەل قىلدىم!...

1) بۇ پارچە كىمنىڭ، قايسى ئەسىرىدىن ئېلىنغان؟ (ئىككى نومۇر)

2) بۇ پارچە ئېلىنغان ئەسەر تارىخىي ھېكايە، سىزنىڭچە تارىخىي ھېكايىلەر قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ (ئىككى نومۇر)

3) سۆزلىگۈچىنىڭ «ئەمەل قىلمىغان ۋەدىسى» قايسى؟ ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماسلىق سەۋەبىدىن گۇناھكار ھېسابلانسا بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

(ئۈچ نومۇر)

20. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ. (سەككىز نومۇر)

## ئەجەللىك ئازدۇرۇش

ئېسكىموسلارنىڭ بۆرە ئوۋلاش ئۇسۇلى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئۇسۇل بەكمۇ ئالاھىدە ھەم ناھايىتى ئۈنۈملۈك.

قەھرىتان قىش پەسلىدە ئۇلار ئۆتكۈر پىچاقلىرىغا بىر قەۋەت ئىسسىق ھايۋانات قېنىنى سۈركەيدۇ. بۇ قانلار قاتقاندىن كېيىن ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت ئىسسىق قاننى سۈركەيدۇ، بۇ قەۋەت قاتقاندىن كېيىنمۇ يەنە قايتا - قايتا ئىسسىق قاننى سۈركەيدۇ... مۇشۇنداق قايتا - قايتا سۈركەشتىن قاتقان قان بىلەن پىچاق چىڭ ئورىلىدۇ، كېيىنكى قەدەمدە ئېسكىموسلار پىچاقنى يەرگە تەتۈر سانجىيدۇ، دەستىسىنى يەردىكى ئورەككە مۇستەھكەم چىڭ ئورنىتىپ، پىچاق بىسىنى ئاسمانغا قارىتىپ قويىدۇ. بۆرىلەر قان ھىدىنى پۇراپ بۇنداق پىچاقلارنى تاپقاندا، روھلىنىپ پىچاق ئۈستىدىكى قاتقان قانلارنى يالاشقا باشلايدۇ. ئىبرگەن قانلار باشقىچە پۇراق چىقىرىدۇ، قاننىڭ غىدىقلىشى بىلەن ئۇلار يالىغانچە تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ كۈچ بىلەن يالايدۇ. بىلىپ - بىلمەي قان پاك - پاكىز يالىنىپ، ئۆتكۈر پىچاق بىسى كۆرۈنۈپ چىقىدۇ. بىراق بۇ چاغدا بۆرە ئالالقاچان قانخورلىشىپ ئەسەبىيلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار قان ھىدىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن تىلىنىڭ كېسىلگەندىكى ئاغرىقنىمۇ ھېس قىلماستىن، ئۆتكۈر پىچاق بىسىنى بار كۈچى بىلەن يالايدۇ. شىمالى قۇتۇپنىڭ سوغۇق كېچىسىدە بۆرە يالاۋاتقىنىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى ئىكەنلىكىنى قەتئىي بىلمەي قالىدۇ. ئەكسىچە تېخىمۇ ئاچ كۆزلىشىپ، تىلىنىڭ ھەرىكىتى تېخىمۇ تېزلىشىدۇ. قان توختىماستىن چىقىپ، تاكى ئۇ قانسىراپ قارغا يىغىلغۇچە داۋاملىشىدۇ.

1) ئېسكىموسلارنىڭ بۆرە ئوۋلاش تەدبىرىگە قانداق مەنتىقە يوشۇرۇنغان؟ (ئۈچ نومۇر)

2) بۆرىنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبىنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈڭ. (ئۈچ نومۇر)

3) ①ئېسكىموسلارنىڭ بۆرە ئوۋلاش تەدبىرىگە ماس كېلىدىغان تۇراقلىق ئىبارىدىن بىرنى، ②بۆرىنىڭ ھالاكەتكە ئۇچراش سەۋەبىگە ماس كېلىدىغان تۇراقلىق ئىبارىدىن بىرنى يېزىڭ. (ئىككى نومۇر)

V **تاللاپ جاۋاب بېرىش سوئالى**(20 نومۇر)

21~22 - سوئاللاردىن خالىغان بىرىنى تاللاپ جاۋاب بېرىڭ. قايسى سوئالنى تاللىسىڭىز، جاۋاب يېزىش كارتوچكىسىدىكى شۇ سوئالنىڭ ماس ئۇچۇر نۇقتىسىنى بوياپ، ئاندىن جاۋاب يېزىڭ.

دىققەت: قايسى سوئالنى تاللىسىڭىز، شۇ سوئالنىڭ ماس ئۇچۇر نۇقتىسىنى بوياپ، ئاندىن جاۋاب يېزىڭ.

**ئەدەبىي ئەسەر قىسمى**

21. تۆۋەندە بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ:

## كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ساختا پۇل

ئۇ قولىدىكى 20 يۈەنلىك ساختا پۇلغا قاراپ، قايسى دۇكاندىن مال سېتىۋالغاندا قايتۇرۇلغان پارچە پۇللار ئارىسىغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالالماي، كۆيدۈرۈۋەتمەكچىمۇ بولدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇ ناھايىتى 20 يۈەنغۇ؟! بىراق ئۇ يەنىلا ئويلاپ قالدى: «نېمىشقا كۆيدۈرۈۋەتكۈدەكمەن؟ باشقىلار خەجلىسە بولىدىكەنغۇ، مەن خەجلىسەم بولمامدىكەن؟»

شۇنداق قىلىپ، ئۇ بۇ پۇلنى نەچچە قېتىم خەجلىۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، چېنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ يەنىلا بۇ پۇلنى خەجلىگۇسى بار ئىدى، ئاخىر ساختا پۇلنى بىر ئامال قىلىپ كەچلىك بازاردا خەجلىۋەتمەكچى بولدى.

بىر كۈنى كېچىدە ئۇ تار رەستىدىكى باس - باس بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ بىر قاچا چۆچۈرە بۇيرۇتتى. ئەمما ئۇ چۆچۈرە بەك قىزىق بولغاچقىمۇ ياكى ھودۇقۇپ كەتكەچكىمۇ، چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتتى. ئۇ چاپىنىنى سېلىپ ئورۇندۇققا ئارتىپ قويدى. بىر قاچا چۆچۈرىنى ھاپىلا - شاپىلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىكى ھېلىقى 20 يۈەنلىك ساختا پۇلنى چىقىرىپ غوجايىنغا تەڭلىدى:

— ئىشىم بەك ئالدىراشتى، ئاشقىنىنى تېزراق قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز بوپتىكەن، ئاچا.

50 ياشلاردىن ھالقىغان ئايال غوجايىن قولىنى پەشتامىسىغا ئالمان - تالمان سۈرتتى - دە، ھېلىقى 20 يۈەننى ئېلىپ، پۇلنىڭ ئالدى - ئارقىسىغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئاشقىنىنى دەرھال قايتۇردى.

ئۇ ئاشقان پۇلنى ئېلىپلا ئاشپۇزۇلدىن چىقتى - دە، ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي يۈرۈپ كەتتى. ئەمما 30 قەدەمچە ماڭماي ئارقىسىدىن بىرەيلەننىڭ: «ھەي مېھمان، توختاپ تۇرۇڭە!» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ: «ئاپلا ئايال غوجايىن پۇلنىڭ ساختىلىقىنى بىلىپ قېلىپ قوغلاپ چىققان ئوخشايدۇ!» دەپ ئويلاپ، ئاڭلىمىغانغا سېلىپ مېڭىۋەردى. ئەمما ئايال غوجايىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگىنىچە توۋلىغىلى تۇردى. ئەمدى توختىماي ئامال يوق ئىدى.

— ۋىيەي يەلتاپاندەكلا ماڭىدىكەنسىز، ھەش-پەش دېگۈچە ئۇزاپ كەتكىنىڭىزنى قارىمامدىغان! — دېدى ئايال غوجايىن، — ھېلىمۇ ۋاقتىدا كۆرۈپتىمەن... قارىڭە، چاپىنىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپسىز...

ئۇ بايا ئاشپۇزۇلغا كىرگەن چاغدا ئۇچىسىدىكى چاپىنىنىڭ مانا ئەمدى ئايالنىڭ قولىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— قاراپ بېقىڭ، يانچۇقىڭىزدىكى نەرسىلەر ساقمىكەن؟ — دېدى ئايال غوجايىن.

ئۇ، چاپان يانچۇقىدىكى كىملىك ۋە بايىلا ئالغان 800 يۈەن مائاشىنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ دېدى:

— رەھمەت، ئاچا.

— ئۇكام، پۇل تاپماقنىڭ تەسلىكىدە ئۇنداق بىخەستەلىك قىلماڭ!

قانداقتۇر بىر خىل تۇيغۇدىن ۋۇجۇدى تۇيۇقسىز ئىللىغان بۇ خېرىدار يانچۇقىدىن 20 يۇەننى چىقىرىپ ئايال غوجايىنغا تەڭلىدى:

— رەھمەت ئاچا، بۇ مېنىڭ ئازراق كۆڭلۈم.

— كۆڭلىڭىز تېگىل بولدى، ئۇكام، ئەمما پۇلىڭىزنى ئالالمايمەن.

— ئەمسە، بايا مەن سىزگە بەرگەن كونا پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىڭ، ماۋۇ يېڭىسىنى ئېلىڭ.

— ياقەي، كونىسىمۇ، يېڭىسىمۇ ئوخشاشلا پۇلغۇ!

— ھە... بۇ... مۇنداق ئىش ئىدى. ئېسىم قۇرۇسۇن، ئۇ پۇلغا مۇھىم بىر تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ قويۇپتىكەنمەن دەڭە...

— ھە، ئۇنداق يېرى بولسا بوپتۇ ئەمسە، ئۇ پۇلنى سىزگە قايتۇرۇپ بېرەي.

ئايال غوجايىن ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ يانچۇقىدىن چاقماقنى ئېلىپ ياندۇردى - دە، ھېلىقى 20 يۇەنلىك ساختا پۇلنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

1) تېكىست ھەققىدە توغرا ئېيتىلغان ئىككى تۈر: (تۆت نومۇر)

A. ئەسەردىكى «ئۇ»نىڭ 20 يۇەنلىك ساختا پۇلنى بىلمەي ئېلىپ قالغاندىن كېيىنكى ھېسسىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ مۇنداق ئىپادىلەشكە بولىدۇ: كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولۇش - خەجلىمەكچى بولۇش - خەجلىۋېتىش - قايتۇرۇۋېلىش - كۆيدۈرۈۋېتىش

B. بۇ ئەسەردە تەرتىپلىك بايان بىلەن قىستۇرما بايان بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىلغان. ئۈچىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتا دىيالوگ شەكلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان

C. ئەسەردىكى «ئۇ»نىڭ ساختا پۇلنى خەجلىۋېتىش ئۈچۈن كېچىنى، تار رەستىدىكى باس - باس ئاشپۇزۇلنى، 50 ياشتىن ھالقىغان ئايال غوجايىننى تاللىشىدا ئالاھىدە سەۋەب بولماسلىقى مۇمكىن

D. ھېكايىدە 20 يۇەنلىك ساختا پۇل يىپ ئۆچى قىلىنىش ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پايدا - مەنپەئەت ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى تەنقىد قىلغان

E. بۇ ئەسەردە ئاپتور يەنە خەلق پۇلىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتەك بىر قىسىم ئىللەتلەرنىمۇ قاتتىق قامچىلىغان. مەسىلەن، خەلق پۇلىغا تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ قويۇش، خەلق پۇلىنى كۆيدۈرۈۋېتىش دېگەندەك...

2) ئەسەردىكى ئاشخانا غوجايىنىنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان كونكرېت جۈملىلەرنى يېزىپ چىقىڭ ۋە شۇ جۈملىدە ئۇنىڭ قانداق خاراكتېرىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇڭ. (بەش نومۇر)

3) سىزنىڭچە بۇ ئەسەر قانداق ژانىردىكى ئەسەر، نېمە ئۈچۈن؟ (بەش نومۇر)

4) ئەسەردىكى «ئۇ» 20 يۇەنلىك ساختا پۇلنى كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن باشقا يەنە نېمىلەرنى «كۆيدۈرۈۋەتتى»؟ (ئالتە نومۇر)

قوللىنىش تىپىدىكى ئەسەر

22. تۆۋەندە بېرىلگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ، سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ:

## ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ مۇستەھكەم قورۇلما — چىش

كىچىككىنە چىش ئادەتتە 30~45 كىلوگىراملىق كۈچكە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئۇ ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ مۇستەھكەم قورۇلما، شۇنداقلا ئادەم ئورگانىزمى زاۋۇتىنىڭ يېمەكلىكلەرنى مېخانىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلىشىدىكى مۇھىم ئۈسكۈنە، ئۇنىڭ يەنە ئاۋاز چىقىرىشقا ياردەم بېرىش ۋە چىرايىنىڭ تاشقى شەكلىنى ساقلاش رولى بار.

ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئىلگىرى - كېيىن ئىككى قېتىم چىش چىقىدۇ. تۇغۇلۇپ ئالتە ئاي ئۆپچۆرىسىدە سۈت چىشى چىقىدۇ. سۈت چىشى 20 تال ئەتراپىدا بولۇپ، ئاستى - ئۈستىدە ئون تالدىن بولىدۇ. 6~7 ياشتىن باشلاپ سۈت چىش بىر - بىرلەپ چۈشۈپ تۇراقلىق چىش چىقىدۇ، 14 ياش ئۆپچۆرىسىگىچە 28 تال تۇراقلىق چىش چىقىپ بولىدۇ. شۇڭا قۇرامىغا يەتكەن ئادەمنىڭ 32 تال تۇراقلىق چىشى بولۇپ، ئاستى - ئۈستىدە 16 دىن بولىدۇ. يەنە بەزىلەرگە ئۆمۈر بويى ئەقىل چىشى چىقمايدۇ، شۇڭا تۇراقلىق چىشنىڭ 28دىن 32 گىچە بولۇشى نورمال ئەھۋال.

چىش تاشقى شەكلى ۋە رولىغا ئاساسەن، ئۇدۇل چىش، قوزۇق چىش، ئىككى ئۇچلۇق چىش ۋە ئېزىق چىش دەپ ئايرىلىدۇ. ئۇدۇل چىش يېمەكلىكلەرنى چىشلەشكە، قوزۇق چىش ئاساسلىقى يېمەكلىكلەرنى ئۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ، ئىككى ئۇچلۇق چىش يېمەكلىكلەرنى چايناشقا، ئېزىق چىش يېمەكلىكلەرنى ئېزىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار ئىش تەقسىم قىلىشىپ ھەمكارلىشىپ، چايناش، ئېزىش ۋەزىپىسىنى بىرلىكتە ئورۇندايدۇ.

ھەربىر چىش يەنە چىش تاجى، چىش بويىنى، چىش يىلتىزىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىدۇ. چىش تاجى دېگىنىمىز ئېغىز بوشلۇقىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىنى، چىش يىلتىزى دېگىنىمىز ئۈستۈنكى - ئاستىنقى تاڭلايدىكى چىش ئوقۇرىغا پېتىپ تۇرىدىغىنىنى، چىش بويىنى دېگىنىمىز چىش يىلتىزى بىلەن چىش تاجى ئوتتۇرىسىدىكى سەل ئىنچىكە قىسمىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ سىرتقى قىسمىنى چىش مىلىكى ئوراپ تۇرىدۇ.

چىش تاجىنىڭ سىرتقى يۈزىدە بىر قەۋەت پارقىراق، سۈزۈك ئېمال ماددىسى بار، ئۇ ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ مۇستەھكەم ماددا. قاتتىقلىق دەرىجىسى كۋارتسقا يېقىنلىشىدۇ. چىش يىلتىزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بوشلۇق چىش بوشلۇقى دەپ ئاتىلىدۇ. چىش بوشلۇقىدا نۇرغۇن قان تومۇرلار ۋە نېرۋا قاتارلىق چىش يىلىكى توقۇلمىلىرى بار. شۇڭا، چىشنى قۇرۇت يەپ چىشنىڭ يىلىكىگە يەتكەندە چىش ناھايىتى قاتتىق ئاغرىيدۇ. چىش ئەتراپىدىكى توقۇلمىلار چىش ئەتراپى توقۇلمىسى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ چىش ئەتراپى پەردىسى، چىش ئوقۇرى سۆڭىكى ۋە چىش مىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چىش ئەتراپى توقۇلمىسى چىشنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە چايناش بېسىمىنى ئازايتىش رولىنى ئوينايدۇ.

چىشنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدا كېسەللىكلەر كۆرۈلىدۇ. چىش مىلىكى قىسمىدا ئاسانلا چىش ئەتراپى ياللۇغى پەيدا بولۇپ، چىش مىلىكى قانايدۇ، چىش ئەتراپى يىرىڭلايدۇ، چىش بوشايدۇ. چىش تاجى قىسمىدا چىشنى قۇرۇت يەپ ئادەمنى ئازابلايدۇ. شۇڭا ياش - ئۆسمۈرلۈك مەزگىلدە ئېغىز بوشلۇقى تازىلىقىغا دىققەت قىلىپ، ھەر كۈنى

ئەتىگەن ـ كەچتە چىش چوتكىلاش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، چىش كىسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

1) تېكىست ھەققىدە توغرا ئېيتىلغان ئىككى تۈر: (تۆت نومۇر)

A. بۇ بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى، لېكىن ئۇنىڭدا باشقا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىمۇ مۇۋاپىق قوللىنىلغان

B. «چىش ئادەم ئورگانىزمى زاۋۇتىنىڭ يېمەكلىكلەرنى مېخانىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلىشىدىكى مۇھىم ئۈسكۈنە» دېگەن جۈملىدە ئىككى قاتلاملىق ئوخشىتىش بار بولۇپ، ھەر ئىككى قاتلامدا چىشنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن

C. «ئۇلار ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ ھەمكارلىشىپ، چايناش، ئېزىش ۋەزىپىسىنى بىرلىكتە ئورۇندايدۇ» دېگەن جۈملىدە چىشنى چۈشەندۈرۈشتە ئادەملەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، مۇنداق قىلىش چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە خىلاپ بولىدۇ

D. «چىش بوشلۇقىدا نۇرغۇن قان تومۇرلار ۋە نېرۋا قاتارلىق چىش يىلىكى توقۇلمىلىرى بولغانلىقتىن، چىشنى قۇرت يەپ چىش يىلىكىگە تەسىر قىلغاندا چىشنىڭ قاتتىق ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز» دېگەن بۇ پارچىدا چىش ئاغرىشىنىڭ سەۋەبى ئىلمىي چۈشەندۈرۈلگەن

E. بەزى ئادەملەرگە ئەقىل چىشى چىقمايدۇ، بۇ، شۇ ئادەمنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ

2) تېكىستتە چىشنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى مۇستەھكەم قۇرۇلما ئىكەنلىكى قايسى نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈلگەن؟ (بەش نومۇر)

3) تېكىست مەزمۇنىغا قارىغاندا چىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئائىت ئۇچۇرلارنى ئانچە تولۇق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، سىزنىڭچە چىش كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يەنە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ (بەش نومۇر)

4) تېكىستتە قوللىنىلغان چۈشەندۈرۈش تەرتىپى ۋە ئاساسلىق چۈشەندۈرۈش ئۇسۇللىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ. (ئالتە نومۇر)

VI **يېزىقچىلىق سوئالى**

23. تۆۋەندىكى ماتېرىيالنى ئوقۇپ يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ. (55 نومۇر)

ئامېرىكا يەر شارى تىل تەتقىقات ئورنى يېقىندا 21 ـ ئەسىردىكى «يەر شارى خاراكتېرلىك ئون چوڭ خەۋەر» نى ئېلان قىلغان. جۇڭگونىڭ ئىقتىساد ۋە سىياسىي جەھەتتە چوڭ دۆلەت سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈشى ھەققىدىكى خەۋەرلەر بىرىنچى ئورۇنغا تىزىلىپ، يېڭى ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ خەۋەر دەپ قارالغان. مەزكۇر تەتقىقات ئورنىنىڭ دۇنيادىكى 750 مىڭ ئاساسلىق گېزىت ـ ژۇرنال، ھەدىيەلەر ۋە ئىنتېرنېت تورىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە دائىر ئاخبارات خەۋەرلىرى 300 مىليون قېتىمغا يەتكەن.

جۇڭگودىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەردە ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش دەپ قاراشقا ئەرزىيدىغانلىرى قايسىلار؟ «جۇڭگودىكى ياشلار گېزىتى» ۋە «سىنا تورى» بۇ ھەقتە جۇڭگو پۇقرالىرى ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە گەۋدىلىك دەپ قارالغانلىرى «ئىقتىسادىي مۆۋەپپەقىيەت»، «خەلقئارالىق تەسىر»، «خەلق تۇرمۇشىنىڭ

ياخشىلىنىشى» ، «پەن - تېخنىكا سەۋىيەسى» ، «شەھەرلىشىش مۇساپىسى» ، «ئېچىۋېتىش دەرىجىسى» قاتارلىقلار بولغان.

جۇڭگودىكى مۇشۇ ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە سىزنىڭ ئاڭلىغان، كۆرگەن، ھېس قىلغان ۋە ئويلىغانلىرىڭىز قانچىلىك؟ ئەڭ گەۋدىلىك دەپ قارالغان ئۆزگىرىشلەردىن مەلۇم بىرىنى تۇتقا قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

تەلەپ:

①نۇقتىئىنەزەر(مەركىزىي ئىدىيە) ئېنىق، پىكىر يۈنىلىشىڭىز توغرا بولۇشى كېرەك. ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ، ژانىرىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ(شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ)؛ ②ئەسىرىڭىز ماتېرىيالدا ئىپادىلەنگەن پىكىر يۈنىلىشىنى چىقىش قىلسۇن؛ ③ماتېرىيالدا بېرىلگەن ئۇچۇرلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ. ئەمما ماتېرىيالنى كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ ④سالاھىيەتنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلارنى × بىلەن ئىپادىلەڭ؛ ⑤خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملاسى توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن. ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

# 2011 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش ئىمتىھان سوئالى — «تىل ئەدەبىيات»نىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى

**جاۋابىنى تاللاڭ:** (ھەربىر تارماق سوئالغا ئۈچتىن، جەمئىي 30 نومۇر بېرىلىدۇ)

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| D | B | A | C | C | B | A | D | B | C |

II **بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ:** (ھەربىر بوش ئورۇنغا بىردىن، جەمئىي ئون نومۇر بېرىلىدۇ)

11. ①مەسنەۋى ②ھەربىر كۇپلېتى(ھەربىر بېيىتى) ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قاپىيەداش ياكى جۈپ قاپىيە بولىدۇ. 12. ③ئىلمىي ئېتىمولوگىيە ④خەلق ئېتىمولوگىيەسى 13. ⑤تەسۋىر ⑥جانلاندۇرۇش ⑦سۈپەتلەش 14. ⑧كەچكى ⑨ئاداققى ⑩چىرمىشىش

III **كۆنۈكمە ئىشلەش سوئالى:** (20 نومۇر)

15. تۆۋەندىكى كىلاسسىك شېئىرلاردىن ئېلىنغان پارچىلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى يېزىڭ. (ھەربىر تارماق سوئالغا ئىككىدىن جەمئىي تۆت نومۇر بېرىلىدۇ)

15. تۆۋەندە بېرىلگەن پارچىنى ئوقۇپ، سوئال تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

①مەنسەپ ۋە نەسەبىنىڭ يۇقىرىلىقى كىشىگە شان - شەرەپ كەلتۈرمەيدۇ. ②لېكىن ھەقىقىي شان - شەرەپ كەلتۈرىدىغان نەرسە ئىنساندىكى ئەدەپ-ھايادۇر. ③ئەمەل تۇتمىغان كىشى ئەمەل تۇتسا ھەر دوقمۇشقا قامچا قويۇر. ④ئاتىقى چىقمىغانىنىڭ نامى چىقسا ھەربىر تاغ ئۆتكىلىگە بەلگە سالۇر.

16. تەلەپ بويىچە جۈملە تۈزۈڭ. (سەككىز نومۇر)

1) «قاراڭغۇ كېچە، ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ، قارا مەخمەلگە چېكىلگەن ساناقسىز گۆلدەك چىرايلىق مەنزىرە ئاتا قىلدى.» دېگەندەك ياكى «كېچە جىمجىتلىقى يېقىملىق مۇزىكىدەك كىشىنى مەستخۇش قىلاتتى، يۇلتۇزلارنىڭ پىچىرلاشلىرى شۇنچىلىك تەسىرلىككى، تەبىئەت دۇنياسى سېھىرلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى» دېگەندەك شەكىللەردە ياكى بۇنىڭدىن كىچىكرەك ئىجادىي يازسىمۇ تولۇق نومۇر بېرىلسە بولىدۇ.

2) تاڭ سەھەر، مەيىن شامال يۈز - كۆزۈمنى يۇمشاق قوللىرى بىلەن سىلايتتى» دېگەندەك ياكى «تاڭ سەھەر، مەيىن شامال سەھەرچى قۇشلار بىلەن بىرلىكتە ناخشا ئېيتىۋاتاتتى» دېگەندەك شەكىللەردە ياكى بۇنىڭدىن باشقىچە ئىجادىي يازسىمۇ تولۇق نومۇر بېرىلسە بولىدۇ.

3) «تىرىشقان تاغ ئاشار» دېگەندەك ياكى باشقا شەكىللەردە ئىجادىي يازسىمۇ تولۇق نومۇر بېرىلسە بولىدۇ.

17. تۆۋەندىكى پارچىلارغا ئاساسەن تەلەپلەرنى ئورۇنلاڭ: (بەش نومۇر)

1) مەنىسى «ئادەم كىچىككىدىنلا قەيسەر، چىداملىق، ئىرادىلىك، جۈرئەتلىك بولمىسا، ئەكسىچە بىلى بوش، ئىرادىسىز، جۈرئەتسىز بولسا، كىچىككىنە قىيىنچىلىقنى كۆرۈپ بەل قويۇۋەتسە، جاپادىن قېچىپ راھەتكە بېرىلسە، چوڭ بولغاندا كىشىلىك ھاياتنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ».

2) «ئانا دەريا ھالسىرىماقتا، پارلاق مەدەنىيەتلەرگە شاھىت بولغان كۆللەر قۇرۇپ كەتمەكتە، سۈيى سىڭىپ كېتەي دەپ قالغان كۆلچەكلەردىكى ئىمجان بېلىقلار ‹سۇ، سۇ› دەپ نالە قىلماقتا...» دېگەندەك ياكى «ئانا دەريا نالە قىلماقتا، زومرەتتەك سۈزۈك سۇلۇق كۆللەر چېكى يوق شورلۇقلارغا ئورۇن بوشاتماقتا، قۇملۇقلار يالماۋۇزدەك قوتراپ بېشىللىققا چاڭ سالماقتا...» دېگەندەك شەكىللەردە ياكى تەلەپ بويىچە ئىجادىي يازسىمۇ تولۇق نومۇر بېرىلسە بولىدۇ.

18. ئۇيغۇر فولكلورى ماددىي فولكلورىغا تەۋە، چۈنكى ماددىي فولكلور بىر مىللەتنىڭ ئىگىلىك مەدەنىيىتى، ئولتۇراق ئادىتى، يېمەك - ئىچمەك ئادىتى، كىيىنىش - ياسىنىش ئادىتى، داۋالىنىش ئادىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**Ⅳ تەھلىل قىلىش سوئالى** (15 نومۇر)

**19. تۆۋەندە بېرىلگەن پارچىنى ئوقۇپ، سوئال تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.**

1) بۇ پارچە ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ «شىراق» ناملىق ھېكايىسىدىن ئېلىنغان.

2) تارىخىي ھېكايىلەر تارىخ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ بىرلەشمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا چىنلىق بىلەن بەدىئىي توقۇلما ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلىدۇ. تارىخىي پاكىتلار ئاساس قىلىنىپ، تارىختىكى شەخس ۋە ئىشلار بەدىئىيلەشتۈرۈلۈپ جانلىق، كونكرېت ئوبرازلار يارىتىلىدۇ.

3) شىراقنىڭ كيانىيان (ئىران) لەشكەرلىرىنى ئوغۇز (ساك) ئېلىغا باشلاپ بېرىپ غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەكچى بولغانلىقى شىراقنىڭ دۈشمەننى يوقىتىپ، ئەل - ۋەتەننى ياۋنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوللانغان مەردانە تەدبىرى بولۇپ، شىراقنىڭ دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن باتۇرلۇقتىن سىرت، يەنە پەم - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىشى بوللۇق.

**20. تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ:** (سەككىز نومۇر)

1) قارشى تەرەپنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئاجىزلىقنى تېپىپ، ئاجىزلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغاندا ئۇنى بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ، يەنى «ھەر ئىشقا پەم كېرەك» دېگەندەك مەنتىقە يوشۇرۇنغان.

2) بۆرىنىڭ ھالاك بولۇشىدىن بۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلىش مۇمكىن: «نەپسى ئەقلىدىن غالىب كەلگەن، يەنى نەپسىنىڭ قولىغا ئايلانغان كىشى مەيلى ئۇ قانچىلىك ئىقتىدارلىق، كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنتايىن ئاجىز، بىچارە ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇنداق كىشىلەر نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەجىرسىز كەلگەن پايدا - مەنپەئەت ئالدىدا باشقىلارنىڭ قىلتىقىغا ئاسانلا چۈشۈپ ھالاك بولىدۇ» دېگەندەك يازسا ياكى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى ئىچكى - تاشقى ئامىل مۇناسىۋىتى، سەۋەب-

نەتىجە مۇناسىۋىتى، ماھىيەت ۋە ھادىسە مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ جاۋاب يازسىمۇ تولۇق نومۇر بېرىلسە بولىدۇ.

3) ①«سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» ياكى «ھەر ئىشقا پەم كېرەك، ئۈتنۈككە چەم كېرەك».

②«ئۇيلىماي يېسەڭ، ئاغرىماي ئۆلسەن» ياكى«ئاچ كۆز ئەجىلدىن بۇرۇن ئۆلەر».

V تاللاپ جاۋاب بېرىش سوئالى: (20 نومۇر)

21. 1) A، D

2) «ھېلىمۇ ۋاقتىدا كۆرۈپتىمەن... قارىغە چاپىنىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپسىز... »

«قاراپ بېقىڭ، يانچۇقىڭىزدىكى نەرسىلەر ساقمىكەن؟»

«ئۇكام، پۇل تاپماقنىڭ تەسلىكىدە ئۇنداق بىخەستەلىك قىلماڭ!»

(ئايال غوجايىنىنىڭ ئەستايىدىللىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.)

«كۆڭلىڭىز تېگىل بولدى، ئۇكام، ئەمما پۇلىڭىزنى ئالالمايمەن.»

(ئايال غوجايىنىنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەممىيلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.)

3) ھېكايە: تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى مەلۇم مەسىلە ياكى ئۆز ھەجمىگە قارىغاندا كەڭ ھەم مۇرەككەپ مەزمۇننى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئېپىك ئەسەر ھېكايە دېيىلىدۇ.

4) «ئۇ» 20 يۇەنلىك ساختا پۇلنى كۆيدۈرۈۋەتكەندىن باشقا يەنە ئىدىيەسىدە ساقلىنىۋاتقان پايدا - مەنپەئەت ئالدىدا ئەخلاق - ۋىجدانىنى يوقىتىپ قويۇشتەك مەنپەئەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىقتەك مەنىۋى ئىللەتلەرنى «كۆيدۈرۈۋەتتى».

22. 1) A، D

2) تېكىستتە چىشنىڭ ئادەتتە 30～45 كىلوگراملىق كۈچكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ يېمەكلىكلەرنى چىشلەپ، ئۈزۈپ، چايناش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىغانلىقى، چىش تاجىنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى بىر قەۋەت سۈزۈك ئېمال ماددىسىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى كىۋارتسقا يېقىنلىشىدىغان مۇستەھكەم ماددا ئىكەنلىكى قاتارلىق مەزمۇنلار ئارقىلىق چىشنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ مۇستەھكەم قۇرۇلما ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن دەپ يازسا ياكى چىشنىڭ قاتتىقلىقى، قۇرۇلۇشى، جايلىششى، رولى- ۋەزىپىسى ۋە ئۇنىڭ تەركىبى قاتارلىقلارنى ئايرىم - ئايرىم يېزىش ئارقىلىق چىشنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى مۇستەھكەم قۇرۇلما ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن، دەپ يازسا تولۇق نومۇر بېرىلسە بولىدۇ.

3) چىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ساغلام چىشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، چىش تازىلىقىغا دىققەت قىلىشتىن سىرت، يەنە چىشنى ئاسراش، تاتلىق، سوغۇق يېمەكلىكلەرنى زىيادە كۆپ يېيىشتىن ساقلىنىش، چىشنى قەرەللىك تەكشۈرتۈپ، تازىلىتىپ تۇرۇش كېرەك.

4) تېكىستتە چۈشەندۈرۈش تەرتىپىدىن لوگىكىلىق تەرتىپ بويىچە چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى؛ ئېنىقلىما بېرىش، تۈرگە ئايرىش، سانلىق مەلۇماتلارنى كەلتۈرۈش، ئوخشىتىش قاتارلىقلارنى قوللانغان.

VI يېزىقچىلىق سوئالى (55 نومۇر)

23. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازغان ماقالىلىرىگە ئەستايىدىل، ئىلمىي باھا بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى پايدىلىنىش كۆرسەتمىسى بېرىلدى.

**دەرىجىگە بۆلۈپ نومۇر قويۇش ئۆلچىمى**

| دەرىجە | 1 ـ دەرىجە 45~49 | 2 ـ دەرىجە 35~44 | 3 ـ دەرىجە 20~34 | 4 ـ دەرىجە 0~19 |
|---|---|---|---|---|
| ئاساسىي خاراكتېرلىك دەرىجە 49 نومۇر | مەزمۇنى بىلەن ماتېرىيال ماسلاشقان، مەركىزىي ئىدىيەسى گەۋدىلىك، مەزمۇنى مول، ھېسسىيات چىن، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئابزاس، بۆلەكلىرى ئېنىق، تىلى راۋان، خېتى چىرايلىق | مەزمۇنى بىلەن ماتېرىيال ماسلاشقان، مەركىزىي ئىدىيەسى ئېنىق، مەزمۇنى ئاساسەن تولۇق، ھېسسىياتى بىرقەدەر چىن، قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇكەممەل، ئابزاس، بۆلەكلىرى ئېنىق، تىلى راۋان، خېتى چىرايلىق | مەزمۇنى بىلەن ماتېرىيال ئاساسەن ماسلاشقان، مەركىزىي ئىدىيەسى ئېنىق، مەزمۇنى ئاساسەن تولۇق، ھېسسىياتى ئاساسەن چىن، قۇرۇلمىسى ئاساسەن مۇكەممەل، ئابزاس، بۆلەكلىرى ئېنىق، تىلى راۋان، خېتى چىرايلىق | مەزمۇنى بىلەن ماتېرىيال ماس كەلمىگەن، مەركىزىي ئىدىيەسى ئانچە ئېنىق بولمىغان، نۇقتىئىنەزەر ئېنىق تۇرغۇزۇلمىغان، سۆز جۈملىلىرى جايىدا ئىشلىتىلمىگەن، خېتى سەت، يازغىنى ژانىر تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن |
| | شۇ ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئىپادىلىگەن. | شۇ ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن. | شۇ ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن | |
| ئالاھىدە دەرىجە | 1ـ دەرىجە 4~6 | 2 ـ دەرىجە 2~3 | 3 ـ دەرىجە 0~1 | |
| | قەلەم قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغان، ئىجادچانلىقى ۋە كۈچلۈك خاھىشچانلىقى، ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتكە يەتكەن، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ تەسۋىرلەشكە ماھىر | قەلەم قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغان، بىرقەدەر ئىجادچانلىقى ۋە كۈچلۈك خاھىشچانلىقى، ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتكە يەتكەن، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ تەسۋىرلەشكە ماھىر | يېزىقچىلىق ئىقتىدارى بىرقەدەر يۇقىرى، ماھىيەتنى تولۇق ئېچىپ بەرگەن، ئىجادچانلىقى ئىگە، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلانغان | |

# 2012 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش ئىمتىھان سوئالى — «تىل ئەدەبىيات»

## ئىمتىھان قەغىزى

(جاۋابى تاللىنىدىغان سوئاللار، جەمئىي 30 نومۇر)

I **جاۋابىنى تاللاڭ:** (ھەربىر تارماق سوئالغا ئۈچتىن، جەمئىي 30 نومۇر بېرىلىدۇ)

تۆۋەندىكى ھەربىر تارماق سوئالغا بېرىلگەن تۆت خىل جاۋاب ئىچىدە پەقەت بىرسىلا سوئالنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن. شۇ جاۋابنى تاللاپ، جاۋاب يېزىش كارتوچكىسىدىكى ماس ئۇچۇر نۇقتىسىنى بوياڭ.

**1. شېئىرىي ئەسەرلەر ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (　)**

A. «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىردا شائىر شېئىرنى قاباھەتلىك يىللارنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە قارشى جەڭ قىلىش، كۈرەش قىلىش ئىرادىسى بىلەن باشلاپ، ئاخىرىنى ۋاقت ئوقۇمىدىكى مەزمۇنلار بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان

B. «بۈگۈن ۋە ئەتە» ناملىق شېئىردا شائىر «ئاقىللار ئەتىنى ئويلايدۇ بىر - بىر، بەزىلەر بۈگۈنگە تامامەن ئەسىر» دېيىش ئارقىلىق كەلگۈسىنى ئويلايدىغان ئۈمىدۋار كىشىلەرنى مەدھىيەلەپ، بۈگۈننىلا ئويلايدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى تەنقىد قىلغان

C. «باغ قوپاردىم، تال ياغاچلىق، باش يوپۇرماق ئال چېچەك، يېمىشى ھېكمەتۇ پارىل ئايەت ئەخبار يۇلتۇزى» دېگەن مىسرالار رەبغۇزىنىڭ غەزىلىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ مىسرالاردىكى «باغ» «قىسسەسۇل ئەنبىيا»نى كۆرسىتىدۇ، «يېمىش» يەنى كىتابنىڭ مەزمۇنى ئىلىم - ھېكمەت، نىشانلاردىن خەۋەر بەرگۈچى يۇلتۇزغا ئوخشىتىلغان

D. كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى دەۋرداش شائىرلاردىن ئابدۇللا پوسكامىنىڭ شېئىرى بىلەن ئابدۇللا خاراباتىنىڭ شېئىرى شەكىل جەھەتتىن پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇش، ئەخلاق - پەزىلەتكە دەۋەت قىلىش جەھەتلەردە مەزمۇن ئورتاقلىقىغا ئىگە

**2. نەسرىي ئەسەرلەر ھەققىدە توغرا ئېيتىلغانلىرىنىڭ تولۇق گۇرۇپپىلانغىنى: (　)**

①« ‹ئات› بىلەن ‹ئات مىنگەن كىشى› » ناملىق نەسردە ئاپتور روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتىنى لىرىك ھەم بەدىئىي يول بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، ئىنساننىڭ ئادىمىيلىك قىممىتى، ئادىمىيلىك كامالىتى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ نەسرنى مۇھاكىمىلىك نەسر دەيمىز.

②«گۈل ناخشىسى» ناملىق ئەسەردە ئاپتور «ھالبۇكى، بۇ پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى تېخى ئىنسانلار تولۇق چۈشىنىپ كەتكىنى يوق» دەپ يازغان. بۇ يەردىكى «پەلسەپىۋى قائىدە» ئىنسانلاردىكى تەقدىم قىلىش، بېغىشلاش ۋە كۆيۈنۈش روھىنى كۆرسىتىدۇ.

③«كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش كالتىكى» ناملىق ئەسەردە ئەجداد ۋە ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى

مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ھەمدە ھايات مۇساپىسىدىكى ئوبرازلاشقان رىقابەت كارتىنىسىنى ئىخچام ۋەقە، چوڭقۇر ھېسسىيات ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىپادىلەپ بەرگەن.

④«ئالا ئىت قىياسى» ناملىق ئەسەردە ئاپتور دېڭىز تەسۋىرىنى ئىنچىكە، ئوبرازلىق تەسۋىرلەش، پىسخىكىلىق تەسۋىر ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش؛ مۇرەككەپ، جىددىي مۇھىت ئىچىدە باش تېمىنى يورۇتۇشتەك يېزىقچىلىق ماھارىتىنى قوللانغان.

⑤سەنئەتنىڭ مەنىۋى كۈچى ئارقىلىق روھىي يۈكتىن قۇتۇلۇپ، ئاما ئارىسىغا قايتىپ كەلگەن ھەم مىللىي سەنئەتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان ئەسەر — 1979 - يىلى يېزىلغان «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىدۇر.

⑥مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ «مۇقام ئۇستازى» ناملىق دىرامىسىدا ئالاھىدە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان مۇھىم پېرسوناژ تىلماچ بولۇپ، ئاپتور تىلماچ ئوبرازى ئارقىلىق «ئۇيغۇر 12 مۇقام»نىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قېلىشىدا تىلماچقا ئوخشاش ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

A.①④⑤ B.②④⑥ C.②⑤⑥ D.①④③

3. قوللىنىش تۈرىدىكى ئەسەرلەر ھەققىدىكى توغرا ئېيتىلغىنى: ( )

A. «ھايۋانلارنىڭ ئويىنىشىدىكى سىرلار» ناملىق ئەسەردە ئاپتورنىڭ ھايۋانلارنىڭ يالغۇز ئويناش، نەرسە ئويناش قاتارلىق ئويۇن تۈرلىرىگە ئاساسەن، تۆت خىل قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھايۋانلارنىڭ ئويۇن ئوينىشىدىكى سىرلارنى ئىلمىي، توغرا ئېچىپ بەرگەن.

B. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى قەھرىمان كۆلتېگىن نامىغا مىلادىيە 732 - يىلى يوللۇغ تېگىن تەرىپىدىن ئورنىتىلغان. بۇ «مەڭگۈ تاش»نىڭ تارىخىي تۇسى قويۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەينى دەۋردىكى كۆپلىگەن تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلار ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلار، كۆپلىگەن مىللەت - قەبىلە ناملىرى، يەر-جاي ناملىرى تىلغا ئېلىنغان.

C. «جانلىقلار جەمئىيىتى» ناملىق ئەسەردە ئاپتور يەككە بىلەن كوللېكتىپ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقى ئۇچۇن ئىنسانلارنىڭ يەككىلىكى نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە ئەمەس، شۇڭا شەخس كوللېكتىپتىن ئايرىلسا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، دەپ خۇلاسە چىقارغان.

D. تەپسىلىي خەۋەر بىلەن ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ يېزىقچىلىق ئوبيېكتى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما بۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بار. ئەدەبىي ئاخباراتتا ئوبرازلاشتۇرۇش ۋاسىتىلىرى قوشۇمچە قىلىنىدۇ. تەپسىلىي خەۋەردە پۈتۈنلەي ئوبرازلاشقان بەدىئىي شەكىللەر ئارقىلىق ئوبيېكتىپ رېئاللىق بايان قىلىنىپ، كىشىگە كۈچلۈك ئوبرازلىق تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ

تۆۋەندىكى ماتېرىيالنى ئوقۇپ 4～6 سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ:

## يەر شارى خاراكتېرلىك مۇھىت بۇلغىنىش

ئەگەر بىر ئىستاكان سۇزۇك سۇغا بىرنەچچە تامچە مەينەت سۇ تېمىپ كەتسە، شۇ بىر

ئىستاكان سۇنى ئىچىشكە بولمايدۇ. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇ زىيانلىق ھەم زەھەرلىك ماددىلارنىڭ ئاتموسفېرا، سۇ، تۇپراق، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرگە سىڭىپ، ئاممىلار ئارقىلىق زىيان يەتكۈزىدىغانلىقى، نەتىجىدە، بۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى، ھالىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغانلىقى، مۇشۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىنىدىغانلىقى ۋە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن كېيىن، مۇھىتنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىك بۇلغىنىشى ئىنسانلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت يەتكۈزۈپ كەلدى. ئىنسانلار مۇھىتنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، سانائەتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش، شەھەر مۇھىتى بۇلغىنىشىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، رايون بۇلغىنىشىنى تۈزەش قاتارلىق تۆت مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بىراق، خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە كىشىلەرنىڭ نەزىرى بىر زاۋۇت، بىر ساھە، بىر دەريا ۋادىسى، بىر رايون بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن بۇيان، كىشىلەر ياشاشقا تەھدىت بولۇۋاتقىنى قىسمەن رايونلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ چوڭ دائىرىدىكى، ھەتتا يەر شارى خاراكتېرلىك مۇھىت بۇلغىنىشى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

يەر شارى مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسى ئىنتايىن ئېغىر، ھازىر كىشىلەر دىققەت - ئېتىبارىنى پارنىك ئېففېكتى، ئوزون قاتلىمىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ۋە كىسلاتالىق يامغۇر قاتارلىق ئۈچ چوڭ مەسىلىگە قاراتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كىشىنى خاتىرجەمسىزلەندۈرىدىغان بىر قاتار مەسىلىلەر بار. بۇلار يەنىلا ئاتموسفېرا، سۇ، ئوزۇقلۇق، تۇپراق قاتارلىق بىرقانچە جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇھىت يىرىك پىلانى مەھكىمىسىنىڭ ھاۋا، سۇ، ئوزۇقلۇقنىڭ بۇلغىنىشىغا دائىر دوكلاتىدا ئېيتىلىشىچە، پۈتۈن دۇنيادىكى شەھەرلەردە ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ بەشتىن تۆت قىسمى بۇلغانغان ئاتموسفېرا مۇھىتىدا ياشايدىكەن، تازىلىق ئۆلچىمىگە يەتمىگەن سۇنى ئىچىدىكەن. باشقا خەۋەرلەرگە قارىغاندا، پۈتۈن دۇنيادىكى 1 مىليارد 800 مىليون ئادەم بۇلغانغان سۇنى ئىچىدىكەن، يىلىغا 30% ئادەم مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى سەۋەبىدىن كېسەللىككە گىرىپتار بولىدىكەن.

مۇھىتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىشى قەدىمىي ئىمارەتلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا تەھدىت سېلىپ، كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتىدۇ. 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئافېنا قەدىمىي قورغىنىدىكى مەرمەر تاشلىق ئىمارەتلەر ۋە ھەيكەللەر يىمىرىلىشكە باشلىغان، نيۇيورك لىبېرتى ئارىلىدىكى ئەركىنلىك ئىلاھىنىڭ مىس ھەيكىلىنىمۇ قېلىن بىر قەۋەت دات باسقان، ئېلىمىزنىڭ چۇڭچىڭدىكى چاڭجياڭ دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ داتلاشماس پولات تەگلىكىمۇ داتلىشىپ كەتكەن.

مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئادەم تېنىگە بولغان خەۋپى تېخىمۇ ئېغىر. ئۇنى ئادەتتە جىددىي خاراكتېرلىك، ئاستا خاراكتېرلىك ۋە توپلانما خاراكتېرلىك دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. توپلانما خاراكتېرلىك خەۋپ كەلگۈسى خەۋپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى راك، نورمالسىزلىق پەيدا قىلىش، توساتتىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىدۇ. راك پەيدا قىلىشنى مىسالغا ئالساق، دۇنيا بويىچە ھەر يىلى بەش مىليون ئادەم راك كېسەللىكى سەۋەبىدىن ئۆلىدۇ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلاردىكى راكنىڭ ئىنتايىن زور قىسمىنى مۇھىت ئامىلى پەيدا قىلغان، ھالبۇكى، مۇھىت ئامىلى ئىچىدە خىمىيەلىك ماددىلار پەيدا قىلغان راك كېسەللىكى %90نى ئىگىلەيدۇ دەپ قارىماقتا.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى مەسىلىسىدە دۆلەت چېگراسى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن دۆلەتلەر، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئورتاق ئىرىشچانلىقىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ بىرلا يەر شارىمىز بار، يەر شارى مۇھىتىنى قوغداش پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتى.

4. تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن تېكىست مەزمۇنىغا ماس كەلمەيدىغىنى: (　　)

A. ئىنسانلار مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا سانائەتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش، شەھەر مۇھىتى بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈزەش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، رايون بۇلغىنىشىنى تۈزەش قاتارلىق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتتى

B. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى زىيانلىق ھەم زەھەرلىك ماددىلارنىڭ سۈنئىي ئامىللار ئارقىلىق ئاتموسفېرا، سۇ، تۇپراق، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ھالىتىدە زىيانلىق ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش جەريانى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ

C. يەر شارى مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسىدە ھازىر كىشىلەر دىققەت ئېتىبارىنى پارنىك ئېففېكتى، ئوزون قاتلىمىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ۋە كىسلاتالىق يامغۇر قاتارلىق ئۈچ چوڭ مەسىلىگە قاراتتى

D. مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا كىشىلەرنىڭ نەزىرى بىر زاۋۇت، بىر ساھە، بىر دەريا ۋادىسى، بىر رايون بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ھەربىر شەخس، ھەربىر ئورۇن ئۆز رايونى، ئۆز ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ھالدا مۇھىتنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك

5. تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا تۆۋەندىكى ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى:(　　)

A. 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن كېيىن مۇھىتنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىك بۇلغىنىشى ئىنسانلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت يەتكۈزۈپ كەلدى، مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ كىشىلەر ياشاشقا تەھدىت بولۇۋاتقان مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى

B. ئىنسانلاردىكى راك كېسەللىكىنىڭ زور قىسمىنى مۇھىت ئامىلى پەيدا قىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا خىمىيەلىك ماددىلار پەيدا قىلغان راك كېسەللىكمۇ خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ

C. مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئادەم تېنىگە بولغان خەۋپىنى جىددىي خاراكتېرلىك، ئاستا خاراكتېرلىك ۋە توپلانما خاراكتېرلىك دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى توپلانما خاراكتېرلىك خەۋپ راك كېسەللىكى، نورمالسىزلىق پەيدا قىلىش، توساتتىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ

D. ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى — سۇ يېتىشمەسلىك، ئوزۇقلۇق ۋە تۇپراقنىڭ

بولغىنىشى قاتارلىق مۇھىت مەسىلىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ

**6. تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا تۆۋەندە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (    )**

A. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئادەم بەدىنىنىڭ ساغلاملىقىغا بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىمارەتلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا تەھدىت سالىدۇ

B. نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادىكى شەھەرلەردە ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ بەشتىن تۆت قىسمى بۇلغانغان ئاتموسفېرا مۇھىتىدا ياشايدىكەن. تازىلىق ئۆلچىمگە يەتمىگەن سۇنى ئىچىدىكەن، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شەھەرلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە، بىر قىسىم يېزا - بازارلارنى ئالدىن شەھەرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ

C. ئافرىقا قەدىمىي قورغىنىدىكى ئىمارەت ۋە ھەيكەللەرنىڭ يىمىرىلىشى، ئامېرىكىدىكى ئەركىنلىك ئىلاھى مىس ھەيكىلى ۋە چاگجىيالاڭ دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكى تەگلىكىنىڭ دات بېسىشى قاتارلىقلار مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر تۈرلۈك ئىپادىسى

D. يەر شارى مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشىدا گەرچە ھەممىلا ئادەمنىڭ جاۋابكارلىقى بولمىسىمۇ، بىراق مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە مۇھىتنى ئاسراشتا ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار

**7. فونېتىكا ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (    )**

A. «ئۇستازنى ھۆرمەتلىگەن كىشىنىڭ ئورنى يۇقىرى بولىدۇ، ئەزىزلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ.» دېگەن جۈملىدە ئۈچ سۆزدە تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى، بىر سۆزدە تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى كۆرۈلگەن بولۇپ، «ئەزىزلىك» دېگەن سۆزگە قوشۇلغان قوشۇمچە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە ئۇلانغان

B. «كىر باسقان كىيىمنىڭ كىرىنى سۇ بىلەن يۇسا چىقىپ كېتىدۇ، سۆز كىرىنى يۇيۇپ چىقىرىشنىڭ ھېچقانداق ئامالى يوقتۇر» دېگەن جۈملىدە ئىككى سۆزدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشى «ئې، ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان. بىر سۆزدە تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن. جۈملىدە ئىككى سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ھەم تىل ئورنى، ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتە ماسلىشىپ كەلگەن

C. ئاخىر «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان چاغدا سۆز ئاخىرىدىكى «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى «غ، گ، ۋ»غا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ

D. «يېزىۋېلىشقا تېگىشلىك بىلىملەرنى يېزىۋال، ھەممىنى ئەستە ساقلايمەن دېيىش ئەخمەقلىق» دېگەن جۈملىدە ئىككى سۆزدىكى تۆت ئورۇندا تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى، بىر سۆزدە تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى كۆرۈلگەن بولۇپ جۈملىدىكى كېلىش قوشۇمچىلىرى سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە قوشۇلغان

**8. لېكسىيە ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىسى: (    )**

A. ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كىشى مېڭىسىدە ئەكس ئېتىشى چۈشەنچە دېيىلىدۇ. چۈشەنچە سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن بەزى سۆزلەر شەيئىلەر توغرىسىدا بىرەر چۈشەنچە ئۇقۇمىنى بىلدۈرەلمەيدۇ. يەنە بەزى چۈشەنچىلەر

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ

B. «خامانغا سېلىنغان ئۆي بەرىكەت تاپالماس» دېگەن تۇراقلىق ئىبارە جامائەت مال مۈلۈكىنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان زىيانغا ئۇچرىتىدىغانلارنىڭ راۋاج تاپالمايدىغانلىقىنى، خاراب بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ

C. «بەگ بولساڭ ئىشىڭغا كۆڭۈل قوي، سەۋەبى خەلق قويغا ئوخشايدۇ، بەگ ئۇنىڭ قويچىسى، قوي باققۇچى قويغا مېھرىبان بولۇشى كېرەك بولغاندەك، ھۆكۈمدارمۇ ئاۋامغا مەسئۇل بولۇشى لازىم» دېگەن جۈملىدە شەكىلداش سۆز، مەنىداش سۆزلەردىن باشقا كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىدىغان سۆزمۇ بار. جۈملىدە يەنە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزدىن بىرى بار

D. «ئادالەت بىلەن ئاۋام گۈللەيدۇ، دۇنيا تۈزىلىدۇ، زۇلۇم بىلەن خەلق خارابلىشىدۇ. دۇنيا بۇزۇلىدۇ.» دېگەن جۈملىدە ئىككى گۇرۇپپا قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز بار. ئىككى سۆز ئۆزئارا مەنىداش بولۇپ كەلگەن

9. سۆز تۈركۈملىرى ۋە ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن توغرىلىرىنىڭ تولۇق گۇرۇپپىلانغىنى: (    )

A ①سۆزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ۋە ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى مورفولوگىيەنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى. شۇڭا سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى، تۈرلىنىشى ۋە سۆز مەنىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىساق بۇ مورفولوگىيەگە تەۋە بولىدۇ.

②«بىلىملىك كۆزلىگەن تىلەككە يېتەر، بىلىمسىز يول ئىزدەپ ئارماندا كېتەر»دېگەن جۈملىدە بەش ياسالما سۆز بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۈچىنىڭ تومۇرى پېئىل، ئىككىسىنىڭ تومۇرى ئىسىم. ياسالما سۆزلەرنىڭ ئىككىسىگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىمۇئارقا قوشۇلغان.

B ①«ئۆزىنىڭ بىر ئۆگەنگۈچى ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتىدىغان ئادەم ئۆزىنى ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىشلارغا ئۇرمايدۇ.» دېگەن جۈملىدىكى ئالماشلار مەنىسىدىن ئۆزلۈك ئالمىشى، بەلگىلەش ئالمىشى ۋە بولۇشسىزلىق ئالمىشىدۇر. جۈملىدە شەخسسىز پېئىلدىن سۈپەتداش بار.

②«سىنىپىمىزدىكى كىچىك قىرائەتخانىغا ئوقۇغۇچىلار تۆتتىن - بەشتىن كىتاب تەقدىم قىلىشتى. ھازىرغىچە جەمئىي ئاتمىش بەش كىتاب يىغىلدى، ئەمەت بىلەن ئىككىمىز بۇ كىتابلارنىڭ ئون نەچچە پارچىسىنى ئوقۇپ بولدۇق» دېگەن جۈملىدە تەقسىم سان، ساناق سان، كىشىلىك سان ۋە مۆلچەر سانلار بار. جۈملىدىكى مىقدارلار كېلىش مەنبەسىدىن خاس مىقدار ساندىن باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ شەيئى مىقدار ھاسىل قىلغان.

C «جاپا بىلەن ساڭا بىر ھەرپ ئۆگەتكەن كىشىنىڭ ھەققىنى يۈز تىللا بىلەنمۇ ئادا قىلالمايسەن» دېگەن جۈملىدە ياردەمچى سۆزدىن ئۈچى بار بولۇپ ئۇلار تىركەلمە ۋە يۈكلىمىگە تەۋە. جۈملىدە بىر تىركەلمە سان مىقدار ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

②«ھاۋا شۇنداق ئوچۇق، كۈننىڭ يالتىراپ تۇرغان نۇرى ئاستىدا قىزىل، سارغۇچ، ئاپپاق گۈللەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا» دېگەن جۈملىدە ئاشۇرما دەرىجىدىكى سۈپەتتىن ئىككىسى، ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتتىن بىرى، كېمەيتمە دەرىجىدىكى سۈپەتتىن بىرى بار. بۇ سۈپەتلەردىن بىرى خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن،

قالغانلىرى ئىنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

D① ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىنىڭ يوقلۇقى، جۈملىنىڭ ھەممە بۆلىكى بولالايدىغانلىقى ۋە جۈملىدە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلەلەيدىغانلىقى ئالماش بىلەن سانلارغا ئورتاق گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتتۇر.

②«دۈشمەنگە ھەرگىز بىخۇد بولما، ئۇنىڭغا قەتئىي يېقىنلاشما، نېرى يۈر. سەن ئۇنى بىخۇدلاشتۇرۇپ تۇيۇقسىز زەربە بەر.» دېگەن جۈملىدە ئورۇن رەۋىشىدىن بىرى، ھالەت رەۋىشىدىن بىرى، دەرىجە رەۋىشىدىن ئىككىسى بولۇپ جۈملىدىكى شەخسلىك پېئىللار بۇيرۇق رايىدا، كېلىدىغان زاماندا كەلگەن.

**10. سىنتاكسىسلىق تەھلىللەردىن توغرىسى: (　　)**

A. «تاغ باغرىدىكى چىمەنلەر مەيىن شامالدا ئاستا يەلپۈنمەكتە.» دېگەن جۈملە تۈزۈلۈشىدىن ئاددىي جۈملە بولۇپ، جۈملىدە چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن ئىككى ئىسىم ئېنىقلىغۇچى بولغان، سۈپەت بىلەن ئېنىقلانغان ئىككى ئىسىم خەۋەرگە باغلىنىپ بىرى ئىگە خەۋەر مۇناسىۋىتىنى، يەنە بىرى باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلغان

B. «نادانغا يېقىنلاشما، نادان كىشىدىن يىراق تۇر، ئۇلاردىن قاچ، چۈنكى نادانلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى تامامەن قوپالدۇر» دېگەن جۈملە تۆت ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، ئاۋۋالقى ئۈچ ئاددىي جۈملە تۈزۈلۈشىدىن يېيىق ئىگىلىك تولۇقسىز ئاددىي جۈملە

C. «ئەگەر ئاچچىقىڭ كەلسە تۆت، سەۋر قىل، سەۋرلىك كىشىنىڭ ئاقىۋىتى شادلىق بولغۇسىدۇر» دېگەن جۈملە تۈزۈلۈشىدىن ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ ئاخىرقى جۈملىنىڭ ئىگىسى رەۋىش، خەۋىرى پېئىلدۇر

D .«يامانغا يېقىنلاشما ئەي ئۇلۇغ ئىنسان، دىققەت قىلغىنكى ئاق نەرسىگە قارا تېز يۇقىدۇ» دېگەن جۈملە ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، جۈملە تەركىبىدە جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەردىن قاراتما سۆز بار. بىرىنچى ئاددىي جۈملە مەزمۇن جەھەتتىن بۇيرۇق جۈملىدۇر

## ئىمتىھان قەغىزى II

(جاۋابى يېزىلىدىغان سوئاللار جەمئىي 120 نومۇر)

II **بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ** (ھەربىر بوش ئورۇنغا بىردىن جەمئىي ئون نومۇر بېرىلىدۇ.)

**11.** تەن كىرە تۇپراق - لەھەتكە، نام قالۇر ئەفكار ئار،
ئۆتسە ئۆمرۇڭ ياخشىلىقسىز مەڭگۈلۈك روھىڭ يارا.
بۇ ھايات بىر ئىمتىھان: باغۇەن، زىيانكەش ئايرىلۇر،
ئۆزگىگە قويساڭ تۇزاق كۆتكەي سېنى يوچۇن ئورا.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

1) بۇ شېئىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ (　　　　　　　　)شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ (　　　　　　) بەھرىدە يېزىلغان.

2) بۇ شېئىرنىڭ تۈپ ئىدىيەسىنى (　　　　) دېگەن جۈملىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

**12.** «تەمەخورلۇق نومۇسىنىڭ ئۈيىنى كۆيدۈرىدىغان ئوت، ئىززەتنىڭ خامىنىنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان، تەمكىنلىكنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرىۋېتىدىغان شامالدۇر. ئادەم تەمەخور

بولسا، نەپسگە قۇل بولۇر.» بۇ پارچىدىكى تومۇرى ئىسىم بولغان ياسالما ئىسىم (      ) پارچىدىكى «شامال» ئوخشىتىشنىڭ ئۈچ ئېلېمېنتىدىن (      ) دۇر.

13. «توتېم» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنبەلەردە «      » دەپ ئاتىلاتتى. تۈركىي قوۋملار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا بۆرە توتېمى ھەققىدىكى مەلۇماتلار دەسلەپ «      » ناملىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان.

14. ناخشىلىرىم ئىنتايىن ئىزگۇ ۋە تەسىرلىك، بىراق ئۇنى ئاڭلاش بەختىگە ھېچكىم مۇيەسسەر بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇ تومۇرلىرىمدىن چىقىپ تومۇرلىرىمدا قارار تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈيدۇرگۈچى ھېسلىرى ئاجايىپ مەنىدارلىققا ئىگە. ئۇ ھاياتىمنى كۈيلەپ ماتەم ھەققىدە قەسەم قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ناخشىلىرىمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن.

بۇ پارچىنى مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا قاراپ ژانىرى جەھەتتىن (      )نىڭ پارچىسى دېيىشكە بولىدۇ. پارچىدىكى ئاستى سىزىلغان جۈملە مۇرەككەپ جۈملىنىڭ (      ) تۈرىگە تەۋە. پارچىدىكى «ئىزگۇ» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى (      )دېگەنلىكتۇر.

III كۆنۈكمە ئىشلەش سوئالى (جەمئىي 18 نومۇر)

**15. كلاسسىك شېئىرلاردىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى پارچىلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى يېزىڭ:** (ھەربىر تارماققا ئىككىدىن جەمئىي 18 نومۇر بېرىلىدۇ.)

1) گەرچە قۇياشتىن پەرۋىش ئالەم يۈزىگە ئام ئېرۇر، (      )

سەھرادە قامغاغۇ تىكەن بوستاندا سەرۋۇ گۈل بىتۇر. (      )

2) ئەيش ئېلىگەن خاردىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئىسى، (      )

چۈن سۇلەيمان دۆلەتىدۇر خارى-زارى كاشىغەر. (      )

**16. تۆۋەندىكى شېئىرىي پارچىلارنىڭ كەم قالغان قىسمىنى تولۇقلاپ يېزىڭ:** (ھەربىر تارماق سوئالغا بىردىن، جەمئىي ئىككى نومۇر بېرىلىدۇ.)

1) ئۇيغىنىپ كەتتى جاھان مەغرىبى-مەشرىق تامام، ________

________ (ئا. ئۇيغۇر)

2) ________

________ ئۇنىڭكىم، تىلىدىن چىقار ئوت چېقىن. (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)

**17. تۆۋەندىكى ماتېرىيالنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى بىر ئاددىي جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلەڭ** (ئىككى نومۇر)

تەڭرىتاغ، ئالتاي تېغى، قاراقۇرۇم تاغلىرىدا بىلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا باب كېلىدىغان دەريا ۋە كۆللەر شەكىللەنگەن. ياخشى مۇھىتتا بېلىقلارنىڭ تۈرى ئۇزۇلۇكسىز سەرخىللاشتۇرۇلغان، سۇنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلگەن. بايلىقتىن پايدىلىنىش سالمىقى زورايتىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە باغراش كۆلى، سايرام كۆلى، ئۇلۇڭگۇر كۆلى تەبىئىي سۇ مەنبەسى دۆلەتنىڭ ئورگانىك يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ بېكىتىلگەن.

**18. تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئورۇنلاڭ** (سەككىز نومۇر)

1) «-ەن»قوشۇمچىسىدىن پايدىلىنىپ ياسالما سۆز ياساڭ. ياسىغان سۆزىڭىزنى بىر جۈملىدە مۇستەقىل سۆز رولىدا، يەنە بىر جۈملىدە ياردەمچى سۆز رولىدا كەلتۈرۈپ ئىككى

جۈملە تۈزۈلۈك. (ئۈچ نومۇر)

2) «جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت يوق» دېگەن ماقالنى جۈملىنىڭ كېڭەيتىلگەن بۆلىكى قىلىپ بىر جۈملە تۈزۈلۈك. كېڭەيتىلگەن بۆلەك ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلسۇن. (ئىككى نومۇر)

3) «كۆز» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي كۆز مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش قوللىنىلغان قىسقا پارچە يېزىڭ. (ئۈچ نومۇر)

19. تۆۋەندىكى جۈملىلەردە بەزى نۇقسانلار بار. تۈزىتىپ راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭ. (ئىككى نومۇر)

1) مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇشقا دىققەت قىلىش-قىلماسلىقمۇ ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇشنىڭ بىر شەرتى. (بىر نومۇر)

2) بۇ يىل يېزىمىزدا ئاشلىقتىن ۋە بۇغدايدىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىندى. (بىر نومۇر)

IV **تەھلىل قىلىش سوئالى** (جەمئىي 17 نومۇر)

20. تۆۋەندە بېرىلگەن پارچىنى ئوقۇپ سوئال تەلىپىنى ئورۇنلاڭ. (يەتتە نومۇر)

... ئۇ تۇيۇقسىز مېنى كۆرۈپ قېلىپ چەكچىيىپ قارىدى. لېكىن ئورنىدىن مىت قىلىپ تەۋرەپمۇ قويمىدى. قورقۇش ئەمدى ئۇنىڭغا ئەبەدىي يات بولۇپ كەتكەندەك، ماڭا خاتىرجەم، مەسخىرىلىك ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلىپ قاراشلىرى ئۆلۈۋاتقان ۋۇجۇدىدىكى ئۆلمەس غالىبلىقنى نامايان قىلماقتا ئىدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مېھىر ۋە قىساسكىرانە نۇرنىڭ ئۆتكۈر چاقنىشى بىلەن يۈرىكىمگە خەنجەردەك سانجىلغان چاغدىكى دەھشەتلىك ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمىدىم - دە، كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم.

ــ ھەي... ئانا...

1) بۇ پارچە كىمنىڭ، قايسى ئەسىرىدىن ئېلىنغان؟ (ئىككى نومۇر)

2) «مەن» بىر ئوۋچى، لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆز ئۆلجىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى مېھىر ۋە قىساسكىرانە نۇرغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ؟ (ئىككى نومۇر)

3) پارچىدىكى ئوۋنىڭ تىلىدىن ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ خىل قىلمىشىغا بولغان نىداسىنى يېزىپ چىقىڭ. (ئۈچ نومۇر)

21. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ. (ئون نومۇر)

## كىچىككىنە كۆن نۇرى

ئېلىسانىڭ ئۆيى تاغدا ئىدى، قۇياش نۇرى جەنۇب تەرەپتىكى دېرىزىدىن چۈشۈپ ھەر كۈنى ئۆينى ئىللىق نۇرغا ئوراپ تۇراتتى. ئەمما موممىسىنىڭ ھۇجرىسى شىمال تەرەپتە بولغاچقا كۈن نۇرى زادىلا چۈشمەيتتى.

ــ دادا، موماممنىڭ ھۇجرىسىغا نېمە ئۈچۈن كۈن نۇرى چۈشمەيدۇ؟ ــ دېدى بىر كۈنى ئېلىسا دادىسىغا، ــ مېنىڭچە موماممۇ ئاپتاپقا ئامراق.

ــ ئەمما قۇياشنىڭ نۇرى ئۇ تەرەپكە ئۆتەلمەيدۇ - دە، قىزىم.

ــ ئۇنداقتا ئۆينى چۆرىسەك بولمامدۇ؟ ــ دېدى قىز ساددىلارچە.

ــ ئۆينى قانداق چۆرىگىلى بولسۇن؟

ــ ئەمىسە موموم قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىنى زادىلا كۆرەلمەيدىكەن - دە؟

— ئامال يوق قىزنىم ياكى سەن كونا نورىدىن ئازراق ئەكىرىپ بېرەمسەن؟
قىز شۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ موماسىغا كونا نورى ئەكىرىپ بېرىشىنىڭ خىيالىدا قالدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇ ئويناۋېتىپ تويۇقسىزلا يۇمشاق، ئىللىق قۇياش نۇرلىرىنىڭ سارغۇچ چاچلىرىدا، كىيىملىرىدە جۇلالاپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى. «كونا نورىنى كىيىمىگە ئوراپ موماغا ئەكىرىپ بەرسەمچۇ؟» ئېلسا شۇلارنى ئويلىدى - دە، خۇشلۇقتىن سەكرەپ كەتتى.
— موما قارىڭە مەن سىزگە كونا نورى باشلاپ ئەكىردىم.
ئېلسا قۇچاقلىۋالغان كىيىملىرىنى ئاچتى. ئەمما باياتىن چاقناپ تۇرغان كونا نورىنى ئەمدى كۆرەلمىدى.
— بالام، — دېدى موماي ئىللىق كۈلۈمسىرەپ — ئاپتاپ كۆزۈڭدە تۇرامدۇ؟
چاچلىرىڭدا قۇياش نورى چاقناپ تۇرۇپتۇ سەنلا يېنىمدا بولساڭ ئاپتاپ دېگەن شۇ ئەمەسمۇ!...
ئېلسا نېمە ئۈچۈنلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ موماسىنىڭ خۇش بولغىنىدىن يايراپ كەتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئېلسا ھەر كۈنى ئەتىگىنى گۈللۈكتە ئوينىدى. ئاندىن كۆزلىرى، چاچلىرىدىن بالقىپ تۇرغان كونا نورىنى ئېلىپ موماسىنىڭ يېنىغا چاپىدىغان بولدى.
1) تېكىستتىكى «قۇياش نورى» دادا بىلەن موماينىڭ نەزىرىدە ئوخشىمايدۇ. سىز بۇ ئوخشىماسلىقنى چۈشەندۈرۈڭ. (ئىككى نومۇر)
2) موماينىڭ ئېلساغا «ئاپتاپ كۆزۈڭدە تۇرامدۇ؟» دېگەن سۆزىدە قانداق چوڭقۇر مەنە بار؟ (ئۈچ نومۇر)
3) ئەسەرنىڭ بېشىدا ئېلسانى «... ئويناۋېتىپ» دەپ يازغان بولسا، ئاخىردا «... گۈللۈكتە ئوينىدى» دەپ يازغان. ئاپتورنىڭ بۇنداق يېزىشتىكى مەقسىتى نېمە؟ (ئۈچ نومۇر)
4) ئەسەرنىڭ ئىدىيەسىنى قىسقىچە خۇلاسىلەڭ. (ئىككى نومۇر)
V **تاللاپ جاۋاب بېرىش سوئالى**(جەمئىي20 نومۇر)
22~23 - سوئاللاردىن خالىغان بىرىنى تاللاپ جاۋاب بېرىڭ. قايسى سوئالنى تاللىسىڭىز جاۋاب يېزىش كارتوچكىسىدىكى سوئالنىڭ ماس ئۈچۈر نۇقتىسىنى بوياپ، ئاندىن جاۋاب يېزىڭ.
دىققەت: قايسى سوئالنى تاللىسىڭىز، سوئالنىڭ تارماق سوئالىغا جاۋاب يېزىڭ. تاللىمىغان سوئالنىڭ تارماقلىرىغا جاۋاب يازسىڭىز نومۇر بېرىلمەيدۇ.
ئەدەبىي ئەسەر قىسمى
22. تۆۋەندە بېرىلگەن ئەسەرنى ئوقۇپ سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.

## قانداق چىراغ بولۇش كېرەك

شېن يۆەن

ئۇستاز دەم ئېلىشقا چىقىش ئالدىدا كىچىك شاگىرتىغا قايتا - قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ:
— ھەرقانداق ۋاقىتتا، گەپنى ئاز قىلىپ، ئىشنى كۆپ قىل، ئەمگىكىڭگە تايىنىپ

جان باقىدىغانلاردا باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ماھارەت بولۇشى كېرەك، — دېدى.
شاگىرت بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.
ئون يىلدىن كېيىن، ئاللىقاچان ئۇستازغا ئايلانغان شاگىرت ئۇستازىنى ئىزدەپ بېرىپ ناھايىتى پەرىشانلىق بىلەن:
— ئۇستاز، مەن باشتىن - ئاخىر سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلىپ كەلدىم. قانداق ئىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر بىرەر ئېغىزمۇ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم، پەقەت باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلدىم. زاۋۇت ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىپلا قالماي، يەنە يېتەرلىك تېخنىكا ئىگىلىدىم. بىراق، ھېچ چۈشەنمىدىم، خىزمەت ئىستاژى مەندىن تۆۋەن كىشىلەرنىڭ ئەمىلى. مائاشى ئۆستى. بىراق، مەن يەنىلا ئون يىل بۇرۇنقى ئىش ھەققىمنى ئېلىۋاتىمەن، — دېدى.
— سەن ھەقىقەتەن زاۋۇتتا ئورنۇڭنى ئالغۇدەك باشقا ئادەم يوق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇستاز.
— جەزملەشتۈرەلەيمەن، — دېدى شاگىرت بېشىنى لىڭشىتىپ.
— ئۇنداقتا، سېنىڭ بىر كۈن رۇخسەت سورايدىغان ۋاقتىڭ كەپتۇ، — دېدى ئۇستاز، شاگىرت گاڭگىراپ سورىدى:
— بىر كۈن رۇخسەت سورامدىم؟
— شۇنداق، قانداق سەۋەب بولسا بولۇۋېرىدۇ. سەن چوقۇم بىر كۈن رۇخسەت سورا. چۈنكى، ھەرقانداق چىراغ داۋاملىق يورۇق تۇرسا ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ. پەقەت بىر قېتىم ئۆچۈپ قالسىلا، كىشىلەر پايپېتەك بولۇشۇپ كېتىدۇ... — دېدى ئۇستاز.
ئۇ ئۇستازىنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىنى چۈشىنىپ، بىر كۈن رۇخسەت سورىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئەتىسى ئەتىگەندە، شاگىرت ئىشقا كېلىشى بىلەن زاۋۇت باشلىقى ئۇنىڭ پۈتۈن زاۋۇتنىڭ باش تېخنىكى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى ھەم ئىش ھەققىنىمۇ ئۆستۈردى. ئەسلىدە ئۇ رۇخسەت سورىغان كۈنى زاۋۇت باشلىقى زاۋۇتتا ئۇ بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى بايقىغان. چۈنكى، بارلىق كاشىلىلارنىڭ ھەممىسىنى شۇلا بىر تەرەپ قىلالايدىكەن، باشقىلارنىڭ تېخنىكىسى يەتمەيدىكەن.
ئۇ تولىمۇ خۇشال بولدى، ئۇستازىنىڭ دانالىقىغا ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولدى. ئىش ھەققى ئۆسكەندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ياخشىلىنىش بولدى: ماشىنا، ئۆي سېتىۋالدى، ئۆيلىنىپ باللىق بولدى. ئۇنىڭغا ھەر قېتىملىق رۇخسەت سوراشتىن كېيىن ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلىدىغان بولدى.
قانچە قېتىم رۇخسەت سورىغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم رۇخسەت سوراپ، دەم ئېلىپ كەلگەندە ئىشكباقار ئۇنى توسۇۋالدى. ئۇ زاۋۇت باشلىقىنى ئىزدەپ بارغاندا، زاۋۇت باشلىقى ئۇنىڭغا ئىشتىن بوشىتىلغانلىقىنى ئېيتتى.
ئۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۇستازىنى ئىزدەپ باردى.
— ئۇستاز، مەن سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلىۋاتاتتىم، — دېدى ئۇ.
— ئۇ كۈنى مېنىڭ سۆزۈم تۈگىمەستىنلا سەن تاقەتسىزلىك بىلەن بېرىپ رۇخسەت سورىدىڭ، بىلىشىڭ كېرەك، بىر چىراغ ئەگەر داۋاملىق يېنىق تۇرسا، دەرۋەقە ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ. بىر قېتىم ئۆچۈپ قالسا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ،

ئەگەر ئۇ داۋاملىق ئۆچۈپ تۇرسا، ئۇنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىردەم ئۆچۈپ، بىردەم يېنىپ تۇرىدىغان چىراغنى كىممۇ كېرەك قىلسۇن؟ — دېدى ئۇستاز.

1) تېكىست ھەققىدە توغرا ئېيتىلغان بىر تۈر: (تۆت نومۇر)

A. ئېپىك ئەسەرلەردە پېرسوناژلار خاراكتېرى تىپىك مۇھىت ئىچىگە قويۇلۇپ، ۋەقە ھەر تەرەپتىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە تىپىك مۇھىتمۇ، تىپىك ۋەقەمۇ يوق. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى ژانىر جەھەتتىن ھېكايە دېگىلى بولمايدۇ

B. ئەسەردىكى شاگىرت كەسپىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن بولسىمۇ، ئىجتىمائىي ئىشلاردا يەنىلا خام. دەل مۇشۇ جەھەتتىكى خاملىقى ئۇنىڭ ئىشتىن ھەيدىلىشىگە سەۋەب بولغان

C. ئەسەردە ئۇستاز - شاگىرت مۇناسىۋىتى يىپ ئۇچى قىلىنىپ كىشىلىك ھاياتتا ئۇستازنىڭ گېپىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە چىڭ ساقلىغاندىلا، ئادەم مەڭگۇ خاتالاشمايدۇ، دېگەن ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان

D. شاگىرت بىرىنچى قېتىم رۇخسەت سورىغاندىن كېيىن ئۇ تولىمۇ خۇشال بولىدۇ. بۇنى «چۈجىنى كۆزدە سانا»، «سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سېلىش»، «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ ئىچىپتۇ» دېگەندەك تۇراقلىق ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ

E. ئۇستازنىڭ «سېنىڭ بىر كۈن رۇخسەت سورايدىغان ۋاقتىڭ كەپتۇ» دېگەن سۆزىدىن ئادەم مۇۋاپىق پۇرسەتتە ئۆز قابىلىيىتىنى نامايان قىلىشنىمۇ بىلىشى كېرەك، دېگەن يەكۈننى چىقارغىلى بولىدۇ

2) ئۇستازنىڭ «ھەرقانداق ۋاقىتتا گەپنى ئاز قىلىپ، ئىشنى كۆپ قىل، ئەمگىكىڭگە تايىنىپ جان باقىدىغانلاردا باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ماھارەت بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆزىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىڭ. (بەش نومۇر)

3) شاگىرت بىر كۈن رۇخسەت سورىغاندىن كېيىن قەدىر - قىممىتىنىڭ ئاشقانلىقىدىن خوش بولۇپ كېتىپ، قايتا - قايتا سورايدىغان بولۇۋالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى ئىشتىن بوشىتىلدى. سىز بۇنىڭدىن قانداق تۇرمۇش ھەقىقىتىنى چۈشىنىۋالدىڭىز؟ (بەش نومۇر)

4) ئەسەر ئىش - ۋەقەنى بايان قىلىش، ئوبراز يارىتىش، ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەش جەھەتلەردە ئۆزگىچىلىككە ئىگە. بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ. (ئالتە نومۇر)

قوللىنىش تىپىدىكى ئەسەر

23. تۆۋەندە بېرىلگەن ئەسەرنى ئوقۇپ، سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.

## شې شدېنىڭ ساداقىتى ۋە سەممىيىتى

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلدى. ئامېرىكا ماسسا چۇستىس سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان شې شدې بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپىدۇ. قەد كۆتۈرگەن ئانا ۋەتەن غايەت زور ماگنىتتەك بۇ ياشنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

ئەينى چاغدا بەزىلەر ئۇنىڭغا نامرات ھەم پەن تەتقىقات شارائىتى ناچار جۇڭگوغا قايتماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ، ئەمما شى شىدې ۋەتەنىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىپ، ۋەتەنىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. 1952 - يىلى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن شى شىدې ۋەتەنگە قايتىپ، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ، 1956 - يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى خۇاڭ كۇن بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونىڭ تۇنجى يېرىم ئۆتكۈزگۈچنى كەسپلەشتۈرۈش تەربىيەلەش سىنىپىنى ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

شى شىدې ئىزچىل تۈردە دۆلەت ئېچى سىرتىدىكى فىزىكا تەتقىقاتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. 70 - يىللارنىڭ ئاخىردا، ئۇ سىرلىق ۋە ئەمەلىي بولغان — قانداق قىلغاندا پولات ماتېرىيالىنىڭ داتلىششىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشىدۇ. شۇ چاغدا بەزى دۆلەتلەردىكى چىرىش سەۋەبىدىن بىراكقا ئايلانغان پولات ماتېرىياللىرى نەچچە مىليون توننىغا يېتەتتى، جۇڭگومۇ دەل مۇشۇ مەسىلىگە دۇچار بولغانىدى. قانداق قىلغاندا، جۇڭگونىڭ چەكلىك بولغان پولات ماتېرىياللىرىدىن تېخىمۇ تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ؟ بۇ سىرتقى يۈز فىزىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىدى. ئۇزاق مەزگىل يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ۋە قاتتىق جىسىملار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان شى شىدې ئۆز كەسپىگە پۇختا بولغاچقا، تەتقىقاتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرسا، ناھايىتى تېز لا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيتتى؛ ناۋادا سىرتقى يۈز فىزىكىسى ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، ئىشنى باشتىن باشلاپ جاپالىق ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى، 5～10 يىلدىمۇ بۇ ساھەدە بەلگىلىك نەتىجە يaratqili بولىدۇ دېگىلى بولمايتتى. ئەمما، شى شىدې دادىل ھەم ئىرادىلىك ئىدى، ئىلىم ساھەسىدىكى نوپۇزى بىلەن ياشلارنى بۇ پارلاق ساھەگە قەدەم قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشنى ئويلىدى. ئۇ رەھبەرلىك قىلغان تەتقىقات كوللېكتىپى ئاز - ئازدىن تەجرىبە توپلاپ، جاپالىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىرتقى يۈز فىزىكىسى تەتقىقاتىنى دۇنياۋى سەۋىيەگە يەتكۈزدى.

1983 - يىلى شى شىدې فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا مۇدىر بولىدۇ. ئۇ ئىشقا بېرىپ - كېلىشتە مەخسۇس ماشىنا ئىشلەتمە بولاتتى. بىراق، ئۇ مەكتەپ ئاپتوبۇسىدا ئولتۇرىدۇ. ئاپتوبۇستا ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ توغرىسىدىكى تەكلىپ - پىكىرلىرىگە ئىنكاس قايتۇرغاچ، مەكتەپنىڭ سىياسەت، تەدبىرلىرىنى كۆپچىلىككە چۈشەندۈرىدۇ.

شى شىدې ئىلىم ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس بولۇش بىلەن بىللە، قىزىقىشى كەڭ، تۇرمۇشى رەڭدار ئىدى. بىرەيلەن بۇرۇن بىر يازمىسىدا شى شىدې تاماق ئېتىشكە ئامراق ھەم ناھايىتى ئۇستا دەپ تەرىپلىگەن، ئۇ ئىلگىرى بۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىگەن. شۇڭا شى شىدې ئالايىتەن ھېلىقى يازغۇچىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ، «جۇڭگونىڭ تاماق ئېتىش مەدەنىيىتى ناھايىتى كەڭ ساھە، مەن بۇ ساھەگە تېخى كىرگىنىم يوق، بۇ جەھەتتە ئېرىم مېنىڭدىن ئۇستا» دېگەن.

1987 - يىلى، شى شىدېنىڭ ئېرى — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، ئالىم ساۋ تيەنچىن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، بالنىستتا يېتىپ قالىدۇ. شى شىدې بۇ رەھىمسىز رېئاللىققا يۈزلىنىپ، چىن دىلىدىن ئائىلىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ، گەرچە

خىزمىتى ئالدىراش بولسىمۇ، ئۇ شائىخەيدىلا بولسا، ۋاقىت چىقىرىپ، ئېرىگە ھەمراھ بولۇپ، قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. ئۇ، جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ ئەمگەكچان، ئاددىي - ساددا خىسلىتىنى ۋە كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ساداقىتىنى نامايان قىلىدۇ.

1999 - يىلى، شې شىدې تەكلىپ بىلەن «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» مەجمۇئەسىنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ ھەمدە مەزكۇر كىتابتىكى ئىككى پارچە ئىلمىي ئەسەرنى تۈزىتىدۇ. ئۇ پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق توغرا بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئەسەرلەرنى تۈزىتىشتە قىلچە بىخەستەلىك قىلمايدۇ. مەسىلەن، بىر ئاپتور ماقالىسىدە «كىرېمنىي پىلاستىنكىسى» بىلەن «ئۈزەك»تىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇمنى ئېنىق چۈشەندۈرمەي، مۇجمەللەشتۈرۈپ قويغانىدى، ئۈزەكنىڭ كىرېمنىي پىلاستىنكىسىنى كۆپلىگەن ئىش تەرتىپلىرىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ياسىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ ئالايىتەن يېڭى، چۈشىنىشلىك بىر ئىسخېمىنى سىزىپ، ئاپتورنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىدۇ. ھەقىقەتەن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىلمىي پوزىتسىيە ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، شې شىدېغا نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىم ئىدى.

1) تېكىست مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى تەھلىل ۋە چۈشەنچىلەردىن توغرا بولغان ئىككى تۈر (تۆت نومۇر)

A. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەزىلەر شې شىدېنىڭ نامرات، قالاق جۇڭگودا تۇرمۇشتا قىينىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شۇنداقلا ئۇ ئۆگەنگەن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ھەققىدىكى بىلىملەرنى جۇڭگودا قوللىنىش ئىمكانىيىتى يوق دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ۋەتەنگە قايتماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ

B. شې شىدې ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى بولغاندىن كېيىنمۇ مەكتەپ ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ئىشقا بېرىپ كېلىدۇ، مەكتەپ ئاپتوبۇسى تەكلىپ - پىكىرلەرگە ئېرىشىش ۋە سىياسەت، تەدبىرلەرنى چۈشەندۈرۈشتىكى مۇھىم كۆزنەككە ئايلىنىدۇ

C. شې شىدې پەن - تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە يەنە قىزىقىشى كەڭ ئالىم ئىدى، ئەمما تاماق ئېتىشكە ماھىر ئەمەس ئىدى ھەم بۇنىڭغا قىزىقمايتتى. شۇڭا باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھارىتىنى تەشۋىق قىلىشىنى خالىمايتتى

D. شې شىدې بىر پارچە ئىلمىي ئەسەرنى تۈزىتىكەن چاغدا، ئالايىتەن ئەسلىي ئەسەرگە ئىنتايىن چۈشىنىشلىك بىر ئىسخېمىنى قوشۇپ، «كىرېمنىي پىلاستىنكىسى» بىلەن «ئۈزەك»تىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇمنى چۈشەندۈرگەن

E. يۇقىرىقى تېكىستتە شې شىدېنىڭ ھاياتىدىكى ئايرىم تەپسىلاتلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، ئۆزىنى پەن تەتقىقات ئۈچۈن بېغىشلاش روھى، ئائىلىسىدىكىلەرگە كۆيۈنىدىغان ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنىپ، بىر مەشھۇر ئايالنىڭ يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلىتى ئىپادىلەنگەن

2) شې شىدېنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشى ئۆزىگە ناتونۇش بولغان سىرتقى يۈز فىزىكىسى تەتقىقاتىغا يۆتكىلىشىگە نېمە سەۋەب بولغان؟ قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ. (بەش نومۇر)

3) شې شىدېنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتىدىكى ھەقىقەت ئىزدەش روھى قايسى

جەھەتلەردە ئىپادىلىگەنلىكىنى تەھلىل قىلىڭ. (بەش نومۇر)

4) شې شىدېنىڭ ساداقىتى تېكىستتە كۆپلىگەن تەرەپلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، تېكىست مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ، چۈشەنچىڭىزنى يېزىڭ. (ئالتە نومۇر)

Ⅵ **يېزىقچىلىق سوئالى** (55 نومۇر)

24. تۆۋەندىكى ماتېرىياللارنى ئوقۇپ يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنلاڭ.

غوجايىن قېيىقنى سىرلاشقا بېرىپتۇ. رېمونتچى قېيىقنى سىرلاۋېتىپ، تېگىدە تۆشۈك بارلىقىنى بايقاپ، تۆشۈكنى ئېتىپ قويۇپتۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن غوجايىن رېمونتچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە پۇل تەگلەپتۇ. رېمونتچى غەلىتىلىك ھېس قىلىپ: «سىز پۇلنى بېرىپ بولغانغۇ؟» دەپتۇ. غوجايىن:

— توغرا، ئۇ دېگەن سىزنىڭ سىرلاش ھەققىڭىز، بۇ دېگەن تۆشۈكنى ئېتىپ قويغانلىقىڭىزغا بىلدۈرگەن تەشەككۇرۇم، — دەپتۇ. رېمونتچى:

— ئۇ دېگەن مۇنداقلا قىلىپ قويغان كىچىككىنە بىر ئىش، — دەپتۇ. غوجايىن ھاياجانلانغان ھالدا:

— باللار قېيىقنى ھەيدەپ دېڭىزغا كەتكەندىن كېيىنلا تېگى تەرىپىنىڭ تۆشۈك ئىكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىپتىكەنمەن، باللارنى قايتىپ كېلەلمەسمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. كۆتە - كۆتە ئۇلار ساق - سالامەت قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدىلا سىزنىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىڭىزنى بىلدىم، — دەپتۇ.

تەلەپ:

①نۇقتىئىنەزەر (مەركىزىي ئىدىيە) ئېنىق، پىكىر يۆنىلىشىڭىز توغرا بولۇشى كېرەك. ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ، ژانىرنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ(شېئىر يېزىشقا بولمايدۇ)؛ ②ئەسىرىڭىز ماتېرىيالدا ئىپادىلەنگەن پىكىر يۆنىلىشىنى چىقىش قىلسۇن؛ ③ماتېرىيالدا بېرىلگەن ئۇچۇرلاردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ماتېرىيالنى كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ ④سالاھىيەتنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلارنى × بىلەن ئىپادىلەڭ؛ ⑤خېتىڭىز چىرايلىق، ئىملاسى توغرا، تىنىش بەلگىلەر مۇۋاپىق قويۇلغان، ئابزاسلار ئېنىق ئايرىلغان بولسۇن. ھەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن.

# 2012 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش ئىمتىھان سوئالى — «تىل ئەدەبىيات»نىڭ پايدىلىنىش جاۋابلىرى

I **جاۋابنى تاللاڭ:** (ھەربىر تارماق سوئالغا ئۈچتىن، جەمئىي 30 نومۇر بېرىلىدۇ)

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| C | A | B | D | C | B | B | C | D | A |

II **بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ:** (ھەربىر بوش ئورۇنغا بىردىن، جەمئىي ئون نومۇر بېرىلىدۇ)

①رۇبائىي ②رەمەل ③«ياخشىدىن ياخشى نام، ياماندىن يامان نام قالىدۇ» ④تەمەخورلۇق ⑤ئوخشىغۇچى ⑥تۆز (ئوران) ⑦ئوغۇزنامە ⑧لىرىك نەسىر ⑨ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە ⑩ساپ (گۈزەل، چىرايلىق، ياخشىلىق، خەيرلىك، چىن، پاك). بۇلاردىن خالىغان بىرىنى يازسا نومۇر بېرىلسە بولىدۇ.

III **كۆنۈكمە ئىشلەش سوئالى:** (جەمئىي 18 نومۇر)

①گەرچە قۇياش نۇرى پۈتۈن ئالەمگە تەكشى چېچىلىپ، ئورتاق پەرۋىش قىلىسمۇ. ②يەنىلا چۆلدە قامغاق ۋە تىكەنلەر ئۈنىدۇ، بوستاندا بولسا، سەۋرى ۋە گۈللەر ئۈنىدۇ. ③كۆڭۈل ئاچاي دېگەن كىشىلەرگە بۇ جاينىڭ ھەتتاكى تىكەنلىرىدىنمۇ گۈل پۇرىقى كېلىدۇ. ④ئۇنىڭ ۋەيرانىلىرى سۇلايمان دۆلىتىگە تەۋە.

1) مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا، چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.

2) قوشۇلما پېتىنىخورغا، بارما يېقىن.

«شىنجاڭدىكى بىر قىسىم كۆللەر دۆلەتنىڭ ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى» ياكى «شىنجاڭدىكى بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا باب كېلىدىغان بىر قىسىم كۆللەر، دۆلەتنىڭ ئورگانىك يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى».

تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئورۇنلاڭ. (سەككىز نومۇر)

1) ئۆلگە:

ئاساس+سەن=ئاساسەن. بۈگۈنكى ئىشلىرىمىز ئاساسەن تۈگەپ قالدى(مۇستەقىل سۆز). بۇ ئىشنى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئىشلىدۇق(ياردەمچى سۆز). «سەن» قوشۇمچىسىدىن ياسالغان سۆزنى مۇستەقىل سۆز ۋە تىركەلمە رولىدا كەلتۈرۈپ، باشقا جۈملە تۈزگەن بولسىمۇ نومۇر بېرىلىدۇ(ئورۇنلانغان ھەربىر شەرت ئۈچۈن نومۇر بېرىلسە بولىدۇ.)

2) ئۈلگە:

قاسىم جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت يوق دەپ گېپىنى خۇلاسىلىدى. (بىرىلگەن ماقالىنى كېڭەيتىلگەن بۆلەك قىلىپ، ھالەت ۋەزىيىتىدە كەلتۈرۈپ، باشقىچە شەكىلدە تۈزىگەن بولسىمۇ نومۇر بېرىلسە بولىدۇ)

3) «كۆز» سۆزىنى ئىشلەتمەي، كۆز مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەن بولسا، ئوخشىتىش قوللانغان بولسا، جانلاندۇرۇش قوللىنىلغان بولسا نومۇر بېرىلسە بولىدۇ.

4) «مەدەنىيەتلىك ئەدەپلىك بولۇشقا دىققەت قىلىش ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇشنىڭ بىرىنچى شەرتى» ياكى «مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇشقا دىققەت قىلىش-قىلماسلىقمۇ ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇش - بولالماسلىقنىڭ بىر شەرتى».

5) «بۇ يىل يېزىمىزدا بۇغدايدىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىنىدى.»

Ⅳ **تەھلىل قىلىش سوئالى:** (جەمئىي 17 نومۇر)

تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، سوئال تەلىپىنى ئورۇنلاڭ. (يەتتە نومۇر)

1) بۇ پارچە توختى ئايۇپنىڭ «ئوۋچى ئەسلىمىلىرى» ناملىق ھېكايىسىدىن ئېلىنغان.

2) ئادەتتە، ئوۋچىلار بوغاز ياكى بالا ئېمىتىۋاتقان ھايۋاننى ئوۋلاشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ. ھېكايىدىكى ئوۋچى بىلىپ - بىلمەي دەل مۇشۇنداق خاتالىق سادىر قىلىپ قويغاچقا، ئوۋچىغا خاس كەسپىي ئەخلاق بىلەن قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. ھەم ئىمجان ئوۋنىڭ كۆزىدە ئىپادىلەنگەن غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكنى، ئەخلاقىي جەھەتتىكى غالىبلىق بىلەن ئانىلىق مېھىر - مۇھەببەتنى كۆرۈپ، ۋىجدانى ئازابلىنىپ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

3) ئوقۇغۇچىلار بۇ سوئالغا «تەبىئەت دۇنياسىدا ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتتىكى جانلىقلار ئۆزئارا تايىنىش ئىچىدە ياشايدۇ، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر ئىنسانلار ئاچ كۆزلۈك قىلىپ جانلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا زىيان يەتكۈزسە ئاقىۋەتتە ئۆزىمۇ زىيان تارتىدۇ» دېگەن ئىدىيەنى چىقىش قىلىپ ئىجادىي يوسۇندا جاۋاب يازسا تولۇق نومۇر بېرىلسە بولىدۇ.

4) دادىسىنىڭ نەزىرىدىكى قۇياش نۇرى تەبىئىي قۇياش نۇرىنى كۆرسىتىدۇ، موماينىڭ نەزىرىدىكى قۇياش نۇرى كۆيۈمچانلىق ۋە مېھىر - مۇھەببەتنى كۆرسىتىدۇ.

5) ئېلسانىڭ مومىسىغا كۆرسەتكەن كۆيۈمچانلىقى ئاپتاپقا سىمۋول قىلىنغان. مومايغا نىسبەتەن ئاپتاپنىمۇ مۇھىم بولغىنى پەرزەنتلەرنىڭ كۆيۈمچانلىقى ۋە مېھىر - مۇھەببىتىدۇر.

6) ئېلسانىڭ تالا - تۈزدىكى ئويۇنى دەسلەپتە غەرەزسىز ئويۇن ئىدى، كېيىن مومىسىغا ئاپتاپ ئەكىرىش ئۈچۈن قۇياش نۇرى توكۇلۇپ تۇرغان، گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان گۈللۈكتە ئوينايدۇ. ئاپتور بۇ ئارقىلىق ئېلسانىڭ گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ھېسسىياتىنى ۋە گۈللۈكنى قۇياش نۇرى ئەڭ كۆپ چۈشىدىغان جاي دەپ ئويلايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

4) ئەسەردە بىر قىسىم ئاتا - ئانىلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت بالىسىلا بارلىقى، ياشىنىپ قېلىۋاتقان ئاتا - ئانىسىنى ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتقانلىقى، بىراق قەلبى پاك سەبىي بالىلارنىڭ غېرىبسىنىۋاتقان بوۋا - موماىلىرىغا كۆيۈنىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، چوڭلارغا كۆيۈنۈشنىڭ مۇھىملىقى، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ خۇددى قۇياشتەك ھەربىر ئادەمگە ئىللىقلىق ئاتا قىلىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

V **تاللاپ جاۋاب بېرىش سوئالى** (جەمئىي 20 نومۇر)

1) BE (توغرا تاللانغان ھەربىر تۈر ئۈچۈن ئىككى نومۇر بېرىلىدۇ)

2) مەلۇم بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۆز كەسپىدە مۇكەممەل ماھارەت يېتىلدۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن بېرىلىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئىزدىنىپ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغاندىلا كۈچلۈك كەسپىي ئىقتىدار ۋە ساپانى يېتىلدۈرەلەيدىغانلىقى؛ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي ھەقىقىي ماھارەت يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋالغىلى بولىدۇ.

3) ئادەم ئۆز نۆۋىتىدە قابىلىيىتىنى نامايان قىلىشقا ماھىر بولۇشى ھەمدە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنى بىلىشى كېرەك. بىراق قابىلىيەت - ئىقتىدارنى ھە دېگەندە كۆز - كۆز قىلىپ، ئۇنى نام - ئاتاق ۋە بايلىققا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى قىلىۋېلىشقا بېرىلىپ كېتىپ، خىزمەت ئاكتىپلىقىنى سۇسلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىگە سەل قاراسا، ئاقىۋەتتە قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

4) ئەسەردىكى زىددىيەت-توقۇنۇش نىسبەتەن يوشۇرۇن بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ ھالقىلىق سۆزلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېرى يارىتىلغان، ئەسەر تەرتىپلىك بايانىدا، ئۈچىنچى شەخس تىلىدا بايان قىلىنغان. تۇرمۇشتىكى ئاددىي ۋە ئادەتتىكى ۋەقە ئارقىلىق چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلگەن. تىلى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، ئارتۇقچە بايان، تەسۋىرلەردىن خالىي، ماۋزۇسى ئەسەر ئىدىيەسى ۋە پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش رولىنى ئوينىغان.

5) E ، B (توغرا تاللىغان ھەربىر تۈر ئۈچۈن ئىككى نومۇر بېرىلىدۇ)

6) ①سىرتقى يۈز فىزىكىسى تەتقىقاتى پولات ماتېرىياللىرىنىڭ داتلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ؛ ②شې شىدې بىر ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن دادىل ئالغا ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش، يېڭى پەن تەتقىقات ساھەسىگە بۆسۈپ كىرىش ئېڭىغا ئىگە؛ ③ئۇ ئۆز نوپۇزى بىلەن ياشلارنى پەن تەتقىقاتتا يېڭى ساھەلەرنى ئېچىشقا رىغبەتلەندۈرۈشنى ئويلايدۇ.

7) ①دۆلەت ئىچى سىرتىدىكى فىزىكا تەتقىقاتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ؛ ②پەن تەتقىقاتتا ئەستايىدىل، تەجرىبە توپلاشقا ماھىر، تەتقىقاتتا يۇقىرى سەۋىيە قوغلىشىدۇ؛ ③پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ماقالىلىرىنى تۈزەتكەندە قىلچە بىخەستەلىك قىلمايدۇ. بۇنداق ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ مۇتلەق توغرا بولۇشىنى، مۇجمەل بولۇپ قالماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

8) ①ۋەتەنگە بولغان ساداقىتى — ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن ھېسابلاشماي نامرات، پەن تەتقىقات شارائىتى ناچار جۇڭگوغا قايتىپ كېلىشى؛ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تەتقىقات نىشانىنى تەڭشەپ، يېڭى تەتقىقات ساھەسىگە كىرىشى؛ ②كەسىپكە بولغان ساداقىتى — ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر، ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىدىغان، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، تەتقىقاتتا بىخەستەلىك قىلمايدىغان؛ ③ئېرىگە بولغان ساداقىتى — ئېرى ئاغرىپ قالغاندا بۇ رەھىمسىز رېئاللىققا يۈزلىنىدۇ، چىن دىلىدىن ئائىللىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. خىزمىتى ئالدىراش بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرىپ، ئېرىگە

كۆيۈنۈپ، ئۆزىنىڭ ئاددىي ـ ساددا، سەممىي، سادىق خىسلىتىنى نامايان قىلىدۇ.

VI **يېزىقچىلىق تەلپىنى ئورۇنلاڭ**(55 نومۇر)

ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازغان ماقالىلىرىگە ئەستايىدىل، ئىلمىي باھا بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى پايدىلىنىش كۆرسەتمىسى بېرىلدى.

**دەرىجىگە بۆلۈپ نومۇر قويۇش ئۆلچىمى**

| دەرىجە | 1 ـ دەرىجە 45~49 نومۇر | 2 ـ دەرىجە 35~44 نومۇر | 3 ـ دەرىجە 20~34 نومۇر | 4 ـ دەرىجە 0~19 نومۇر |
|---|---|---|---|---|
| ئاساسىي خاراكتېرلىك دەرىجە 49 نومۇر | مەزمۇنى بىلەن ماتېرىيال ماسلاشقان، مەركىزىي ئىدىيەسى گەۋدىلىك، مەزمۇنى مول، ھېسسىياتى چىن، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئابزاس، بۆلەكلىرى ئېنىق، تىلى راۋان، خېتى چىرايلىق | مەزمۇنى بىلەن ماتېرىيال ماسلاشقان، مەركىزىي ئىدىيەسى ئېنىق، مەزمۇنى ئاساسەن تولۇق، ھېسسىياتى بىرقەدەر چىن، قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇكەممەل، ئابزاس، بۆلەكلىرى ئېنىق، تىلى راۋان، خېتى چىرايلىق | مەزمۇنى بىلەن ماتېرىيال ئاساسەن ماسلاشقان، مەركىزىي ئىدىيەسى ئېنىق، مەزمۇنى ئاساسەن تولۇق، ھېسسىياتى ئاساسەن چىن، قۇرۇلمىسى ئاساسەن مۇكەممەل، ئابزاس، بۆلەكلىرى ئېنىق، تىلى راۋان، خېتى چىرايلىق | مەزمۇنى بىلەن ماتېرىيال ماس كەلمىگەن، مەركىزىي ئىدىيەسى ئانچە ئېنىق بولمىغان، نۇقتىئىنەزەر ئېنىق تۇرغۇزۇلمىغان، سۆز ـ جۈملىلىرى جايىدا ئىشلىتىلمىگەن، خېتى سەت، يازغىنى ژانىر تەلپىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن |
| | شۇ ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئىپادىلىگەن | شۇ ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن | شۇ ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن | |
| ئالاھىدە دەرىجە | 1 ـ دەرىجە 4~6 نومۇر | 2 ـ دەرىجە 2~3 نومۇر | 3 ـ دەرىجە 0~1 نومۇر | |
| | قەلەم قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغان، ئىجادچانلىقى ۋە كۈچلۈك خاھىشچانلىقى، ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتكە يەتكەن، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ تەسۋىرلەشكە ماھىر | قەلەم قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغان، بىرقەدەر ئىجادچانلىقى ۋە كۈچلۈك خاھىشچانلىقى، ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتكە يەتكەن، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ تەسۋىرلەشكە ماھىر | يېزىقچىلىق ئىقتىدارى بىرقەدەر يۇقىرى، ماھىيەتنى تولۇق ئېچىپ بەرگەن، ئىجادچانلىققا ئىگە، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلانغان | |

策划：　　　伊布拉音·色满
组编：　　　阿卜杜许库尔·伊敏
责任编辑：　古丽努尔·阿布都肉苏力
特约编辑：　阿布来提·局马土谱热克
责任校对：　阿丽亚·买买提
封面设计：　吾不力卡斯木·艾买提
制版：　　　吐尔逊·买买提

1997年—2012年普通高考语文试题

**模 拟 示 范 作 文 — 高 考**

* * *

布力布力·艾克热木 · 编写

新 疆 人 民 出 版 总 社

新疆人民总社出版社出版发行

新疆科学技术出版社出版发行

（乌鲁木齐市延安路255号　邮编：830049）

新疆新华书店经销　乌鲁木齐光大印刷有限公司印刷

787mm×1092mm　16开本　20印张

2013年3月第2版　2013年3月第1次印刷

ISBN 978—7—5466—0917—1（民文）　定价：60.00元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت

# نەمۇنە سوئال
# ئۈلگىلىك ئەسەر



ISBN 978-7-5466-0917-1

定价:60.00元